


هاجى مىرزاھىد كېرىمى

# سۇلتان ئابدۇرېشىتخان

1

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

سۇلتان ئابدۇرېشىتخان

1

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

سۇلتان ئابدۇرېشىتخان

ISBN 7-228-05168-8

ISBN7 – 228 – 05168 – 8

I.1932 (民文) 定价 :18.00 元

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

ھاجى مىرزاھىد كېرىمى

# سۇلتان ئابدۇرېشىتخان

( تارىخىي رومان )

# 1

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

**图书在版编目(CIP)数据**
阿布都热西得汗:维吾尔文/阿吉·米尔扎依提·克里木
著。— 乌鲁木齐:新疆人民出版社,1999.8
ISBN7—228—05168—8
Ⅰ.阿… Ⅱ.阿… Ⅲ.长篇小说 — 中国 — 当代 — 维吾尔语
(中国少数民族语言)Ⅳ.1247.5
中国版本图书馆CIP数据核字(1999)第17493号

**阿布都热西得汗(1)** (维吾尔文)
(历史长篇小说)
阿吉·米尔扎依提·克里木 著

新疆人民出版社出版
(乌鲁木齐市解放南路348号 邮政编码830001)
新疆新华书店发行
新疆人民出版社微机室排版
乌鲁木齐福利印刷厂印刷
850×1168毫米 32开本 12.125印张 2插页
2000年3月第1版 2000年3月第1次印刷
印数:1 —— 4,000

ISBN7—228—05168—8/I·144 定价:18.00元

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



بىرىنچى كىتاب

# غەيۇر شاھزادە

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

# مۇندەرىجە

بىرىنچى باب. قۇتلۇق ئۇچرىشىش .................... 1
ئىككىنچى باب. مىرزائەلى تاغايىنىڭ قىلتىقى ...... 38
ئۈچىنچى باب. بارس قاۋۇن داۋىنىنىڭ ئۇ يېقىدا ..... 58
تۆتىنچى باب. بۇزرۇكۋارنىڭ نەسىھىتى .............. 85
بەشىنچى باب. يولۋاس چاڭگىلىدىن قۇتۇلۇش ...... 120
ئالتىنچى باب. قوچقار قىشلىقىدىكى سۇيىقەست ... 131
يەتتىنچى باب. ئاشىقنىڭ ئۆلۈمى .................... 150
سەككىزىنچى باب. سۇدا ئېقىپ كەلگەن رومال ... 171
توققۇزىنچى باب. ئاق ئۆيدە ئوقۇلغان نىكاھ ...... 190
ئونىنچى باب. نائىب سۇلتاننىڭ ئادالىتى ........... 213
ئون بىرىنچى باب. تىنچسىز يىللار .................. 235
ئون ئىككىنچى باب. ئاقسۇدا كۆتۈرۈلگەن
قارا قۇيۇن ................................................ 258
ئون ئۈچىنچى باب. ئۇكەر تىكلەشكەندە ........... 293
ئون تۆتىنچى باب. جازا ھۆكۈم قىلىش ........... 309
ئون بەشىنچى باب. مەقبەرە ئالدىدا تۆكۈلگەن قان 348

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# بىرىنچى باب

# قۇتلۇق ئۇچرىشىش

## 1

ھاۋا ئوچۇق، كۆك ئاسمان دېڭىزىدىكى ئاق بۇلۇتلار خۇددى يەلكەندەك ئۈزۈپ يۈرەتتى. ياز قۇياشى زەرەپشان دالىسىغا ئوتلۇق نۇرىنى چاچماقتا ئىدى. ئىسسىق تەپتىدىن باغلاردىكى توغاچ - شاپتۇللار قىزىرىپ، چۈنەكلەردىكى قوغۇن - تاۋۇزلار رەڭ تۈزۈپ، مەززىلىك پۇراق تارقىتىپ تۇراتتى، مۆڭلۈق «لاي - لاي» ناخشىسىنى ئېيتىپ، خامان تېپىۋاتقان دېھقانلار تەرگە چۆمگەنىدى. كالا، ئېشەك، ئاتقا سۆرەتكەن تاش تۇلۇقلار يېيىتىلغان باشاقلار ئۈستىدە غىلدىرلاپ ئايلىناتتى.

زەرەپشان دەرياسىغا يېقىن بوستانلىقلاردا تورغاي، تۇمۇچۇق، قۇچقاچ، تۆمۈرتۇمشۇق كەبى قۇشلار ئىسسىقتىن باغرى ئۆرتۈلۈپ، شاخلاردا چاكىلداپ ئولتۇرۇشاتتى، تۇمشۇقلىرى بىلەن بىر - بىرىنى سىيلاپ سۆيۈشەتتى. پەقەت ئاشىق كاككۇكلا سۇۋادان تېرەكنىڭ چىڭ ئۇچىدا ھەريانغا بويۇنداپ قاراپ سايراۋاتاتتى.

دولقۇنلاپ كۆۋەجەپ قىرغاق يالاپ ئېقىۋاتقان زەرەپشان بويلىرى بىر ئاز سالقىن ئىدى. دەريادىن ئەسكەن مەيىن شامال سۇغا كۆلەڭگىسى چۈشۈپ تۇرغان سۆگەت، تېرەكلەرنىڭ نۇر

قۇچقان كۆمۈش ياپراقلىرىنى يەلپۈتەتتى.
دەريا بويىدا سۇ ئىچىشىۋاتقان بىر توپ كېيىك پات ـ پات باشلىرىنى كۆتۈرۈپ، ئۇياق ـ بۇياققا بويۇنداپ قاراپ قويۇشاتتى. ئۇلار بىردىن قۇلاقلىرىنى دىڭ قىلىشىپ، بويۇنداپ تۇرۇپ قېلىشتى. ئاتنىڭ كىشنىگەن ئاۋازى ئاڭلىنىپ، بىر يا ئوقى ئۇچۇپ كەلگىنىچە بىر ئانا كېيىك ئالدىدىكى سۇ يالاپ، ئورىچەك قىلىپ قويغان يەرگە سانجىلىپ قالدى. ئانا كېيىك چۆچۈپ ئەتراپىغا ئالاقزادىلىك بىلەن قارىدى ـ دە، كەينىگە ئۆرۈلۈپ، ئىككى تاقلاپ قىرغاققا چىقتى. باشقا كېيىكلەرمۇ ئالاقزادە بولۇشۇپ، يۇگۇرۇپ قاچقانلىرىچە كۆزدىن غايىب بولۇشتى.
— ئاپلا شاھزادە، ئوقلىرى تەگمەپتۇ، — دېدى ئابدۇرېشىتخاننىڭ كەينىدىن ئات چېپىپ كەلگەن خاس نۆكەر ئەكرەم قىرغاقتا توختاپ، — كېيىكلەر قېچىپ كېتىپتۇ.
— ياخشى بولۇپتۇ ئەكرەم، مەن ئەتەي قارىغا ئالمايلا ئوق ئۈزگەنىدىم. ھېلىمۇ ئەتىگەندىن بېرى بىر مۇنچە قىرغاۋۇل، كەكلىك، تاغ تېكىسى، توشقانلارنىڭ جېنىغا زامىن بولدۇق، شۇمۇ يېتەر. مۇشۇ يەرگە بارگاھ قۇرۇپ، بىر ـ ئىككى كۈن تۇرساق، دەيمەن.
ئابدۇرېشىتخان ئاتتىن چۈشۈپ، تىزگىنىنى نۆكەرگە تۇتقۇزۇپ، غانجۇغىلىۋالغان ئىلاننى ئېلىپ تۇرۇۋىدى، بەگ ئەتكىلىرى[1] ئەمىر قۇلى بارلاس، ئەمىر مىراخور بارلاس، ماھمۇد شىرازىلار يېتىپ كېلىشتى.
— ئوھوي شاھزادە، بارچە ئوۋچىلار قۇش، ھايۋان ئوۋلىسا، ئالىيلىرى يىلان ئوۋلاپلىغۇ، — ئەمىر قۇلى بارلاس سۆزلەۋېتىپ تۇرۇپ قالدى ۋە يېقىن كېلىپ يىلاننىڭ پارقىراپ تۇرغان مۈڭگۈزلۈك بېشىنى ئاستا تۇتتى، — بۇ ئاددىي يىلان

[1] بەگ ئەتكە ـ شاھزادىلارنى تەربىيىلەشكە تەيىنلەنگەن ئادەم.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئەمەسكەنغۇ، يىلانلارنىڭ پادىشاھىنى ئۆلتۈرۈپلا شاھزادە، تېپىلماس، خاسىيەتلىك ئۆلجىغا ئىگە بولۇپلا.

— قېنى ئېيتىڭا، بۇ راستىنلا يىلانلارنىڭ پادىشاھىمۇ؟ — دەپ سورىدى ئابدۇرېشىتخان. ئەمىر قۇلى بارلاس ئورنىغا ماھمۇد شىرازى جاۋاب بەردى.

— شاھزادە، ئەمىر ئېيتقاندەك بۇ راستىنلا يىلانلارنىڭ پادىشاھى. قارىسىلا مۈڭگۈزىگە، مانا مۇشۇ مۈڭگۈزنى قولغا چۈشۈرگەن ئادەمگە دۈشمەنلەر زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزەلمەيدۇ، ئۇنداق ئادەمنىڭ مەرتىۋىسى ئۈستۈن، ھۆرمىتى زىيادە بولىدۇ. كىتابلاردا شۇنداق يېزىلغان، بۇنى قورقماستىن قانداق تۇتۇۋالدىلا؟

ئوۋچىلار ئىچىدە مۇشۇ ماھمۇد شىرازىلا ساۋۇت ـ دوبۇلغا كىيمىگەنىدى. ئۇزۇن چار ساقىلى، ئاق سەللە، شايە تونى ئۇنى ناھايىتى سىپايە كۆرسەتسە، ئەمىر قۇلى بارلاس بىلەن ئەمىر مىراخۇر بارلاسنى دوبۇلغا ـ ساۋۇت سۈرلۈك قىلىۋەتكەنىدى. ئۇلار دائىم كىتاب بىلەن ھەپىلىشىدىغان بۇ تەقۋادار ئالىمنى ساپ ھاۋادا دەم ئالدۇرۇش، تەبىئەتنىڭ جەلىبكار مەنزىرىسىدىن ھۇزۇرلاندۇرۇش ئۈچۈن ئېلىپ چىققانىدى.

شاھزادە ئەرەب، فارس تىلىنى ئۆگىنىۋاتقان ۋە بىر نەچچە كۈندىن بېرى روھلىنىپ قالغان بۇ بەگ ئەتكەسكە مەمنۇنلۇق بىلەن قاراپ دېدى:

— ئۇستاز، بىز قونغان قىشلاقتىن ئەتىگەندىلا شىكارغا ئاتلاندۇق ئەمەسمۇ، مەن ئالدىڭلاردا ئات چاپتۇرۇپ كەتتىم. قىزىقچىلىقتا توختىماي چېپىپ، بىر يۇلغۇنلۇق ئىچىگە كىرىپ كەتكىنىمنى بىلمەي قاپتىمەن، بىر چاغدا ئاتنى ئاستىلىتىپ ئارقامغا قارىسام، سىلەر كۆرۈنمىدىڭلار. بىرەر ئولجىسىز قايتقۇم كەلمەي ئاتنى دېۋىتىپ ئىتتىكلەتتىم. تېزگىنىنىمۇ قويۇۋەتتىم، شورلۇق، قاقاس يۇلغۇنلۇقتا قانچىلىك يۈرگىنىمنى

بىلمەيمەن، بىر چاغدا ئات كىشنەپ، ئىككى پۇتىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، چاپچىپ توختىۋالدى. قامچا ئۇرسساممۇ ماڭمىدى. قارىسام، بىر يىلان چوغدەك يانغان كۆزلىرىنى ماڭا قاداپ، بويىنىنى تىك قىلغان ھالدا چەمبەر بولۇپ يولۇمدا يېتىپتۇ، تېنىم جۇغۇلداپ قاراپ قالدىم. ئاتنى بۇراپ كەينىمگە يانماقچى بولۇۋىدىم، يىلان ئېتىلماقچى بولۇپ، چەمبەردەك يۆگىلىۋالغان تېنىنى ئۇزۇن سوزدى. نېمىدېگەن دەھشەت! مەن دەرھال كەينىمگە يېنىش ئويۇمدىن يېنىپ ئوقيانى قولۇمغا ئالدىم ـ دە، يىلاننىڭ بويىنىنى قارىغا ئېلىپ ئوق ئۈزدۈم، ئوق بوغۇزىغا سانجىلدى. ئەنە قارىسىلا ئۇستاز، بوغۇزى يېرىلدى، قويۇق قارامتۇل قېنى شورلۇق يەرگە ئاقتى. بىردەم تېپىرلاپ جان بەردى. ئۇنى ئىگەرگە غانجۇغىلاپ، كەينىمگە ياندىم ـ دە، يۇلغۇنلۇق چېتىگە چىقىپ، ئەكرەم بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم. ئىككىمىز دەريا بويىغا بىرگە كەلدۇق. مەن تېخى ئەرزىمەس نەرسىنى ئوۋلاپ، كۈلكىگە قالىدىغان بولدۇم، دەپ ئويلىغانىدىم.

— بارىكاللا شاھزادە، — دېيىشتى بەگ ئەتكىلەر ئۇنىڭ جاسارىتىگە قايىل بولۇپ.

شاھزادىنىڭ ئارقا ـ ئارقىدىن يېتىپ كەلگەن ھەمراھلىرى، خاس نۆكەرلىرى ئاتلىرىدىن چۈشۈپ، بارگاھ راسلاشقا كىرىشتى.

ئابدۇرېشىتخان يىلاننى يەنە غانجۇغىلاپ قويدى، ئاتنىڭ تېزگىنىنى ئەكرەمگە بېرىپ، ئات باغرىدەك يانتۇ قىرغاقتىن دەريا بويىغا چۈشتى، ئېگىشىپ، لەك ئۇرۇپ ئېقىۋاتقان زەرەپشان سۈيىدە قول ـ يۈزىنى يۇدى. ئۆرە بولۇپ شايە ياغلىقى بىلەن باش ـ بويۇنلىرىنى سۈرتتى. شاھزادىنىڭ بۇرۇتى خەت تارتىپ قالغانىدى. ۋۇجۇدىدا كۈچ ـ غەيرەت ئۇرغۇپ تۇراتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئىككىمىزنىڭ شولىسى گەر سۇغا چۈشەركەن،
ئاقسا قايغا شۇندا ئاچىلۇر گۈلى لىۋەن①.

ئۇ نەۋائىنىڭ بۇ ئىككى مىسرا غەزىلىنى ئوقۇپ بولۇپ قىرغاققا چىقىشىغا، بىر ساداق ئوقى قۇلىقى تۈۋىدىن ۋىڭڭىدە قىلىپ ئۆتۈپ، ئىككى قەدەم نېرىدىكى سۆگەت غولىغا سانجىلىپ قالدى. چۆچۈپ كەتكەن شاھزادە ئەنسىز نەزىرىنى ئۇياق - بۇياققا تىكتى. قۇم بارخانلىرى، يۇلغۇن، توغراقلاردىن باشقا ھېچ نەرسىنى كۆرەلمىدى، ئۇ ھېرىپ سانجىلىپ قالغان ساداق ئوقىنى تارتىۋالدى.

— شاھزادەم، بۇ يەر تىنچ ئەمەس ئىكەن. يۆتكىلىپ كەتسەك بولارمىكىن، — دېدى غايىبتىن كەلگەندەك ئېتىلغان ساداق ئوقىنى كۆرگەن خاس نۆكەرلەر سەردارى ئوسمانبەگ ئالاقزادە بولۇپ.

بەگ ئەتكىلەرمۇ ئوسمانبەگنى قوۋۋەتلەپ، باشقا جايغا كېتىشكە مەسلىھەت بەردى.

— بۇ ساداق ئوقىنىڭ قەستەن ئېتىلغانلىقىغا كىم گۇۋاھلىق بېرەلەيدۇ؟ — ئابدۇرېشىتخان سەردارغا، ئاندى بەگ ئەتكىلىرىگە قارىدى، — بىكار ئەندىشە قىلمايلى. بەلكىم بۇ ياخشىلىقتىن بېشارەت بولۇشى مۇمكىن.

— ئىنشائاللا شاھزادە، ئېيتقانلىرىدەك بولغاي.

ئوسمانبەگ دېگىنىدىن يانمايدىغان ئابدۇرېشىتخاننى زورلىماي، ئەتراپنى ھوشيارلىق بىلەن كۆزىتىشكە ئادەم ئورۇنلاشتۇردى.

«بۇ ساداق ئوقىنى ئاتقان كىمدۇ؟ قارىغا ئالغىنى مەنمۇ ياكى

---

① ئەسلى تېكىستى:
بولسا ئىككىمىزنىڭ يۈزى ئەكس سۇدا پەيدا،
ئۇل سۇنىتەرەپ بارسا ئاچىلغاي گۈلى رەنا.

بىرەر قۇشمۇ، بۇ زادى نېمە ئۇچۇن؟» دەريا ئېقىنىنى بويلاپ ئۇچۇپ كېتىۋاتقان لاچىنغا قاراپ ئويغا چۆمگەن شاھزادە كېلىۋاتقان ئات تىۋىشىنى ئاڭلاپ كەينىگە بۇرۇلدى. قارا تەرگە چۆمۈلگەن قىزىل تورۇقتىن سەكرەپ چۈشكەن ئوردا ياساۋۇلى قەيسەربەگ شاھزادىگە ئېگىلىپ سالام بەردى. ئابدۇرېشىتخان سورىدى:

— خەۋەر ئېلىپ كەلدىڭىزمۇ ياساۋۇل؟

— ئارى، شاھزادە، خان ھەزرەتلىرىدىن خەۋەر ئېلىپ كەلدىم.

— قېنى ئېيتىڭ.

— خان ئالىيلىرى: «ئوغلۇم ئابدۇلرەشىدخان شىكارغا چىقىپ كەتكىلى بىر ھەپتە بولدى، قايتىپ كەلمەيۋاتىدۇ، ئۇ قەيەردە بولسا، شۇ يەردىن پايتەختكە قايتسۇن» دەپ، بۇ پەرماننى ئالىيلىرىغا يەتكۈزۈشۈمنى بۇيرۇغانىدى. ئىككى كۈندىن بېرى ئۇچرىغان كىشىلەردىن سوراپ، ئىز قوغلاپ يۈرۈپ بۇ يەردە يېتىشىۋالدىم، — دېدى قەيسەربەگ ھۆرمەت بىلەن پەرماننى ئۇزىتىپ.

شاھزادىمۇ ئىززەت - ئىكرام بىلەن پەرماننى ئېلىپ، باش ئۇستىگە كۆتۈردى ۋە ئېچىپ ئوقۇدى:

«ئوغلۇم ئابدۇلرەشىدخان، بۇ پەرمانىم قايسى ۋاقىتتا قولۇڭغا تەگسە، شۇ ۋاقىتتا پايتەختكە قايتقىن. تاغاڭ مەنسۇر خاننىڭ يېنىغا بارىسەن.

سەئىدخان»

شاھزادە پەرماننى ئوقۇپ بولۇپ، ئاتقا مىندى - دە:

— ئاتلىنىڭلار! پايتەختكە قايتىمىز، — دېدى ھەمراھلىرىغا.

قۇشچىلار قارچىغا، بۈركۈتلىرىنى قوللىرىغا قوندۇرۇپ، مۇلازىم نۆكەرلەر ئوۋلانغان قۇش، ھايۋانلارنى ئاتلىرىغا

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

غانجۇغىلاپ، شاھزادىنىڭ كەينىدىن يۈرۈپ كېتىشتى.

## 2

— ئوغلۇم، بۇ قېتىم يولۇڭغا بەكمۇ تەلمۈرتىۋەتتىڭ. شىكار ۋاقتى ئۈچ كۈندىن ئاشماسلىقى كېرەك ئىدى. ئىككى كۈندىن بېرى سەندىن ئەنسىرەپ، ئاناڭمۇ كۆز يۇممىدى.

سەئىدخان كۆركەم ياسالغان ھەرەم قەسرىنىڭ[①]گۈلدار شالاسۇنلۇق پېشايۋىنىغا قويۇلغان تەختتىن تۇرۇپ، شىكاردىن قايتىپ كەلگەن ئوغلىنى كايىش، تەنبىھ بىلەن كۈتۈۋالدى.

قوللىرىنى كۆكسىگە ئالغان ئابدۇرېشىتخانمۇ جاۋاب ياندۇرماي جىم تۇردى، ئۇنىڭ ئۈچىسىدا جەڭ لىباسى، قولىدا ئورالغان ئۆلۈك يىلان بار ئىدى، ئۇ ئاتىسىغا جەڭدىن غەلىبە قۇچۇپ قايتىپ كەلگەن قەھرىمان سەركەردىدەك كۆرۈنۈپ كەتتى، خەت تارتىشقا باشلىغان بۇرۇتى ناھايىتى ياراشقانىدى.

«شۈكرى ئاللا!» دېدى سەئىدخان ئىچىدە ئوغلىغا نەزەر سېلىپ ۋە ئاق سانجىلغان ساقىلىنى سىلاپ، گۆھەر قادالغان تاج ۋە دەستارىنى[②]ئېلىپ تەختتە قويۇپ پەسكە چۈشتى.

— ئوغلۇم، ئات ئۈستىدە، جەڭگاھلاردا بالىلىق چاغلىرىڭنى ئۆتكۈزگەنلىكىڭنى ئۇنتۇپ قالمىغانسەن؟ سەن بېسىپ ئۆتكەن يوللار بەك ئۇزۇن...

— ئۇنتۇپ قالمىدىم خان ئاتا، — دېدى شاھزادە مەغرۇر ھالدا. ئۇنىڭ چىرايى ئاپتاپتەك ئوچۇق ئىدى، — ئوخسى[③]، جەيھۇن دەريالىرىغا چۈمۈلۈپ ئوينىغىنىم ھازىرمۇ ئېسىمدە. بەراكوھ[④]تېغىغا چىققانلىقىم، ئۇنىڭدىن كېيىن قانچە - قانچە

① ھەرەم قەسرى - پادشاھ جەمەتىلا تۇرىدىغان قورۇ - جاي.
② دەستار — سەللە.
③ ئوخسى، جەيھۇن - ئۆزبېكىستاندىكى دەريا ئىسىملىرى.
④ بەراكوھ - قىرغىزىستاندىكى بىر تاغ نامى.

تاغ ـ دەريالاردىن ئۆتۈپ قەشقەرگە كەلگەنلىكىمىز، ئانامنىڭ توسقىنىغا قارىماي بارگاھدىن چىقىــــپ، مــــرزا ئابابەكرى سىپاھلىرىغا ئوق ئاتقىنىممۇ ئېسىمدە، ئۇ چاغدا جەڭ بەك قىزىپ كەتكەندى. ئەمدى چوڭ بولغان چېغىمدا ئۇنداق شىددەتلىك جەڭلەرگە قاتنىشىش نېسىپ بولمايۋاتىدۇ.

سەئىدخاننىڭ ئابدۇرېشىتخانغا زوقى كەلدى. زەركىمخاپ تونىنى خاس مەھرەمىگە بەردى ـ دە، غۇلاچ كېرىپ ئوغلىنى قۇچاقلىدى.

— سەن جەڭ قۇچىقىغا تۇغۇلغان ئوغلۇم، تېخى ئەمدىلەتىن ياشلىق بوسۇغىسىغا قەدەم قويدۇڭ، ئاللا سالامەت قىلسىلا، ئارزۇ چوققىسىغا جەزمەن تۇغ قادايسەن، سەبىرلىك، جۇرئەتلىك بولغىن.

— سۆزلىرىنى ئېسىمدە تۇتىمەن خان ئاتا، نېمە دېمەكچى بولغانلىرىنى ھەم چۈشەندىم. بۇ قېتىم شىكارغا چىقىشىم تاماشا ئۈچۈنلا بولماستىن، بەلكى يادىن ئوق ئۈزۈش، قىلىچۋازلىق ماھارىتىمنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى ئەمەلدە كۆرستىپ، بەگ ئەتكىلىرىم ۋە ئۇستازلىرىمنىڭ سىنىقىدىن ئۆتۈش ئىدى.

— ئۆتتۇڭمۇ ئوغلۇم؟

— ئۆتتۇم خان ئاتا.

— ئوۋلىغىنىڭ قۇشمۇ، ئوتخور ھايۋانمۇ؟

— قۇشمۇ بار، ئوتخور، گۆشخور ھايۋانلارمۇ بار، يەنە بىر مۈڭگۈزلۈك يىلاننىمۇ ئوۋلىدىم. ئۇنى ئۆزلىرىگە سوۋغا قىلىپ ئېلىپ كەلدىم خان ئاتا.

— يىلان ئوۋلىدىم؟ قىزىققۇ، قانداق يىلان ئوۋلىدىڭ؟ — سەئىدخاننىڭ قويۇق، قارا قاشلىرى كۆتۈرۈلۈپ، كۆزلىرى يوغان ئېچىلدى، ئۇ ئابدۇرېشىتخاننىڭ قولىنى تۇتۇپ، يىلان قېنى دېگەندەك قاراپ قويدى.

— ئوۋلىغىنىم يىلانلارنىڭ پادىشاھى ئىكەن، بېشــــدا

www.uyghurkitap.com

مۈڭگۈزى بار تېخى، — شاھزادە يۆگەكنى ئېچىپ كۆرسەتتى. ئۇزۇنلۇقى بىر غۇلاچ كەلگۈدەك قىزغۇچ چار يىلان ئۇنىڭ قولىدا ساڭگىلاپ تۇراتتى.

— مانا! راستتىنلا مۈڭگۈزى بار ئىكەن. يىلانلارنىڭ پادىشاھى مانا شۇنداق مۈڭگۈزلۈك بولىدۇ، يارايسەن بالام، — سەئىدخان تەختكە چىقىپ ئوغلىنى يېنىدا ئولتۇرغۇزدى، — ئامەتلىك ئىكەنسەن. بۇ سوۋغىنى قوبۇل قىلدىم. ئەمدى بۇنى ئۆز نامىمدىن ساڭا تارتۇق قىلىمەن. بېشىنى ئۈزۈۋېلىپ يېنىڭدا ساقلا، نۇسرەت ساڭا يار بولغاي. ئۇنىڭ تېنىنى توغراپ ھەلەپكە ئارىلاشتۇرۇپ، شىكارغا مىنىپ بارغان ئېتىڭغا يېگۈزگىن، كېسەل بولمىغاي.

— ماقۇل ئاتا.

ئابدۇرېشىتخان تەختتىن چۈشۈپ، بىلىگە ئېسىقلىق خەنجەر بىلەن يىلاننىڭ بېشىنى كېسىۋالدى. سەئىدخاننىڭ كۆرسىتىشى بىلەن تەخت قۇببىسى① ئۈستىگە يىلاننىڭ مۈڭگۈزلۈك بېشىنى ئېلىپ قويدى. شامالداپ قۇرۇسۇن، دېگەن بولسا كېرەك.

يەردە سوزۇلۇپ ياتقان يىلان تېنىنى ئاتقا يېگۈزۈش ئۈچۈن خاس مەھرەم ئېلىپ چىقىپ كەتتى.

— ئېزىز ئوغلۇم، — دېدى سەئىدخان يېنىدا ئولتۇرغان شاھزادىنىڭ مۈرىسىگە قولىنى قويۇپ، — قەشقەر، يەركەن، خوتەندە، كەشمىر بەداخشان، دەشتى قىپچاق دىيارىدا، ئاقسۇ، كۈچار، تارىم دالىسىدا قىرىق يىل ھۆكۈمرانلىق قىلغان سولتان مىرزا ئابابەكرىنى تەختتىن چۈشۈرۈپ، خانلىقىمىزنى قۇرغىنىمىزغا ئۈچ يىلدىن ئاشتى. زۇلۇمدىن قۇتۇلغان خالايىق روناق تاپماقتا. شۇنى ئېسىڭدە تۇتۇشۇڭ كېرەككى، غەپلەت ھەرقاچان مەغلۇبىيەتكە ھامىلدار، بىز ھوشيار بولماق،

① تەخت قۇببىسى ـ گۈمبەز شەكلىدە چىقىرىلغان سايىۋەن.

تەرەپ ـ تەرەپتىن كۆز تىكىۋاتقان دۈشمەننىڭ ئالقىنىغا چۈشۈپ قېلىشىمىز مۇمكىن، — سەئىدخان سۆزىنى توختىتىپ ئوغلىغا قارىدى. ئابدۇرېشىتخان قوشۇمىسى تۈرۈلگەن ھالدا دىققەت بىلەن سەما بولۇپ ئولتۇراتتى، خان ئاتىسىنىڭ كەچۈرمىشلىرىنى نەچچە قېتىم ئاڭلىغاچ، ئۇنىڭدىمۇ جاسارەتلىك پادىشاھ بولۇش ئارزۇسى تۇغۇلغانىدى. سەئىدخاننىڭ ھېكمەتلىك سۆزلىرىنى تىڭشاشقا خۇشتار ئىدى. ئۇ شۇدەم تەقەززالىق چىقىپ تۇرغان نەزەرى بىلەن «قېنى گەپلىرىنى داۋاملاشتۇرسىلا ئاتا» دېگەن مەنادا قارىدى. سەئىدخان ئۇنىڭ مۆرىسىنى بېسىپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — بالام، مۇشۇ كۈنلەردە تۇرپان خانى بولغان ئاكام مەنسۇرخان خانلىقىمىزنى ئىلىكىگە ئېلىش كويىدا بولۇۋېتىپتۇ. بۇ ۋاققا قەدەر بۇ قېرىندىشىمنى دۈشمەن ئورنىدا كۆرگىنىم يوق، بەلكى ئاتا ئورنىدا كۆرۈپ كېلىۋاتىمەن، مۇشۇ ياخشى تىلىكىمنى ئەلچى ئارقىلىق ئۇنىڭغا بىلدۈرۈپ قويغۇم كېلىۋاتىدۇ. سېنى شىكاردىن چاقىرتىپ كېلىشىمنىڭ سەۋەبى شۇكى، ئۇستازىڭ مىرزا ھەيدەر، تاغاڭ قاناتبەگ بىلەن بىللە تۇرپانغا بارسەن. گۆدەكلىك چاغلىرىڭدا ماڭغان يولدا يەنە يۈرۈپ كەلگىن، بولامدۇ؟

— خوپ خان ئاتا، ئەمرلىرىنى بەجا كەلتۈرگەيمەن.

— ئاناڭمۇ ماقۇل بولدى، ئەمدى چىقىپ سەپەر تەييارلىقىنى قىل. بۇ يىلان مۈڭگۈزىنى يېنىڭدىن ئايرىما، ئۆگۈنلۈككە ـ سەيشەنبە سەھەر يولغا چىقىسىلەر.

— باش ئۈستىگە خان ئاتا، — ئابدۇرېشىتخان تەخت قۇببىسىدىن يىلان مۈڭگۈزىنى ئېلىپ، ئۆز قەسرىگە ماڭماقچى بولۇپ تۇرۇۋېدى، خاس ھۇجرىدىن چىققان گۈلسىما سۇلتانبېگىم:

— شاھىم، كەچلىك تاماق تەييار بولۇپتۇ، ئوغلىمىزمۇ بىز بىلەن بىرگە ھەم داستىخان بولسۇن، — دەپ توختىتىۋالدى.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

بۇ چاغدا كەچكى شەپەق قەسىر دېرىزىلىرىگە جۇلا تاشلىغانىدى.

## 3

دۇنيادا ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدىغان ئاجايىپ ـ غارايىپ نەرسىلەر ئاز ئەمەس. ئابدۇرېشىتخان تۇرپانغا يېڭى بارغاندا كارىزنى كۆرۈپ ھەيران قالدى.

كۈزنىڭ دەسلەپكى كۈنلىرى بولغاچقىمۇ، يەركەنگە نىسبەتەن تۇرپان ياز كۈنىدەكلا ئىسسىق ئىدى. شاھزادە ھەر كۈنى كۈن قىيام بولغاندا كارىزغا چۈشۈپ بىر نەچچە سائەت سالقىنداپ چىقاتتى. ئۇنىڭ بىلەن ئۇستازى مىرزا ھەيدەر، تاغىسى ئەمىر قاناتبەگلەر، مەنسۇرخاننىڭ ۋەزىر، ياساۋۇللىرىمۇ بىرگە بولاتتى. خاس نۆكەرلىرىنىڭ سەردارى بولغان ئوسمانبەگ ئۇنىڭدىن بىر قەدەممۇ نېرى بولمايتتى.

مەنسۇرخان ئۇلارنى ئاستانىدىكى باغۇ بوستانلىق يازلىق ئوردىسىدا كۈتۈۋالغانىدى. سەئىدخان ئەۋەتكەن نۇرغۇن سوۋغا ـ سالاملارنى تاپشۇرۇۋېلىپ، ئابدۇرېشىتخانغا ئالاھىدە مېھرىبانلىق كۆرسىتىپ كېلىۋاتاتتى. ئۇنىڭغا ۋەزىرلىرىنى قوشۇپ، «ئەسھابىل كەھبەلىرىم» نى، ئىدىقۇت شەھەر خارابىسىنى، بېزەكلىكنى كۆرسەتتى ۋە سەيلە قىلدۇردى. ئورۇنلۇق گەپ ـ سۆزى، تەمكىنلىكى، قەيسەرلىكى، كېلىشكەن قەددى ـ قامىتى، خۇش مىجەزى بىلەن بۇ ياش شاھزادە مەنسۇرخانغا بارغانسېرى يېقىپ قېلىۋاتاتتى. ئۇ تۇرپانغا خان بولغاندىن كېيىن، ئاۋامنى[1] ھەرىكەتلەندۇرۈپ كولاپ پۈتتۈرگەن چوڭ كارىزغا ئابدۇرېشىتخاننى ئۆزى ئېلىپ چۈشتى. ئۇلارغا

---

① ئاۋام ـ ئاما، خەلق، پۇقرا دېگەن مەنىدە.

خانىش زەينەپ سۇلتانبېگىم، مەنسۇرخاننىڭ كەنجى قىزى ئون ئۈچ ياشلىق گۈلنىگاربېكە ھەمراھ بولۇپ بىللە چۈشكەنىدى. بۇ قىز ئەركە چوڭ بولغاچقا ناھايىتى شوخ، شار ـ شۇر ئىدى. ئۇ شاھزادە بىلەن ئوينىشىپ سۇ چاچتى. كارىزنىڭ باش تەرىپىگە بېرىپ، ئالما تاشلىۋىدى، ئۇنى ئابدۇرېشىتخان سۇزۇۋالدى...

زۇمرەتتەك سۈزۈك كارىز سۈيى، ھېچقانداق يەردە ھېس قىلىپ باقمىغان راھەتبەخش سالقىنلىق شاھزادىنى ئاجايىپ ھۇزۇرلاندۇردى.

ئابدۇرېشىتخان بۈگۈنمۇ ئوسمانبەگ، ئەكرەملەرنى ئېلىپ كارىزغا چۈشتى.

زىلال سۇ كۆۋەجەپ، ئويناقشىپ ئاقماقتا ئىدى. ھەرخىل رەڭلىك تاشلار سۇ ئاستىدىن رەڭگارەڭ مارجاندەك كۆرۈنەتتى. كارىزنىڭ ئالاھىدە گىرۋەك چىقىرىلغان يېرىگە ئابدۇرېشىتخاننىڭ بەھۇزۇر سالقىنلىشى ئۈچۈن زىلچا، يەكەنداز سېلىنغانىدى، ئۇ كېلىپ ئولتۇردى.

— ئوسمانبەگ ئاغا، يەر ئۈستى ئوتتەك قىزىق، يەر ئاستى مۇز تاغ باغرىدەك سالقىن ئەجەب دىيار ئىكەن ـ ھە! ئىنىم رۇستەمبەگنى ئالغاچ كەلگەن بولساق، كۆڭلى ئېچىلىپ قالار ئىكەن، — دېدى شاھزادە قارا كۆزلىرىنى كارىزنىڭ ئىككى تەرىپىگە يۈگۈرتۈپ.

— رۇستەمبەگ خانلىق مەدرىستە ئوقۇۋاتسا، ئاتىلىرى ماقۇل بولاتتىمۇ شاھزادە، ئەجەب ئۇنى ئەسلەپ قالدىلىغۇ؟

ئوسمانبەگ مەرھۇم ئاكىسى ئەلىبەگنىڭ ئوغلى رۇستەمبەگنى شاھزادىنىڭ ياد ئەتكىنىدىن ھەم ھەيران قالدى، ھەم خۇشال بولدى.

سۇلتان مىرزا ئابابەكرىنى تىبەتتىن ئېلىپ كېلىۋېتىپ، ئۈچ ئېلىش غەربىي بىلەن يولدا ئۆلتۈرۈۋەتكەن سەردار ئەلىبەگنى خاننىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلىش جىنايىتى بىلەن

ئەيىبلەپ، ئالدىنقى يىلى سەئىدخان ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلغان ھەمدە ئۇنىڭ ئايالىنى ئەمرىگە ئېلىپ، ئوغلى رۇستەمبەگنى بىلىم تەھسىل قىلىشقا خانلىق مەدرىسكە بەرگەنىدى.

— ئاتىسىنىڭ چېپىپ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى، رۇستەمبەگنىڭ كۆڭلى سۇنۇقلىقىنى بىلىمەن سەردار. راستچىل، سەمىمىي، ئۆز كېپىدە تۇرىدىغان قەيسەر بالا ئىكەن، ئىككىمىز دوست بولۇپ قالدۇق.

— دوستلۇقىڭلار بۇزۇلمىغاي، — دېدى ئوسمانبەگ سۇغا قاراپ ئويلىنىپ قالغان شاھزادىگە مىننەتدارلىق بىلەن كۆز سېلىپ، — مەرھۇم ئاكامنىڭ يېتىم ئوغلىنى دوست تۇتقانلىرىدىن زىيادە خۇش بولدۇم. ئۇ بالا ئاتىلىرىنى يەرگە قارىتىپ قويمايدۇ، زېرەك ھەم ھوشيار.

— ئىشىنىمەن، ئۇ ئەمدى يېتىم ئەمەس، خان ئاتام ئۇنى ئۆز ئوغلىدەك كۆرىدۇ، مەنمۇ ئۆز ئىنىمدەك كۆرىمەن.

ئابدۇرېشىتخان سەل ئېگىشىپ، ئېقىپ كەلگەن قىزغۇچ ئالمىنى سۇزۇۋالدى ۋە ئەجەبلىنىپ، قولىنى سۇغا تىقىپ تۇرغان ئوسمانبەگدىن سورىدى:

— سەردار، ئالما نەدىن ئېقىپ كەلگەندۇ، ئۇنى كىم سۇغا تاشلىغاندۇ؟

— بۇ ئالمىنى يەر ئۈستىدىن بىرەر بالا تاشلىغان بولۇشى مۇمكىن شاھزادە، — ئوسمانبەگ شۇنداق دېدىيۇ، يەنە دەرھال سۆزىنى ئۆزگەرتتى، — بىز كارىزغا چۈشۈپ بولياقا ماڭغاندا، گۈلنىكاربېكەنىڭ ئۇ تەرەپكە كېتىۋاتقىنىنى كۆرگەنىدىم.

— ئۆزى يالغۇزمۇ؟

— كېنىزەكلىرى بىلەن.

— ھە، — دېدى ئابدۇرېشىتخان. ئۇنىڭ خىيالچان چېھرىدە تەبەسسۇم پەيدا بولدى. ئالمىنى ئۆرۈپ - چۆرۈپ قارىدى، ـ قاراڭ سەردار، نېمىدېگەن چىرايلىق، خۇشبۇيلىقىنى

دىمەمسىز.
— مانا شاھزادە، ئۇزۇممۇ ئىقىپ كەلدى، — ئوسمانبەگ قەھرىۋادەك پارقىراپ تۇرغان بىر ساپاق ئۇزۇمنى سوزۇۋىلىپ، ئابدۇرېشىتخانغا سۇندى.
— قىزىق ئىش، — دېدى شاھزادە ئالمىنى ئوينىتىپ تۇرۇپ، — سىز ئۇزۇمنى يەڭ، مەن ئالمىنى يەي.
ئوسمانبەگ بىرشىنگىل ئۇزۇمنى ئاجرىتىپ، ياش نۆكەر ئەكرەمگە بېرىپ، قولىدا قالغىنىدىن بىر تالنى ئاغزىغا سېلىپ تۇرۇۋىدى، ساداقتىن ئېتىلغان ئوق ئابدۇرېشىتخاننىڭ تاق بېشىدىن ئۆتۈپ، كارىزنىڭ تاشلىق تېمىغا تېگىپ قاڭقىپ، سۇغا چۈشتى. چۆچۈپ كەتكەن شاھزادىنىڭ قولىدىكى ئالمىمۇ سۇغا چۈشۈپ كەتتى.
— شاھزادە، سىلىگە تەگمىگەندۇ؟ — دېدى ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتكەن ئوسمانبەگ قولىنى بىلىگە ئېسىقلىق قىلىچقا ئۇزىتىپ. ئۇ ئىككى يېنىغا ئەندىشە بىلەن كۆز سالدى، شىرىلداپ ئېقىۋاتقان سوغۇق سۇدىن باشقا نەرسە كۆرۈنمىدى.
مەڭدەپ ئولتۇرۇپ قالغان ئابدۇرېشىتخان تېز قوپۇپ تار گىرۋەكتە ئالمىنى سۇزۇۋېلىش ئۈچۈن يۈگۈردى.
— توختىسىلا شاھزادە، ئالما ئېقىپ كەتسە كېتىۋەرسۇن، كارىزدىن چاپسان چىقىپ كېتەيلى، — دېدى ئوسمانبەگ ۋەھىمە ئىلكىدە، ئۇنىڭغا بۇ يەردە بىر قاتىل يوشۇرۇنۇپ تۇرغاندەك بىلىنىپ كەتتى.
— ياق، ئالمىنى سۇزۇۋالمىسام بولمايدۇ.
شاھزادە لەيلەپ ـ چۆكۈپ ئېقىپ كېتىۋاتقان ئالمىنى ئاخىر سۇزۇۋالدى ۋە جايىغا يېنىپ كەلدى.
ئوسمانبەگ قولىدىكى ئۇزۇمنى ئەكرەمگە بېرىپ، بايا سۇدىن ئېلىپ ياپپاق تاش ئۇستىگە قويۇپ قويغان ساداق ئوقىنى قولىغا ئالدى.

— يۇرسىلە شاھزادە، بىخۇدلۇق قىلىپ بۇ يەردە ئولتۇرىۋەرسەك جېنىمىزدىن ئايرىلىپ قالىدىغان ئوخشايمىز.

— سەردار، سىز نېمىدېگەن قورقۇنچاق، بىر غايىب ئوقتىن قورقۇپ كارىزدىن قېچىپ چىقساق، مەنسۇرخان تاغام بىزنى مازاق قىلمامدۇ؟

— شاھزادە، بۇ غايىب ئوق بىكار ئېتىلمىغان، قارىغاندا، كەينىمىزگە چۈشكەن دۈشمەن باردەك قىلىدۇ. ئېھتىيات قىلغىنىمىز تۈزۈك، سەردار توغرا ئېيتتى. ۋاقىتنى ئۆتكۈزمەي چىقىپ كېتەيلى، — ئەكرەمۇ شاھزادىنى كارىزدىن چىقىپ كېتىشكە دەۋەت قىلدى.

ئابدۇرېشىتخان ئاخىر خالىمايراق ئورنىدىن تۇردى. ئۇلار كارىزدىن چىققاندا كۈن غەربكە قىسايغانىدى.

## 4

شۇ تاپتا مەنسۇرخان ئوردا تەكىنخانىسىنىڭ[1] كۆركەم زالىدا، ئاتا ۋەزىر مىرزا ھەيدەر كوراگان، ۋەزىر ئەمىر قاتاتبەگ باشلىق مېھمانلار بىلەن سۆھبەتلىشىپ تەختتە ئولتۇراتتى. قارا قاشلىرى سايە چۈشۈرۈپ تۇرغان قوي كۆزلىرىنى ئىشىككە تىكىپ:

— شاھزادە كەلمەيدىغۇ ئاتا ۋەزىر؟ — دەپ سورىدى تەرىنى تۈرۈپ.

سۆھبەتكە ئابدۇرېشىتخان قاتناشماي، كېلىشىم ھاسىل قىلىنغان تەقدىردىمۇ، بۇ سۆھبەتنىڭ تازا ئىشەنچلىك بولمايدىغانلىقى مەنسۇرخانغا ئايان ئىدى. سەئىدخان ئوغلىنى بىكار ئەۋەتمىگەن ـ دە.

— خان ھەزرەتلىرى، بۈگۈن سۆھبەت بولىدىغانلىقىنى

---

① تەكىخانا ـ مېھمانخانا

شاھزادە بىلىمگەچكە، سەيلە قىلغىلى چىقىپ كەتكەن بولسا كېرەك، — دېدى مىرزا ھەيدەر ۋە ئەمىر قاناتبەگكە قاراپ قويدى.

— ئاتا ۋەزىر، دەرھال ئادەم بۇيرۇپ سۆھبەت بولىدىغانلىقىدىن شاھزادىنى ۋاقىپلاندۇرۇڭ، — مەنسۇرخان قول قوشتۇرۇپ ئولتۇرغان كەكە ساقال جەپپاربەردىبەگكە بۇيرۇدى.

— باش ئۈستىگە شاھىم، — ئاتا ۋەزىر جەپپاربەردىبەگ شاپاشلاپ چىقىپ كەتتى.

— مېھمانلارغا ئۇسسۇلۇق كەلتۈرۈلسۇن.

مەنسۇرخاننىڭ ئەمرى بىلەن پەتنۇس ـ لىگەنلەردە ئېلىپ كېلىنگەن كاسا ـ كاسا قوغۇنلار مېھمانلار ئالدىغا قويۇلدى. خان پات ـ پات ئىشىككە كۆز سېلىپ تاقەتسىزلىنەتتى. ئۇ قىزىققان، ئالدىراڭغۇ بولغاچقا، مەيلى چوڭ ئىش بولسۇن، مەيلى كىچىك ئىش، دائىم ئالدىراپلا تۇراتتى.

شېرىن قوغۇن يېيىلىپ بولدى. ئىچى تىت ـ تىت بولغان مەنسۇرخان شاھمات ئېلىپ كېلىشنى بۇيرۇدى. مۇلازىملار پىل چىشىدىن ياسالغان شاھماتنى ئەكېلىپ ئۇنىڭ ئالدىغا قويدى.

— ئاتا ۋەزىر جانابلىرىنىڭ شاھمات ئويناشقا رىغبىتى بارمىكىن؟ — دەپ مىرزا ھەيدەرگە قارىدى مەنسۇرخان تەختتىن چۈشۈپ.

— ئەلۋەتتە خان ھەزرەتلىرى، كابۇلدا پادىشاھ بابۇر مىرزا ئالىيلىرى بىلەن ئويناپ ھەۋەسمەن بولۇپ قالغانىدىم.

— قېنى مەرھەمەت ئىنىم، شاھزادە كەلگۈچە ئويناپ تۇرايلى.

مەنسۇرخان مىيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ، بىرىنچى قەدەمدىلا ئاتنى ماڭدى. مىرزا ھەيدەرمۇ كۈلۈمسىرەپ، پەرزىن ئالدىدىكى پىچكىنى بىر قەدەم سۈردى. ئۇ مەنسۇرخاننىڭ شاھمات ئويناشقا تازا ماھىر ئەمەسلىكىنى دەسلەپ مېڭىشىدىنلا بىلگەنىدى. ئۇنى

مەيلىگە قويۇپ بېرىپ، بىر «شاھ!» دەپلا مات قىلىپ قويدى.

— ھا ـ ھا ـ ھا ... — كۈلۈپ كەتتى مەنسۇرخان مەگسىتمەي، — ئاتا ۋەزىر ياخشى ئۆگىنىپتىكەنلا، ماڭا رىئايىمۇ قىلمىلا.

— خان ھەزرەتلىرى، پادشاھ بابۇر مىرزىغىمۇ رىئايە قىلمىغانمەن، تېخى ئۆزلىرىگە كۆپ رىئايە قىلدىم.

مەنسۇرخاننىڭ ئاقۇش يۈزلىرى قىزىرىپ، مەڭزىنىڭ بۆلجۈڭ گۆشلىرى لىپىلداپ كەتتى. ئۇ بۇ چاققىچە قارشى تەرەپ «خان» دەپ رىئايە قىلغانلىقى ئۈچۈنلا شاھماتتا دائىم يېڭىپ كەلگەن، بۈگۈن رىئايە قىلمايدىغان رەقىبكە بىرىنچى قېتىم ئۇچرىشى ئىدى. مىرزا ھەيدەرنىڭ جاۋابىنى ئاڭلاپ تاتىرىپ ـ سارغىيىپ ئۆڭدى.

— ھىم، مۇنداق دېسىلە، بىر نەۋرە ئىنىم بولمىغانلىرىدا مەنمۇ رىئايە قىلمايتتىم. بۇ شاھماتنى سىلىدەك بىر نەۋرە ئىنىم بولغان پادشاھ بابۇر مىرزا ھىندى دىيارىغا بارغىنىمدا سوۋغا قىلغان. ئۇنىڭ يېنىدا بىر قانچە ئىنىم خىزمەت قىلىۋاتىدۇ. قېنى، يەنە بىر ئوينايلى، بۇ قېتىم مەن سىلىنى مات قىلىمەن.

مەنسۇرخان شۇنداق دەپ تەھدىت نەزەرى بىلەن مىرزا ھەيدەرگە قاراپ قويدى. شۇ چاغدا ئابدۇرېشىتخان مۇلازىملىرى بىلەن كىرىپ كەلدى. ھەممەيلەن دۇررىدە ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم خان ئاتا.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام شاھزادە بالام، مەرھابا، — مەنسۇرخان قوپۇپ ئۇنى تەختكە تەكلىپ قىلىپ، يېنىدا ئولتۇرغۇزدى.

— لەشكەر تارتىپ كېلەرمىكىن، دېسەم، سوۋغا ـ سالاملار بىلەن كېلىپ، پېقىرنى شاد، ئەلنى خاتىرجەم قىلدىڭلار. بىر نەچچە كۈندىن بېرى دىيارىمىزدا سەيلە ـ ساياھەتتە

بولۇۋاتقىنىڭلار ئۈچۈن كۆڭۈلدىكى مۇددىئا، تىلەكلىرىمىزنى ئېيتىپ سىردىشالمىغانىدۇق. بۈگۈن ئەھۋاللاشقىم كېلىپ بۇ سورۇننى تۈزدۈم، — دېدى، مەنسۇرخان ئابدۇرېشىتخانغا، ئاندىن مىرزا ھەيدەرگە قاراپ جاۋاب كۈتتى.

— خان ھەزرەتلىرى، ئىجازەت بەرسىلە، ئاۋۋال شاھزادە سۇلتان سەئىدخاننىڭ تىلەكلىرىنى يەتكۈزسۇن، ئاندىن ئەمىر قاناتبەگ ئىككىمىز كېلىشتىكى مەقسەت - مۇددىئالىرىمىزنى بايان قىلساق.

— ئارى - ئارى، — دېيىشتى جەپپاربەردىبەگ باشلىق ۋەزىر - ۋۇزرالار.

ئابدۇرېشىتخان تەختتىن چۈشۈپ، ئىككى قولىنى كۆكسىگە ئېلىپ دېدى:

— ئالىيلىرىغا پەدەر بۇزرۇكۋارىمىنىڭ سالامىنى يەتكۈزگەنىدىم. ئەمدى ئۇنىڭ «سۇلتان مەنسۇرخان — مېنىڭ ئاكام، ئاتامنىڭ ئورنىدا ئاتا. ئۇنىڭ بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈشنى خالايمەن» دېگەن ئارزۇسىنى يەتكۈزىمەن.

مەنسۇرخانمۇ تەختتىن چۈشۈپ شاھزادىنى قۇچاقلىدى.

— ئىنشائاللا، مەنمۇ ئىنىم سەئىدخاننى سېغىنىدىم، كۆرگۈم كەلدى، — مەنسۇرخان كۆزلىرىگە ياش ئالدى، — مەن خان ئىنىمنىڭ مەشرىق بىلەن مەغرىب زېمىنىنىڭ ئوتتۇرىسىدا، شۇنداق چوڭ خانلىقنى بەرپا قىلغانلىقىغا ھەۋىسىم كېلىدۇ…

جەپپاربەردىبەگنىڭ چىرايى ئۆڭدى. ئۇ كۆكسىگە يېيىلىپ تۇرغا قىزغۇچ ساقىلىنى سىقىمداپ، يېنىدا ئولتۇرغان كۆسا، پاكار مەقسۇتبەگنى بىقىنداپ قويدى.

— خان ئالىيلىرىنىڭ سۆزى ھەق. سۇلتان سەئىدخاننىڭ موغۇلىستان، خوراسان ئەللىرىگە شاھ بولغۇچىلىكى بار، — دېدى ئورنىدىن تۇرغان مەقسۇتبەگ مەنسۇرخاننىڭ سۆزىنى بۆلۈپ.

— بەس! بولدى قىلىڭ ۋەزىر، خان ئىنىمنىڭ ئۇنداق قارا نىيىتى بولسا، توققۇز تارتۇق[1] قىلىپ ئوغلىنى ئالدىمغا ئەۋەتمەس ئىدى.

مىرزاھەيدەر قاناتبەگكە قاراپ قويدى. ئۇ مەقسۇتبەگنىڭ سۆزىدىكى شۇملۇقنى سېزىپ، قوشۇمىسىنى تۈرگەنىدى، ئەمما مەنسۇرخاننىڭ جاۋابىنى ئاڭلاپ تەبەسسۇم قىلدى. مەنسۇرخان مەقسۇتبەگكە ئالىيىپ سۆزىنى داۋام قىلدى.

— سەئىدخان مېنىڭ ئىنىم، ئۇنىڭ سۇلتانلىقىدىكى سەئىدىيە خانلىقى بىلەن مېنىڭ سۇلتانلىقىمدىكى تۇرپان خانلىقى بىر - بىرىگە دۈشمەن ئەمەس، باشقا - باشقا خانلىقمۇ ئەمەس، بەلكى جاھانغا ئايان بولغان موغۇلىستان خانلىقىدۇر. بىزنى ئايرىۋېتىشكە ئۇرۇنغان كىشىلەر ماڭىمۇ، خان ئىنىمغىمۇ دوست ئەمەس، دۈشمەندۇر. شۇڭلاشقا، خوجا تاجىدىن بىننى خوجا ئەبەيدۇللا يۈزرۇكۋاردىن سەئىدخان ئىنىمغا سەئىدىيە خانلىقىنىڭ قۇرۇلغانلىقىدىن مەمنۇن ئىكەنلىكىمنى بىلدۈرۈپ توققۇز تارتۇق ئەۋەتكەنىدىم. خان ئىنىممۇ ھەربىرلىرىنى ئەۋەتىپ پېقىرنى كۆپ خۇرسەن قىلدى.

ئابدۇرېشىتخان جەپپاربەردىبەگ بىلەن مەقسۇتبەگنىڭ پىچىرلىشىۋاتقانلىقىدىن يەنە بىر شۇملۇقنى سېزىپ، مەنسۇرخانغا قاراپ دېدى.

— خان ئاتا، ئالىيلىرىنىڭ ياخشى تىلىكىنى ئاڭلاپ بېشىم ئاسمانغا يەتتى، بىزنى ياخشى كۈتۈپ، كۆپ مېھرىبانلىق قىلدىلا، بۇنىڭدىن ناھايىتى مىننەتدارمىز، لېكىن ئەپسۇسلىنارلىق بىر ئىشنى ئالىيلىرىغا ئېيتىشقا مەجبۇرمەن.

— ئېيتىسىلا بالام، نېمە ئىش ئىكەن ئۇ؟ — بىئارام بولۇپ سورىدى مەنسۇرخان. ئۇنىڭ پۈلتىيىپ چىققان ئىككى كۆزى

[1] توققۇز تارتۇق - ھەربىر نەرسە توققۇز جۈپتىن قىرىق قىلىنىپ ئەۋەتىلگەن سوۋغا.

ئەندىشە بىلەن شاھزادىگە قادالدى. مىرزاھەيدەر ئۇنىڭ نىمە دېمەكچى بولغىنىنى ئۇقمىغاچقا سەل بىئارام بولۇپ قالدى. ئابدۇرېشىتخان ئۆزىگە تىكىلىپ ئولتۇرغان ئوسمانبەگكە قارىدى.

— سەردار، نامەلۇم كىشى ئاتقان يا ئوقىنى خان ئاتامغا كۆرسىتىڭ.

ئوسمانبەگ قولتۇقىغا قىستۇرۇۋالغان يا ئوقىنى تەزىم بىلەن مەنسۇرخانغا كۆرسەتتى. جەپپاربەردىبەگ بىلەن مەقسۇتبەگنىڭ چىرايلىرى ئۆڭۈپ، قاپىقى تۈرۈلگەنلىكىنى سەپسېلىپ ئولتۇرغان مىرزاھەيدەر كۆرۈپ قالدى. «مەنسۇرخاننىڭ بۇ ئىككى ۋەزىرىنىڭ قورسىقىدا چوقۇم جىن بار ئىكەن...» دەپ ئويلاپ، ئابدۇرېشىتخاننىڭ بېشارىتىدىن بۇ يەرنىڭمۇ تىنچ ئەمەسلىكىنى بىلدى...

## 5

ئابدۇرېشىتخان تۇرپانغا ماڭغاندا، ئىككىنچى ئىنىسى ئىبراھىم سۇلتان يېڭىسارغىچە بېرىپ ئۇزىتىپ قويغانىدى. قايتىپ كەلگەندە بولسا، چوڭ ئىنىسى ئىسكەندەر سۇلتان بىلەن كەنجى ئىنىسى مۇھسىن سۇلتان قەشقەرگىچە بېرىپ كۈتۈۋالدى. سەئىدخانمۇ ۋەزىر، ئەمىرلىرى بىلەن پايتەختنىڭ ئالتۇن دەرۋازىسى ئالدىغا چىقىپ تەنتەنە بىلەن قارشى ئالدى.

— مەرھابا، مەرھابا! مىرزاھەيدەر ئاغا، قاناتبەگ ئاغا، ئاللا سىلەرگە رەھمەت قىلسۇن.

سەئىدخان قەشقەرنىڭ ھاكىمبېگى ئەمىر كەبىر[1] سەئىد مۇھەممەد مىرزىنىڭمۇ ئۇلار بىلەن بىرگە كەلگىنىدىن غايەت خۇشال بولدى. بۇ شىجائەتلىك باھادىر سەپدىشى بىلەن

---

① ئەمىر كەبىر ـ باش قوماندان، ئۇلۇغ سەركەردە، دېگەن مەنىدە.

قوچاقلىشىپ كۆرۈشتى. ئاندىن ئابدۇرېشىتخاننى باغرىغا بېسىپ پېشانىسىگە سۆيدى.

— تاغام مەنسۇرخان بۇزرۇكۋارىم ئۆزلىرىگە سالام ئېيتتى، ئامانلىق تىلىدى، — دېدى ئابدۇرېشىتخان تورپاندا ئۆتكۈزگەن كۈنلىرىنى ئەسلەپ، كۆز ئالدىغا غۇنچە بوي، ئاھۇ كۆز، چېچەن، شوخ گۈلنىگارىبېكە كېلىپ، سۆزىنى داۋام قىلدى، — تورپانغا بارغان كۈندىن باشلاپ، مەنسۇرخان تاغام ھۆرمەت - ئىززىتىمىزنى قىلدى، ياخشى كۈتتى. مەنزىرىلىك جايلارنى، باغ - ۋارانلارنى، قەدىمى شەھەرلەرنى ساياھەت قىلدۇردى. سۆھبىتىمىزمۇ سەممىمىي بولدى. ئۇقۇشماسلىقلار ئايدىڭلاشتۇرۇلدى. بۇ توغرۇلۇق مىرزا ھەيدەر ئاغام تەپسىلىي سۆزلەپ بېرىدۇ. بىز قايتىدىغان كۈنى تاغام مەنسۇرخان شەھەر سىرتىغا چىقىپ ئۇزىتىپ قويدى. ئۇ ماڭا: «سەئىدخان دۇشمىنىم ئەمەس، جان - جىگەر ئىنىم. ئاللا بىزنى سالامەت دىدار كۆرۈشتۇرۇپ، مۇراد بېغىغا بىرگە قەدەم باسقۇزغۇسى» دەپ ياخشى تىلىكىنى بىلدۈرۈپ قالدى خان ئاتا.

سۆھبەتنىڭ نەتىجىسىنى ئاڭلاشقا تەقەززا بولغان سەئىدخان ئۇلارنى جاھانباغدا ھاردۇق ئېشى ئىچىشكە تەكلىپ قىلدى.

سۇلتان ئەھمەدخان زامانىدا بىنا قىلىنغان، مىرزا ئاباكرى كېڭەيتىپ ياسىغان بۇ باغ سەئىدىيە خانلىقى قۇرۇلغاندىن كېيىن تېخىمۇ كۆركەم تۈس ئېلىپ، سېھىرلىك، جەلىبكار سەيلىگاھقا ئايلانغانىدى. سەئىدخان باشقا ئەللەردىن كەلگەن پادىشاھ، سۇلتانلارنى، مەرتىۋىلىك مېھمانلارنى ۋە ئۆزىگە يېقىن بولغان دۆلەت ئەركانلىرىنى[1] مۇشۇ باغدا قوبۇل قىلىپ سۆھبەتلىشەتتى.

ئابدۇرېشىتخان خان جەمەتى قەدەم تەشرىپ قىلىدىغان

---

① دۆلەت ئەركانلىرى - دۆلەت ئەربابلىرى.

دەرۋازا ئالدىغا كەلگەندە ئاتتىن سەكرەپ چۈشتى. سەئىدخانمۇ ئۇنىڭغا زوقلىنىپ قاراپ پۇتىنى يەرگە قويدى. مەھرەملەر ئۇنىڭ ھەم دۆلەت ئەركانلىرىنىڭ ئاتلىرىنى پادىشاھ ئاتخانىسىغا ئېلىپ كېتىشتى. ئابدۇرېشىتخان ئالما - ئامۇت دەرەخلىرى سايە تاشلىغان خىلۋەت يول بىلەن ھەۋزەئى سۇلتان[1]غا يېتىپ كەلگەندە، دەرەخ شاخلىرىدا چاڭىلداپ سايراۋاتقان تورغاي، تۇمۇچۇقلار ئاسمانغا پەرۋاز قىلىشتى. مەجنۇن تاللار چىلىشىپ تۇرغان تىنىق كۆلدە، قۇياش چۆمۈلۈپ ئويناۋاتاتتى.

سەئىدخان رەڭدار گىلەم، كىمخاپ كۆرپىلەر سېلىنىپ، پەر ياستۇقلار تىكلەپ قويۇلغان شاھ سۇپىسىغا چىقىپ ئولتۇردى. ئابدۇرېشىتخان ئوڭ يېنىدىن، ۋەزىر، ئەمىر - بەگلەر ئۇلارنى چۆرىدەپ ئورۇن ئېلىشتى.

— جانابلار، بۇ يەردە ئاندەك[2]ھاۋالىنىپ، ھاردۇق ئېشى ئىچكەچ، ئاتا ۋەزىر مىرزاھەيدەرنىڭ خۇش خەۋىرىنى ئاڭلايمىز، ئاندىن سالقىن كېچە پەيزىنى سۈرىمىز.

— خان ھەزرەتلىرى، — دەپ سۆز باشلىدى مىرزا ھەيدەر تەۋەززۇ بىلەن. ئۇنىڭ ئاق كىرىشكە باشلىغان قىسقا ساقىلى خۇش چىرايىغا ناھايىتى ماس كەلگەنىدى. بەستلىك قامىتىدىن تەمكىنلىك چىقىپ تۇراتتى، — بىز ئالىيلىرىنىڭ سالىمىنى ئېلىپ تۇرپانغا قەدەم قويغان كۈندىن باشلاپ، سۇلتان مەنسۇرخان بىزگە ھەم قىزغىن مۇئامىلە قىلدى، ھەم ئاستىرتتىن كۆزەتتى. خاننىڭ قىزغىن مۇئامىلىسى خۇرسەنلىكىمىزنى ئاشۇرغان بولسا، ھەر بىر قەدىمىمىزنى كۆزىتىپ نازارەت قىلىشى ھوشيارلىقىمىزنى ئاشۇرۇپ، ئېھتىياتچان قىلىپ قويدى. بولۇپمۇ مەنسۇرخاننىڭ ئاتا ۋەزىرى جەپپاربەردىبەگ ھەربىرىمىزدىن خۇپىيانە گەپ ئېلىپ، ئۆزىگە تارتىش ئۈچۈن

---

① ھەۋزەئى سۇلتان - سۇلتان كۆلى.
② ئاندەك - ئازراق دېگەن مەنىدە.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئۇرۇندى. ئۇ «تۇرپاندا قېلىشنى خالامسىز؟ بۇ يەردىمۇ ئاتا ۋەزىر بولۇرسىز» دەپ مېنىمۇ قېقىتىپ باقتى. «زەرەپشاندا بېلىق تۇتۇشقا ئۆگىنىپ قاپتىمەن» دەپ ئۇنى نائۇمىد قالدۇردۇم. ئالىيلىرىنىڭ ئىتتىپاق بولۇپ، ئىناق ئۆتۈشتىن باشقا غەرەزلىرى يوقلۇقىنى سۆز - ھەرىكەتلىرىمىزدە ئىپادىلەپ، ئۇنى ئىلاجىسىز ھالغا چۈشۈرۈپ قويدۇق.

— زادى كېلىشىم ھاسىل قىلالىدىڭلارمۇ؟ — سورىدى خان. ئۇ بۇنى بىلىشكە تەقەززا بولغاندەك قىلاتتى.

— ھاسىل قىلدۇق خان ھەزرەتلىرى، — دېدى مىرزا ھەيدەر، — سۇلتان مەنسۇرخان باشتا جىم تۇرۇۋېلىپ، «كۆڭلۈمدىكىنى تاپ» دېگەندەك قىلىپ بۇ ھەقتە ئېغىز ئاچمىغانىدى. ئابدۇرېشىتخان تىلەك - ئارزۇلىرىنى قايتا - قايتا يەتكۈزۈپ ئۇنى ئېرىتتى. مەنسۇرخان سەئىدىيە خانلىقىنىڭ كۈنسېرى روناق تېپىۋاتقانلىقىدىن مەمنۇن ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى، ئۆزىنىڭ يەركەنگە لەشكەر تارتىپ بېرىش نىيىتىنىڭ يوقلۇقىنى ئېيتتى. «بۇنداق ئۆسەك سۆزلەرنى تارقاتقۇچىلارنىڭ غەرىزى — بىز ئاكا - ئۇكىلارنى دۈشمەنلەشتۈرۈپ، تاجۇ - تەختتىن مەھرۇم قىلىش» دېدى. ۋەزىرلىرىنىڭ مەسلىھەتىنىمۇ ئالماي ئالىيلىرى بىلەن دىدار كۆرۈشۈش تىلىكىنى بىر قانچە قېتىم بىلدۈردى. شۇنىڭ بىلەن تۆۋەندىكىچە كېلىشىم ھاسىل قىلدۇق، — مىرزاھەيدەر ئاۋۋال سەئىدخانغا، ئاندىن كۆپچىلىككە قاراپ تەبەسسۇم قىلدى، — بىرىنچى، «مەنسۇرخان سەئىدىيە خانلىقىنى ئېتىراپ قىلمايدىكەن، يەركەنگە باستۇرۇپ كېلىدىكەن، سەئىدخان لەشكەر تارتىپ تۇرپانغا يۈرۈش قىلىدىكەن، تەڭرىتاغنىڭ شىمالى، جەنۇبىغا ئۆزى ھۆكۈمرانلىق قىلىدىكەن» دېگەندەك ئېلىپ قاچتى گەپلەر پىتنە - پاسات، ئېغۋادىن باشقا نەرسە ئەمەس، دەپ ئىنكار قىلىندى.

ئىككىنچى، ئەرابات[①]تۇزلەڭلىكىنى يەركەن سەئىدىيە خانلىقى بىلەن تۇرپان خانلىقىنىڭ چېگرىسى قىلىپ بېكىتتۇق. ئەراباتنىڭ شىمالى تۇرپان خانلىقىغا، جەنۇبى سەئىدىيە خانلىقىغا تەۋە بولىدىغان بولدى.

ئۈچىنچى، سۇلتان مەنسۇرخان بىلەن سۇلتان سەئىدخان ئاقسۇنىڭ ئەرابات دېگەن جايىغا كېلىپ دىدار مۇلاقات[②]بولىدۇ، دەپ بېكىتىلدى.

— ماشائاللا، ئاكام بىلەن ئاخىر دىدار كۆرۈشىدىغان بولۇپتىمەن، — سەئىدخان خۇشال بولغىنىدىن تۇرۇپ كەتتى، — بۇ ئۇچرىششىمىز قۇتلۇق - مۇبارەك بولغاي. مەن سىلەردىن رازى بولدۇم.

سەئىدخان ئابدۇرېشىتخاننىڭ بۇ كېلىشىمنى ھاسىل قىلىشتا ئوينىغان رولىدىن سۆيۈنگەن بولسىمۇ، ئۇنى ماختاپ بىر نېمە دېمىدى. ئەمما، كۆڭلىدە ئوغلىنىڭ ئەقلىگە قايىل بولدى. ئۇنىڭ ئىشارىتى بىلەن داستىخان سېلىنىپ، ھاردۇق ئېشى — ئۇگرە كەلتۈرۈلدى. ئاش ئىچىلىپ بولغاندىن كېيىن سەئىدخان ئورنىدىن تۇردى.

جاھانباغ ئىككىگە ئايرىلغان بولۇپ، خان ۋە ئۇنىڭ جەمەتى سەيلە قىلىپ ئارام ئالىدىغان قىسمى «باغى ئېرەم» دەپ ئاتىلاتتى. ئۇ يەرگە ھېچقانداق يات كىشى كىرگۈزۈلمەيتتى، مېھمانلار كۈتۈلىدىغان تەكىيخانا، مۇراسىم، زىياپەت ئۆتكۈزۈلىدىغان قەسرى ھەبىب[③]قاتارلىق كۆركەم بىنالار قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان قىسمى - «باغى ھۇزۇر» دەپ ئاتىلاتتى. سەئىدخان باغى ھۇزۇرغا قاراپ ماڭدى. ئۇ قەسرى ھەبىبكە كىرىپ تەختكە چىقتى. بۇ ناھايىتى ئازادە ساراي بولۇپ، ئىككى

① ئەرابات - باي ناھىيىسى بىلەن ئاقسۇ جام يېزىسىنىڭ ئارىلىقىدىكى يەر نامى.
② دىدار مۇلاقات - يۈز كۆرۈشۈش.
③ قەسرى ھەبىب - دوستلار ئۆيى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ياندىكى دېرىزىلىرى باغقا قارايتتى، بىنەپشىرەڭ پەردىلىرى يەلپۈنۈپ تۇراتتى.

سەئىدخاننىڭ ئەمرى بىلەن ئىشىك ئاغىسى[1] ئەلى سەئىد كۆكۈلداش مىرزا ھەيدەر، ئەمىر قاناتبەگلەرگە ئالتۇن تۈگمىلىك كىمخاپ تون كىيگۈزدى. قەشقەرنىڭ ھاكىم بېگى سەئىد مۇھەممەد مىرزىغىمۇ تون ياپتى. ئەلى سەئىد كۆكۈلداش ئورنىغا قايتىپ كېلىپ، سارغۇچ بۇرۇتلىرىنى قولى بىلەن بۇراپ ئولتۇرغان مىرزا ئەلى تاغايىنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلىدى:

— كۆردىلىمۇ ۋەزىر، خانىمىزنىڭ دەنالىقىنى، ئۇ بىزنى ئۇنتۇپ قالدى.

— بىلەلەپلا ئىشىك ئاغىسى، خان ھازىر ئۇنتۇپ قالغان بىلەن كېيىن تونۇپ قالىدۇ— ··· مىرزا ئەلى تاغايى مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى. ئۇنىڭ سوزۇنچاق يۈزى تارتىشقاندەك بولۇپ، قىيسىق كۆزلىرى يۇمۇلۇپ كەتتى.

سەئىدخان سەل تۇرۇۋېلىپ، ئەمرىنى داۋاملاشتۇردى ـ دە، ئىشىك ئاغىسى بىلەن ۋەزىرنىڭ پىچىرلاپ قىلىشىۋاتقان گەپلىرى ئۈزۈلۈپ قالدى.

— ئوغلۇم ئابدۇلرەشىدخان بالاغەتكە يېتىپ قالدى. ئۇنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى ئۈچۈن جان كۆيدۈرۈپ كېلىۋاتقان بەگ ئەتكىلىرى ـ ئۇستاز ماھمۇد شىرازىغا، ئەمىر قۇلى بارلاسقا، ئەمىر مىراخۇر بارلاسقا تەشەككۈر ئېيتىمەن. ئۇلارغا زەرباب تون كىيگۈزۈلسۇن، تۇرپانغا بارغان سەردار، بەگ، سىپاھلارغا ئون تىللادىن تارتۇق بېرىلسۇن.

شاھنىڭ ئەمرىنى ئاڭلاپ ئوردا سىپاھلىرىنىڭ ئەمرى خوجا شاھ مۇھەممەدبەگنىڭ يۈرىكى بىردىن قىسىلدى. قىپقىزىل

[1] ئىشىك ئاغىسى ـ پادشاھ ئوردىسىدىكى يۇقىرى ئەمەل بولۇپ، ئۇ پادشاھنىڭ ئامانلىقىنى قوغداش، پادشاھنى ئەھۋاللاردىن خەۋەرلەندۈرۈش قاتارلىق ئىشلارغا مەسئۇل بولىدۇ.

هاپاقوۋۇز يۈزى ئاقىرىپ ئولتۇرالماي قالدى. ئەلى سەئىد كۆكۆلداش بۇنى بىلىپ، ئاتايىن يۆتىلىپ قويدى. ئۇنىڭمۇ ئىچى ئېچىشىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇلارغا كۆز قۇيرۇقىدا قارىغان مىرزا ھەيدەر بىر نېمە دېمەكچى بولدىيۇ، سەئىدخاننىڭ بىر كۈمۈش ساپلىق خەنجەرنى ئابدۇرېشىتخانغا ئۇزاتقانلىقىنى كۆرۈپ گەپ قىلماي كۈلۈمسىرىدى. شاھزادە يۈكۈنۈپ، خەنجەرنى قولىغا ئالدى، باش ئۇستىگە كۆتۈرۈپ، ئاندىن لەۋلىرىنى پارقىراپ تۇرغان ئۆتكۈر بىسىغا تەگكۈزۈپ بىلىگە ئېسىۋالدى.

— رەھمەت خان ئاتا، ئىشەنچلىرىگە داغ چۈشۈرمەيمەن، — دېدى ئۇ دەس تۇرۇپ، ئۇن - تىنسىز بەرگەن بۇ سوۋغاتتىن ئۇ سۆيۈنۈپ كەتكەنىدى.

ۋەزىر، ئەمىر، بەگ، سىپاھلار ئابدۇرېشىتخاننى مۇبارەكلەشتى.

— سۇلتان ئاتامغا جان پىدا — ئابدۇرېشىتخان بار ئاۋازى بىلەن توۋلىدى.

داستىخان سېلىنىپ، شورپا تارتىلدى. پۈتۈن پېتى تونۇردا پىشۇرۇلغان، قوي، غاز، بۇدىنە كاۋاپلىرى ئارقا - ئارقىدىن كەلتۈرۈلدى. چوڭ - كىچىك خۇمىرىلاردا، شاراب، مەيزاب، بوزا، قىمىز ئېلىپ كېلىنىپ، ساقىلارنىڭ ئالدىغا قويۇلدى. كۈمۈش جامغا لىققىدە قويۇلغان بىرىنچى قەدەھ سۇلتان سەئىدخانغا، ئىككىنچى قەدەھ ئەمىر كەبىر سەئىد مۇھەممەد مىرزىغا، ئۈچىنچى قەدەھ ئاتا ۋەزىر مىرزا ھەيدەر گوراكانغا تۇتۇلدى. تاماقلىرىنى چاكىلدىتىپ ئولتۇرغان ۋەزىر مىرزا ئەلى تاغايىغا، ئىشىك ئاغىسى ئەلى سەئىدكۆكۆلداشقا، ئەمىر خوجا شاھ مۇھەممەدبەگكىمۇ شاراب سۇنۇلدى.

ئولتۇرۇش باش خوراز چىللىغانغا قەدەر داۋام قىلدى. ئەمىر كەبىر پىيالىسىدىكى مەينى باشقىلارغا تۇيدۇرماي ئاياغ ئاستىغا تۆكۈۋېتىپ، مىرزا ھەيدەرگە قارىدى.

— ئەمدى ئاياغلاشتۇرساق بولار، خان مەست بولۇپ قالدى
ئاتا ۋەزىر.

— ساقىلار، قەدەھنى يېغىشتۇرۇۋېتىڭلار، — دېدى ئاتا ۋەزىر ۋە سەئىدخاننى يۆلەپ تۇرغۇزۇپ، خاس ھۇجرىسىغا ئېلىپ چىقىپ ياتقۇزۇپ قويدى.

بۇ سورۇندا ھۆرمەت يۈزىسىدىن ئابدۇرېشىتخانلا شاراب ئىچمىدى.

## 6

ھىجرىيە 923 ـ يىلىنىڭ باھارى بۇرۇنراق كەلدى. سىرىق قار ياغمىدى، بوران ـ چاپقۇنمۇ كۆپ بولمىدى. بەزى كۈنلىرى يامغۇر يېغىپ، ئەمدىگىنە يەردىن باش كۆتۈرگەن كۆزگى بۇغداي مايسىلىرىنى يۇيۇپ، دەل دەرەخلەرنى توپا ـ چاڭدىن تازىلاپ، يېڭى كۆڭلەك كىيىپ چىققان قىز بالىدەك چىرايلىق قىلىۋەتسە، بەزى كۈنلىرى تۇيۇقسىز پەيدا بولغان قۇيۇن ئەخلەت ـ چاۋارنى كۆككە كۆتۈرۈپ، توپا سورۇپ، ئالەمنى كۆرگۈسىز قىلىۋېتەتتى، يەنە بىر دەمدىن كېيىن ھاۋا ئېچىلىپ ئەتراپ پاللىدە يورۇپ كېتەتتى.

بۈگۈنمۇ شۇنداق بولدى.

— ھاۋا نېمىدېگەن ئوچۇق، ئەلنىڭ ئامانلىقى ئۈچۈن ئاتلانغانلىقىمىزدىن جانابىي ئاللا رازى بولسا كېرەك. بوران ـ چاپقۇندىن بىزنى ئۆز پاناھىدا ساقلىدى، — دېدى ھاۋانىڭ ياخشىلىقىدىن سۆيۈنگەن سەئىدخان چۆراپ كېتىۋاتقان ئاتنىڭ تېزگىنىنى سەل تارتىپ.

— ئارى شاھىم، — خاننىڭ سول تەرىپىدە كېتىۋاتقان سەئىد مۇھەممەد مىرزا ئۇنىڭ سۆزىگە قوشۇلدى، — ئۇرۇش خەلقنىڭ ئارامىنى بۇزىدۇ، ئەلنى زىيانغا ئۇچرىتىدۇ، دۆلەتنى



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ۋەيران قىلىدۇ، پادىشاھنى ئىشەنچىسىز قىلىپ قويىدۇ. ئالىيلىرىنىڭ بۇ سەپىرى تىنچلىق ئۈچۈن بولدى. خەلقنىڭ ئارزۇ تىلىكىدىن چىققان شاھ قۇدرەت تاپالايدۇ.

— ئىنشائاللا، ئاكام مەنسۇرخان بىلەن ئاكام سەئىدخاننىڭ دىدار مۇلاقات بولۇشى شىمال ۋە جەنۇبتىكى پۇقرالارنىڭ تىنچ - ئامانلىقىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدۇ. پىقىر بۇنىڭدىن ناھايىتى خۇرسەن، — دېدى خاننىڭ ئوڭ تەرىپىدە كېتىۋاتقان ئىمىن خوجا سۇلتان.

ئىمىن خوجا ئۆتكەن يىل كەچكۈزدە مەنسۇرخاننىڭ توققۇز تارتۇق سوۋغا - سالىمىنى يەركەنگە ئېلىپ كەلگەن، بۇنىڭدىن سۆيۈنگەن سەئىدخان ئۇنى ئاقسۇغا ھاكىم بەگ قىلىپ ئەۋەتكەنىدى. شاھ بۇ قېتىم ئاقسۇغا كېلىپ ئون كۈن تۇرۇپ، مەنسۇرخان بىلەن ئۇچرىشىش ئۈچۈن يولغا چىققاندا بۇ ئىنىسىنىمۇ ئۆزىگە ھەمراھ قىلىۋالدى.

تۇرپاندىن كېلىۋاتقان مەنسۇرخانمۇ ئاقسۇغا يېقىنلاپ قالغانىدى. ئۇ ئاتا ۋەزىرى جەپپاربەردىبەگنى سەئىدخان بىلەن بولىدىغان دىدار مۇلاقاتنى ئورۇنلاشتۇرۇشقا ئالدىنئالا ئەۋەتتى. ئۇنى مىرزا ھەيدەر جام يېزىسىدا ئۆزى چۈشكەن باغدا كۈتۈۋالدى.

ھەر ئىككى خاننىڭ لەشكەرلىرى ئۇچرىشىشقا يېرىم سائەتلىك مۇساپە قالغاندا ئۆز جايىدا توختاپ تۇرۇشلىرىنى، دىدار مۇلاقاتنىڭ بەختەر بولۇشى ئۈچۈن مۇھىم دۆلەت ئەربابلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان يىگىرمىدىن ئوتتۇزغا قەدەر كىشىنىڭ بارىمتاي[1]سۈپىتىدە ئىككىلا تەرەپتىن تۇتۇلۇپ تۇرۇشىنى ئىككى ئاتا ۋەزىر كېلىشىپ بېكىتتى. جامغا كېلىپ توختىغان سەئىدخان بۇنىڭدىن ۋاقىپ بولدى.

---

① بارىمتاي - كاپالەت ئۈچۈن ئادەم تۇتۇپ تۇرۇش.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

شەرقتىن كەلگەن قارا بۇلۇت تېزلا ئۆتۈپ كەتتى. ھاۋا گۈلدۈرلىمەي شارىرىدە ياققان يامغۇر توختاپ، گىرىمسەن بولۇپ قالغان ئاسمان گۈمبىزى پاللىدا ئېچىلىپ كەتتى. تېرەك شېخىغا قونۇپ سايراۋاتقان سېغىزخاننىڭ ئاۋازىغا قولاق سالغان ھالدا ئاق تورۇققا مىنگەن سەئىدخان ئاكىسىنىڭ دىدارىغا پاتراق يېتىش ئۈچۈن ئالدىراپ يەنە يولغا چىقتى. ئۇ ناھايىتى روھلۇق ئىدى.

خانىش گۈلسىما سۇلتانبېگىم، ئاينىگار سۇلتانبېگىم ۋە ئۇنىڭ ئېخى گۈدەك ئوغلىمۇ كېنىزەك - مەھرەملىرى[1] بىلەن دىدار مۇلاقات ئۈچۈن كېتىۋاتاتتى.

ئابدۇرېشىتخاننىڭ بەگ ئەتكىسى ئەمىر مىراخۇر بارلاس ياساۋۇل، قورۇقچى مۇلازىم، سىپاھلارغا باش بولۇپ، گاھ ئۇلارنىڭ ئالدىغا ئۆتسە، گاھ كەينىگە ئۆتەتتى. ئۇرغۇن جەڭلەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن بۇ سەركەردىنىڭ ئۆتكۈر نەزىرى يەم ئىزدەپ پەرۋاز قىلغان قارچىغىنىڭ كۆزلىرىدەك ھەر تەرەپكە تىكىلەتتى.

يىراقتىن چاڭ - توزان كۆتۈرۈلدى. سەئىدخان ئېتىنى توختاتتى. ئەمىر مىراخۇر بارلاس بىر نەچچە نۆكەرنى ئېلىپ چاڭ - توزان كۆتۈرۈلگەن تەرەپكە ئات چاپتۇرۇپ كېتىپ، ھايال ئۆتمەي قايتىپ كەلدى - دە:

— خان ئالىيلىرى، سۇلتان مەنسۇرخان كېلىۋېتىپتۇ، — دەپ خەۋەر بەردى.

سەئىدخان سەئىد مۇھەممەد مىرزىغا باش لىڭشىتىپ قويۇپ، ئاق تورۇقنىڭ تېزگىنىنى قويۇۋەتتى، چاپچىپ كېلىۋاتقان چىلان تورۇقنى كۆرگەندە، ھاياجاندىن ۋۇجۇدى لەرزىگە كېلىپ ئىختىيارسىز ئاتتىن چۈشتى، ئۇ چىلان تورۇق ئۈستىدە ئاكىسىنى كۆرگەندى.

---

[1] مەھرەم - خىزمەتچى.

ئىنىسىغا كۆزى چۈشكەن مەنسۇرخانمۇ پىيادە بولۇپ، غۇلاچ كېرىپ ئالدىغا ماڭدى. سەئىدخان ئاكىسىغا ئۈچ قەدەم قالغاندا تىزلىنىپ، يەتتە قېتىم تەزىم قىلدى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم سۇلتان ئاكا!

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام خان ئىنىم!

ئىتتىك كەلگەن مەنسۇرخان سەئىدخاننى يۆلەپ تۇرغۇزدى، ئاكا ـ ئۇكا خانلار قۇچاقلاشتى.

چىھرىدە كۈلكە، كۆزدىن ئاقتى ياش،
دىدار كۆرۈشتى ئىككى قېرىنداش.

گۈلسىما سۇلتانبېگىم، ئاينىگارسۇلتانبېگىملارمۇ مەنسۇرخاننىڭ خانىشلىرى بىلەن يۈز يېقىپ كۆرۈشۈپ تىنچلىق سوراشتى. ئىككى خاننىڭ ۋەزىر، ئەمىر، بەگ ـ سىپاھلىرىمۇ دىدار مۇلاقات بولۇشتى.

ئىككى خان ئۆز ھەمراھلىرى بىلەن ئالاھىدە تەييارلانغان بارگاھقا ئورۇنلاشتى. ناماز پېشىننى مەنسۇرخاننىڭ پىر ئۇستازى خوجا تاجىدىن بۇزرۇكۋارىنىڭ ئىماملىقىدا ئوقۇشتى.

گۈلسىما سۇلتانبېگىم ئاغىچا ـ كېنىزەكلىرى بىلەن بېرىپ، مەخسۇس قورۇدا بارىمتاي بولۇپ تۇرۇۋاتقان مەنسۇرخاننىڭ چوڭ خوتۇنى زەينەپ سۇلتانبېگىم، قىزى گۈلنىگار بېكەدىن ھال سوراپ كەلدى. مەنسۇرخانمۇ بارىمتاي بولۇپ تۇرۇۋاتقان مىرزا ھەيدەر كوراگان بىلەن شاھزادە ئابدۇرىشىتخاننى يوقلىدى.

سەئىدخان ئوغلىنى يوقلاپ كەلگەن ئاكىسىنى بارگاھ ئالدىدا كۈتۈۋالدى. ئۇ توققۇز ھارۋىغا بېسىلغان خوتەننىڭ يۇڭ، يىپەك گىلەملىرىنى، توققۇز تاي ئەتلەس، توققۇز تاي شايە، توققۇز تاي قارا، مەللە يۇڭ چەكمەن، توققۇز تۆگىگە ئارتىلغان بادام،

ياڭاق ۋە ھەرخىل قۇرۇق يەل ـ يېمىش، توقسان توققۇز سەر ئالتۇن، توققۇز يۈز قىلىچ، توققۇز يۈز ئۇقيا قاتارلىقلارنى توققۇز تارتۇق قىلدى ۋە ئاكىسىغا زەر چۇچىلىق شاھانە تون كىيگۈزدى.

مەنسۇرخانمۇ قارا شەھەرنىڭ داڭلىق قارا بويۇن ئاتلىرىدىن توققۇز جۈپ، توققۇز هارۋىغا بېسىلغان كىمخاپ، تەيتىللا، تاۋار، توققۇز جۈپ خىچىرغا ئارتىلغان قۇرۇق ئۈزۈم، توقسەن توققۇز يامبۇ قاتارلىقلارنى سەئىدخانغا توققۇز تارتۇق قىلىپ، ئالتۇن تۈگمىلىك مەخمەل تون، ئالتۇن تاج كىيگۈزدى.

ئاكىسىنىڭ قەدەم تەشرىپىگە سەئىدخان بەرگەن زىياپەت نامازدىگەردىن كېيىن باشلىنىپ، تاكى پېرىم كېچىگىچە داۋاملاشتى. ئەمىر كەبىر سەئىدمۇھەممەد مىرزا زىياپەتنىڭ ئاخىرلاشقانلىقىنى جاكارلىغاندىن كېيىن بارگاھى ئالدىدا ئاكا ـ ئۇكا خانلارلا قالدى.

— خان ئىنىم، ئاللاغا مىڭ شۈكرى، ئاخىر بىز دىدار كۆرۈشتۇق، بۇنىڭدىن پېقىر بەك مەمنۇن، — دېدى مەنسۇرخان، ئۇ ناھايىتى ھاياجانلانغانىدى.

— ئارى سۇلتان ئاكا، پېقىرمۇ بۇنىڭدىن ناھايىتى خۇشال، ئۇزۇن يىللاردىن بېرى تىلەپ يۈرۈپ دىدارلىرىنى كۆردۈم، ئىنىم بابا سۇلتاننى كۆردۈم، توغقانلارنى كۆردۈم، ئۇبدان تۇرۇپلا ئاكا، ئاتامنى كۆرگەندەك بولدۇم. قانداق خىزمەتكە بۇيرۇسىلا قولۇم كۆكسۇمدە، نېمە تەلەپلىرى بولسا بەجا كەلتۈرىمەن. بۇ ۋاققا قەدەر بويۇنتاۋلىق قىلغىنىمنى كەچۈرگەيلە ئاكا.

— زىنهار ئۇنداق دېمىسىلە خان ئىنىم. مەن ئاللا ئالدىدا گۇناھكار، بۇنى پىرىم خوجاتاجىدىن ھەزرەت بىلدۈردى. يىللار مابەينىدە ئاچكۆز، مەنسەپپەرەست، ئاساسىي ۋەزىر، ئەمىرلىرىمنىڭ سۆزىگە چىنپۇتۇپ، پۈتۈن موغۇلىستان،

ماۋرا ـ ئۇننەھرگە خان بولۇشنى كۆزلىگىنىم راست، ئەمدى ئويلاپ قارىسام، نىيىتىم دۇرۇس بولمىغاچقا تىلىكىمگە يېتەلمەيتىمەن، سىلى توغرا يولدا مېڭىپ، سۇلتان مىرزا ئابابەكرىدەك زالىم، كۈچلۈك پادىشاھنى مەغلۇپ قىلىپ، سەئىدىيە خانلىقىنى بەرپا قىلدىلا، ئەمما ماڭا قارشى لەشكەر تارتمىدىلا، بەلكىم دائىم ئەلچى ئەۋەتىپ، ئىناق ـ ئىتتىپاق ئۆتۈشنى تەۋسىيە قىلىپ كەلدىلە. مەن سىلىنىڭ ياخشى نىيەتتە ئىكەنلىكلىرىنى ئاخىر چۈشەندىم. سىلى ۋە ئىنىلىرىم بىلەن يېقىن ـ ئىجىل بولۇپ ئۆتمىسەم، ياۋۇز دۈشمەنلەر تەرىپىدىن يوقىتىلىدىغانلىقىمنىمۇ بىلىپ يەتتىم، ياخشى تىلەك بىلەن ئىتتىپاق بولۇشنى كۆڭلۈمگە پۈكۈپ، دىدارلىرىنى ئىزدەپ كەلدىم.

مەنسۇرخان سۆزدىن توختاپ، سەما بولۇپ ئولتۇرغان ئىنىسىغا سەپسالدى. ئۇنىڭ سەللە ئورالغان تاجىغا ھال رەڭ گۆھەر قويۇلغان بولۇپ، شام ـ چىراقلار يورۇقىدا پارىلداپ تۇراتتى. چىرايلىق ياسىتىلغان دۈگىلەك ساقىلى قارا بۇرۇتلىرى بىلەن قوشۇلۇپ كەتكەنىدى. ئويچان كۆزلىرى سەل قىسىلىپ، قويۇق قاشلىق كەڭ ماڭلىيىدا بىر تۈرۈك پەيدا بولغانىدى. شاھانە تونى ئۈستىدىن بىلىگە باغلانغان ئالتۇن كەمىرىگە كۈمۈش ساپلىق خەنجەر ئېسىلغانىدى. ئۇ شۇ ھالدا مەخمەل يېكەنداز ئۈستىدە يۈكۈنۈپ ئولتۇراتتى. «ئىنىم تىمەن تۇرۇپتۇ...» ئويلىدى مەنسۇرخان سەئىدخانىنىڭ تەسەۋۋۇرىدىكىدىنمۇ جاسارەتلىك، جۈرئەتلىك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ. ئۇ كۈمۈش جامدىكى چاينى بىر سۈمۈرۈپ، سۆزىنى داۋاملاشتۇردى.

— پەرزەنتىمىز ئابدۇلرەشىدخان ئويلىغىنىمدىنمۇ زېرەك، قەيسەر ئىكەن خان ئىنىم. ئۇ تۇرپانغا بارغاندا، يىراق يەرگە كېتىپ قايتىپ كەلگەن ئوغلۇمنى كۆرگەندەك سۆيۈنۈپ كەتتىم. قۇتلۇق سالاملىرىنى يەتكۈزۈپ، پېقىرنى غايەت خۇش

قىلغانىدى، — مەنسۇرخان بىر قوزغىلىپ قويۇپ، جىددىي تۇس ئالدى، — ھالبۇكى، بىز خان جەمەتىنىڭ ئىناق ئۆتۈشىگە جان - جەھلى بىلەن توسقۇنلۇق قىلىدىغان كىشىلەرگە سەل قارىغان ئىكەنمەن. ئوغلىمىز ئابدۇلرەشىدخان قەست قىلماقچى بولغانلارنى ئاللا يامان نىيىتىگە يەتكۈزمىدى. شاھزادە ئۆزىگە ئېتىلغان يا ئوقىنى ماڭا تاپشۇرغانىدى، پېقىر ئەندىشە قىلىپ ۋاقىتتىن بۇرۇن ئۇنىڭ قايتىشىغا رۇخسەت قىلدىم، ۋەزىر، ئەمىرلەرنى يىغىپ، ئاشۇ ساداق ئوقى كىمنىڭ ئىكەنلىكىنى دەرھال ئېنىقلاپ چىقىشلىرىنى بۇيرۇدۇم. ئوردىمىز نۆكىرى مۇخپۇل ئەئماننىڭ ئوقى ئىكەنلىكى بىر كۈن ئىچىدىلا ئېنىقلاندى. ئۇ ئوردا سىپاھىلىرىنىڭ ئەمىرى ۋەزىر مەقسۇتبەگنىڭ ئون تىللا بېرىپ قەسەم قىلدۇرۇپ بۇيرۇشى بىلەن كارىزنىڭ ئەگىم يېرىدە يوشۇرۇنۇپ تۇرۇپ، ئابدۇلرەشىدخانغا ئوق ئاتقانىكەن، ئىقرار قىلىپ، زىندانغا تاشلاندى. مەقسۇتبەگ «خانغا ئاسىيلىق قىلىپ، سۇيىقەست بىلەن شۇغۇللانغانلىقى» ئۈچۈن ئابدۇلرەشىدخانغا تەگمىگەن يا ئوقى بىلەن ئېتىپ ئۆلتۈرۈلدى. ھۆرمەتكە سازاۋەر خان جەمەتىمىزنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى بۇزۇپ، لاي سۇدىن بېلىق تۇتماقچى بولغان قارا نىيەتلەر، مۇناپىقلارنىڭ ئارىمىزدا مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ غەپلەتتە قالساق، ئېلىمىز قانغا غەرق بولىدىكەن. خان ئىنىم، خۇدا ئۆزى ساقلىغاي.

— توغرا ئېيتىلا سۇلتان ئاكا، — دېدى سەئىدخان قىلىچىنى قوچىقىغا توغرى قويۇپ ئولتۇرغان مەنسۇرخانغا ۋە ئۇنىڭ پېشانىسىدىكى تۇرۇك يوقىلىپ چىرايىغا كۈلكە يۈگۈردى، — سۇلتان ئاكا، سەئىدىيە خانلىقىنىڭ تاجىنى سىلىگە كىيدۈرۈپ بىر نۆكەرلىرى بولۇش ئۈمىدىدە تىنچلىق - ئاسايىشلىقنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن بۇ يەرگە كەلدىم. ئاللاغا مەلۇمكى، سۆزلىرىنى ئاڭلاپ بېشىم ئاسمانغا يەتتى. ئەمدىكى

گەپ ئىستقانلىرىمىزغا ئەمەل قىلىشتا قالدى، — سەئىدخان تەپەككۇر قىلىپ ئولتۇرغان ئاكىسىدىن جاۋاب كۈتۈپ جىم بولدى.

— ھۆرمەتلىك خان ئىنىم، سەممىيەتلىرى قىلغان ئىشلىرىمغا پېقىرنى قاتتىق ئۆكۈندۈردى، — مەنسۇرخان ئىككى قولىنى سۈكۈتتە ئولتۇرغان سەئىدخاننىڭ تىزىغا قويدى، — ھىممەتلىرىگە باركاللا! ئۇنداق قىلسام خۇدا راۋا كۆرەرمۇ، ئاۋام قوبۇل قىلارمۇ؟ سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ئالتۇن تاجى بىر ئالىيجاناب باھادىر ئەزىمەتكە مەنسۇپ. ئۇ بولسىمۇ ئۆزلىرى خان ئىنىم، شۇڭا پېقىر ئۆز ئىلىمگە سۇلتانلىق قىلاي، سىلىمۇ ئۆز ئەللىرىگە خان بولۇپ ئۆتىۋەرسىلە، بۇ ئۇلۇغ ئاللانىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى. ئەزىز، مۇنبەت ۋەتىنىمىز بىر قانچە خانلىققا بۆلۈنگەن بىلەن، جەمەتىمىزنىڭ باشقۇرۇشىدىلا بولىدىكەن، بىر پۈتۈنلۈككە ئىگە بولغان بولىدۇ. پېقىر مۇشۇ سۆزۈمنى دېگىلى ۋە سىلى بىلەن كۆرۈشۈپ، مىرزا ھەيدەر جانابلىرى بىلەن تۈزگەن ئەھدىنامىگە قول قويغىلى كەلدىم.

مەنسۇرخان ئاخىرىشقا باشلىغان ساقىلىنى تۇتاملاپ سۆزدىن توختىدى. سەئىدخان توققۇز تارتۇق قىلغان قىممەتلىك نەرسىلەرنىڭ كۆپلىكى ئۈنى شۇنداق سۆزمەن قىلىۋەتتىمۇ، يا راستتىنلا قىلغان ـ ئەتكەنلىرىگە پۇشايمان قىلىپ، ھەقىقەتنى تونۇپ، شۇنداق دەۋاتامدۇ ۋە ياكى غەرىزىنى يوشۇرۇپ، پۇرسەت كۈتۈپ يالغان ئېيتىۋاتامدۇ؟ بىلگىلى بولمايتتى. سەئىدخان شۇ تاپتا ئۆزگىرىشچان مىجەزلىك ئاكىسىنىڭ بۇنداق پىلدەك يۇمشاپ كەتكىنىدىن گۇمانلانسىمۇ يەنىلا ئۇمىدۋار ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى:

— سۇلتان ئاكا، ياخشى نىيەت، ياخشى تىلەكلىرى ئەللىرىمىز خەلقلىرىنىڭ سائادىتى. خانلىقىمىزنىڭ داۋاملىق مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنىڭ كاپالىتى، سىلى ئاتام ئورنىدا،

سۆزلىرىگە ئىشىنىمەن.

سەئىدخاننىڭ بۇ سۆزى مەنسۇرخانغا يېقىپ كەتتى. ئۇ كۆڭلىدىكى يەنە بىر مەخپىيەتنى ئاشكارىلاپ دېدى:

— خان ئىنىم، ئىمىن خوجا سۇلتاننىڭ يېنىمدا تەربىيەت تاپقانلىقى سىلىگە ئايان. ئۇ ئەر يىگىت بولۇپ قاتارغا قوشۇلغاندىن كېيىن، ھەممىشەم پىتنە ـ پاساتچى بەگلەرنىڭ سۆزىگە كىرىپ، ئاشكارا، يوشۇرۇن ھالدا ماڭا قارشى ھەرىكەت قىلىپ كەلدى. نەچچە قېتىم تۇمشۇقىغا يېگەن بولسىمۇ، پەيلىدىن يانمىدى، مىجەزىم چۇس، ئاچچىقىم يامان بولغاچقا، چىداپ تۇرالماي، پىچان ھاكىمى ياركەبەككە① ئۇنى ئەۋەتىپ، كۆزدىن يوقىتىش توغرىسىدا يوشۇرۇن بۇيرۇق بەردىم. ئۇزاق ۋاقىت ئۆتمەي، ياركەبەگ ئىمىن‌خوجاسۇلتاننى ئۇجۇقتۇرۇۋەتكەنلىكى توغرۇلۇق مەكتۇپ ئەۋەتتى. قانداق بولمىسۇن ئىنىم بولغاچ ئىچىم ئاغرىدى. شۇ ۋاقىتتا يەركەنگە كەتكەن پىر ھەزرىتىم خوجا تاجىدىن بۇزرۇكۋار قايتىپ كېلىپ سالاملىرىنى ماڭا يەتكۈزدى. ئىمىن خوجا سۇلتاننىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىدىن ئۇنى ۋاقىپلاندۇرۇپ ھەسرەتلەندىم. خوجا تاجىدىن ھەزرەتلىرى: «ئىمىن‌خوجاسۇلتاننىڭ ئۆلگەنلىكىگە كۆڭلۈم گۇۋاھلىق بەرمەيۋاتىدۇ. ياركەبەگنى ئالدىڭىزغا چاقىرتىپ سوراپ كۆرۈڭ. ھايات بولسا ئەجەب ئەمەس» دېدى. پېقىر ئۈمىدلىنىپ ياركەبەگنى چاقىرىپ كېلىشكە چاپارمەن ئەۋەتتىم. ئۇ كېلىپ پۇشايمان قىلغانلىقىمنى بىلگەندىن كېيىن، «كۆڭلىڭىزنى يېرىم قىلمىغايسىز سۇلتانىم. ئىنىڭىز ئامان يۈرۈپتۇ» دېدى. ئۇ ھامان بىر كۈنى قارارىمنى ئۆزگەرتىدىغانلىقىمنى بىلىپ، ئىمىن‌خوجاسۇلتاننى ئۆز مۇھاپىزىتى ئاستىغا ئېلىپ ساقلىغانىكەن. ئاللانىڭ بۇ

---

① ياركە بەگ ـ ئادەم ئىسمى

كارامىتىدىن مىننەتدار بولۇپ ياركەبەگكە كۆپ ئىنئام بېرىپ قايتۇردۇم. ئىمىن‌خوجاسۇلتاننى قايتۇرۇپ كېلىپ يانلىرىغا ئەۋەتكەنىدىم. ياخشى كۈتۈۋېلىپ ئاقسۇدەك كاتتا دىيارنى ئۇنىڭ باشقۇرۇشىغا بېرىپلا. بۇنىڭدىن ھەم خۇرسەن بولدۇم، ھەم ئەندىشە قىلدىم. بۇ راست سۆزۈم. ئۆزلىرىمۇ ئۇ ئىنىلىرىدىن ھوشيار بولغايلا.

— ئاللا ئۇستىمىزدە تۇرۇپتۇ سۇلتان ئاكا، — دېدى سەئىدخان مەنسۇرخاننىڭ مەقسىتىنى چۈشىنىپ، ئەمما ئىنىسىنى ئاقلايدىغان سۆز قىلماستىن، بۇنىڭدىن كېيىن نېمىلەرنى قىلىش زۆرۈرلىكى ھەققىدە ئۆز قارىشىنى ئوچۇق قويدى، — مەن قېرىنداشلىرىمنىڭ ساداقەتمەنلىكىدىن ئۈمىدۋارمەن. «يىغا ياندىن چىقىدۇ» دېگەن ھېكمەتلىك سۆز بار. ئۆزئارا نىزادىن ساقلانساق، بىر - بىرىمىزگە ئىشەنسەك، ئاۋامغا ھەقىقىي كۆڭۈل بۆلسەك، ئادىل بولساق ئېلىمىز روناق تاپىدۇ. خانلىقىمىز مۇستەھكەملىنىدۇ، دۈشمەنلىرىمىز بىزگە چېقىلالمايدۇ. بىر - بىرىمىزگە قارا ساناپ، نىزادىن ساقلىنالمىساق، ئاۋام بىلەن كارىمىز بولمىسا، ئادالەت بىلەن ئىش ئېلىپ بارمىساق، غەپلەتتە قالساق ئارىمىز بۇزۇلۇپ، دۈشمەنلىرىمىزنىڭ سۇيىقەستىگە ئوڭايلىق تۇغدۇرۇپلا قالماي، بەلكى خانلىقىمىزنىڭ كۈنسېرى ئاجىزلاپ، مۇنقەرز بولۇپ كېتىشىگە يول ئېچىپ بەرگەن بولىمىز، مۇبادا شۇنداق بولۇپ قالسا، ئەۋلادلارنىڭ لەنىتىگە، تارىخنىڭ جازاسىغا ئۇچرايمىز. بۇنداق ئاقىۋەتكە قېلىشتىن خۇدايىم ساقلىسۇن. سۇلتان ئاكا، بۇنىڭدىن كېيىنكى ئۆمرىمىزنى ئىتتىپاق - ئىناق بولۇپ، ئېلىمىزنىڭ گۈللەپ ياشنىشى، خانلىقىمىزنىڭ قۇدرەت تېپىشى ئۈچۈن بېغىشلايلى.

ئۇلار ئۇزاق مۇڭداشتى. ئاخىر خۇرازنىڭ چىللىغىنى ئاڭلاندى. مەنسۇرخاننىڭ يەنە سۆزلىگۈسى بولسىمۇ، مۇڭدەك

بېسىپ، ئۆز بارگاھىغا قايتماي ئىنىسى قېشىدا يېتىپ قالدى. ئۇنىڭ غەرىزى ئاقسۇنى سەئىدخاندىن سورۇۋېلىپ ئۆز ئىلكىگە ئېلىش ئىدى. ئەمما، بۇنى ئېغىزىدىن چىقىرالماي كۆپ گەپ قىلىپ كەتتى. سەئىدخان ئاكىسىنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلگەنىدى. ئۇ بۇ توغرۇلۇق ئويلاپ، ئىككىنچى قېتىم خوراز چىللىغاندا ئاندىن ئۇخلاپ قالدى.

تاڭ سۈزۈلدى. بامدات نامىزىغا ئەزان چىقتى. ئەزاننى ئاڭلاپ ئويغانغان سەئىدخان ئورنىدىن تۇرۇپ مەنسۇرخاننى ئويغاتتى. سەئىدخان ھەرقانچە كۆپ شاراب ئىچسىمۇ غۇسلى قىلىپ، توۋا قىلىشنى ئۇنتۇمايتتى. ئۇلار سۈيى ئىسسىتىلىپ قويۇلغان ئالاھىدە ھاممامدا يۇيۇنۇپ، ناماز بامداتنى جامائەت بىلەن بىللە ئوقۇۋېلىشتى.

بۈگۈن جۈمە ئىدى. تۇرپاندا تۈزۈلگەن ئەھدىنامىگە چاشكا ۋاقتىدا قول قويۇشتى. سەئىدخان جۈمە نامىزىدا ئىمام خەتىپ بولغان خوجا تاجىدىن بۇزرۇكۋارغا دەپ، ئۇ قۇتبىغا تۇرغاندا ئاۋۋال مەنسۇرخاننىڭ، ئاندىن ئۆزىنىڭ ئىسمىنى زىكرى قىلدۇردى.

بارىمتاي بىكار قىلىندى. ئابدۇرېشىتخان ئاتا ۋەزىر مىرزا ھەيدەر بىلەن بارگاھقا قايتىپ كەلدى.

# ئىككىنچى باب

# مىرزا ئەلى تاغايىنىڭ قىلتىقى

## 1

— بۈگۈنكى دەرسىنىڭ ماۋزۇسى: ساۋاقلارنى يەكۈنلەش. ساۋاق توغرى يەكۈنلەنسە پادىشاھ نۇسرەت قازىنىدۇ، پۇقرا ئامانلىقتا، ھۆرلۈككە ئېرىشىدۇ. توغرى يەكۈنلەنمىسە پادىشاھنى غەپلەت، ئاۋامنى بالايى ئاپەت باسىدۇ. بۇنىڭدىن شۇ مەلۇمكى، ساۋاقلارنى توغرى يەكۈنلەشكە بەجاندىل كۆڭۈل بۆلۈشىمىز زۆرۈر، — دەپ سۆز باشلىدى مىرزا ھەيدەر كوراگان كۆزلىرىنى ئۆزىگە تىكىپ ئولتۇرۇشقان شاھزادە، ئەمىرزادە، بەگزادىلەرگە نەزەر سېلىپ.

ئەمىر مىراخور بارلاس، ئەمىر قۇلى بارلاسلار قىلىچلىرىنى تېزلىرى ئۈستىدە توغرا قويۇپ يېكەنداز ئۈستىدە باداشقان قۇرۇشقانىدى. ساقىلى ئاقىرىشقا باشلىغان ماھمۇد شىرازى ياستۇققا يۆلەنگەن ھالدا ئويغا چۆمگەنىدى. ئۇ سەللە ئورالغان بېشىنى يېنىك تەۋرىتىپ قويدى. ئۇلار ئابدۇرېشىتخانىنىڭ بەگ ئەتكىلىرى بولغانلىقى ئۈچۈن مۇھىم دەپ قارالغان دەرسلەرگە بىرگە قاتنىشاتتى.

ئابدۇرېشىتخان ئەلىسەئىدكۆكۈلداشىنىڭ ئوغلى ئابدۇلئەزىزكۆكۈلداشىنىڭ سىكىلىكىنى تارتىپ ئويناۋاتقان

رۇستەمبەگنى بىقىنداپ قويدى، بىر يەردە تىنچ ئولتۇرالمايدىغان بۇ يىگىت دەرھال قولىنى تارتتى. ئىشىك يېنىدىلا يۈكۈنگەن ئوسمانبەگ يەنە قولىنى كۆتۈرگەن رۇستەمبەگكە جىمىلىگەن تەرەزدە ئالايدى.

— خەپ شۈك! — شاگىرتلىرىغا تەكشى كۆز يۈگۈرتۈپ چىققان مىرزاھەيدەركوراگان سۆزىنى داۋام قىلدى، — سەئىدىيە خانلىقىنىڭ قۇرۇلغانلىقىغا تۆت يىل بولدى، بۇ جەرياندا سۇلتانىمىز سەئىدخاننىڭ پەرمانى بىلەن، ئەل ـ يۇرتقا ئامانلىق، ئاۋامنىڭ ئىش ـ ھەرىكىتىگە بەركەت ئاتا قىلىش ئۈچۈن دۈشمەنلەر، ئوغرى، قاراقچى، يامان ئادەملەر قۇرغان توزاقلارنى يەكسان قىلىپ، ئادالەت قىلىچىنى يۇقىرى كۆتۈردۇق. ۋەتىنىمىز ئاۋات، ھۆر مەملىكەتكە ئايلاندى. يولۇچىلار قومۇلدىن بەدەخشانغا بارغۇچە ئۆيىدىن ـ ئۆيگە مېھمان بولۇپ، يول ئوزۇقى ئالماي يۈرىدىغان بولدى. خانلىقىمىزنىڭ مۇنداق روناق تېپىشى ساۋاقلارنى توغرى يەكۈنلىگەنلىكىمىزدىن بولدى. بۇ ساۋاق نېمىلەردىن ئىبارەت؟ قېنى قايسى ئەزىمەت جاۋاب بېرىدۇ؟

— بۇ ساۋاق جان تىكىپ جەڭ قىلغانلىقتىن ئىبارەت، — دېدى ئابدۇلئەزىز كۆكۈلداش بىلىكىگە ئېسىۋالغان كۈمۈش ساپلىق خەنجىرىنى سىقىمدىغان ھالدا ئورنىدىن سەل قوزغىلىپ، ئۇنىڭ ھاپا قوۋۇز يۈزىدە تەبەسسۇم پەيدا بولۇپ، شالاڭ قېشى مىدىرلاپ كەتتى. گەدىنىگە چۈشكەن بىرتال سىكىلىكى ئۇنىڭ ناھايىتى ئارزۇلۇق بالا ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرەتتى. دېمىسىمۇ ئۇ ئەلى سەئىد كۆكۈلداشنىڭ يالغۇز ئوغلى بولۇپ، ئەركىلىكىدىن بەكمۇ مەمەدان ئىدى.

— ۋەزىر، ئەمىرلەرنىڭ دەناللىقى، — دېدى ئۆمەر دانىش تاغايي دېگىنىم توغرىمۇ، ئەمەسمۇ؟ دېگەندەك پۈلتىيىپ چىققان كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ. ئۇ ئىشىك ئاغىسى مىرزا ئەلى تاغايىنىڭ ئوغلى ئىدى.

ئۇستاز مىرزا ھەيدەر بېشىنى چايقىدى.

— بۇ ئىككى بەگزادىنىڭ مەنتىقىسى توغرى ئەمەس، — دېدى رۇستەمبەگ ئالدىراپ سۆزلەپ، ئۇنىڭ قاپاقلىرى تۈرۈلۈپ چىرايى قىزىرىپ كەتكەنىدى. ئۇ ئۆزىنى ھەمىشە «قاتىلنىڭ ئوغلى» دەپ ھاقارەتلەيدىغان ۋەزىرنىڭ بۇ كۆرەڭ ئوغۇللىرىنى تولىمۇ ئۆچ كۆرەتتى، شۇڭا ئۇ كۆكۆلداش بىلەن تاغايىنىڭ ئوغۇللىرىنىڭ مەمەدانىلىق قىلغانلىقىدىن ئاچچىقلانغانىدى.

— قېنى ئېيتىپ بېقىڭە ئوغلۇم، ساۋاق زادى نېمىدىن ئىبارەت؟

رۇستەمبەگ گەدىنىنى سىلاپ ئۇستازىغا تەلمۈرگىنىچە تۇرۇپ قالدى.

— بىلسەڭ دەپ باقمامسەن قېنى! — ئۆمەر دانىش ئاچچىقلاپ ئالايدى.

— مەرھۇم ئاتامنىڭ «زالىملارنى يوقىتىش ئەلگە تىنچلىق ـ ئامانلىق ئېلىپ كېلىدۇ» دېگەن سۆزى يادىمغا كېلىپ قالدى. ساۋاق مۇشۇ بولسا كېرەك، — دېدى رۇستەمبەگ «نېمە دەركىن» دەپ زەن سېلىپ ئولتۇرغان تاغىسى ئوسمانبەگكە يېنىچە قاراپ. قېشىدا ئولتۇرغان ئابدۇرېشىتخان ئۇنىڭ قولىنى قىسىپ قويدى.

— بۇ قانداقمۇ ساۋاق بولسۇن؟ — ئابدۇلئەزىز كۆكۆلداش مەڭسىتمىگەن تەرزدە رۇستەمبەگكە ئالىيىپ دىماغ قاقتى.

— ھا ـ ھا ـ ھا! — كۈلدى مازاق قىلىپ ئۆمەر دانىش، — سەن راستتىنلا دانا ئىكەنسەن.

— خەپ شۇك! — مىرزا ھەيدەر تالاش ـ تارتىش قىلىۋاتقان شاگىرتلىرىنى سۆزدىن توختاتتى، — ئېيتقىنىڭلار خاتا ئەمەس، بىراق ئاساسلىق ساۋاقمۇ ئەمەس. يەنە پىكىر يۈرگۈزۈپ بېقىڭلار.

— پېقىر جاۋاب بېرىپ باقسام، — دەپ قولىنى كۆكسىگە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قويدى ئابدۇرېشىتخان.

— سۆزلەڭ شاھزادە.

— مېنىڭ قارىشىمچە، بىرىنچى ساۋاق، پىداكار يولباشچى بولمىسا ئۇيۇشقان كۈچ بولمايدۇ. ئىككىنچى ساۋاق، پادىشاھنىڭ نىيىتى يامان بولسا، ئەل روناق تاپمايدۇ.

— ھەق راست، توغرا جاۋاب بەردىڭىز، شاھزادە، - دېدى مىرزا ھەيدەر كوراگان ماقۇللاپ.

— ئارى - ئارى، — دەپ باش لىڭشىتىپ تەستىقلاشتى بەگ ئەتكىلەر.

— بۇنى شەرھلەپ بېرىڭ شاھزادە، - مىرزا ھەيدەر ئۇستازلىق مېھرى بىلەن ئابدۇرېشىتخاننى رىغبەتلەندۇردى.

ئابدۇرېشىتخان ھاياجانلاندى. بىر ئاز ئويلىنىۋېلىپ ئاۋۋال ئۇستازىغا، ئاندىن بەگ ئەتكىلىرىگە قاراپ دېدى:

— گۆدەكلىك چېغىمدىن باشلاپلا، ئاتام قەيەرگە بارسا مېنى شۇ يەرگە ئېلىپ بارغانلىقى ئېسىمگە چۈشۈۋاتىدۇ. كابۇلدىن ئەنجانغا، ئەنجاندىن يەركەنگە كەلگىچە ئاتامنىڭ ئۈمىد سىزلەنگىنىنى، ماڭغان يولىدىن ئارقىغا قايتقانلىقىنى، قىلغان سۆزىدىن تانغانلىقىنى ھېچكىم كۆرمىگەن ۋە ئاڭلىمىغان. مېنىڭ كۆرگەن ۋە ئاڭلىغىنىم شۇكى، ئاتام توق بولسىمۇ، ئاچ ئاۋامدىن ئايرىلمىغان، چۆل باياۋانلاردىمۇ، باغۇ بوستانلاردىمۇ ئاۋامنىڭ غېمىنى يېگەن. مۇستەبىت پادىشاھنىڭ زۇلمىغا خاتىمە بېرىپ، ھۆر، باياشات، قودرەتلىك مەملىكەت قۇرۇش ئۈچۈن جان پىدا قىلغان ئاتامنىڭ ئەتراپىغا ناھايىتى زور كۈچ ئۇيۇشتى. مانا شۇ كۈچ سەئىدىيە خانلىقىنى بەرپا قىلدى.

ئىككىنچى، سۇلتان مىرزا ئابابەكرى تەدبىرلىك، ئەمما بەد نىيەت، غەيۇر، لېكىن زالىم پادىشاھ ئىدى. كىم ئادالەتنى ياقلىسا، ئۇ ئوردا مۇلازىمى ياكى پۇقرا بولۇشىدىن قەتئىينەزەر جازالايتتى، ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە ئۇ زىيانكەشلىك قىلمىغان قان - قېرىنداشلىرى ۋە ھەتتا ئۆز پەرزەنتلىرىمۇ

قالمىدى، ئۇ ئۆز سەلتەنىتى بىلەن بولۇپ، ئاۋامنىڭ غېمىنى يېمىدى، ئەلنىڭ بايلىقىنى تالان ـ تاراج قىلدى. بىگۇناھ كىشىلەرنىڭ قېنىنى تۆكتى، شۇنداقتىمۇ جانابىي ئاللا ئۇنى يامان نىيىتىگە يەتكۈزمىدى.

— يامان نىيەت دېگەن زادى نېمە، ئۇنى قانداق چۈشەندۈرىسىز شاھزادەم؟ — سورىدى ماھمۇد شىرازى ئابدۇرېشىتخاننىڭ مەنتىقە جەھەتتە باھا بېرىش، ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارىنىڭ ئېشىپ بېرىۋاتقانلىقىنى يۇقىرىقى مۇھاكىمىلىرىدىن بىلىپ، مىرزا ھەيدەر قوشۇلغان تەرەپتە باش لىڭشىتىپ قويدى.

— نىيەت — بىر ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشقا بەل باغلاش دېمەكتۇر. يامان نىيەت — باشقىلارغا زىيان ئۇرۇپ، مەنپەئەتلىنىشنى كۆڭلىگە پۈكمەكتۇر. پادىشاھقا نىسبەتەن ئېيتقاندا، يامان نىيەت — ئاۋامغا زۇلۇم قىلىپ، زورلۇق بىلەن سەلتەنىتىنى ئاشۇرۇشقا ئىرادە قىلماقتۇر.

— بارىكاللا شاھزادەم. مەنتىقىڭىز ناھايىتى توغرا بولدى. ئاللا رەھمەت قىلسۇن، — ماھمۇد شىرازى ئۆزىدىن پارس تىلىنى ئۆگىنىۋاتقان شاگىرتىنىڭ جاۋابىدىن قانائەت ھاسىل قىلدى.

شۇنىڭدىن كېيىن مىرزا ھەيدەر سەئىدىيە خانلىقىنىڭ قۇرۇلۇش جەريانىنى تەپسىلىي سۆزلەپ ئۆتۈپ شۇنداق دېدى:

— بىرىنچى ساۋاق شۇكى، ئۇيۇشقان ئۇتىدۇ، ئۇيۇشمىغان ئۇتتۇرىدۇ. ئىككىنچى ساۋاق، ئەلنى ئادالەت بىلەن سورىغان پادىشاھنىڭ ھۆرمىتى ئۈستۈن بولىدۇ، كۈچ ـ قۇدرىتى خورىمايدۇ. دەرسىمىز شۇنىڭ بىلەن ئاخىرلاشتى. سوئالىڭلار بولسا مەرھەمەت.

بەگ ئەتكىلەر باشقا سۆز قىلىشمىدى. شاگىرتلار بىردەم سوئال سوراپ، بەس ـ مۇنازىرە قىلىشىپ، ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## 2

يازنىڭ پىژغىرىم ئىسسىق كۈنلىرى ئاستا ئۆتمەكتە ئىدى. مىرزا ئەلى تاغايى غۇر - غۇر شاماللىق كۈزنىڭ بۇرۇنراق كېلىشىنى، باش - كۆزىدىن قۇيۇلۇپ تۇرغان ئاچچىق تەرنىڭ توختىشىنى تىلەيتتى. قىرىشقاندەك قىزغۇچ - سېرىق شاپ بۇرۇتى پېشانىسىدىن ئاققان تەر بىلەن دائىم نەمدىلىپ ئىچىنى پۇشۇراتتى. ئۇ جۇمە نامىزىدىن قايتىپ ئۆيگە كىرگەندە پۈتۈن بەدىنى چىلىق - چىلىق سۇ بولۇپ كەتكەنىدى. شايە يەكتىكىنى سېلىپ سۇپىغا تاشلىدى. بېشىدىكى كۇلاھقا ئورالغان سەللىسىنى ئالدىغا كەلگەن چوڭ خوتۇنى خانئايىم ئاغىچىغا تۇتقۇزۇپ قويدى.

— دەۋزەخ ئوتى چىچىلىپ كەتكەندەك ئىسسىپ كەتتىيا بۇ جاھان، بىر ئاپتۇۋا سوغۇق سۇنى بېشىمغا قويغۇزۇۋېتىڭلار خاتۇن.

— ئوبدان تەقسىرىم.

خانئايىمنىڭ بويى ناھايىتى پاكار بولۇپ، ۋەزىرنىڭ قولتۇقىغا كېلەتتى. مىرزا ئەلى تاغايى ئۇنى «يۇمشاق تەكىيىم» دەپ جىلە قىلاتتى.

— ھاي مەريەمنىسا! — چىرقىراپ توۋلىدى خانئايىم.

— لەببەي ئاغىچا خېنىم، — تال باراڭلىق ھويلىدىن ئايۋانغا ئىتتىك كىرگەن قىز ئېگىلىپ تۇردى.

— بىر ئاپتۇۋا مۇزدەك سوغۇق سۇ ئېلىپ كىر!

— ماقۇل ئاغىچا خېنىم.

مەريەمنىسا يەردىن باش كۆتۈرمەي، پۈتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ مېڭىپ چىقىپ كەتتى. ئۇنىڭ تاپىنىغا چۈشۈپ تۇرغان يەتتە ئۆرۈم چاچلىرىغا قاراپ قالغان مىرزا ئەلى تاغايى تامشىنى چېكىپ قويدى. «بۇ كاساپەتكە قۇندۇزدەك ساچ، سەرۋىدەك

قامەت ئاتا قىلغان خۇدا گۈزەل چىھرىسىنى ئاپتاپ قىلماي نېمشقا سوغۇق قىلىپ قويغان بولغىيتى؟ ئارقىسىدىن قاراپ يەۋەتكىنىڭ كەلسە، ئالدىدىن سەپسىلىپ بىزار بولىسەن، ھەي تەڭشەلمىگەن جاھان...» دەپ ئويلىدى مىرزا ئەلى تاغايى ۋە «ھەر ھالدا مۇنۇ بىر غىرىچ تەكىدىن تۇزۇك» دېگەننى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزۈپ:

— خاتۇن، سىلى بىر چاينەك ئاچچىق چاي دەملەڭلا، سۇنى مەريەمنىسا قۇيۇپ بەرسۇن، — دېدى.

— چاينى ئۇ جۇمباق دەملىسە بولمامدىكەن تەقسىر؟

— خانئايىمنىڭ گۆشلۈك يۈزى ھۆپپىدە قىزىرىپ كەتتى.

— سىلە دەملىگەندەك بولمايدۇ. ماڭسىلا، — ئاچچىقلىدى مىرزا ئەلى تاغايى، ئۇ شاپاق دوپپىسىنى بېشىدىن ئېلىپ، سۇپا ئۈستىدە تۇرۇپ يەرگە ئېڭىشتى.

— قۇيۇڭ ئاپپىقىم.

يەرگە چىلاپچىنى قويۇپ، سۇپىغا چىققان مەريەمنىسا بىر قولىدا كۆڭلىكىنىڭ ئېتىكىنى تارتىپ تۇرۇپ، ۋەزىرىنىڭ چاچسىز مىستەك بېشىغا سۇ قۇيدى. «سەت لەقۋا تاز، تۆت خوتۇنى تۇرۇپ، سۇنى ماڭا قويغۇزۇۋاتقىنىنى ئۆلمەيدىغان...»

— سۇنى بېشىمغا قۇيماي دۇمبەمگە قۇيۇۋەتتىڭغۇ مەرەز!

ئىشىك ئاغىسىنىڭ ۋارقىرىشى مەريەمنىسانى خىيالدىن ئۆزىگە كەلتۈردى.

— خاپا بولمىسىلا ۋەزىر ئەزەم.

مىرزا ئەلى تاغايىنى ئۆيدە ھەممەيلەن «ۋەزىر ئەزەم» دەپ ئاتاشقا ئۆگەنگەنىدى.

— ھا ـ ھا ـ ھا، كىبرەك يوق ئاپئاق قىز، — مىرزا ئەلى تاغايى كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا مەريەمنىسانىڭ سەل كۆتۈرۈلگەن ئېتەك ئاستىغا ھەۋەس بىلەن سەپسالدى ۋە ئىختىيارسىز مەريەمنىسانىڭ پاقالچىقىنى سىلاشقا باشلىدى.

— ۋەزىر ئەزەم، مېھمان كەلدى!

شۇ سۆز بىلەن مىرزا ئەلى تاغايى ئالدىراپ ئورنىدىن تۇردى ۋە يەكتەكنى يېپىنچاقلاپ، ئاق دوپپىسىنى كىيىپ ئالدىراپ ھويلىغا چىقتى. ئەلى سەئىد كۆكۆلداش بىلەن ئەمىر خوجا شاھ مۇھەممەد كەڭ ئېچىلغان باغ دەرۋازىسىدىن كىرىپ كېلىۋاتاتتى. ئۇلار سالاملاشتى.

مىرزائەلىتاغايى مېھمانلارنى تاشقىرىقى ھويلىدىكى پېشايۋانلىق مېھمانخانىغا باشلىماي، ئىچكىرىكى ھۇيلىدىكى ئايۋان بىلەن كىرىدىغان خاس ھۇجرىسىغا ئېلىپ كىردى.

— جانابلار، ۋاقتىدا كېلىشتىلە قېنى ئولتۇرۇشسىلا.

— بىزدىن باشقا مېھمانلار يوق ئوخشىمامدۇ؟ — سورىدى ئەلى سەئىد كۆكۆلداش كىمخاپ كۆرپە ئۈستىدە بەدەشقان قۇرۇپ ئولتۇرۇپ.

— ئەلۋەتتە يوق ۋەزىر، بۇنىڭدىن كېيىن خۇدا خالىسا بولۇپ قېلىشى مۇمكىن.

ئەمىر خوجا شاھ مۇھەممەد ئىشىك ئاغىسىنىڭ جاۋابىنى ماقۇللىغاندەك قىلىپ يوغان بېشىنى لىڭشىتىپ قويۇپ، پەر ياستۇققا يۆلەندى. ئۇنىڭ سوزۇنچاق يۈزىنى ساقال قاپلاپ كەتكەن بولۇپ، كۆزلىرى قىسىلىپ تۇراتتى.

مۇلازىملار ئارقا ـ ئارقىدىن كىرىشىپ، مېھمانلارنىڭ قولىغا سۇ بەردى. داستىخان سېلىپ، مەزە، گېزەك كەلتۈرۈشتى. چاي ئەكىرمەكچى بولۇشۇۋىدى، مىرزا ئەلى تاغايى:

— چاينى تاماق ۋاقتىدا كەلتۈرۈڭلار، ھازىر ئۈسسۇلۇق، قوغۇن، تاۋۇز ئېلىپ كىرىڭلار، — دېدى.

قوغۇن، تاۋۇز، شاپتۇل، توغاچ مېھمانلارنىڭ ئالدىغا قويۇلدى.

— جانابلار، ھەر بىرلىرىنى غېرىب خانەمگە تەكلىپ

قىلىشىمدىكى بائىس[1] بەھۇزۇر سىردىشىپ، دوستلۇقىمىزنى مۇستەھكەملەپ، مۇددىئايىمىزغا يېتىش ئۈچۈندۇر، — دەپ ئېغىز ئاچتى مىرزا ئەلى تاغايى، — مەرھۇم ئاكام ئەمىر ۋەلى تاغايىنى مىرزا ئابابەكرى قەتلى قىلغاندا ئوتتۇز يەتتە ياش ئىدىم، دىۋاندا مۇنشى بولۇپ ئىشلەيتتىم. ئارىدىن سەككىز يىل ئۆتتى، سەئىدخانغا قارانچۇق بولۇپ ئىشلەۋاتىمەن. تۆگىنىڭ يوتىسى بولدۇمكى، قۇچقاچنىڭ ئاغزى بولالمىدىم. ھەربىرلىرىمۇ پېقىرغا ئوخشاش ساپ بولۇپ، خەنجەر بولىشالمىدىلا.

— ئارى، كۆڭلۈمدىكى گەپنى قىلدىلا، — ئەلى سەئىد كۇكۇلداش كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ، پۇشۇلداپ تىندى.

خوجاشاھ مۇھەممەد باش لىڭشىتىپ قويۇپ ئويغا چۆمدى: «بۇ ھەق گەپ، شۇنچە يىللار مابەينىدە بېشىمنى قولۇمغا ئېلىپ قويۇپ پىداكارلىق كۆرسەتسەممۇ بىرەر شەھەرنىڭ ھاكىملىقى تەگمىدى. ئەمىر دېگەن قۇرۇق قالپاق بىلەن خانىنىڭ ئاغزىغا قاراپ كېلىۋاتىمەن، مەنمۇ شەھەر سوراپ باقسام، يۇرۇش قىلسام ئارمانغا يېتەتتىم...» مىرزا ئەلي تاغايى ئۇلارنىڭ روھى ھالىتىگە زەن قويۇپ، قارشىلىق كۆرسىتىش ئىپادىسىنى كۆرمىگەندىن كېيىن سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— سۇلتان سەئىدخان ئۆز يېقىنلىرىغا، جەمەتىدىكىلەرگە چوڭ ھوقۇق، يۇقىرى مەنسەپ بەردى. سەئىد مۇھەممەد مىرزا ئابابەكرىنىڭ ئىنىسى بولسىمۇ ئەمىر كەبىرلىك ئالىي ھوقۇقنى ئۇنىڭغا بېرىپلا قالماي، بەلكى قەشقەردەك كاتتا دىيارنىمۇ ئۇنىڭ باشقۇرۇشىغا بەردى، ئەسلىدە ئۇنى جازالاش زۆرۈر ئىدى. مىرزا ھەيدەرخان بىلەن بىر نەۋرە بولغاچقا باش ۋەزىرلىك كۇرسىدا ئولتۇردى. ۋەھالەنكى، ئۇنىڭ سەئىد مۇھەممەد مىرزا بىلەن تىلى بىر. ئەمىر قاناتىبەگمۇ ياقا يۇرتلۇق، بىلىمسىز،

---

[1] بائىس — سەۋەب.

www.uyghurkitap.com

كالۋا ئادەم، خانلىقنىڭ پۈتۈن بايلىقى ئۇنىڭ قولىدا، پېقىر ئىشىككە مەسئۇل. سىلى نامىدا ۋەزىر، — ئەلى سەئىد كۆكۆلداشقا قارىغان مىرزا ئەلى تاغايى بۇرۇتىنى بىر تولغاپ قويۇپ، نەزەرىنى خوجا شاھ مۇھەممەدكە يۆتكىدى، — ئەمىر جانابلىرى سىزمۇ ئوردا قاراۋۇللىرىغىلا قارانچۇقسىز، قول ئاستىڭىزدا لەشكىرىڭىز يوق، دېمەكچىمەنكى، ھوقۇقتا، ئارزۇيىمىزدىكدەك ئالاھىدە مەنسەپكە ئېرىشەلمىدۇق. ئۇچۇن ئورۇن ئالماشتۇرۇشقا توغرى كېلىدۇ. بۇ ئاسان ئىش ئەمەس، ناھايىتى ئېھتىيات بىلەن ئىش ئېلىپ بارمىساق خاننىڭ ئىشەنچىسىدىن ئايرىلىپ قالىمىز، بۇنىڭ بىلەنلا قالماستىن، بەلكى باشتىنمۇ ئايرىلىپ قېلىشىمىز مۇمكىن. سۇلتان سەئىدخان ئاق كۆڭۈل، تۈز ئادەم، خاتۇن بىلەن شارابقا بېرىلىپ كېتىۋاتىدۇ. بۇ بىز ئۈچۈن ئوبدان پۇرسەت، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ قولتۇقىدا پاناھلىنىشىمىز، ئىمىن خوجا سۇلتاننى قولغا كەلتۈرۈپ، سەئىدخاننىڭ ئورنىغا تەختكە چىقىرىشىمىز لازىم. ئىمىن خوجا سۇلتان مەنمەنچى، شۆھرەتپەرەس ئادەم، ئاكىسىنىڭ ئورنىغا چىقىش كويىدا يۈشۈرۈن قىلىچ بىلەپ يۈرگىنى نەۋاخ. ئۇ تەختتە ئولتۇرسا بىز كۈتكەن ھوقۇق - مەنسەپكە ئېرىشەلەيمىز، بىراق بۇ يەردە بىزنىڭ ھەرىكىتىمىزنى كۆزىتىۋاتقان بىر زېرەك ئادەم بار. ئۇ بولسىمۇ ۋەزىر مىرزا ھەيدەر؛ يەنە بىر قەيسەر ئېقىل ئىگىسى بار. ئۇ بولسىمۇ شاھزادە ئابدۇلرەشىدخان. بىز ئابدۇلرەشىدخاننى كۆزدىن يوقاتساقلا، مەقسەتكە يېتەلەيتتۇق. ئىككى قېتىم ھەرىكەت قىلىپ مەغلۇپ بولدۇق.

— ھارىس نەجمىدىن دوغلات مىنىڭ سادىق تەڭداشىمىز چەۋەندازىم بولۇش سۈپىتى بىلەن بۈگۈنگىچە جانابلىرىنىڭ خىزمىتىدە بولۇپ كېلىۋاتىدۇ، ئۇنىڭ ئوقنى تەككۈزەلمىگىنىدىن ئۆتكەن يىلدىن بېرى ئەجەبلىنىپ كېلىۋاتىمەن، ئىشىك ئاغىسى، — دېدى خوجاشاھمۇھەممەد

خىيالدىن باش كۆتۈرۈپ، — ئۇنىڭ بىلەن بىر سۆزلىشىپ باقساق، دەيمەن.

— ئەمىرنىڭ بۇ سۆزىدە بىر ھېكمەت بار، — ئەلى سەئىد كۆكۆلداشنىڭ يۇمىلاق، ئاقۇش يۈزىگە خاۋاتىرلىنىش، ئەنسىزلىك كۆلەڭگە تاشلىغانىدى. شۇڭا، گېپىنىڭ ئاخىرىنى دېمەي جاۋاب كۈتۈپ تاغايىغا قارىدى.

— مەسىلىنىڭ نازۇك يېرى مانا شۇ، — دېدى مىرزائەلى تاغايى ئەپسۇسلانغان ھالدا. ئۇنىڭ گۆشلۈك قاپىقى ئاستىدىكى دۇگىلەك كۆزلىرى قىسىلىپ كەتتى، — قارىغاندا، ئابدۇلرەشىدخاننى ئۇجۇقتۇرۇش مۇمكىن ئەمەستەك قىلىدۇ. مۇمكىن دېگەن ھالەتتىمۇ، ئۇنىڭ بىزگە نىسبەتەن خەتىرى مۆلچەرلىگۈسىز بولىدىغانلىقى كۆڭلۈمگە ئايان بولىۋاتىدۇ. ئەقلىم مۇنداق بىر مەسىلىھەت كۆرسىتىپ، ئىمىنلىك بەخش ئەتتى. ئۇ بولسىمۇ ئابدۇلرەشىدخاننى پەيت كەلگۈچە ھايات قالدۇرۇپ، ئۇنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشىش ۋە مىرزا ھەيدەر، سەئىد مۇھەممەد مىرزىلارنى ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلىپ، مۇددىئاغا يېتىش.

ئەلى سەئىد كۆكۆلداش باش لىڭشىتىپ كۆلۈمسىرىگىنىچە ئورنىدىن تۇرۇپ شايە يەكتىكىنى سېلىپ ئولتۇردى. ئۇ ئۆزىنى سەل يېنىكلەپ قالغاندەك سەزدى. خوجاشاھمۇھەممەدنىڭ قاپىقى سېلىنىپ، چىرايى سۆرۈن تۇس ئالدى. تەرلەپ كەتكەن بولسىمۇ مەللە چەكمەن تونىغا يۆگىنىپ ئولتۇرىۋەردى.

داستىخان يىغىشتۇرۇلۇپ قايتا سېلىنغاندىن كېيىن، جانان چىنىلەردە شورپا تارتىلدى. تاۋلاپ پۇشۇرغان گىردىلەر ئۇشتۇلدى.

— قېنى جانابلار، تاماققا باقىلى، ھاي مەريەمنىسا، بىزنى يەلپۈپ، سەگىتىپ قويۇڭ.

يۈزىگە قارا چۈمبەل تارتقان مەريەمنىسا يېنىك دەسسەپ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

كىرىپ تەزىم قىلدى. ئۇنىڭ قۇندۇزدەك قارا چاچلىرى تېقىمىغا يامىشىپ، نەپىس تېكىلگەن چورۇققا تېگىپ تۇراتتى. بىنەپشىرەڭ يىپەك رومال كەڭ يەلكىسىدىن تارتىپ تولغان ساغرىسىنىمۇ ياپقانىدى. ئۇ قولىدىكى سىپتە رەندىلەنگەن ئاق بالداققا ئۆتكۈزۈلگەن قاتلاق - قاتلاق چوتا[1] رەختىنىڭ بۇرجەكلىرىنى تەڭشەپ، سەل ئىگىلدى - دە، يەلپۈشكە باشلىدى. قوللىرىنى ئۇياق - بۇياققا قىلغاندا، كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان كۆكسى سىلكىنىپ، بېلى تولغىنىپ، ئەتلەس كۆڭلىكىنىڭ ئېتىكى يەلپۈنۈپ، ئەلى سەئىد كۆكۈلداشنىڭ ھەۋىسىنى قوزغىۋەتتى: «نېمە دېگەن سۆلەتلىك ئايال بۇ، دېدەكمۇ مۇنداق نازاكەتلىك بولىدىكەن - ھە، چاچلىرىنىڭ مەجنۇنتالدەك يەرگە تاشلىنىپ تۇرغىنىنى قارىمامدىغان...»

خوجاشاھمۇھەممەد ئۇنىڭغا قاراپمۇ قويماي شورپىنى ئىچىپ تۈگەتتى، ئۆزىگە تارتىلغان سان گۆشنى ئىشتىھا بىلەن يەپ، قېنىق دەملەنگەن چايدىن ئىككى پىيالە ئىچىۋەتتى.

— ئەمىر جانابلىرى، ھارىس نەجمىدىن دوغلاتنى ئۆزلىرىدىن سوراپ ئالغاندىن كېيىن، يېنىمدىن ئايرىماي خىزمىتىمگە سېلىپ كەلگىنىم ھەممىگە مەلۇم، مەن بۇ ئەزىمەت يىگىتتىن ناھايىتى مىننەتدار. ئابدۇلرەشىدخانغا ساداقىتىن ئاتقان ئوقنىڭ تەگمىگىنىمۇ ئوبدان بولغانىكەن، ئەمدى بۇ چەۋەنداز نى جانابلىرىغا قايتۇرۇپ بېرەي، — دېدى مىرزا ئەلى تاغايى مەرىيەمنىساغا چىقىپ كەت دېگەن مەنىدە قول ئىشارىتى قىلىپ، قىز چىقىپ كەتكەندىن كېيىن سەل ئېگىلىپ تۇرۇپ سۆزىنى داۋام قىلدى، — مەنسۇرخان بىلەن سەئىدخاننىڭ يارىشىپ قېلىشى قايناۋاتقان قازانغا سوغۇق سۇ قۇيۇۋەتتى. سەئىدخاننىڭ ئەل ئارىسىدىكى ئابرويى ناھايىتى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. تۇرپاندىن

---

① چوتا ـ سىپتە توقۇلغان پاختا رەخت.

يەركەنگىچە، قەشقەردىن بەدەخشان، قازاق دالىلىرىغىچە مەمۇرچىلىق، تىنچلىق، ئاسايىشلىق قانات يايدى. بۇلاڭچى، قاراقچى، ئوغرىلاردىن خالىي بولغان سەئىدىيە خانلىقى قۇدرەت تېپىۋاتىدۇ. پېقىر پۈتۈن چارىلەرنى قوللىنىپ، بۇ خانلىققا ئورا قازغان بولسامۇ، نەتىجىسى بولمىدى. خەۋىرىڭلار بولسا كېرەك، مەنسۇرخان ئىنىسى بىلەن يارىشىپ تۇرپانغا قايتقاندىن كېيىن ئۆزىنى خاتىرجەم ۋە كۈچلۈك يۆلەنچۈككە ئىگە بولغاندەك ھېس قىلىپ تەختىدە بەرقارار بولغانىدى. مەن بۇ پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، ئۇ يەردىكى سادىق كىشىلىرىمىزنى ئىشقا سېلىپ، گۇلنىگاربېكەنى ئېلىپ قېچىپ، ئۆلتۈرگۈزۈۋەتكەن بولسامۇ، ئاكا - ئۇكا ئىككى خانىنىڭ ئىناقلىقىغا تەسىر يەتكۈزەلمىدىم، ئەمما تەخت ۋارىسى بولمىش ئابدۇلرەشىدخان ئۇ مەلىكىگە ئۆيلىنەلمەيدىغان، كېلىچەكتىمۇ تۇرپان خانلىقى ئۆز ئالدىغا ھۆكۈم سۈرىدىغان بولدى. بۇ جۇرئەت قىلساقلا مۇددىئاغا يېتىش ئۈچۈن يول ئاچالايدىغانلىقىمىزنى بىلدۈرىدۇ.

— جانابىي ئىشىك ئاغىسى، مەنسۇرخانىنىڭ ۋەزىرى مەقسۇتبەگنىڭ ئابدۇلرەشىدخانغا قىلغان قەستىنىڭ ئاشكارىلىنىپ قېلىشى بىزگە زور خەۋپ يەتكۈزۈشى مۇمكىن ئىدى، ھەزرەتلىرى پۈتۈن ئېقىل - پاراسەتلىرىنى ئىشقا سېلىپ، ھاياتىمىزنى ساقلاپ قالدىلا، بولمىسا ھۇزۇرلىرىدا بۇنداق راھەتتە ئولتۇرۇشىمىز، ئەسلا مۇمكىن ئەمەس ئىدى. دېمەكچىمەنكى، ھەزرەتلىرىنىڭ كۆرسەتمىسىگە ئەمەل قىلىش بىز ئۈچۈن نىجاتلىقتىن دېرەك بېرىدۇ.

مىرزا ئەلى تاغايى ئەلى سەئىد كۆكۆلداشنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى. «خۇپسەنلىك قىلىۋاتىسەن ھارامزادە، ئەگەر ئاسىيلىق قىلمىسەڭ دېسەڭ جاجاڭنى يەيسەن...»

چوڭ مىس تەلەڭگىدە ئېلىپ كىرگەن ئوغلاق كاۋىپى خوجا

www.uyghurkitap.com

شاھ مۇھەممەدنىڭ شۆلگىيىنى كەلتۈردى، ئۇ تونۇر كاۋىپىغا بەك ئامراق ئىدى. تومپىيىپ تۇرغان قورسىقىنى سىلاپ ئورنىدىن تۇرۇپ، ئەمىرلىك كەمىرىنى يېشىپ، چەكمەن تونىنى سالدى ـ دە، يانپاشلاپ ئولتۇردى. مىرزا ئەلى تاغايى ئۆزىچە كۈلۈمسىرىدى.

— قېنى جانابلار، مەرھەمەت، — ئۇ بىر بىسلىق چوڭ پىچاق بىلەن پۈتۈن پېتى پىشۇرۇلغان ئوغلاقنى پارە ـ پارە قىلىپ، مېھمانلىرىنى يېيىشكە تەكلىپ قىلىپ، كۈكۈلداشنىڭ سۆزلىرىگە جاۋاب تەرىقىسىدە دېدى:

— ئاللا ئىگەم ئۆزى ساقلىدى ۋەزىر، بىلەملىكى، مەقسۇتبەگ ئىرادىلىك كىشى ئىدى. ئىرادىلىك كىشىلەر ئۆلۈم ئالدىدىمۇ مەسلەكداشلىرىغا زىيان يەتكۈزمەيدۇ. ئۇ ھېچكىمنى ئاشكارىلىماي مەردانىلارچە بېشىنى ئوققا تۇتۇپ بەردى. مۇشۇ تۈپەيلى كېيىن بىز يەنە بىر ساداقەتمەن كىشىمىز ئارقىلىق گۈلنىگاربېگىمگە ئەجەل شارابىنى ئىچىرىشكە مۇۋەپپەق بولالىدۇق، مەنسۇرخاننىڭ يۈرىكىگە چاك كەتتى. ئۇ ۋەزىر، ئەمىر، ھاكىملىرىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپمۇ قاتىلنى تاپالمىدى، جانابىي ئاللا ئوت ئىچىدە غوزىنى ئىچىلدۇرماقتا. ئېغىزىمىز چىڭ بولسىلا خەۋپ ـ خەتەرگە يولۇقمايمىز، — دېدى مىرزا ئەلى تاغايى، — بىر مەزگىل سەئىدخان ئالدىدا پايپېتەك بولۇپ ئۇنىڭ نەزىرىگە ئېلىنىپ، ئىشەنچىسىگە ئېرىشسەكلا، بىزگە پۇرسەت كېلىدۇ. ئىمىن خوجا سۇلتاننى ئۆزۈم ئىندەككە كەلتۈرىمەن. ھەر بىرلىرىمۇ ئوردا ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئابرويلۇق زاتلارنى ئىندەككە كەلتۈرۈپ، يۇقىرىغا چىقىشتا پەلەمپەي تەييارلاشلىرى، يۆلەككە ئىگە بولۇش ئۈچۈن خۇپىيانە ھەرىكەتتە بولۇشلىرى، زىنھار ـ زىنھار يەڭگىلتەكلىك بىلەن ئاشكارلىنىپ قالماسلىق ئۈچۈن ھوشيار تۇرۇشلىرىنى تەۋسىيە قىلىمەن. خوش قېنى، بىرجامدىن مەيزاپ ئىچەيلى.

مىرزا ئەلى تاغايى ئۈچ كۈمۈش جامغا مەيزاب قۇيۇپ، پەتنۇس بىلەن مېھمانلىرىغا سۇندى.

كەينى ـ كەينىدىن سۇنۇلغان جاملار بوشاپ، ئەلى سەئىد كۆكۈلداشنىڭ يۈزى خوراز تاجىسىدەك قىزىرىپ، كۆزلىرى تېخىمۇ قىسىلىپ كەتتى. شاھ مۇھەممەدنىڭ ئىچكەنسېرى ئىشتىيى ئېچىلدى، ئۇ سورۇنلاردا بىرخومرا مەيزابنى ئىچىپمۇ ئورنىدىن دەس تۇرۇپ كېتەلەيدىغانلاردىن ئىدى.

— زوھورىدىنبەگ — ئىشىككە قاراپ توۋلىدى مىرزا ئەلى تاغايى، ئۇ قىزىرىپ كەتكەن كۆزلىرىنى خوجا شاھ مۇھەممەدكە تىكتى، — ھارىس نەجمىدىن دوغلاتنى بۈگۈن سىزگە قايتۇرۇپ بېرىمەن. بۇ چەۋەندازىڭىز ھازىر كېلىدۇ.

— خوش، ئىشىك ئاغىسى.

قىلىچ ئاسقان ياساۋۇللار باشلىقى زوھورىدىنبەگ نەقىشلىك ئىشىكتىن كىرىپ كەلدى. مىرزا ئەلى تاغايى ئۇنىڭغا ھارىس نەجمىدىن دوغلاتنى باشلاپ كىرىشنى بۇيرۇدى. زوھورىدىنبەگ كەينىچە مېڭىپ چىقىپ كەتتى. قارامتۇل، بويلۇق كەلگەن ھارىس نەجمىدىن دوغلات كىرىپ ئۆيدىكىلەرگە تەزىم قىلدى.

— كەل ئەزىمەت، كەلگىن، — ئورنىدىن تۇرغان تاغايى ئۇنىڭ بىلەن قول ئېلىشتى. كۆكۈلداشمۇ ئورنىدىن تۇرۇپ كۆرۈشتى. شاھ مۇھەممەد ئولتۇرغىنىچە قولىنى ئۇزاتتى.

— ئىشىك ئاغىسى سەندىن رازى بولغان بىلەن مەن رازى ئەمەس، سېنى سۇلتان مىرزا ئابابەكرىنىڭ نەۋرە ئىنىسى، دەپ بىلىپ، ئۆز ئوغلۇمدەك تەربىيىلىگەنىدىم، ئۈمىدىمنى يەردە قويدۇڭ.

— ياق، ئۇنداق دېمىسىلە ئەمىر، ئىنىم ھارىس ئۈمىدىمىزنى ئاقلايدۇ. سەئىدخانىنىڭ ئېتىبارلىق سەركەردىسى ئىسسىق كۆل دىيارىدا بويۇنتاۋلىق قىلدى. خان ئەدىۋىنى بېرىش ئۈچۈن يۈرۈش قىلماقچى، ھارىس نەجمىدىن دوغلات ئەلبەتتە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

جابابلىرى بىلەن بۇ يۇرۇشكە قاتنىشىدۇ، — دېدى مىرزا ئەلى تاغايى ۋە بىر پارچە تونۇر كاۋىپىنى ئېلىپ، ھارىس نەجمىدىن دوغلاتقا تۇتتى، — ئىنىم، ئەمىر دېگەندەك مەن سەندىن رازى. مانا شۇ سائەتتىن باشلاپ ساداق ئوقىنى ئابدۇلرەشىدخانغا ئەمەس، ئۇنىڭ دۈشمىنىگە قارات، ئۇنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشكىن، ئەمىر جانابلىرى سېنى ئابدۇلرەشىدخانغا ئۆتكۈزۈپ بېرىدۇ. ئەمدىكى خىزمىتىڭ ئۇنى ياخشى مۇھاپىزەت قىلىش، شۇنداقلا ئۇنىڭ مۇددىئا - غەرەزلىرىدىن ئەمىرنى ۋاقىپلاندۇرۇش، مەن ساڭا بىر ئۇچقۇر ئات، دوبۇلغا - ساۋۇت[1] تەييارلاپ قويدۇم، ئۇ مېنىڭ ساڭا قىلغان سوۋغىتىم.

ھارىس نەجمىدىن دوغلات ۋەزىرگە قادىلىپ قاراپ بىردەمقىچە سۈكۈت قىلدى. ئۇنىڭ يوغان كۆزلىرىدە بىر ئۇچقۇن يالىت قىلىپ قالدى ۋە.

— رەھمەت ۋەزىر ئەزەم! — دەپ سۇنۇلغان جامنى قولىغا ئېلىپ، بىر كۆتۈرۈپلا ئىچىۋەتتى.

## 3

سەئىدخان باغى ئېرەمدىكى ھەۋزەئى سۇلتان[2] بويىغا قويۇلغان يولەنچۈكلۈك كۇرستا خامۇش ئولتۇراتتى، ئۇنىڭ كۆلەڭگىسى ئەينەكتەك تېنىق سۇدا سەل تەۋرىنىپ تۇراتتى. قولىدا كەشمىرنىڭ پاتلىق قەغىزىدىن ياسالغان لىپاپە بار ئىدى. «تېخى سەبى قىز ئىدى. شۇنداق خۇشخۇي، شۇنداق لۆەن، قۇندۇز چاچلىق بېشىنى گۈل قەددىدىن جۇدا قىلىشقا قايسى بىر نامەرد قول سوزغاندۇ؟ — دەپ ئويلىدى ئۇ ھەسرەتلىنىپ، — ئى ھەممىنى كۆرۈپ تۇرغۇچى قادىر خۇدا، ئۇ نارسىدىگە بۇنداق

① دۇبۇلغا - ساۋۇت — تۆمۈردىن ياسالغان جەڭ كىيىمى.
② ھەۋزەئى سۇلتان — سۇلتان كۆلى، دېگەن سۆز.

ئازابلىق ئۆلۈمنى قانداقمۇ راۋا كۆرگەنسەن؟ بۇ پاجىئەدە قانداق ھېكمەت ۋە ئىبرەت بار؟ ئۆزۈڭ ھەممىنى بىلگۈچى ۋە بىلدۈرگۈچىسەن...»

— شاھىم قايغۇلۇق چىرايلىرىغا قاراپ، يۈرەك - باغرىم پارە - پارە بولۇپ كېتىۋاتىدۇ. سەۋر - تاقەتلىرى بىلەن ئەلگە ئاسايىشلىق، جەمەتىمىزگە غەيرەت بەخش ئەتكەيلا، — دېدى گۈلسىماسۇلتانبېگىم بىر قەدەم نېرىدا خاننى يەلپۈپ تۇرغان كېنىزەك قولىدىن يەلپۈگۈچنى ئېلىپ، ئۇ كۆزى بىلەن كېنىزەكنى قەسىرگە كىرىپ كېتىشكە ئىشارەت قىلىپلا، ئۆزى يەلپۈشكە باشلىدى.

سەئىدخان ئۈنچىقمىدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا ئەراباتتىكى ئۇچرىشىش كەلدى: گۈلنىگاربېگە ئانىسى بىلەن سەئىدخان يېنىدا، ئابدۇرېشىتخان ۋەزىر مىرزا ھەيدەر بىلەن مەنسۇرخان قېشىدا بارىمتاي بولۇپ تۇرغانىدى. ئاي يۈز، قارا كۆزلۈك بۇ قىز شامالدا يەلپۈنۈپ تۇرغان تاجى گۈلدەك مۇلايىملىقى، دۇتتار ساداسىدەك يېقىملىق ئاۋازى، يۈرۈش - تۇرۇشتىكى ئەدەبلىكلىكى بىلەن سەئىدخانغا يېقىپ قالغان، سەئىدخان «كېلىن قىلىۋالسام، ئاكام بىلەن تېخىمۇ ئىناق ئۆتەلەيمەن» دېگەن يەرگە كېلىپ، بۇ ئارزۇسىنى مەنسۇرخانغا پۈرۈتۈپمۇ قويغانىدى، ئەمدىلىكتە بۇ ئارزۇ يوققا چىقتى. تەقدىر نېمە دېگەن رەھىمسىز؟ نېمىشقا ياخشى ئارزۇلار ئەمەلگە ئاشمايدۇ؟

ھەۋزەئى سۇلتانغا يېقىنلاپ كەلگەن ئابدۇرېشىتخان ئانىسىغا سالام بېرىپ، غەمگە چۆمگەن ئاتىسىغا قاراپ:

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم خان ئاتا، — دەپ تەزىم بەجا كەلتۈردى. سەئىدخان قايغۇلۇق خىيالدىن باش كۆتۈرۈپ، قولىدىكى ئاغزى ئوچۇق لىپاپىنى ئابدۇرېشىتخانغا بېرىپ دېدى:

— ئۇيقۇڭنى ئاچ ئوغلۇم، دۈشمەنلەر جېنىمىزغا قەست قىلماقتا. بۇ خەتنى ئوقۇ!

شاھزادە كونۋېرتنى ئىككى قوللاپ ئېلىپ ئېچىپ، خەتنى ئوقۇدى:

«ئالىيجاناب، ھۆرمەتلىك قېرىنداشىم سۇلتان سەئىدخان، خاندانلىرىغا، ئەزىمەت پەرزەنتلىرىڭگە پەرۋەردىكار ئالەمدىن سالامەتلىك، نۇسرەت ۋە ئېمىنلىك تىلەپ بىلدۈرىمەنكى، گۈلنىگارىبېكە ئاستانىدىكى خانلىق باغقا كېتىۋاتقىنىمدا نامەلۇم كىشىلەر تەرىپىدىن بۇلاپ كېتىلگەنىدى، پېقىر ئۆزۈم يىاساۋۇل ـ نۆكەرلەر بىلەن قىزىمنى قۇتۇلدۇرۇشقا ئاتلىنىپ، ئۈچ كۈنگىچە چىقمىغان تاغ، چۈشمىگەن ئۆي قالمىدى، ھېچ يەردىن دېرىكىنى ئالالمىدۇق. قايغۇرۇپ تۇرسام، بىر نەچچە دېھقان كېلىپ، يۈزىگە نىقاپ تارتىۋالغان كىشىلەرنىڭ قىزىمنى يالقۇنتاغ تەرەپكە ئېلىپ كەتكەنلىكىنى خەۋەر قىلدى. كۆزۈمدىن ئوت، بېشىمدىن تۈتۈن چىقىپ كەتتى. دەرھال يالقۇنتاغ تەرەپكە ئات يۈگۈرۈتتۇم. ھەربىر تۈپ دەرەخ، گىياھ، تاشلارنىمۇ كۆزدىن نېرى قىلماي ئاختۇردۇق. ئاخىر بىر كۆيۈك ئۆڭكۈر ئىچىدىن قىزىمنىڭ جەسىتىنى تاپتۇق. ئۇنىڭ ياش ئاققان كۆزلىرى يۇمۇلمىغان، گويا چۆلدىكى تېنىق بولاقتەك سېھىرلىك، ئاقارغان يۈزى ئون تۆت كۈنلۈك ئايدەك يورۇق ئىدى، تىرىكتەكلا ياتاتتى، قارا ساچلىرى ئۆز قېنىغا چىلانغانىدى. كۆكسىگە قوش بىسلىق خەنجەر قادالغان بولۇپ، ئوقچۇپ چىققان قان باغرىدا ئۇيۇپ قالغانىدى... كۆرۈپلا ھوشۇمدىن كېتىپتىمەن، كۆزۈمنى ئېچىپ تورپاندىكى خانلىق ئوردىدا ئۆزۈمنى كۆردۈم. زار ـ زار يىغلاپ، قايغۇ ـ ھەسرەت ئىچىدە يەرلىكىدە قويغىنىمىزغا قىرىق كۈندىن ئاشتى. قىرىق نەزىرسىنى ئۆتكۈزگەندىن كېيىن، بۇ پاجىئە توغرۇلۇق سىلى خان ئىنىمغا خەۋەر بېرىش ـ بەرمەسلىك توغرىسىدا كۆپ باش قاتۇرۇپ، ئاخىر خەۋەرلەندۈرۈشنى مۇۋاپىق تاپتىم. خاندانىمىزغا دۈشمەنلىك قىلىۋاتقانلارنى سەل چاغلاپ،

بىپەرۋالىق قىلغان ئىكەنمەن، داغدا قالدىم. بۇ ساۋاقنى زىنھار ئېسىمدىن چىقارمايمەن. خان ئىنىم، ھەر قاچان دۈشمەنلەرنىڭ يوشۇرۇن قەستىدىن پەخەس بولغايلا.

دىدار كۆرۈشكىچە ئاللاغا ئامانەت.

كامال ئېھتىرام بىلەن سۇلتان مەنسۇرخان.

ھىجرىيە 924 ـ يىلى جامادىيەلئەۋۋەلنىڭ 15 ـ كۈنى، چاھارشەنبە» .

ئابدۇرېشىتخان خەتنى ئوقۇپ قوللىرىلا ئەمەس، پۈتۈن ۋۇجۇدى تىترەپ كەتتى.

— ھۆرمەتلىك خان ئاتا، ئىجازەت بەرسىلە، سۇلتان مەنسۇرخان تاغام يېنىغا بېرىپ، مەلىكە گۈلنىگار بېكىگە تەزىيە بىلدۈرۈپ كەلسەم، — دېدى ئۇ بېشىنى تۆۋەن سېلىپ، كۆڭلىدە قاتىلنى تۇتۇپ جازالاش ئىستىكى پەيدا بولۇپ قېنى قىزىغانىدى.

— گۈلنىگار بېكە جەمەتىمىزنىڭ ئەتىۋارلىق گۈلى ئىدى. ئۇنىڭ قەستلەپ ئۆلتۈرۈلۈشى مېنىڭ يۈرىكىمگىمۇ دەز كەتكۈزدى ئوغلۇم. ئۇ خۇشخۇي، چېچەن مەلىكىنى بالا قىلىۋالغۇم بار ئىدى. ئەپسۇس، ئەپسۇس، — سەئىدخان سۇكۇت قىلىپ تۇرغان شاھزادىنى يېقىن كەل، دېگەن مەنىدە قولىنى ئۇزاتتى. ئابدۇرېشىتخان ئېتىلىپ كېلىپ ئاتىسىنىڭ قولىنى تۇتتى. سەئىدخان ئۇنىڭ يەلكىسىگە قولىنى قويۇپ دېدى، — يىراقتىكى دۈشمەننىڭ ھۇجۇمىدىن ئارىمىزدىكى دۈشمەننىڭ زىيانكەشلىكى خەۋپلىكتۇر. ساڭا ئىككى قېتىم ساداقتىن يوشۇرۇن ئوق ئېتىلغانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ قاتتىق چۆچۈگەنىدىم. گۈلنىگاربېكەنىڭ قەستلەپ ئۆلتۈرۈلۈشى سۇلتان مەنسۇرخان ئاكامغىلا ئەمەس، ماڭىمۇ بېرىلگەن ئېغىر زەربىدۇر. ئوقنى ساڭا تەككۈزەلمىگەن دۈشمەن ياش مەلىكىگە تەككۈزۈپ، مېنىڭ باغرىمنىمۇ يارا قىلدى. ئەمدى ھوشيار تۇرمىساق، قاراملىق قىلساق، تېخىمۇ چوڭ زىيانغا ئۇچرايمىز.

www.uyghurkitap.com

سىنىڭ تۇرپانغا بېرىشىڭ دۈشمەنلەرنىڭ كۈتكىنى، مەنسۇرخان ئالدىغا ئىنىڭ ئىبراھىم سۇلتان بىلەن ئىشىك ئاغىسى ئەلى سەئىد كۆكۈلداش بېرىپ، بىز ئۈچۈن ھال سوراپ، ئەھۋالنى ئىگىلەپ كېلىدۇ. سەن مەن بىلەن بارس قاۋۇن① داۋىنىدىن ئۆتۈپ، قىپچاق - قىرغىز دىيارىنى تىنجىتىشقا بارىسەن. ئەر يىگىت بولۇپ قالدىڭ، كۆپنى بىلىشىڭ، كۆپنى كۆرۈشۈڭ كېرەك.

— خان ئاتا، ئەمىرلىرىگە بويسۇنىمەن، پەرمانلىرىنى بەجا كەلتۈرىمەن، — ئابدۇرېشىتخان بىر قەدەم كەينىگە يېنىپ تىزلاندى، - دۇئا بەرسىلە.

سەئىدخان ھاياجان ئىلكىدە ئوغلىنى يۆلەپ تۇرغۇزدى. ئۇنىڭ سەل ئولتۇرۇشقان قوي كۆزلىرىدە ياش لىغىلدىدى. قوللىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ:

— كۆپىنىڭ قاتارىدا ئاللا ئۆز پاناھىدا ساقلىسۇن. سەپىرىڭ بىخەتەر، ھەر ئىشىڭغا زەپەر يار بولسۇن ئامىن! - دېدى.

— ئامىن! — گۈلسىما سۇلتانبېگىم كۆزلىرىدىن ياش تۆككەن ھالدا پىچىرلىدى، — ئاللاغا تاپشۇردۇم ئوغلۇم. قەيەردە بولساڭ ئاتاڭدىن ئايرىلما، ئەل ئالدىدا يۈزۈڭ يورۇق، دۈشمىنىڭنىڭ يولى تۇيۇق بولسۇن.

— ئاللا تىلەكلىرىگە يەتكۈزسۇن ئانا، — ئابدۇرېشىتخان بالىلىق مېھرى بىلەن ئانىسىغا ئېگىلدى.

— شاھىم، ئوغلۇم، — دېدى گۈلسىما سۇلتانبېگىم، — ھەر بىرلىرىنى جانابىي ئاللاغا تاپشۇردۇم.

سەئىدخان قەسىرگە قاراپ ماڭدى.

---

① بارس قاۋۇن - قىرغىزىستاندىكى داۋان.

# ئۈچىنچى باب

# بارس قاۋۇن داۋىنىنىڭ ئۇ يېقىدا

## 1

بارس قاۋۇن ئات باغرىدەك قىيپاش، ئېگىز، سۈرلۈك داۋان ئىدى. ئۈستى كۆك ئاسمان بىلەن، ئاستى ئوت ـ چۆپلۈك قىرغىز دالىسى بىلەن سۆيۈشۈپ تۇراتتى؛ شەرقى ئۈچ تۇرپان بىلەن تۇتۇشاتتى. نۆكەر، ياساۋۇللار ئۆز رىتى بىلەن ئاستا ـ ئاستا يۇقىرى ئۆرلەۋاتاتتى. ئاللىبۇرۇن داۋان ئۈستىگە چىقىپ بولغان سەئىدخان لەشكەرلىرىگە نەزەر سېلىپ، ئابدۇرېشىتخاننى كۆردى. ئۇ، ئاق بويۇن، قارا گىرنى مىنىپ چىقىپ كېلىۋاتاتتى. تۆمۈر ساۋۇت، دوبۇلغا كىيگەن شاھزادە ئاتىسىغا قاراپ قول پۇلاڭلاتتى.

شاھزادىنىڭ بۇ بارس قاۋۇن داۋىنىدىن ئۈچىنچى قېتىم ئۆتۈشى ئىدى. بىرىنچى قېتىم، ئەنجاندا خەتنە تويى قىلىنغان شاھزادە مىرزا ئابابەكرى سۇلتانغا قارشى ئاتلانغان ئاتىسىنىڭ لەشكەرلىرى بىلەن بىللە بۇ داۋاندىن ئۆتكەنىدى. ئۇ چاغدا، ئۆزىنىڭ ئافغانىستان ئىلىگە قاراشلىق لەمغان ۋىلايىتىنىڭ ئەدىنە پور قەلئەسىدە ھىجرىيە 909 ـ يىلى① توغۇلغانلىقىنى

① ھىجرىيە 909 ـ يىلى مىلادىيە 1504 ـ يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ.

www.uyghurkitap.com

بىلمەيتتى، ئۆزگە ئات قويۇپ بەرگەن پادىشاھ بابۇرمىرزىنىڭ كىملىكىدىن تېخىمۇ بىخەۋەر ئىدى. ئۇ شۇ ۋاقىتتا بارس قاۋۇن داۋىنى ئۇستىگە چىققاندا «ئانا، بۇ داۋاندىن ئۆتۈپ نەگە بارىمىز؟»، — دەپ سورىغانلىقىنى، گۈلسىما سۇلتانبېگىمنىڭ «بالام، بىز ئاتاڭ سەئىدخان تۇغۇلغان ئانا يۇرتىمىزغا بارىمىز» دەپ جاۋاب بەرگەنلىكىنى خۇددى چۈشىدە ئاڭلىغاندەك ئەسلەيتتى.

ئىككىنچى قېتىم، ئاتىسى بىلەن يەركەندىن ئاتلىنىپ چىقىپ، بارس قاۋۇن داۋىنىدىن ئۆتۈپ، ئىنتىقام ئېلىش ئۈچۈن مەنسۇرخاننىڭ ئىجازىتى بىلەن قوشۇن تارتىپ ماڭغان تاغىسى باباچاق سۇلتانغا چىدىر كۆلدە يېتىشىۋالغانلىقى ئېنىق ئېسىدە، سېمىز دوغلاق كەلگەن باباچاق سۇلتان ئۇنىڭغا بىر ساداق، ئون توققۇز تال ئوق بېرىپ: «دۈشمەنىنىڭ بېشىغا ئات، بىرمۇ ئوقنى زايە قىلما!» دېگەنىدى. ئابدۇرېشىتخاننىڭ ھەمراھ بولىدىغان ھەم مۇھاپىزەت قىلىدىغان قىرىق نۆكىرى بار ئىدى. ئۇ شۇلارنىڭ ھىمايىسى ئاستىدا سۆيۈنچىلىك خان① بىلەن بولغان جەڭگە قاتنىشىپ، ئون توققۇز دۈشمەننى ئاتتىن يىقىتقان، تاغىسى بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭغا نەقىش چېكىلگەن كۈمۈش ساپلىق خەنجىرىنى تەقدىم قىلغانىدى. بۇ جەسۇر ئوغلىغا ئۈمىد باغلىغان سەئىدخان پايتەختكە قايتىپ، قىشنى ئۆتكۈزۈپلا جورجانلارنى بويسۇندۇرۇش ئۈچۈن ئاتلانغان ئەمىر خوجا شاھ مۇھەممەدكە ئابدۇرېشىتخاننى قوشۇپ قويغانىدى.

جورجانلار — چەرچەن، چاقىلىقتا ياشاپ كەلگەن سېرىق ئۇيغۇرلار بولۇپ، تېخىچە ئىسلام دىنىغا كىرمىگەنىدى. ئۇلارنىڭ خوتەندىكى ئايغاقچىلىرى سەئىدخان لەشكەرلىرىنىڭ باستۇرۇپ كېلىۋاتقانلىقى توغرۇلۇق خەۋەر يەتكۈزگەندىن كېيىن، بىر

---

① سۆيۈنچىلىك خان — خارەزىم پادىشاھى.

قىسمى چىغىر يوللار بىلەن چىڭخەي ـ دۇڭخۇاڭ تەرەپلەرگە قاچقان، بىر قىسمى چاڭگال ئىچىگە كىرىپ كەتكەنىدى. كوچا، ئۆيلىرى ئادەمسىز بوشاپ قالغان چەرچەنگە، ئاندىن چاقىلىقا بارغان لەشكەرلەر بىرەر كىشىنى ئەسىرمۇ ئالالماي قايتىشقا مەجبۇر بولغان. ئابدۇرېشىتخان جەڭ قىلالمىغىنىدىن بەكمۇ ئەپسۇسلانغانىدى. قوم بېسىپ كەتكەن يوللاردا گاھ تۆگىدە، گاھ ئاتتا، گاھ پىيادە يول يۈرۈپ، سەپەر ئازابىنى يەتكۈچە تارتقان. شاھزادىگە ئىسسىق ئۆتۈپ يېتىپ قالغاندا خوجاشاھ مۇھەممەدنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ھارس نەجىمىدىن دوغلات ئوسمانبەگكە ياردەملىشىپ شاھزادىنى كۈتكەن، شاھزادە ئاتقا مىنسە ئاتنى، تۆگىگە مىنسە تۆگىنى يېتىلىگەنىدى. قايتىپ خوتەنگە كەلگەندە ئابدۇرېشىتخان ساقىيىپ، ئاتقا ئۆزى مىنگىدەك ھالغا كەلگەندە، ئەمىرلەشكەرنىڭ سادىق ياساۋۇلى بولغان ھارس نەجىمىدىن دوغلاتتىن رازى بولۇپ، ئۇنى ئۆزىگە خاس نۆكەر قىلىۋالغانىدى.

بۈگۈن ئۈچىنچى قېتىم بارس قاۋۇن داۋىنىغا ئۇ ھارس نەجىمىدىن دوغلات بىلەن بىللە قەدەم قويدى، ئوسمانبەگ ئۇلارنىڭ كەينىدە ئىدى. ئۇلار كۈن قايرىلغاندا داۋان ئۈستىگە چىقىپ بولۇشتى.

بارس قاۋۇن داۋىنىنىڭ ئەتراپىدىكى قېرىنداشلىرىمىنىڭ خاتىرجەم، باياشات تۇرمۇش كەچۈرۈشلىرى ئۈچۈن قىلىچىمنى قانغا بۇياشتىن بۇۋاققا قەدەر ئۆكۈنگىنىم يوق ئوغلۇم، — دېدى سەئىد مۇھەممەد مىرزا بىلەن بىللە لەشكەرلەرگە كۆز سېلىپ تۇرغان سەئىدخان داۋان ئۈستىگە چىقىپ سالام بەجا كەلتۈرگەن شاھزادىگە. ئۇ گېپىنى ئوغلىغا ئەمەس، پۈتۈن ئەلگە قىلىۋاتقاندەك ۋەزمىن ئاھاڭدا داۋام قىلدى، — سۇلتان مىرزا ئاتابەكرىنى مەغلۇپ قىلىپ، پاراۋان مەملىكەت قۇرۇشتا ئۇنتۇلغۇسىز خىزمەت كۆرسەتكەن بىر باھادىر سەركەردىنىڭ، تەدبىرلىك يۇرت بېشىنىڭ ئاسانغا كەلمىگەن ئىمىنلىك،

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

ئىتتىپاقلىقىنى بۇزۇپ، ئەھلى يۇرتنى تەپرىقچىلىك ئازابىغا مەھكۇم قىلىشقا ئۇرۇنغانلىقىدىن قايغۇرۇپ قېلىۋاتىمەن. ئۇنىڭغا قارشى ئاتلىنىپ چىققان بولسامۇ، قىلىچ كۆتۈرۈپ قان تۆكۈشكە رايىم بارمايۋاتىدۇ. ئۇ ئاللانى رازى قىلىپ ئىنساپقا كەلسە بولاتتى.

ئابدۇرېشىتخانغا ئاتىسىنىڭ سۆزلىرى قاتتىق تەسىر قىلدى. ئۇ ئىككى قولىنى كۆكسىگە قويۇپ دېدى:

— ئى پەدەر بۇزرۇكۋار، ئوغۇللىرىغا ئىجازەت بەرسىلە، ئەمىر مۇھەممەدبېككە مۇددىئالىرىنى چۈشەندۈرۈپ، يامان نىيىتىگە تەۋبە قىلغۇزۇپ، ئالدىلىرىغا ئېلىپ كېلەيلى، بىر قوشۇق قان تۆكۈلمىگەي.

— ياخشى نىيەت ئاللا دەرگاھىدا مەقبۇلدۇر شاھىم. پىقىرمۇ شاھزادىگە ھەمراھ بولۇپ بېرىپ، ئەمىر مۇھەممەدبېكنى قىلمىشىغا پۇشايمان قىلدۇرۇپ، قان – قېرىندىشىمىز قىرغىز ئېلىگە ئادالەتلىرىنىڭ چىراغىنى يورۇتۇش ئۈچۈن قەدەم رەنجى قىلسام شۇنچە ئەرزىيدۇ، — دېدى سەئىد مۇھەممەت مىرزا تەزىم بەجا كەلتۈرۈپ. قەشقەرنىڭ ھۆكۈمدارى، سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ئەمىر كەبىرى بولغان سەئىد مۇھەممەت مىرزا سەئىدخاننىڭ ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان مەسلىھەتچىسى ئىدى. ئۇ خاننىڭ ئالدىدىكى ھۆرمەت – ئېتىبارىنىڭ يۇقىرىلىقىدىن زادىلا مىننەت قىلمايتتى. ئەمما، ئەمىر خوجا شاھ مۇھەممەد ئۇنىڭغا ھەسەت قىلاتتى. ئۇنىڭ ئورنىغا چىقىش ئۈچۈن پۇرسەت كۈتۈپ، ئۆزىنى ئۇنىڭغا دوست كۆرسىتىپ كېلىۋاتاتتى. ئۇمۇ:

— ئەمىر كەبىر جانابلىرىنىڭ پىداكارلىق روھى — ھەممىمىز ئۈچۈن ئەينەك، ئۇنىڭ بىر مۇلازىمى سۈپىتىدە بىرگە بېرىشىمغا ئىجازەت بەرگەيلا شاھىم، — دېدى ئىگىلىپ.

— شاھ ئالىيلىرىغا يەنە بىر كىشىنى تونۇشتۇراي، ئۇ

كىشى ئەنجاندا، تارىم دەشتىلىرىدە، تاغ ـ داۋانلاردا ئۆزلىرىگە ھەمراھ بولغان، جان تىكىپ ھاياتلىرىنى قوغدىغان، ئاسىيلىق قىلىپ سىلىنى تۇتۇپ بەرمەكچىمۇ بولغان، كېيىن قىلغانلىرىغا پۇشايمان قىلىپ، مىرزا ئابابەكرىنى مەغلۇب قىلىشتا ئۆز ئادەملىرى بىلەن ئاجايىپ قەھرىمانلىقلارنى كۆرسەتكەن بولسىمۇ، ئۆزىنى پىنھان تۇتۇپ كەلگەن باھادىر مۇيسىپىت، — دېدى سەئىد مۇھەممەد مىرزا خوجا شاھ مۇھەممەدنىڭ سۆزىگە ئېتىبار قىلماي.

— كىم ئۇ ئەمىر كەبىر؟ — سەئىدخان ئۆزىنى چۆرىدەپ تۇرغانلارغا كۆز يۈگۈرتتى.

— ئۇ باشقا ناتونۇش كىشى ئەمەس، — دېدى سەئىد مۇھەممەد يېنىغا سەل سۇرۇلۇپ، ئېگىز بويلۇق گەۋدىلىك ئادەمنى ئالدىغا چاقىردى، ئۇ ئادەم قوللىرىنى كۆكسىگە ئېلىپ تىزلاندى.

— پېقىرنى جازاغا تارتىسىلا شاھىم.

— نېمە ئۈچۈن؟ — ئەجەبلىنىپ سورىدى خان.

— پېقىر ئالىيلىرىنى ئەنجاندا جانىبەگ خانغا تۇتۇپ بەرمەكچى بولغان خوجا ئەلى بولىمەن.

بۇ مويسىپىتنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ھەيران قالغان سەئىدخان «تەقدىر ـ قىسمەت ئەجەب بولىدىكەن...» دەپ ئويلاپ سورىدى.

— ئۆزىڭىز جان تىكىپ قوغدىغان شاھزادىنى يەنە نېمىشقا تۇتۇپ بەرمەكچى بولغانىدىڭىز؟

— ئۈمىدىم ئۈزۈلگەنىدى، — دەپ بېشىنى سالدى خوجا ئەلى.

— نا ئۈمىد شەيتان، كېيىن قانداق ئويلىدىڭىز؟

— كېيىن، يەككە ـ يېگانە ئاللادىن باشقا ھېچ بەندە ماڭا سائادەت ئاتا قىلالمايدىغانلىقىنى تونۇپ يېتىپ، تەقدىرىمنى كىشىلەرگە، بولۇپمۇ پادىشاھ، شاھزادىلەرگە باغلاپ قويغۇنۇمدىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قاتتىق ئەپسۇسلاندىم. جانىبەگ، شاھىبەگ خانلاردىن كۆڭلۈم سوۋۇدى. شاھزادە، خانلار ئىچىدە ئالىيلىرىنىڭ ساپ دىل، ئاۋامنىڭ غېمىنى يەيدىغان، ناھەق قان تۆكمەيدىغان ئادالەتپەرۋەر ئىكەنلىكلىرىنى چوڭقۇر ھېس قىلىپ، ئاسىيلىق قىلغانلىقىمغا مىڭ بىر پۇشايمان قىلدىم. تەركىدۇنيا بولۇپ، كىشىلەرنىڭ كۆزىدىن پىنھان جايلاردا يۈردۈم. ئاق كۆڭۈللۈكلىرى، باشقىلارغا بولغان ساداقەتلىرى، دۈشمەنگە تىز پۈكمەيدىغان قەيسەر ئىرادىلىرى كۆز ئالدىمدا نامايان بولۇپ، يانلىرىغا تارتىپلا تۇردى شاھىم. سۇلتان مىرزا ئابابەكرىگە قارشى ئاتلىنىپ ماڭغانلىرىنى ئاڭلاپ، بىر بۆلۈك ئادەملىرىم بىلەن ئارقىلىرىدىن ئىز بېسىپ يۈرۈپ قەشقەرگە باردىم. ئەمىر مۇھەممەدبېك قىرغىزغا نۆكەر بولدۇم. جەڭدە ئۆلۈشنى نىيەت قىلغان بولساممۇ، ئاللا بۇ ئارزۇيۇمغا يەتكۈزمىدى. مۇھەممەدبېك قىپچاق - قىرغىز ئىلىغا ماڭغاندا، ئەمىر سەئىد مۇھەممەد مىرزىغا پۈتۈن كەچۈرمىشلىرىمنى راستچىللىق بىلەن ئېيتىپ، يېنىدا ئېلىپ قېلىشنى سورىدىم. بۇ تىلىكىم قوبۇل بولۇپ، ئۇنىڭ خاس نۆكىرى بولۇپ كېلىۋاتقانلىقىمغا يەتتە يىلدىن ئاشتى. بىز بەدبەلەر ئۆز تەقدىرىمىزنى يەنە بىر بۆلۈك بەندىلەرگە باغلاپ مۇراد تاپالمايدىكەنمىز، ئەمما جانابىي ئاللا ئاجىزىمىزنى كۈچلۈككە، كەمبەغەلنى بايغا، پۇقرانى پادىشاھقا باغلاپ، تەقدىر - قىسمىتىمىزنى بېشىمىزدىن كەچۈرگۈزىدىكەن. ئەمىر كەبىرگە ئىلتىماس قىلىپ، ياشانغان چېغىمدا ئالىيلىرىنىڭ دىدارىنى كۆرۈش، جازا ھۆكۈم قىلىشلىرىنى ئۆتۈنۈش ئۈچۈن ئالدىلىرىغا كەلدىم. بوينۇم قىلدا باغلاغلىق، — ئۇ سۆزىنى تۈگىتىپ بېشىنى تۆۋەن ئەگدى.

— مەن گۇناھىڭدىن ئۆتكەن خوجا ئەلى، شۇ سەۋەبتىن كابۇلدا جازالىماي كەتكۈزۈۋەتكىنىم ئېسىڭدە بارمۇ؟ — سورىدى سەئىدخان.

— بار شاھىم.
— كۆرسەتكەن جان پىدالىقىڭ ئىسىمدىن كۆتۈرۈلگىنى يوق. قايتىپ كېلىشىڭنى كۈتكەنىدىم، ئاخىر كەلدىڭ، نېمىشقا قوشۇنۇمدا ئۆزۈڭنى يوشۇرۇپ يۈردۈڭ؟
— ئالىيلىرىغا يۈز كېلەلمەيتتىم، جورئەت قىلالماي، گۇناھىمنى قېنىم بىلەن يۇماقچى بولۇپ ئەمىر مۇھەممەدبېككە پېقىرنى ئاشكارىلىماسلىقنى ئۆتۈنگەنىدىم. ماقۇل بولۇپ ئاشكارىلىمىدى. ئۇ يۇرتىغا ئەۋەتىلگەندىن كېيىن ئەمىر كەبىرگە كەچۈرمىشلىرىمنى سۆزلەپ بېرىپ، ئۇنىڭدىنمۇ نامىمنى پىنھان تۇتۇشنى ئىلتىماس قىلدىم.
— راستمۇ؟ — سەئىدخان سەئىد مۇھەممەد مىرزىدىن سورىدى.
— راست ئالىيلىرى. ئەمىر مۇھەممەدبېك بىلەن بىللە بولغان كۈنلەردە، خوجا ئەلى جېنىنى ئالىقىنىغا ئېلىپ قويۇپ، مىرزا ئابابەكرى لەشكەرلىرى بىلەن جەڭ قىلغان. مېنىڭ يېنىمغا كەلگەندىن بىرىمۇ سەممىي ساداقەت بىلەن خەزىنە ئىشلىرىنى باشقۇردى، بىر تىيىنگىمۇ خىيانەت قىلمىدى. ئۇنىڭ ئۆتۈنۈشىگە ئاساسەن ئالىيلىرىغا بىلدۈرمىگەنىدىم.
— ئەمدى نېمىشقا ئۆزۈڭنى ئاشكارىلىماقچى بولدۇڭ؟ — ئىلتىپات نەزەرى بىلەن باقتى سەئىدخان.
— ئالىيلىرى سەئىدىيە خانلىقىنى قۇردىلا. زالىم، ئاسىيلارنى جازالىدىلا، خەلقنى ئەمىن تاپتۇردىلا، جازالانمىغان مەنلا قالغىنىم ئويۇمغا كەلسىلا ۋىجدانىم ئازابلىنىدىغان بولدى. راستىمنى ئېيتسام، جانابىي ئاللا كالالىمىنىڭ ئېلىنىپ كېتىشىدىن قورقۇپ يوشۇرۇنۇپ يۈرۈۋاتقانلىقىمنى ئاخىر ئۆزۈمگە بىلدۈردى. ئۆلۈمدىن قورقمىغان باھادىر بولالايدۇ، باھادىر بولۇشقا مۇناسىپ ئەمەسلىكىمنىمۇ ھېس قىلدىم. ئاخىر ئەمىر مۇھەممەدبېكنىڭ بۇيۇنتاۋلۇق قىلغانلىقىدىن،

www.uyghurkitap.com

ئالىيلىرىنىڭ ئۇنىڭغا قارشى ئاتلانماقچى بولغانلىرىدىن ۋاقىپ بولۇپ، بۇ يۇرۇشكە قاتناشتۇرۇشنى ئەمىر كەبىرگە ئىلتىماس قىلدىم. مەقسىتىم، مۇھەممەدبېكنى ئالىيلىرىنىڭ ئادالىتى ئالدىدا باش ئەگدۇرۇش ئىدى، مۇشۇ سەۋەبتىن ئاۋۋال ئۆزۈمنى ئاشكارا قىلىپ، جازالاشلارىنى سەممىيەت بىلەن ئۆتۈندۇم. مەن ئالدىلىرىدا گۇناھكار شاھىم.

سەئىدخان ئۇنى يۆلەپ تۇرغۇزدى.

— گۇناھىنى تونۇغان ئادەم — گۇناھسىز بولىدۇ. سەن باھادىر ئىدىڭ ئاغا، باھادىرلىقتا كامال تېپىپسەن، ئەقىل ـ پاراسەتتە يېتىلىپسەن، ياشانغان بولساڭمۇ، غەيۇر ياشلاردەك تىمەن تۇرۇپسەن، ئوغلۇمغا، ئەمىر كەبىرگە، خوجا شاھ مۇھەممەدكە ھەمراھ بولۇپ بارغىن. ياۋنىڭ قىلىچىنى تارتىۋالىپ، قىلىچىڭنى تارتقۇزۇپ قويما. ئەمىر مۇھەممەدبېكنى ئاتقا مىندۇرۇپ ئېلىپ كېلىڭلار، ئۇنىڭ ئۆلۈكىنى ئەمەس، تىرىكىنى كۆرەي، — دېدى سەئىدخان.

— خوپ خان ئاتا! — ئابدۇرېشىتخان قەسەمياد قىلغاندەك ئوڭ پۇتى بىلەن تىزلاندى، — ئەمرلىرىنى بەجا كەلتۇرىمەن.

— خوپ شاھىم، — ئەمىركەبىر سەئىد مۇھەممەد مىرزا، ئەمىر خوجا شاھ مۇھەممەد، خوجا ئەلىلەرمۇ ئوڭ پۇتى بىلەن تىزلىنىپ دېيىشتى، — پەرمانلىرىنى بەجا كەلتۇرگەيمىز.

ئابدۇرېشىتخان خوجا ئەلىنىڭ باشلىشىدا، داۋاندىن بىرىنچى بولۇپ چۈشتى. سەئىدخان داۋان ئۈستىدىكى بارگاھىدا نۇسرەت تىلەپ دۇئاغا قول كۆتۈردى.

## 2

تاشتىن ـ تاشقا ئۇرۇلۇپ كۆۋەجىگەن سۇزۇك ئېقىن بويىدا، پادا ـ پادا قويلار سۇ ئىچىۋاتاتتى، تاشلىق سايدىكى بۇ

ئېقىنغا قارىغان كىشىگە يۈزلەنگەن قويلار سۇغا چۆمۈلۈپ تۇرغاندەك تۇيۇلاتتى. ئات ئۇستىدىكى پادىچى قىزنىڭ شولىسى سۇدا تېخىمۇ گۈزەل سېھىرلىك كۆرۈنەتتى. غۇر - غۇر كۆكلەم شامىلىدا ئۇنىڭ چاچلىرى سۇدا ئۈزۈپ يۈرگەن قۇندۇزدەك تولغىناتتى. قارا كۆزلىرى بەئەينى چولپان يۇلتۇزىدەك نۇرلۇق ئىدى. بېشىدىكى ئۇقا تۇتۇلغان تاقىيە قان تەپچىپ تۇرغان يۈزىگە سايە تاشلىغانىدى. نەپىس سىرىلغان تېرە جىلتىسى ئىنچىكە بىلىنى قىسىپ، ئۇنى تېخىمۇ زىلۋا كۆرسىتىپ تۇراتتى. قىز ئۇزۇن ساپلىق قامچىسىنى بېشىدىن ئايلاندۇرۇپ ئىككى قېتىم قاس چىقىرىۋىدى، قويلار سۇدىن بۇرۇلۇپ سايغا يېيىلدى. شۇ چاغدا يىراقتىن چاڭ - توزان كۆتۈرۈلدى. پادىچى قىز قويلارنى دەرھال قارشى تەرەپكە ھەيدەپ ماڭدى. ئۇ كەينىگە قاراپ، قويۇندەك يوپۇرۇلۇپ كېلىۋاتقان ئاتلىقلارنى كۆردى - دە، بۆرە توپىغا يولۇقۇپ قالغان كېيىكتەك چۆچۈپ، ئېتىنى توختاتتى، قويلار بىر شەپە سەزگەندەك قولاق يوپۇرۇپ توپلىنىپ، چەمبەر ھاسىل قىلىشتى. شۇ ھالدا ئاتلىقلار يېقىنلاپ كېلىشتى. قىز سەپسېلىپ، باستۇرۇپ كەلگەن لەشكەرلەر ئىكەنلىكىنى بىلدى. قىز قېچىشقا ئۇرۇنغان بىر نەچچە قوينى توسۇپ، قامچىسىنى ئوينىتىپ تۇرۇۋەردى. ئالدىدىراق يېتىپ كەلگەن ياشانغان بىر سەردار ئاتتىن سەكرەپ چۈشتى.

— قىزىم، قىرغىز باشى مۇھەممەدبېكنىڭ تۇرالغۇسىنى بىلەمسىز؟

قىز سوئالغا جاۋاب بەرمەي، قارا قاشلىرىنى ئۈچۈرۈپ سورىدى:

— سىلەر كىم بولىسىلەر؟

— بىز سۇلتان سەئىدخاننىڭ لەشكەرلىرى.

ئاتلىقلار مۇھەممەدبېكنى تۇتقىلى كەلگەنلىكىنى بىلگەن قىز ساۋۇت - دوبۇلغا كىيگەن بۇ قېرى سەردارغا سوغۇق نەزەر

تاشلىدى.

— مۇھەممەدبېكنىڭ تۇرارجايىنى مەن نەدىن بىلەي، قىپچاق ـ قىرغىز دالىسى كۆك ئاسماندەك كەڭ تۇرسا؟

— خوجا ئەلى باھادىر، بۇ قانجۇقنى قوي پادىسى بىلەن بىرگە ئېلىپ مېڭىشقا ئادەم قويۇپ، يولىمىزنى داۋام قىلايلى، — دېدى قىزنىڭ ئاخىرقى گەپلىرىنى ئاڭلىغان خوجا شاھ مۇھەممەد، — بىرىنچى قەدىمىمىزدە خەيرلىك ئولجىغا ئېرىشتۇق.

خوجا ئەلى زۇۋان سۈرمەي تۇرۇپ كېتىپ، ئۆز نۆكەرلىرىگە قىز بىلەن قوي پادىسىنى ئېلىپ داۋان ئاستىدا ساقلاپ تۇرۇشنى بۇيرۇدى ۋە ئېتىغا قامچا ئۇرۇپ، ئېقىندىن كېچىپ ئۆتتى. ئابدۇرېشىتخان بىر قانچە نۆكەرلەر ئارىسىدا ئاچچىقلىنىپ كېتىۋاتقان قىزغا قاراپ، ئۇنى قويدۇرۇۋەتكىسى كەلدىيۇ، ئەمىر خوجا شاھ مۇھەممەدنىڭ كۆڭلىگە كەلمىسۇن، دەپ ئويلاپ خوجا ئەلىنىڭ كەينىدىن چېپىپ كەتتى. تاشقا تەگكەن ئات تۇياقلىرىدىن ئۇچقۇن چاچرايتتى، ئەمدىلا كۆكىرىشكە باشلىغان سايلىقتىكى گۈل ـ گىياھلار چەيلىنەتتى. بۆلارنى يىراقتىن كۆرگەن بىر توپ بۆكەن تاقلاپ ـ سەكرەپ بىردەمدە كۆزدىن غايىب بولدى. ئابدۇرېشىتخان ئاتقان ئوق بىر قارا تاشقا تېگىپ ۋاڭقىپ كەتتى. ئۇچقاندەك چېپىپ كېتىۋاتقان خوجا ئەلى بىردىن تېزگىنىنى قاتتىق تارتتى. ئات ئالدىنقى پۇتلىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ پۇشقۇرۇپ توختىۋالدى. ئابدۇرېشىتخان ئۇنىڭغا سوقۇلۇپ كەتكىلى تاس قالدى ۋە ئوقچۇپ تۇرغان ئاق قاشقىنى ئاران توختاتتى.

— خوجا ئەلى ئاغا، نېمە ئىش بولدى؟ — ئۇ تۇيۇقسىز توختاشنىڭ سەۋەبىنى بىلمەكچى بولۇپ سورىدى.

— قاراڭ شاھزادەم، ئاۋۇ ئاق ئۆيلەرنى كۆرۈۋاتامسىز؟ — دېدى خوجا ئەلى ئوڭ قولىنى پېشانىسىگە قويۇپ، — بارگاھتەك

قىلىدۇ.

خوجا ئەلى نۆكەرلەرنى ئاتتىن چۈشۈشكە بۇيرۇدى.

ئابدۇرېشىتخانمۇ كونا نۇرىدىن كۆزلىرىنى قوللىرى بىلەن توسۇپ تۇرۇپ قارىدى، يىراقتا توپا يەرگە قونغان ئاق بۇلۇتتەك ئاق ئۆيلەرنى كۆردى. ئۇياقتىــــن - بۇياققا ئۆتۈپ تۇرغان ئادەملەرمۇ بار ئىدى.

— تۇردىبەگ! — توۋلىدى خوجا ئەلى.

— لەببەي سەردار، — ھاپا قوۋۇز، پاكار بىر يىگىت توپ ئىچىدىن ئايرىلىپ چىقتى.

— سەن بېرىپ، خوجا شاھ مۇھەممەدكە يەتكۈز، ۋەزىر ئالىيلىرى لەشكەرلەرنى توختىتىپ، شاھزادىنى كۈتۈپ تۇرغاي. مېنىڭ مۇھەممەدبېك بارگاھىغا بېرىپ ئەھۋال ئۇقۇپ كېلىش ئۈچۈن كەتكىنىمنى ئېيتقىن.

— خوپ! سەردار!

تۇردىبەگ كەينىگە بۇرۇلۇپ ئۈچقاندەك چېپىپ كەتتى.

— شاھزادە، — دېدى خوجا ئەلى، ئۇنىڭ قوشۇمىسى تۈرۈلۈپ، خىيالچان تۇرقىدىن بىر ئىشقا بەل باغلىغانلىقـــى چىقىپ تۇراتتى، — مەن كونا پاتقۇچە ئەھۋالنى ئىگــــلەپ كېلىمەن، سىز مەشەدە مېنى كۈتۈپ تۇرسىڭىز، كونا پاتقۇچە كېلەلمىسەم، خانغا مەلۇم قىلىپ، ئۇنىڭ پەرمانى بىلەن ئىش كۆرگەيسىز.

ئابدۇرېشىتخان باش لىڭشىتتى. خوجا ئەلى يورۇپ كەتتى. بۇ چاغدا كونا پېتىشقا نەيزە بويى قالغانىدى.

نۆكەرلەر ئابدۇرشىتخاننى چۆرىدەپ ئولتۇرۇشتى. ئۇلار يەتمىشكە يېقىن ئادەم بولۇپ، قىرقى شاھزادىنىڭ يىگىتلىرى، ئوتتۇزى خوجا ئەلىنىڭ ئادەملىرى ئىدى. ئۇلار داۋان ئۈستىدە تاماق يېگەندىن بېرى بىر نەرسە يېمىگەچكە قورساقلىرى ئېچىپ قالغانىدى.

— شاھزادە، رۇخسەت قىلسىلا، ئىككى - ئۈچ كېيىك ئېتىپ كېلىپ، پىشۇرۇپ يېسەك بولۇپتىكەن، — دېدى ھارس نەجمىدىن دوغلات. ئۇنىڭ قورسىقى ئېچىپ تارتىشىپ كېتىۋاتاتتى.

— خوجا ئەلى ئاكا كەلگۈچە تۇرۇپ تۇرايلى، مۇھەممەد - بېكنىڭ ئادەملىرى بىزنى كۆرۈپ قالسا بولماس، — ئوسمانبەگ شۇنداق دەپ شاھزادىگە قارىدى.

— ئوسمانبەگ توغرى ئېيتتى ھارس، تاغ سۈيى بىلەن ئۇسسۇلۇقىمىزنى قاندۇرغاچ بىرئاز نان يەۋالايلى. شىكار قىلىش ئۆزىمىزنى ئاشكارىلىغانلىق بىلەن باراۋەر. دۈشمەن سېزىپ قالسا، خان ئاتامنىڭ قان تۆكمەڭلار، دېگەن ئەمرىگە مۇخالىپ ئىش قىلىپ قويىمىز.

— ئەپۇ قىلىڭ شاھزادە، ئىرادەمگە مۇخالىپ سۆزلەپ قويۇپتىمەن، — نەجمىدىن دوغلات كەچۈرۈم سوراپ، ئوسمانبەگ سالغان داستىخانغا قول ئۇزاتتى. نۆكەرلەر توقاچ، كۆك يېمىش، ياڭاق مېغىزى بىلەن نانۇشتە قىلىشتى. ئابدۇرېشىتخانمۇ مۇزدەك ئېقىن سۈيى بىلەن نان يېدى.

— شاھزادە، خوجا شاھ مۇھەممەدكە خوجا ئەلى باھادىرنىڭ سۆزىنى يەتكۈزدۈم، ئۇ مەشەدىن ئىككى چاقىرىم كېلىدىغان يەردە كۈتۈپ تۇرماقچى بولدى، — دېدى تۇردىبەگ قول قوشتۇرۇپ، ئۇنىڭ تەرگە چۆمۈلگەن ئېتىنى بىر نۆكەر سوۋۇتۇش ئۈچۈن ئېلىپ كەتتى.

كۈن پېتىشقا ئاز قالغانىدى. شەپەق بۇلۇتلار ئۈستىدىن تاشلىق سايغا جۇلا تاشلىدى. ئۆركەشلەپ ئېقىۋاتقان سۇ يۈزىدە ھال رەڭ، قىزغۇچ شولا پەيدا بولۇپ، تاشلىق دالا گۈگۈم ۋاقتىدىكى سېھىرلىك گۈزەللىكىنى نامايان قىلدى. قىزارغان ئۇپۇق يەرگە لەۋ يېقىپ، خۇددى ئانارغا ئوخشاپ قالغان قۇياشنى باغرىغا ئالدى - دە، مىنۇت ئۆتمەستىن يۇتۇۋەتتى. ئالەمگە تۈن

قارا رومىلىنى يايدى. ئاخشام مەنزىرىسىگە سەپسېلىپ جەيناماز ئۈستىدە ئولتۇرغان شاھزادە خوجا ئەلىنى كۈتمەكتە ئىدى. ئورنىدىن تۇرۇپ قارىغۇدى، يىراقتىن كۆلەڭگىلەر كۆرۈندى. شاھزادە شۇنداق دېدى.

— ئوسمانبەگ ئاغا، قارىغا، كىملەردۇر بۇ تەرەپكە كېلىۋاتىدۇ، ياق، كېلىۋاتقان خوجا ئەلى ئىكەن. يېنىدا ئىككى ئادەم باردەك قىلىدۇ. ئەمدى ئېنىق كۆردۈم، خوجا ئەلى ئىكەن.

— خوجا ئەلى باھادىر كېلىۋېتىپتۇ، — دېدى ئوسمانبەگمۇ تىكىلىپ قاراپ، — نېمە خەۋەر ئېلىپ كەلدىكىن؟

ھېلىلا شام نامىزىنى ئۆتەپ بولۇشقان نۆكەرلەر ئورنىدىن تۇرۇشۇپ سەپراست بولدى.

خوجا ئەلى ئىككى ئادەمنى ئالدىغا سېلىپ يېتىپ كەلدى.

— تىنچ كەلدىڭىزمۇ ئاكا؟ — ئالدىغا باردى ئوسمانبەگ.

— تىنچلىق ئۇكام، بۇ ئەتراپتا بىرەر ئىش يۈز بەرمىگەندۇ؟

— ھېچقانداق ئىش يۈز بەرمىدى، سىزنىڭ كېلىشىڭىزنى كۈتۈپ تۇرۇۋاتاتتۇق.

— خودا ئۆزى ساقلىسۇن ئۇكام، — دېدى خوجا ئەلى ۋە شاھزادىگە قاراپ قولىنى كۆكسىگە قويدى، — شاھزادە، بۇ يەردىن بەش چاقىرىم نېرىدىكى يايلاقتا چېدىر بارگاھ قۇرۇپ، تەرەپ - تەرەپتىن لەشكەر توپلاۋاتقان سەردار مۇھەممەدبېكنىڭ ئۆزىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ بۇ ئىككى نۆكىرىنى ئالغاچ كەلدىم.

— ئۆزىنىچۇ؟ — ئابدۇرېشىتخان ئۇنىڭ جاۋابىغا قانائەتلەنمىگەن تەرزدە سورىدى.

— مۇھەممەدبېك ئاق ئۆيدە سەردارلىرى بىلەن بوزا ئىچىشىۋاتقانىكەن، — دېدى خوجا ئەلى گەپنى باشتىن باشلاپ، — ئۇنىڭ بارگاھىنى چۆرىدەپ تىكىلگەن ئاق ئۆيلەردە نۆكەرلەرمۇ گۆش يەپ، بوزا ئىچىشىۋېتىپتۇ. ئارىلاپ ساناپ

www.uyghurkitap.com

باقسام، تىكىلگەن ئاق ئۆيلەر يۈزدىن كەم ئەمەس، توپلانغان نۆكەرلەر مىڭدىن ئوشۇقتەك قىلىدۇ. قارىغاندا، ئادەملەر قىپچاق ـ قىرغىز دالىلىرىدىن داۋاملىق كېلىۋاتسا كېرەك. مەن يەنە مۇھەممەدبېكنىڭ بارگاھىغا باردىم. بۇ چوڭ، ھەشەمەتلىك ئاق ئۆينىڭ ئىشىكى ئالدىدا تۇرغان قاراۋۇللارمۇ بوزىنىڭ كەيپىنى سورۇپ مەست بولۇپ قالغانىكەن، قوللىرىنى باغلاپ، ئاغزىغا بەلۋاغلىرىنىڭ ئۇچىنى تىقىپ، ئالدىمغا سېلىپ كەلدىم شاھزادە.

— بۇلارنىڭ قوللىرىنى يەشكۈزۈۋېتىڭ، — دېدى ئابدۇرېشىتخان بۇيرۇق تەلەپپۇزىدا.

— بولىدۇ شاھزادە، — خوجا ئەلى ئۇلارنىڭ قولىنى باغلاقتىن بوشاتتى، — جىم تۇرۇش، ئەگەر بويۇنتاۋلىق قىلىشساڭ، باشلىرىڭ تەنلىرىڭدىن جۇدا قىلىنىدۇ.

— بىزگە رەھىم قىلسىلا، بىزگە رەھىم قىلسىلا، — دېدى يېشى چوڭراق كەلگەن سالپاڭ قۇلاق نۆكەر قىرغىزچە سوزلەپ، ئۇ سۆزىنى تۈگەتمەي تۇرۇپلا كۆزلىرى ئالاچەكمەن بولۇپ ئوڭدىسىغا يىقىلدى. ئۇنى ھەمراھى — يوغانباش، بادام قاپاق قىرغىز يىگىت مۈشت بىلەن قاتتىق ئۇرۇۋەتكەنىدى.

خوجا ئەلى شارت قىلىپ قىلىچىنى سۇغاردى.

— توختاڭ! — قولىنى سەل كۆتۈرۈپ، ئۇنى توستى ئابدۇرېشىتخان، ئاندىن قىرغىز يىگىتكە قارىدى، — سەن ھەمراھىڭنى نېمىشقا ئۇرىسەن؟

— بۇ دەيۈزنى ئۇرماي ماختىسام بولامتى؟ — قوللىرىنى كېرىپ ھومايدى ئۇ.

— ئىسمىڭ نېمە؟

— توختىغۇل.

— نۆكەرمىسەن؟

— ئەمىر مۇھەممەدبېكنىڭ يۈز بېشىمەن.

— يـۈز بېشى؟ — مـەسخـىـــرە قـىـــلـىـــپ كـۈلدى ئـابدۇرېشـــتخان، — يۈز بېشـــى تۇرۇقلۇق بارگاھ ئالدىدا قاراۋۇللۇق قىلىۋېتىپ ئۇخلاپ قاپسىنا ئەخمەق!

— ئۇخلاپ قالغىنىم — جىنايەت. بۇنىڭ ئۇچۇن سېنىڭ قولۇڭدا ئەمەس، ئەمىر مۇھەممەدبېك قولىدا چېپىلىپ كەتسەم رازى ئىدىم. ھەي، بەك ئەخمەقلىق قىلىپتىـــمەن، — ئۇ سۆزلەۋېتىپ ئەتراپىغا بوي سوزۇپ قارىغىلى تۇردى.

ئابدۇرېشتخان ئويلىنىپ قالدى.

— سەن شاھزادە ئالدىدا بويۇنتاۋلىق قىلىۋاتىسەن خۇنپەر، ئۆلۈمگە لايىق ئىكەنسەن! — دېدى قىلىچىنى باش ئۈستىگە كۆتۈرگەن ھارس نەجمىدىن دوغلات. ئابدۇرېشتخان ئۇنـــى توستى.

— ئەمىر مۇھەممەدبېكنىڭ بۇ يەرگە لەشكەر توپلىشىنىڭ سەۋەبىنى بىلەمسەن؟

— بىلمەيمەن! — جاۋاب بەردى قەتئىيلىــك بىـــلەن توختىغۇل. ئۇنىڭ كۆزلىرى يەنىلا يىراقلارغا تىكىلەتتى.

— مەن بىلىمەن، — دېدى ئۇنىڭ ھەمراھى ئىگىلىپ.

— سۆزلە، بۇ يەرگە قانچە لەك[1] لەشكەر يىغىلماقچى. ئەمىر مۇھەممەدبېك كىم بىلەن جەڭ قىلماقچى؟

— ئون ئۈچ لەك لەشكەر يىغىلماقچى. سۇلتان سەئىدخـان بىلـەن جـەڭ قىلمـاقچىدى. ھـازىر تېخـى يىغـىـــلـىـــپ بـولالمىدى، — دېدى يېشى چوڭراق قىرغىز.

— ئۇنىڭ دېگىنى يالغان. ئۇ ھېچنېمىنى بىلمەيدۇ، — دېدى توختىغۇل غەزەب بىلەن.

— سەن بىلەمسەن؟ — ئابدۇرېشتخاننىڭ قارا قاشلىرى سەل كۆتۈرۈلدى.

---

① لەك ـ مىڭ دېگەن مەنىدە

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

— مەنمۇ بىلمەيمەن.

— سەن بىلمىسەڭ، نېمىشقا ئۇنىڭ ئىقرارىنى يالغانغا چىقىرىسەن؟

— ئۇ مەخپىيەتلىكنى ئاشكارىلاپ ئاسىيلىق قىلدى.

— شۇنداق دە، — ئابدۇرېشىتخان كۈلۈمسىرىدى، — مەن چۈشەندىم. سەن نېمىشقا ھەدەپ ئەتراپقا قارايسەن؟ راستىڭنى دە!

— مۇشۇ ئەتراپتا بىر پادىچى قىز قوي بېقىۋاتاتتى. كۆرۈنمەيدۇ، — خورسىندى توختىغۇل، — شاھزادە، ئۇ قىز سىلەرگە ئۇچرىمىدىمۇ؟

— ئۇچرىدى، — دېدى ئابدۇرېشىتخان توختىغۇلغا سىنچى كۆزلىرى بىلەن قاراپ، — ئۇ نېمەڭ بولىدۇ؟

— بىز بىر قىشلاقتىن. قوشنىمىزنىڭ قىزى ئىدى.

— يالغان، — دېدى ئۇنىڭ ھەمراھى ئالدىراپ سۆزلەپ، — ئۇ قىز قوشنىسىنىڭ قىزى ئەمەس، ئاۋۇل باشلىقىنىڭ قىزى، توختىغۇل ئۇنى ياخشى كۆرىدۇ.

— ھۇ، ئىتنىڭ بالىسى! — توختىغۇل ئۇنىڭ چېكىسىگە ئىككىنچى قېتىم قاتتىق ئۇرۇۋەتتى، ئۇ دەلدۈگۈنۈپ بېرىپ دۈم يىقىلىپ، ئاغزى تاشقا تېگىپ قاناپ كەتتى.

— ئېتىڭ نېمە؟ — دەپ سورىدى قوشۇمىسى تۈرۈلگەن ئابدۇرېشىتخان قوللىرىنى يەرگە تىرەپ ئورنىدىن تۇرۇۋاتقان قىرغىزدىن.

— يۈنۈسبەك، — دېدى ئۇ ئاغزىدىن ئېقىۋاتقان قاننى يېڭى بىلەن ئېرتىپ، ئۇنىڭ كىگىز قالپىقى يەرگە چۈشۈپ كەتكەنىدى. خوجا ئەلى ئىككىنچى قېتىم توختىغۇلنى چاپماقچى بولدى.

— چاپىدىغان ئۇ ئەمەس، ماۋۇ ھارامزادە، — ئۆز سەردارىغا ئاسىيلىق قىلغان نۆكەر، — دېدى ئابدۇرېشىتخان چىشلىرى

غۇچۇرلاپ ۋە قىلىچنى سۇغۇرۇۋېلىپ يۇنۇسبەكنى چاپماقچى بولدىيۇ، يەنە توختاپ قالدى. سەئىدخاننىڭ قان تۆكمەسلىك توغرىسىدىكى پەرمانى يادىدىن كەچكەنىدى.

— بولدى كەت، كۆزۈمدىن يوقال! — ئابدۇرېشىتخان قىلىچنى غىلاپىغا سالدى. ئۇنىڭ نەزەرىدە، نامەردلىك ئىنسان ئۈچۈن يىرگىنىچلىك ئىللەت بولۇپ، ئۇ ئۆز ئېلىغا، پادىشاھىغا، دوست - ھەمراھلىرىغا زىيان يەتكۈزۈپ جان ساقلايدىغانلارنىڭ خۇسۇسىيىتى ئىدى ۋە نامەردلەرنى كەچۈرگىلى بولمايدۇ، دېگەن تونۇش شاھزادىنىڭ دىلىغا مەھكەم ئورناپ كەتكەنىدى. ئۇ بېشىنى سىلىپ يىراقلاپ كېتىۋاتقان يۇنۇسبەكتىن كۆزىنى ئېلىپ توختىغۇلغا تىكىلدى.

— كۆردۈڭمۇ، ئۇنى نېمە ئۈچۈن ئۆلتۈرمەكچى بولۇپ، كېيىن ئۆلتۈرمىدىم؟

شاھزادىنىڭ بۇ ئىشىدىن ھەيران بولغان توختىغۇل نېمە دەپ جاۋاب بېرىشنى بىلەلمىدى.

— ئۇقالمىدىم شاھزادە.

— مەن شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆلتۈرمەكچى بولدۇمكى، ئۆز سەردارىغا، ھەمراھىغا ئاسىيلىق قىلغان ئادەمدىن ۋاپا كەلمەيدۇ. ماڭا بىلدۈرگەن ساداقىتى يالغان. ئۆلتۈرمىگىنىمنىڭ سەۋەبى، خان ئاتامنىڭ پەرمانى بويىچە قان تۆكمەسلىكنى توغرا تاپقانلىقىمدىندۇر. سەنمۇ ئۆلتۈرۈشكە تېگىشلىك دۈشمەن ئىدىڭ، ئەمما بېشىڭغا كەلگەن ئۆلۈمدىن قورقماي، سەردارىڭغا، ھەمراھىڭغا سادىق بولدۇڭ. بۇ پەزىلىتىڭ ماڭا ياردى. شۇڭا، سېنى ئۆلتۈرمىدىم. يەنە بىر سوئالىم بار. راستچىللىق بىلەن جاۋاب بەرسەڭ، دۈشمەنلىك قىلىۋاتقان بولساڭمۇ سېنى كەچۈرىمەن.

— سورىسىلا شاھزادە، راست سۆزلۇشۇم ئۈچۈن ئىگەم ئاللا مەدەتكار بولغاي.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى
www.uyghurkitap.com

— ئېيتقىنا، نېمە ئۈچۈن ئەمىر مۇھەممەدبېككە نۆكەر بولۇپلا قالماي، يۈز بېشى بولالىدىڭ؟

— سەئىدخاننىڭ ئاۋۇلىمىزغا سىلىق يېقىملى كەلگەن بىر نۆكىرىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىكىم ئۈچۈن، ئەمىر مۇھەممەدبېك مېنى نۆكەرلىككە تاللىغانىدى. كېيىن جەڭدە باتۇرلۇق كۆرسىتىپ يۈز بېشى بولدۇم. راستى مۇشۇ.

— شاھزادە، ئۆلتۈرۈشكە تېگىشلىك خۇنپەر ئەسلى مۇشۇ ئىكەن، — دېدى خوجا ئەلى ۋە ئابدۇرېشىتخاندىن جاۋاب كۈتۈپ پەرمانبەردار بولۇپ تۇردى.

— ياق، خوجا ئەلى ئاكا، كەچۈرۈشكە تېگىشلىك بولغىنى مۇشۇ ئەزىمەت. مەن توغرا قىلدىم.

خوجا ئەلى لېۋىنى چىشلىدى: «دۈشمەن ئىكەنلىكىنى ئۆزى ئىسپاتلاۋاتسا، قانداقمۇ كەچۈرگىلى بولسۇن»

— يالغان سۆزلەپ دوستلۇق ئىزھار قىلغان بەدنىيەتتىن راست سۆزلەپ دۈشمەنلىكىنى ئوچۇق بىلدۈرگەن توغرا نىيەتلىك رەقىپ ياخشىدۇر. مەن ئۇنى شۇنىڭ ئۈچۈن كەچۈردۈم، — دېدى ئابدۇرېشىتخان كەسكىن تۇردە. ئۇ ئاغزىنى ئېچىپ قالغان توختىنغۇلغا كۆز تىكتى، — ئەمدى قاياققا كەتسەڭ كېتىۋەرگىن، يولۇڭ ئوچۇق.

— ئاللا رەھمەت قىلسۇن شاھزادە، پادىچى قىزنى ئىزدەپ تېپىپ ئېلىپ كېتەي.

— ئۇنداق بولسا، بىز بىلەن يۈر، ! — دېدى ئابدۇرېشىتخان.

شاھزادە ئوسمانبەگ، خوجا ئەلى، ھارس نەجمىدىن دوغلات ۋە يەنە بىر نەچچە نۆكەرنى ئېلىپ تاغ تەرەپكە ئۇچقاندەك چېپىپ كەتتى. توختىنغۇلمۇ يۈگۈردى، تۆت ـ بەش كۈنلۈك بولغان ھىلال ئاي بۇلۇت ئىچىدىن كۆتۈرۈلۈپ چىقتى.

# 3

كۆكلەم شامىلى تاشلىق ساينى سىپاپ ئۆتۈپ، توپا ـ شېغىللىق داۋانغا غۇرۇلداپ ئۇرۇلاتتى ۋە ئاجايىپ سىرلىق ئەكس سادا پەيدا قىلاتتى. بۇنىڭغا ئاتلارنىڭ كىشنىشى، مەشئەل كۆتۈرگەن نۆكەرلەرنىڭ سۆز ـ چاقچاقلىرى قوشۇلۇپ، دالا كېچىسىنىڭ جىمجىتلىقى بۇزۇلغانىدى.

داۋاندىن پەسكە چۈشۈپ، بارگاھ چېدىردىن ئورۇن ئالغان سەئىدخان بايا يېتىپ كېلىشكەن ئابدۇرېشىتخان بىلەن خوجاشاھ مۇھەممەدتىن ئاڭلىغان مۇھەممەدبېك توغرىسىدىكى ئەھۋالاتنى مۇلاھىزە قىلىۋاتاتتى. ئۇ سەئىد مۇھەممەد مىرزا، ئىمىن خوجا سۇلتانلار بىلەن كېڭەشكەندىن كېيىن پەرمان چۈشۈردى. بۇ پەرمانغا ئاساسەن سەئىد مۇھەممەد مىرزا، ئىمىن خوجا، ئابدۇرېشىتخان، خوجاشاھ مۇھەممەد تۆت تەرەپتىن مۇھەممەدبېكنىڭ بارگاھىنى قورشاپ، قان تۆكمەي ئۇنى ئەل قىلىش ئۈچۈن ئاتلىنىشتى.

ھىلال ئاي تىكلەشكەن، كېچىمۇ تەڭلەشكەنىدى. ئاق ئۆيلەرنىڭ ئىچىدە ئۇخلاپ، مەلەخ بولۇپ كەتكەن مۇھەممەدبېك نۆكەرلىرى ئۆلۈكتەك يېتىشاتتى، ئاتلىرىنى نېرىدا قالدۇرۇپ ياياق كېلىشكەن سەئىدخاننىڭ لەشكەرلىرى ئۇلارنى تۆت تەرەپتىن قورشاپ، ئاستا ـ ئاستا ئاق ئۆيلەرگە يېقىنلاشتى. مۇھەممەدبېكنىڭ قاراۋۇللۇق قىلىۋاتقان نۆكەرلىرىنىڭ بىر قىسمى ئاق ئۆيلەرنىڭ ئەتراپىدا يېنىچە يېتىپ ئۇيغۇغا كېتىشكەنىدى. زوڭزىيىپ ئولتۇرغان بىر بۆلۈك نۆكەرلەرنىمۇ مۈگدەك باسقان، مېڭىپ يۈرگەنلىرى يوق دېگۈدەك ئىدى. توشقانغا ئېتىلغان قارچىغىدەك ئۇشتۇمتۇت كەلگەن ئابدۇرېشىتخاننىڭ نۆكەرلىرى ئۇلارنى باسماداپ تۇتۇپ، ئېغىز ئاچۇرماي باغلىۋېتىشتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

خوجا ئەلى مۇھەممەدبېكنىڭ بارگاھى بولغان چوڭ ئاق ئۆيگە ئېتىلىپ كىرگەندە، غەپلەت ئۇيقۇسىدا ياتقان بۇ ئەمىر خورەك تارتىۋاتاتتى، مەشئەل يورۇقى يۈزىگە چۈشكەندە، كۆزىنى ئېچىپلا يۇمۇۋالدى. «ئابدۇلرەشىدخان، خوجا ئەلىلەر قىلىچ يالىڭاچلاپ تۇرىدىغۇ. بۇ قانداق چۈش ئۆزى؟...» ئۇ شۇنداق ئويلاپ تۇرۇۋېدى.

— مۇھەممەدبېك، تۇر ئورنىڭدىن! — دېگەن ئاۋاز قولىقىغا كىرگەندەك بولۇپ، يەنە كۆزىنى ئاچتى. تۆمۈر ساۋۇت كېيىشكەن ئابدۇرېشىتخان بىلەن خوجا ئەلى بېشى ئۈستىدە قىلىچ كۆتۈرۈپ تۇرۇشاتتى، «چۈشۈممۇ، ئوڭۇممۇ بۇ؟...» دەپ ئويلىدى مۇھەممەدبېك دىلغۇل بولۇپ.

— تۇر ئورنۇڭدىن! — تووۋلىدى ئابدۇرېشىتخان مۇھەممەدبېك ئۈستىگە يېپىنىۋالغان يولۋاس تېرىسىنى قىلىچ بىلەن قايرىپ تاشلاپ.

چۈش ئەمەسلىكىنى ئەمدى بىلگەن مۇھەممەدبېك ئورنىدىن قوپتى. ياشانغان بۇ سەردار قارشىلىق كۆرسىتىشنىڭ پايدىسىز ئىكەنلىكىنى بىلىپ:

— شاھزادە، پېقىرنى سۇلتان ئالدىغا ئېلىپ بارغايلا، — دېدى باش سېلىپ.

مىرزا ئابابەكرى بىلەن بولغان جەڭدە ئاجايىپ قەھرىمانلىق كۆرسەتكەن بۇ سەردارنى سەئىدخان ئۈچ يىل بۇرۇن ئەمىرلىككە كۆتۈرۈپ، ئۇنى ئاتا يۇرتى قىپچاق ـ قىرغىز دىيارىغا ھۆكۈمدار قىلىپ ئەۋەتكەنىدى. بۇ غەيۇر سەردارغا ھۆرمەت بىلەن قارايدىغان ئابدۇرېشىتخان ئۇنىڭ ياۋاشلىق بىلەن باش ئەگكىنىنى كۆرۈپ قەھرى تۆتتى.

— ئەمىر، سىز يولۋاستەك قورقۇمسىز ئەمەسمىدىڭىز؟ بۇ ھالىڭىزنى كۆرەرمەن، دەپ ئويلىمىغانىدىم. ئاللادىن ئۇ ـ ياتمىدىڭىزمۇ؟ سىزگە ئېچىنىۋاتىمەن.

— پىقىرنى ئىنسان قىلىپ ياراتقان جانابىي ئاللانىڭ ھەقىقىتىگە باش ئىگمىۋاتىمەن شاھزادە، سىز تېخى ياش، بۇنى ئاستا ـ ئاستا چۈشىنىسىز، نېمە قىلسا خان ئۆزى قىلسۇن، ئالدىغا ئېلىپ بارغايسىز، — دېدى مۇھەممەدبېك ئىشىككە قاراپ مېڭىپ.

— توختاڭ ئەمىر، — ئابدۇرېشىتخان بۇيرۇق بىلەن ئۇنى توختاتتى، — قىلىچقا قىلىچ تەڭلەپ يېڭىلگەن بولسىڭىز سىزنى كەچۈرەرئىدىم. بۇنداق بىچارە قىياپەتكە كىرىۋالسىڭىز، كىم سىزنى مەككار دېمەي، مەرد دەپ ھۆرمەتلەيدۇ؟ — ئابدۇرېشىتخان ئۇنىڭدىن كۆزىنى ئېلىپ خوجا ئەلىگە قارىدى، — باغلاڭ ئۇنى، ئاسىيغا رەھىم قىلىشقا بولمايدۇ.

— شاھزادە، ئۇنى كەچۈرۈشىڭىزنى تىلەيمەن، ئەمىرنىڭ سۆزىدە ھېكمەت، ياخشى مەسلىھەت بار،— دېدى خوجا ئەلى،— ياشلىق قىلماڭ، ئۇ ئاتىڭىز ئۇچۇن جان پىدا قىلغا باھادىر ئىدى، گۇناھىنى تونۇۋاتىدىغۇ.

— شاھزادە توغرا دېدى. ئۇنى باغلاپ ئېلىپ بېرىش كېرەك! — ھارىس نەجمىدىن دوغلات خوجا ئەلىنىڭ سۆزىگە پىسەنت قىلماي، كەلگىنىچە مۇھەممەدبېكنى باغلىدى. ئۇنىڭ بۇ پەرمانبەردارلىقى ئابدۇرېشىتخاننى قايىل قىلدى.

قوللىرى باغلانغان مۇھەممەدبېك ئاق ئۆيدىن ئېلىپ چىقىلغاندا ئۇنىڭ ھەممە سەردار، ياساۋۇل، نۆكەرلىرىمۇ ئەل قىلىنىپ بولۇنغانىدى.

سەئىدخاننىڭ لەشكەرلىرى بىلەن مۇھەممەدبېكنىڭ ئەسىر ئېلىنغان نۆكەرلىرى كەڭرى سايلىقتا سەپراست بولدى. ياساۋۇللار ئېگىز كۆتۈرگەن مەشئەللەر ئەتراپىنى يورۇتۇپ تۇراتتى. سەئىدخان چاپچىپ ئويناقشىغان ئېتىنىڭ تىزگىنىنى تارتىپ تۇرۇپ دېدى.

— مەن قان تۆككىلى كەلمىدىم قېرىنداشلىرىم، ئاللانىڭ

ئىنايىتى بىلەن سىلەر بىلەن دىدار كۆرۈشۈپ، دادىڭلارغا يېتىپ، هالىڭلاردىن خەۋەر ئالغىلى كەلدىم. قانداق تەلەپىڭلار بولسا ئېيتىڭلار. ئادالەت - پېقىرنىڭ تۇتقان يولۇمدۇر - سەئىدخان شۇنداق دېدى - دە، باش ئېگىپ تۇرغان مۇھەممەدبېككە قارىدى، — سەن خانلىقىمىزنى بەرپا قىلىش ئۈچۈن پىداكارلىق كۆرسەتكەنىدىڭ، ئەمدى ئاسىيلىق قىلىپ ئەلنىڭ ئارامىنى بۇزدۇڭ. بۇنىڭغا ئىقرارمۇ سەن؟

— ئىقرارمەن شاهىم. مەن گۇناهكار.

— سېنى دارغا ئاسسام بولاتتى. خانلىقىمىز ئۈچۈن كۆرسەتكەن خىزمىتىڭنى نەزەرگە ئېلىپ بىر قوشۇق قېنىڭدىن كەچتىم. بۇنىڭدىن كېيىن جايىڭ زىندان بولىدۇ. يەنە ئېيتار گېپىڭ بارمۇ؟

— بار شاهىم، — دېدى مۇھەممەدبېك بېشىنى كۆتۈرۈپ، ئۇنىڭ كۆزلىرى ئوتتەك يېنىپ تۇراتتى، — قىپچاق - قىرغىز دىيارىدىن ئېلىنىدىغان سېلىق ئېغىرلىشىپ كەتتى. قوۋم - قېرىنداشلىرىم نامراتلىقتىن قۇتۇلغىنى يوق. تەلىپىم: سېلىق يېنىكلىتىلىپ، ئادالەت جارى قىلدۇرۇلسا، باشقا گېپىم يوق. ئالىيلىرىنىڭ هۆكۈملىرىگە رازىمەن.

— ئەمىر مۇھەممەدبېك هەق گەپنى ئېيتتى، — دېدى ئەسىرلەر ئىچىدىن بىر بوۋاي قوللىرىنى كۆكسىگە ئېلىپ تۇرۇپ، — سۇلتان ئالىيلىرى، پېقىر ئىسسىق كۆل دىيارىدىن، ئېتىم دۇسەنبېك، ئاۋۇل ئاقساقىلىمەن. هەر يىلى خانلىق ئۈچۈن ياخشى ئاتتىن يىگىرمىنى، قويدىن يۈزنى بېرىپ كەلدىم. نامراتلىشىپ كەتتۇق. ئاخىر مۇھەممەدبېككە ئەگىشىپ زۇلۇمغا قارشى قىلىچ كۆتۈرگەنىدۇق. كۆتمىگەندە ئالىيلىرى يېتىپ كېلىپ، خۇدا قان تۆككۈزمىدى. بىزگە ئىمىنلىك، مەمۇرچىلىق بولسا، دەيمىز.

— دۇسەنبېك توغرا ئېيتىدۇ.

— سىلىقتىن تويدۇق.

— خاننىڭ ئادالىتى — بىزنىڭ سائادىتىمىز.

سەئىدخان قىپچاق - قىرغىزلارنىڭ ساداسىغا قۇلاق سېلىپ تۇرۇپ، ئەھۋالنى چۈشەنگەندەك بولدى. چىرايىغا تەبەسسۇم يۈگۈرۈپ، كۆپچىلىككە خۇش نەزەر تاشلىدى.

— قېرىنداشلىرىم، بۇ يېغىلىقنىڭ سەۋەبىنى بىلدىم، ئەگەر بارس قاۋۇن داۋىنىدىن ئۆتمىگەن بولسام، سىلەر بىلەن دىدار كۆرۈشەلمەيلا قالماستىن، ئەھۋالىڭلاردىن خەۋەر تاپالمايدىكەنمەن. قان تۆكۈلۈپ، ئاللا ئالدىدا گۇناھىم ئېغىرلىشىدىكەن، پىقىرنى بۇ يەرگە كەلتۈرۈپ، ھالىڭلارنى بىلىشكە مۇيەسسەر قىلغان ھەقتەئالادىن مىننەتدارمەن. بۈگۈندىن باشلاپ ئۈچ يىلغىچە قىپچاق - قىرغىز دىيارىدىن سېلىق ئېلىنمايدۇ، ئۈچ يىلدىن كېيىن ئېتى بەشتىن، قويى يۈزدىن ئاشقانلاردىن مۇۋاپىق ھالدا سېلىق ئېلىنىدۇ. كىمكى بۇ پەرمانىمغا خىلاپلىق قىلىدىكەن، جازاغا تارتىلىدۇ. سىلەر ئەسىر ئەمەس، ھازىردىن باشلاپ ھۆرسىلەر. ئاۋۇل - قىشلاقلىرىڭلارغا قايتىپ، خاتىرجەم تۇرمۇش كەچۈرگەيسىلەر.

— سۇلتان سەئىدخانغا ئاللا رەھمەت قىلسۇن.

— سۇلتان سەئىدخاننى ئاللا ئۆز پاناھىدا ساقلىسۇن! — دەپ توۋلاشتى قىپچاق - قىرغىزلار.

— خان ئالىيلىرى، دەردمەننىڭ دەردىگە دەرمان بولغۇدەك گەپ قىلدىلا، — دېدى سەئىد مۇھەممەد مىرزا سەل ئېگىلىپ، — غەزەپ كىشىنىڭ جاھىلىنى قاتۇرىدۇ. شەپقەت خۇرسەنلىك، ئۈمىد بەخش ئېتىدۇ، ئادالەت پادىشاھنى قۇدرەت تاپقۇزىدۇ. پەرمانلىرى مەزلۇم خەلققە سائادەتنى يار قىلغاي، ئىنشائاللا.

— مۇھەممەدبېك! — دېدى سەئىدخان ئۇنىڭغا ئاچچىقى بىلەن، — خەلقنىڭ ئاھۇ - زارىدىن پىقىرنى ئىمىشقا

خەۋەرلەندۈرمىدىڭ؟ قىپچاق - قىرغىزلار كۆتۈرۈلۈپ خانلىقىمىزغا قارشى چىقسا، مەقسىتىمگە يېتىمەن، دەپ ئويلىدىڭمۇ؟ ئون يىلغىچە ئالۋان - ياساق ئالماسلىق توغرىسىدىكى يارلىقىمنى نېمىشقا ئىجرا قىلمىدىڭ؟ جاۋاب بەر!

— ......

مۇھەممەدبېك زۇۋان سۈرمەي يەرگە قاراپ تۇرۇۋالدى.

— ئەلنى قوزغاپ يېغىلىق قىلماقچى بولغىنىڭ — گۇناھ، لېكىن مەن بۇ گۇناھىڭدىن ئۆتتۈم، — سەئىدخان ئاتىنىڭ تېزگىنىنى تارتىپ تۇرۇپ دېدى، — يارلىقىمنى خەلقىڭگە يەتكۈزمەي، سېلىق يېغىپ زۇلۇم قىلغىنىڭنى كەچۈرەلمەيمەن! نېمە تىلىكىڭ بار، ئېيت!

مۇھەممەدبېك تىزلاندى:

— شاھىم، مەن گۇناھكار، ماڭا رەھىم قىلماق، تىلىكىم شۇ.

— خوجا شاھ مۇھەممەد! — چاقىردى سەئىدخان.

— لەببەي شاھىم! — خوجا شاھ مۇھەممەد ئاتتىن چۈشۈپ، قولىنى كۆكسىگە ئېلىپ تەزىم قىلدى.

— مۇھەممەدبېكنىڭ بارلىق سەردار، بەگ، ياساۋۇل، نۆكەرلىرىنىڭ ئات - جابدۇقلىرىنى، قىلىچ، قالقانلىرىنى ئۆزىگە قايتۇرۇپ بېرىڭلار، ماكانلىرىغا قايتسۇن.

— خوپ شاھىم، — خوجا شاھ مۇھەممەد تاتارغان هالدا ئارقىسىچە مېڭىپ بېرىپ، ئېتىغا مىندى - دە، سەپراست تۇرغان لەشكەرلەر سېپىغا كېلىپ، خاننىڭ پەرمانىنى يەتكۈزدى. يۈز بېشى، مىڭبېشى بولغان بەگ، سەردارلار ئۆزلىرى ئەسىر ئالغانلاردىن تارتىۋالغان ئات، هارۋا، قورال - ياراغلارنى شۇ يەرنىڭ ئۆزىدىلا ئىگىلىرىگە قايتۇرۇپ بەردى.

— سۇلتانىمىز سەئىدخانغا ئاللا رەھمەت قىلسۇن. پېقىر قىپچاق - قىرغىز دىيارىدىكى ئاۋام نامىدىن رەھمەت ئوقۇيمەن.

ئادالەت ياشىسۇن، — دېدى ھاياجان بىلەن سەپىنىڭ ئەڭ ئالدىدا قوللىرى باغلانغان ھالدا تۇرغان ئىسسىق كۆل دىيارىنىڭ ئاقساقىلى دۇسەنبېك.

ئاتلىرى قايتۇرۇپ بېرىلگەن، قىلىچ، نەيزە، قالقانلىرىنى قولىغا ئالغان قىپچاق ـ قىرغىزلار خۇشاللىقىدىن سەئىدخانغا شان ـ شەرەپ، ئامانلىق تىلەپ چۇقان سېلىشتى.

دۇسەنبېك باشلىق توققۇز ئاۋۇل ـ قىشلاق ئاقساقاللىرى سەئىدخاننىڭ ئالدىغا كېلىپ تەزىم بەجا كەلتۈرۈشتى:

— دىيارىمىزدا قان ئاقىدىغان بولدى، دەپ قايغۇرغانىدۇق. ئاللا كۆڭلىڭىزگە سېلىپ، غەزىپىڭىزنى باستىڭىز، ئادالەت بىلەن ئىش كۆرۈپ، شەپقىتىڭىزنى ياغدۇردىڭىز، بىز ئاللادىن مىننەتدار، سىزدىن رازى بولدۇق. يىراق جايدىن داۋان ئېشىپ كەلگىنىڭىزدە بىزگە قوناق①بولماي كەتسىڭىز دىلىمىز رەنجىيدۇ، ئى ئادالەتلىك پادىشاھ، ئاتتىن چۈشۈپ بىزگە قوناق بولۇڭ.

سەئىدخان ئاتتىن چۈشتى. ئۇنىڭ ئىككى يېنىدا ۋە كەينىدە تۇرغان، ۋەزىر، ئەمىر، سەردارلارمۇ ئاتتىن چۈشۈشتى. دۇسەنبېك قۇچاق ئېچىپ سەئىدخاننى، كېيىن سەئىد مۇھەممەد مىرزا بىلەن ئىمىن خوجا سۇلتاننى قۇچاقلىدى ۋە ئۇلارنى مۇھەممەدبېك بارگاھ قىلغان كاتتا ئاق ئۆيگە باشلىدى.

ئونلىغان تاي، يۈزلىگەن قويلار سويۇلدى. تاشلىق سايدىكى ئېقىن ياقىلاپ تىكىلگەن ئاق ئۆيلەردە، ئۇيغۇر، قىپچاق ـ قىرغىز سەردارلار، نۆكەرلەر تاڭ ئاتقۇچە گۆش يەپ، قىمىز ئىچىپ مەزە قىلىشتى. سەئىدخاننىڭ لەشكەرلىرى مەزىنى ئەزان ئېيتقاندىن كېيىن، داستىخاندىن قول تارتىپ، تاھارەت ئېلىش ئۈچۈن ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى.

---

① قوناق ـ مېھمان.

سەئىد مۇھەممەد مىرزا ئىماملىقىدا بامدات نامىزى ئوقۇلغاندىن كېيىن، سەئىدخان ئىسسىق كۆل دىيارىنىڭ ئاقساقىلى دۇسەنبىكنى قىپچاق ـ قىرغىز ئېلىغا ھۆكۈمدار قىلىپ تەيىنلەپ، قايتماقچى بولۇۋىدى، بولمىدى. دۇسەنبىك ۋە قىپچاق ـ قىرغىز مۆتىۋەرلىرىنىڭ ئۆتۈنۈشى بىلەن بۇ يەردە ئۈچ كۈن ئارام ئېلىپ، ئاندىن قايتىدىغان بولۇشتى.

بىر پادا قوي بىلەن داۋان باغرىدا نەزەربەنت قىلىنغان پادىچى قىزنى ئېسىدىن چىقارمىغان ئابدۇرېشىتخان مۇھەممەدبېك ئەسىر ئېلىنغاندىن بېرى گاڭگىراپ قالغان توختىغۇلنى چاقىردى. ئۇنىڭغا ھارس نەجمىدىن بارلاسنى قوشۇپ، دەرھال قىزنى ئېلىپ كېلىشكە ئەۋەتتى. ئۇ قىز دۇسەنبىكنىڭ پەرزەنتى ئىدى. كەتكەنلەر كۈن بارس قاۋۇن داۋىنىغا نۇر چاچقاندا قىزنى بىر پادا قوي بىلەن ئېلىپ كېلىشتى. قىز دۇسەنبىكنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا ئۆزىنى ئاتتى.

— ئاتا! مېھرىبان ئاتا!

— قىزىم، جىگىرىم بالام ئالتۇنبىكە، نەدە ئىدىڭ؟ — دېدى دۇسەنبىك قىزنى باغرىغا بېسىپ، ئەمما ئۇ قىزىغا تەلمۈرۈپ قاراپ تۇرغان توختىغۇلنى كۆرۈپ، قىزىنى بىردىن ئىتتىرىۋەتتى، — سەن بۇ دەيۇز بىلەن بىرگىمىدىڭ قانجۇق؟ — دېدى غەزەپ بىلەن ئاقارغان ساقىلىنى سىپاپ، — سېنى ھەرگىز توختىغۇلغا ياتلىق قىلمايمەن!

دۇسەنبىكنىڭ قەھرى بىلەن قىلغان سۆزىنى ئابدۇرېشىتخان ئاڭلاپ، ئەھۋالنى چۈشەندى. «ئەسلىدە بۇ ئاقساقال قىزنىڭ توختىغۇلغا ياتلىق بولۇشنى خالىمايدىكەن ـ دە» دەپ ئويلىغان شاھزادە يېنىدا تۇرغان خوجا ئەلىنىڭ قۇلىقىغا «ئەھۋالنى دادامغا بىلدۈرۈڭ» ، دەپ پىچىرلىدى ۋە بىر يانغا ئۆتۈپ ئۆزىنى دالدىغا ئالدى.

خوجا ئەلى پادا ھەيدەپ كېتىۋاتقان قىزنى ئۇچراتقانلىقىنى،

ئېيتقان گەپ ـ سۆزلىرىنى، كېيىن ئۆزىنىڭ توختىغۇلنى تۇتۇپ كەلگەنلىكىنى، ئابدۇرېشىتخاننىڭ ئۇنى قويۇۋەتكەنلىكىنى قالدۇرماي سۆزلەپ بەردى. سەئىدخان ھەيران قالغان ھالدا:

— ئاقساقال، ئەمدى نېمە دەيسەن؟ — دەپ دۇسەنبېككە قارىۋىدى، دۇسەنبېك:

— شاھىم، مەن يېڭىلىشىپتىمەن، توختىغۇلنى نامرات كۆرۈپ، قىزىمنى ئۇنىڭغا ياتلىق قىلىشنى راۋا كۆرمىگەنىدىم، ۋەھالەنكى، ئۇ بىر ئەزىمەت ئىكەن. مەن ئۇنى كۈيئوغۇل قىلىشنى خالايمەن. مەردلىك بىلەن ئۇنى كەچۈرگەن شاھزادە ئابدۇلرەشىدخانغا رەھمەت ئوقۇيمەن، — دېگىنىچە سەئىدخانغا ئېگىلىپ تەزىم قىلدى. ئۇياق ـ بۇياققا كۆز سېلىپ شاھزادىنىڭ يوقلۇقىنى بىلگەندىن كېيىن، تاتارغان چىرايىغا قىزىللىق يۈگۈرگەن توختىغۇلغا تىكىلدى، — سەئىدخاننىڭ شاپائىتى، ئابدۇلرەشىدخاننىڭ جاسارىتى بىلەن قىپچاق ـ قىرغىزلار قىرغىن قىلىنىشىدىن ساقلىنىپ قالدى. تويۇڭلار شاد ـ خۇراملىق ئىچىدە بولىدىغان، بېشىڭلارغا بەخت قۇشى قونۇدىغان بولدى. سۇلتانىمىزغا رەھمەت ئوقۇڭلار.

ئالتۇنبېكە بىلەن توختىغۇل سەئىدخانغا تەزىم قىلىشتى. يىگىت ـ قىزنىڭ بىر ـ بىرىگە تەلمۈرۈشۈپ تۇرغىنىنى بىر چەتتە كۆرۈپ تۇرغان شاھزادە ئاسمانغا قاراپ، بارس قاۋۇن داۋىنى تەرەپكە ئۇچۇپ كېتىۋاتقان لاچىنىنى كۆردى. ئۇنىڭ قەلبىنى قانداقتۇر بىر خۇرسەنلىك لەرزىگە كەلتۈرۈۋاتاتتى.

www.uyghurkitap.com

# تۆتىنچى باب

# بۇزرۇكۋارنىڭ نەسىھىتى

## 1

گۈلئىبھرام ئوردىسى — سۇلتان مىرزا ئابابەكرى بىنا قىلدۇرغان يېڭى يەركەن شەھىرىنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى، ئۇنىڭ غەرب ۋە شەرققە قارايدىغان ئىككى چوڭ دەرۋازىسى بار ئىدى. غەربىتىكىسى «دەرۋازەئى مەغرىب»، شەرقتىكىسى «دەرۋازەئى مەشرىق» دەپ ئاتىلاتتى. دەرۋازەئى مەغرىبنىڭ ئالدى كەڭ چىمەنلىك مەيدان بولۇپ، ئۇدۇلدىن ئازنا مەسچىت، خانلىق مەدرىسىنىڭ گۈمبەز، مۇنارلىرى كۆرۈنۈپ تۇراتتى، ئوڭ تەرەپتە، ئالىم، شائىرلار، سازەندە ـ مۇغەندىلەر يىغىلىپ مۇنازىرە، مۇتالىئە قىلىدىغان، ئارام ئېلىپ كۆڭۈل ئاچىدىغان ھەيدەرباغ گويا قانات يايغان تۇزدەك كىشىنى جەلپ قىلاتتى. سول تەرەپتە رەستە ـ بازارلار كوچىدىن ـ كوچىغا سوزۇلغانىدى.

سۇلتان سەئىدخان ھەر ھەپتىسى جۈمە نامىزىدىن كېيىن مۇشۇ مەيداندا دادخالىق قىلىپ كەلگەن دەردمەنلەرنىڭ ئەرزىنى قوبۇل قىلاتتى، ھال ـ ئەھۋالىنى سورايتتى، كېيىنى ئاڭلايتتى؛ زورلاۋانلار، قاتىللار، ساختىپەز ـ ئالدامچىلارنى جازالايتتى. زىيانكەشلىك قىلىنغۇچىلار، يېتىم ـ يېسىر،

مىسكىنلەرنىڭ يېشىنى سىلايتتى. شۇ سەۋەبتىن بۇ مەيدان «مەيدانىي ئادالەت» نامى بىلەن مەشھۇر ئىدى.

دەرۋازەئىي مەشرىقنىڭ ئالدى خىيابانلىق بولۇپ، دەل ـ دەرەخلەر، گۈل ـ گىياھلار ئارىسىدىن بىر ئوستەڭ سۇ ئېقىپ ئۆتەتتى. بۇ ئۆستەڭ سەئىدخاننىڭ پەرمانى بىلەن مىلادى 1524 ـ يىلى چېپىلغانىدى. شەھەر ئاھالىسى ۋە ئەتراپتىكى يېزىلار بۇ ئۆستەڭدىن شۇ ئىچەتتى. ئۇنىڭدىن ئېلىنغان ئېرىقنىڭ سۈيى گۈلئېھرام ئوردىسىنىڭ سېپىلى ئاستىدىكى سۇڭگۈچتىن ئۆتۈپ، چاھار باغدىكى شاھ ھاۋزىسىغا قۇيۇلاتتى.

ئوردىنى ئايلاندۇرۇپ چوڭقۇر قېزىلغان خەندەككە سېلىنغان ئاسما كۆۋرۈكتىن ئۆتسە، مۇشۇ دەرۋازا ئارقىلىق خاننىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىلا تۇرىدىغان كۆركەم ھەرەم قەسىرلىرىگە كىرگىلى بولاتتى. بۇ دەرۋازىدىن پەقەت خان جەمەتىلا ئوردىغا كىرەلەيتتى، باشقا ھەر قانداق كىشىنىڭ كىرىشى مەنئىي قىلىنغانىدى.

كېچىسى ھەر ئىككى دەرۋازا ئېتىلىپ، خەندەك ئۈستىدىكى ئاسما كۆۋرۈك كۆتۈرۈۋېتىلەتتى. جىسەكچى قاراۋۇللار دەرۋازا ئالدىدا نەيزىلىرىنى كۆتۈرۈپ سەگەك تۇرۇشاتتى، ئوردا سېپىلى ئۈستىدىمۇ نۆكەرلەر ئايلىنىپ يۈرۈشەتتى، كېچىسى بۇ دەرۋازىلاردىن ھەرقانداق يات كىشىنىڭ كىرىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. بۇ ئوردا كېچە ـ كۈندۈز قاتتىق قوغدىلاتتى.

سەئىدىيە خانلىقى قۇرۇلغاندىن كېيىن ئەنە شۇنداق كېڭەيتىپ ياسىلىپ، گۈزەل تۈسكە كىرگۈزۈلگەن گۈلئېھرام ئوردىسىغا كۈندە دېگۈدەك باشقا مەملىكەتلەردىن كەلگەن ئەلچىلەر، مېھمانلار سالامغا كىرىپ تۇراتتى. ۋەزىر، ئەمىر، سەردار، بەگ، ئالىم، شائىر، مۇغەننىي، غەزەلخان، مۇنەججىم ـ ھۆكۈما… لار بۇ ئوردىدا دۆلەت ئىشلىرى بىلەن

www.uyghurkitap.com

مەشغۇل بولاتتى. سەئىدخان ھەر كۈنى چاشكا ۋاقتىدا ئوردىنىڭ سۇلتان سارىيىدا تەختكە چىقىپ، دۆلەت ئىشلىرىغا رىياسەتچىلىك قىلاتتى.

تەرەپ - تەرەپتىن كېلىپ ئوردىغا كىرگەن يەرلىك ئەمەلدارلار، لەشكەر باشلىقلىرى، يۇقىرالار يارلىق ئېلىشىپ چىقىپ كېتىشەتتى، نامازدىگەر ۋاقتىدا سەئىدخان تەختتىن چۈشەتتى. ۋەزىر - ۋۇزرا، ئوردا خىزمەتچىلىرى خان بىلەن بىللە نامازدىگەرنى ئوردا مەسچىتىدە ئوقۇپ، ئۆيلىرىگە قايتاتتى، سەئىدخاننىڭ كەچلىك زىياپىتىمۇ شۇ ۋاقىتتا باشلىناتتى، ئونلىغان قوي - قوزا، ئوغلاق، موزاي، تايلار سويۇلۇپ، تونۇرلاردا پىشۇرۇلاتتى، ھەرخىل قۇشلارنىڭ كاۋاپلىرى تەييارلىناتتى. بۇ زىياپەتكە سەئىدخان تەكلىپ قىلمىسا بەزى ۋەزىر، ئەمىرلەرمۇ قاتنىشالمايتتى. مەيزاب، شارابلار سۇدەك ئىچىلەتتى. ئىشىك ئاغىسى مىرزا ئەلى تاغاي بۇ شاھانە زىياپەتتە ساقىلىق قىلاتتى.

— شاھا، ئەلنىڭ تىنچ - ئامانلىقى ئالىيلىرىنىڭ ئادالىتىدىن بولغان، مەغرىبتىن نۇشىرۋان ئادىل چىققان بولسا، مەشرىقتىن ئۆزلىرى چىقتىلا، پېقىر قۇللىرى ئاۋام خەلق نامىدىن بىرىنچى قەدەھنى بۈزرۈكۋار ئالىيلىرىغا تۇتىمەن، — مىرزا ئەلى تاغايى شۇنداق دەپ سەئىدخانغا شاراب تۇتۇپ:

ساقىيا كەلتۈر قەدەھ پەيمانىنى ھەم مەينى بەر،
كەلدى دۆلەت خانىغا سۇلتانكى قىلغانتى سەپەر.

دەپ نەزمە ئوقۇسا، مەگزى شەپەقتەك قىزىرىپ، كۆزلىرى خۇمالاشقان سەئىدخان:

كىمكى بولسا قولىدا ئەيشى خۇشاللىق جامى،

ئەگەر ئۇ ئىچمىسە قالغۇسى مالالىق نامى.

دەپ ئالتۇن جامنى قولىغا ئالاتتى - دە، كۆتۈرۈپلا ئىچىۋېتەتتى.

— بارىكالللا، خانغا قېرىلىق يەتمىسۇن، — دەپ توۋلىشاتتى ئەمىر - ئەركانلار.

— ئەي شاھلارنىڭ سۇلتانى، ئالىيلىرىغا پۈتۈن دۇنيا ئامانلىق تىلەيدۇ. پېقىر قۇللىرىنىڭ ساداقىتىنى قوبۇل قىلغايلا، — دەپ نەچچە يىل كۆمۈپ قويۇپ كۈچلەندۈرۈلگەن مەيزابنى سۇناتتى ئەمىر خوجا شاھ مۇھەممەد.

كەينى - كەينىدىن سۇنۇلغان شاراب مەستخۇش قىلىپ قويغان سەئىدخان ھەممە نېمىنى ئۇنتۇغان ھالدا ئۇد چېلىشقا باشلايتتى.

ئونلىغان خۇمرا، ئىدىشلاردىكى شاراب تۈگەپ، ۋەزىر - ۋۇزرالار ئالا - جوقا سۆزلەشكە باشلىغاندىلا ۋەزىر مىرزا ھەيدەر كوراگان:

— بەس جانابلار، شاھىمىزنىڭ ئارام ئالىدىغان ۋاقتى بولدى، — دەپ سەئىدخاننى يۆلەپ ئېلىپ چىقىپ كېتەتتى.

مىرزا ئەلى تاغايى نائىلاج شاراب قويۇشتىن توختاپ، زىياپەت ئەھلىنى غۇدىرىغان ھالدا ئۇزىتاتتى. ئۇ ساقىلىق قىلىپ يۈرۈپ سەئىدخانغا يېقىنلىشىپ كەتكەنىدى. شاراب ئىچىشتە ھەممىنى بېسىپ چۈشىدىغان خوجا شاھ مۇھەممەدمۇ سەئىدخاننىڭ كۆزىگە ئىسسىق كۆرۈنۈپ قالغانىدى.

سۇلتان سەئىدخاننىڭ شارابقا بۇنداق بېرىلگىنىگە ئىككى يىل بولغانىدى. مۇھەممەدبېك توپىلىڭىنى تىنجىتىپ كەلگەنلىكى مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن زىياپەتتىن باشلاپ، دەسلەپ ئايدا بىر قېتىم، كېيىن ھەپتە ئارىلاپ بۇنداق زىياپەت بولۇپ تۇرىدىغان بولدى. كېيىن مىرزا ئەلى تاغايى، ئەمىر خوجا شاھ

www.uyghurkitap.com

مۇھەممەدلەرنىڭ پۈتۈن كۈچى بىلەن قوللاپ قۇۋۋەتلىشى ئارقىسىدا كۈن ئارىلاپ ئۆتكۈزۈلۈشكە باشلىدى. باش ۋەزىر مىرزا ھەيدەر كوراگانمۇ، خەزىنىچى ۋەزىر قاناتبەگمۇ ئامالسىز قېلىشتى. ئاخىر بولماي، سەئىدخاننىڭ خاس سارىيىغا بامداتتىن يېنىپلا كىرگەن مىرزا ھەيدەر:

— شاھا، پېقىر كىچىك چېغىدىن ئالىيلىرىغا ھەمراھ بولۇپ كەلگەن سادىق دوستلىرى بولۇپلا قالماي، قان ـ قېرىنداش، بىر نەۋرە ئاكا ـ ئىنىلەرمىز. ئاكا ئىنىگە، ئىنى ئاكىغا كۆيۈنۈش، دوستلار بىر ـ بىرىگە سادىق بولۇش — خاندانىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى بۇرچى بولۇپ كەلدى. شۇ تۈپەيلى ھۇزۇرلىرىغا بولۇۋاتقان بىر ئاچچىق زىياننى مەلۇم قىلىش ئۈچۈن كەلدىم، — دېۋىدى.

— قانداق زىيانكەن ئۇ؟ — دەپ ئەجەبلەنگەن ھالدا سورىدى سەئىدخان.

— شاھىم، نەچچە يىللاردىن بېرى ھۈنەرمەن، ئەتتار — تىجارەتچىلەردىن، دېھقان، چارۋىچىلاردىن باج، سېلىق ئېلىنماي، خەزىنىمىز كىرىمدىن مەھرۇم قىلىنىپ كەلدى، — مىرزا ھەيدەر ئاۋازىنى سەل كۆتۈرۈپ سۆزلىدى، — بىراق، لەشكەرلەرنىڭ، ئوردا مۇلازىملىرىنىڭ، جۈملىدىن خاندانىمىزنىڭ خىراجىتى كۈنسېرى ئېشىپ باردى، ئادەمگەرچىلىك يۈزىسىدىن مەردلەرچە قىلىنىۋاتقان سوۋغا ـ سالاملار، خەير ـ سەدىقىلەر ئۈچۈن كۆپ مال ـ دۇنيا سەرپ بولۇۋاتىدۇ. كۈن ئارىلاپ ئۆتكۈزۈلۈۋاتقان ئەيش ـ ئىشرەتلىك زىياپەتلەرگە تېخىمۇ كۆپ پۇل خەجلىنىۋاتىدۇ. بۇنداق كېتىۋەرسە، خەزىنىمىز قۇرۇقدىلىپ، خانلىقىمىز ئېغىر كۈنگە قالىدۇ، ئاۋامدا نارازىلىق پەيدا بولىدۇ. ئىقتىساد ـ خانلىق قەسىرىمىزنىڭ تۈۋرۈكى، بۇ تۈۋرۈك ئاجىزلاپ قىڭغىيىپ غۇلاپ كەتسە، دۈشمەنلىرىمىزنىڭ بېسىپ كىرىشىگە پۇرسەت

تۇغۇلىدۇ، پۇشماننى ئالىدىغان قاچا تاپالماي قالىمىز. بۇنى ئويلاپ كۆرۈشلىرىنى ئۆتىنىمەن.

— توختاڭ ۋەزىر، — سەئىدخان چۈشەنمىگەندەك قىلىپ، ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلدى، — پۈتۈن خەزىنە ئاللانىڭ. بەندىلەرنىڭ پۇل - مېلى تۈگىسە رەببىل ئالەمىن ئۆزى يەتكۈزۈپ بېرىدۇ. بۇنىڭدىن خاۋاتىرلەنمەڭ ئاغا.

ئۇ كايىغاندەك قىلىسىمۇ، سۆزىنىڭ ئاخىرىنى سىلىق چۈشۈردى.

مىرزا ھەيدەر خانغا گېپىنىڭ تەسىر قىلمىغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۈمىدسىزلەنگەن ھالدا سارايدىن قايتىپ چىقتى.

ئۇ 1524 - يىلى ئەنجاندىن قەشقەرگە، كېيىن يەركەنگە كېلىپ، زور ئابروي قازانغان ئۆلىما مەخدۇمى نۇرانىغا بۇ خۇسۇستا ئويلىغانلىرىنى دەپ، سۇلتانغا نەسىھەت قىلىشنى ئۆتۈندى. چۈنكى، مەخدۇمى نۇرانى يەركەنگە كەلگەندىن بېرى، سەئىدخان ئۇنى ئۇستاز تۇتۇپ، زىيادە ئەتىۋارلىغانىدى. شۇڭا، مەخدۇمى نۇرانى ئوردىغا ئىككى قېتىم ئالاھىدە كىرىپ سەئىدخانغا زىياپەتنى كۆپ ئۆتكۈزۈپ، مەملىكەت بايلىقىنى ئىسراپ قىلماسلىق، شاراب ئىچمەسلىك ھەققىدە نەسىھەت قىلغانىدى. سەئىدخان قوبۇل تۇتۇپ، زىياپەتنى ئازايتقان، شارابتىن قول ئۈزگەن بولسىمۇ، مىرزائەلى تاغايى، خوجاشاھ مۇھەممەد قاتارلىق مەرتىۋىلىك دۆلەت ئەركانلىرىنىڭ سەئىي قىلىشى بىلەن يەنە زىياپەت باشلىنىپ، شارابخورلۇق ئەۋجىگە چىققانىدى. ھەتتا خەزىنىچى ۋەزىر قاناتبەگمۇ خەزىنىنىڭ قۇرۇقدىلىپ قېلىۋاتقىنىنى ئېيتىپ، زىياپەتنى ئازايتىش توغرىسىدا يارلىق چۈشۈرۈشنى ئۆتۈنگەندە، سەئىدخان:

— شۇنچە كاتتا مەملىكەتنىڭ سۇلتانىمەن، ئەل - يۇرت بېيىدى. بىزگە كېرەك بولغان نەرسىنى ئاللا ئۆزى يەتكۈزۈپ بېرىدۇ. خەزىنە ھەرگىزمۇ قۇرۇقدىلىپ قالمايدۇ، غەم قىلماڭ

ئاغا، — دەپ ئۇنىڭ سۆزىنى ئىلىك ئالمىغانىدى.

سەئىدخان زىياپەتلەردىلا ئىچىپ قالماستىن، خانىشلارنىڭ يېنىدىمۇ ئىچىدىغان، ھەتتا ئارامگاھ سارىيىدىمۇ شارابنىڭ پەيزىنى سۈرىدىغان بولۇپ كەتكەنىدى. بۇنىڭ ئاقىۋىتىدىن ئەندىشە قىلغان مىرزا ھەيدەر قاناتبەگنى ئېلىپ مەخدۇمى نۇرانىنىڭ يېنىغا تۇنۇگۈن پەيشەنبە كەچقۇرۇن يەنە باردى.

بۈگۈن جۈمە ئىدى. چاشكا بولغاندىمۇ سەئىدخاننىڭ سۇلتان سارىيىغا كەلمىگىنىگە قاراپ، «خانىشلارنىڭ بىرى بىلەن ئولتۇرۇپ ئىچىۋاتسا كېرەك» دەپ ئويلىغان مىرزا ئەلى تاغايى مىستەك قىزىل پارقىراق بېشىنى سىلاپ، ئىشىك ئاغىلىق كۆرسىدا كۆلۈمسىرەپ ئولتۇراتتى. خاننىڭ شىكاردىن يانغانلىقى مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن ئاخشامقى زىياپەت يېرىم كېچىگىچە داۋام قىلغان، مىرزا ھەيدەرمۇ تەكلىپ قىلىنمىغان، مەست بولۇپ قالغان سەئىدخاننى پاتمە سۇلتانبېگىم قەسرىگە ئەكېلىپ قويغان تاغايى ئۆيىگە كېتىپ ئۇخلاپ، بامدات نامىزىغا ئۇلگۈرۈپ ئوردىغا كەلگەنىدى. «تاڭ ئاتقىلى تۆت سائەت بولدى، خان چىقمايۋاتىدۇ، ۋەزىر، ئەمىرلەر ئۇنى كۈتۈپ جىملا بولۇشماقتا. باش ۋەزىر مىرزا ھەيدەر كوراگانمۇ قاپىقىنى تۈرۈپ ئولتۇرۇپتۇ. جۈمە نامىزىغىمۇ كەلمىسە ئوبدان بولاتتى» دەپ ئويلىدى تاغايى ئىچىدە بىر شۇملۇقنى كۆڭلىگە پۈكۈپ، ئۇ دىۋانخانىدا باش سېلىپ ئولتۇرۇپ كەتكەن ۋەزىر - ۋۇزرالارغا بىرمۇ بىر كۆز سېلىپ، گۆشلۈك قاپىقىنى قولى بىلەن ئۇۋۇلاپ قويدى، دەرگۇماندا بولۇپ، سۇلتان كىرىدىغان ئىشىككىمۇ خۇپىيانە قارىۋالدى.

قۇياش خېلى كۆتۈرۈلۈپ، دىۋانخانا دېرىزىلىرىنىڭ دەرپەردىلىرىگە جۇلا تاشلىدى، ھاۋا ئىسسىپ كېتىۋاتاتتى، سۇلتان چىقمىغانسېرى ۋەزىر - ۋۇزرالارنىڭ تاقىتى - تاق بولۇپ سۈكۈت بۇزۇلدى.

— سۇلتانىمىزنىڭ مۇبارەك جامالىنى كۆرۈش ئەجەبمۇ تەس بولۇپ كەتتى، — دېدى ئاق يىپەك ياغلىق بىلەن باش ـ كۆزىدىن قويۇلۇپ تۇرغان تەرنى ئېرتىۋاتقان ئەلى سەئىد كۆكۆلداش باش پۈتۈكچى[1]شاھ سەئىد ئالىمغا.

پۈتۈن دىققىتى بىلەن كەلگەن نامە، ئەرزلەرنى رەتلەۋاتقان باش پۈتۈكچى ئۈنچىقمىدى.

— خان ئۇخلاپ قالغانمىدۇ؟ ئاخشامقى زىياپەت بەك ئۇزۇن داۋاملاشقانىدى.

— كۆپ ئىچىپ قويغانلىقى سەۋەبلىك ئۇخلاپ قالغان بولۇشىمۇ مۇمكىن.

— بۈگۈن جۈمە تۇرسا، خان نامازغا چىقمىسا ئەل نېمە دەر؟

— خەپ شۇك، خوجا مەخدۇم نۇرانىي بۇزرۇكۋار ھەزرەتلىرى كەلدى.

ئوردا خەۋەرچى بېگىنىڭ سۆزى ۋەزىر، ئەمىرلەرنىڭ غۇلغۇلىسىنى توختاتتى.

ئاق داكا سەللە ئوراغلىق كۇلاھ، ئاق شايە تون كىيگەن، ئېگىز بويلۇق، مويسىپىت كىشى دىۋانخانىنىڭ قوش قاناتلىق، قاپارتما نەقىشلىك ئىشىكىدىن كىرىپ:

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم جانابلار! — دەپ ئىككى تەرىپىگە قاراپ باش لىڭشىتتى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم پىر ئۇستاز، قۇتلۇق قەدەملىرىگە مۇبارەك، — ۋەزىر ـ ۋۇزرا، ئەمىر ـ ئەركانلار دەررىدە ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ، قوللىرىنى كۆكسىگە ئالغان ھالدا تەزىم قىلىشتى.

— مەرھابا، مەرھابا پىر ئۇستازىم، — تاغايى يۈگۈرۈپ خوجا مەخدۇمى نۇرانىنىڭ ئالدىغا بېرىپ، قولتۇقىدىن تۇتتى،—

---

[1] باش پۈتۈكچى ـ باش كاتىپ.

ھەزرەتلىرىنىڭ مۇبارەك قەدەملىرى بۇگۈن ئوردىمىزنى نۇرلاندۇرىدىغان بولدى، مەرھەمەت قىلسۇنلار، — ئۇ ئۆزى ئولتۇرغان كۇرسىغا مەخدۇمى نۇرانىنى تەكلىپ قىلدى. ئەمما، مەخدۇمى نۇرانى ئولتۇرماي:

— جانابىي ئىشىك ئاغىسى، كەلگىنىمنى خانغا خەۋەر قىلىڭ، — دېدى سۇلتان سارىيىنىڭ پارقىراپ تۇرغان كۈمۈش ھالقىلىق ئىشىكىگە قاراپ قەدەم تاشلاپ.

تاغايى نېمە دېيىشىنى بىلمەي تەمتىرەپ قالدى. مەخدۇمى نۇرانى ئۇ دېمىگەن بولسىمۇ، سەئىدخاننىڭ تېخى ئوردىغا كەلمىگەنلىكىنى بىلىپ بولغانىدى.

— سۇلتان سارىيىنى ئېچىڭ، خاننى تەختى ئالدىدا ساقلايمەن ئىشىك ئاغىسى.

— باش ئۇستىگە ھەزرەتلىرى، — مىرزا ئەلى تاغايى كۆڭلىدىن بىر ئوي كېچىپ، ئاچقۇچنى تون يانچۇقىدىن ئالدى ـ دە، بېرىپ سۇلتان سارىيىنىڭ ئىشىكىنى ئاچتى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم! — قاتتىق ئاۋاز بىلەن سالام بېرىپ سۇلتان سارىيىغا كىرگەن مەخدۇم نۇرانى پارقىراپ تۇرغان تەخت ئالدىغا بېرىپ، قوينىدىن نېپىز ئاق جەينامازنى ئالدى. ئۇنى يەرگە سېلىپ يۈكۈنۈپ ئولتۇردى، — ئىشىك ئاغىسى، كەلگىنىمنى خانغا دەرھال مەلۇم قىلىڭ. مەن مەشەددە دۇئادا بولىمەن.

— خوپ ھەزرەتلىرى، — مىرزا ئەلى تاغايى ئۇنىڭ يېنىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ پىچىرلىدى، — خانغا شۇنچە نەسىھەت قىلسامۇ ئىلىك ئالمىدى، كۆپ ئىچىدىغان بولۇپ كەتتى. ھەزرەتلىرى، ئوبدان نەسىھەت قىلىپ قويغايلا.

مەخدۇمى نۇرانى جاۋاب بەرمىگەندىن كېيىن، ئارقىسىچە مېڭىپ سۇلتان سارىيىدىن چىققان مىرزا ئەلى تاغايى دىۋانخانىغا كىرىپ كەلگەن ئابدۇرېشىتخاننى كۆردى. ۋەزىر، ئەمىرلەر

شاھزادىنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشقانىدى، مىرزائەلى تاغايى ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ پۈكۈلۈپ سالام قىلىپ سورىدى:

— شاھزادەم، سۇلتانىمىز يېنىدىن كەلدىلىمۇ؟ مۇبارەك دىدارىنى كۆرۈشكە شۇنچە مۇنتەزىر بولدۇق.

— ياق، ئىشىك ئاغىسى، — ئابدۇرېشىتخان ئەجەبلىنىپ ئۇنىڭغا قارىدى، — خان ئاتام تېخى چىقمىدىمۇ؟ پېقىر، ئۇستاز جالالىدىن رۇمىدىن دەرس ئېلىپ بولۇپ، ئۇدۇل ئوردىغا كېلىشىم.

— ياق، سۇلتان ئالىيلىرى ئارامگاھ سارىيىدىن چىقمىدى. ئەتىگەن بەدەخشان پادىشاھىنىڭ باش ۋەزىرى كەلگەنىكەن، سۇلتانغا خەۋەر قىلاي، دەپ ئارامگاھ سارىيىغا بارسام، سۇلتانىمىز سارايىنىڭ خاس مەھرىمى ئۇبۇل ئەلاخانغا ھېلى چىقىمەن، دەپ سۆز ئېيتىپ بەرگەنىكەن، قايتىپ كېلىپ كۈتۈۋاتقىنىمىغىمۇ ئۈچ سائەت بولدى، — دېدى مىرزائەلى تاغايى قول قوشتۇرۇپ، ئاندىن قوشۇپ قويدى، — مەخدۇمى نۇرانى ھەزرەتلىرىمۇ ھېلى كەلگەنىدى، سۇلتان سارىيىنى ئاچتۇرۇپ، مۇشۇ پەردە خانىنى ساقلايمەن، دەپ تەخت يېنىدا ئولتۇرۇپ قالدى.

ئابدۇرېشىتخان لېۋىنى چىشلىدى، باشقا گەپ قىلماي ئارقىسىغا بۇرۇلدى ـ دە، دىۋانخانىدىن تېز چىقىپ كەتتى. باش ۋەزىر مىرزا ھەيدەر گەپ قىلاي دەپ تەمشىلىپ توختاپ قالدى. «خانغا نېمە بولغاندۇ؟ زىيايەت ھەرقانچە ئۇزۇن ۋاقىتقا سوزۇلسىمۇ، ئۇ ئەتىگەندە ئوردىغا كېلەتتى. بۈگۈن بامدات نامىزىغا مەسچىتكە چىققاندا شۇنچە خۇشخۇي، تىمەن ئىدى. نېمىشقا بۇ ۋاقىتقىچە ئوردىغا كەلمەيدىغاندۇ؟ شارابقا بېرىلىپ قالدىمۇ يا؟ ئەستاغپۇرۇللا...» ئۇ خىيال سۈرۈپ تۇرۇپ قالغاندا، مىرزائەلى تاغايى قاراپ، مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى.

## 2

پاتىمە سۇلتانبېگىمنىڭ قەسرىدىن چىقىپ، ھاممامدا يۇيۇنغان سەئىدخان ئوردا مەسچىتىدە بامدات نامىزىنى ئوتتۇۋالدى. مەسچىتتىن چىقىپ، خاس سارىيىغا كىردى ـ دە، بىردەم خىيال سۈرۈپ ئولتۇردى. ئاندىن «قىسسەسۇل ئەنبىيا» كىتابىنى ئېلىپ، ئۇنىڭغا پۈتۈن ئىشتىياقى بىلەن بېرىلىپ كەتتى...

ئۇنىڭ كۈمۈش ساپلىق ئۆتكۈر قىلىچى سىلىق سۇۋۇلۇپ، ناۋات سۈيى بىلەن پات بېرىلگەن تامدىكى كۆركەم مىس ئاسقۇغا ئېسىقلىق ئىدى. تونى گۈمبەز شەكلىدە چىرايلىق ياسالغان نەپىس قاپارتما نەقىشلىك مورا يېنىدىكى گۈلدار تەكچىگە قويۇلغانىدى. يېنىدا ئالتۇن تاجمۇ پارقىراپ تۇراتتى. ئاق مەشۈت كۆڭلەك، ئاق يېپەك دوپپا، ئۇزۇن ئاق تامبال كىيگەن سەئىدخان شۇ تۇرقىدا غەيۇر پادشاھقا ئەمەس، تەقۋادار سوپىغا ئوخشاپ قالغانىدى.

بۇ ساراي ئانچە چوڭ ئەمەس بولۇپ، سەئىدخان ئۆزىلا دەم ئېلىپ، كىتاب كۆرىدىغان ئازادە ئارامخانا ئىدى. ئىران شاھىنىڭ ئەلچىسى سوۋغا قىلغان شاھانە چوڭ يېپەك گىلەم بۇ ئۆيگە لىق كەلگەنىدى. پادشاھ بابۇر مىرزا ھىندىستاندىن ئەۋەتكەن كاككۇك سائەت قىبلە تامدا چىكىلداپ تۇراتتى. تورۇس ھاۋارەڭ سىرلانغان بولۇپ، گويا ئاسماننىڭ بىر پارچىسىدەك كۆرۈنەتتى ۋە تورۇسنىڭ ئوتتۇرىسىغا سەككىز كۆزلۈك مىس شامدان ئېسىلغان، ئۆينىڭ شەرقى تېمىغا چىقىرىلغان دېرىزە ئارىلىقىدىكى كۆكگۈرلۈق ئويۇقلارغا خىلمۇ خىل كىتابلار تىزىلغانىدى. فىردەۋسى، شىرازى، ناۋائى، نىزامىنىڭ نەزمى، نەسر كىتابلىرى، شەيخ سەئىدىنىڭ «بوستان»،

«گۈلىستان»ى، فارابىنىڭ مۇزىكا توغرىسىدىكى ئىلمى كىتابلىرى ئالاھىدە كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى. «قۇرئان كەرىم»نىڭ ھەرخىل نۇسخىلىرى ئەڭ ئۈستۈنكى ئويۇقتا تىزىپ قويۇلغانىدى. سارايىنىڭ قىبلە تېمىدا ئىككى، شەرقى تېمىدا ئىككى قوش راملىق دېرىزە بولغاچقا، ساراي ناھايىتى يورۇق بولۇپ، كىشىگە راھەت ـ ھۇزۇر بېغىشلايتتى. ئىككى دېرىزە خاننىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى تۇرىدىغان قەسىر ھويلىسىنىڭ گۈلزارلىقىغا، ئىككى دېرىزە گۈلئېھرام ئوردىسىنىڭ بېغىغا قارايتتى.

سەئىدخان بىر پەس خىيالغا چۆمۈپ ئولتۇرغاندىن كېيىن يەنە كىتابقا كۆز تىكتى:

«......

ساڭا ئەي مېھرىلىك يارىم، ئاشۇ كۈن ئاشىنا بولدۇم،
بولۇپ يىگانە ئالەمدىن، جىمى ئەلدىن جۇدا بولدۇم.
كۆيۈڭدا بولىمەن قۇربان، پىدا ئەيلەپ ساڭا مىڭ جان،
بولۇپ مەجنۇن كەبى ۋەيران، بۇ يەڭلىغ مۇپتىلا بولدۇم.
رەھىممۇ يوق ئىكەن سەندە، ماجالىم قالمىدى تەندە،
كىيىپ ئۇچامغا مەن جەندە، ئىشىكلەردە گادا بولدۇم.
مېنىڭ سەن جانۇ ـ دىلخاھىم، ساڭا يەتمەس نىچۇن ئاھىم،
قىيا باققىل ئاياشاھىم، ئەجەب بەختى قارا بولدۇم.[1]

......»

ئۇ «يۈسۈپ ئەلەيھىسسالام قىسسەسى»نى ئوقۇپ تۈگەتكەندىن كېيىنلا نەقىش ئويۇلغان كۆڭگۈرلۈق ئويۇقتا كىتابنى قويدى. بىنەپشىرەڭ پەردىسى يېرىم قايرىپ قويۇلغان دېرىزە ئالدىغا كېلىپ، ئۈستۈنكى كۆزنەكنى ئېچىۋىدى، خۇشبۇي رەيھان ھىدى دىمىغىغا ئۇرۇلدى. خۇش ھاۋانى

---

① «قىسسەسۇل ئەنبىيا»، 134 ـ بەت.

www.uyghurkitap.com

سۇمۇرۇپ قوللىرىنى كەردى. سەل قىسىلغان كۆزلىرى ھەرەم ھويلىسىدا ئىدى. قىزارغان ئۇپۇقتىن ئەمدىلا كۆتۈرۈلۈۋاتقان قۇياش نۇرى بۇ ھويلىغا تېخى چۈشمىگەن بولسىمۇ، شالا سۇنلۇق پېشايۋانغا، گۈللۈككە زەڭگەر ئاسماندىن شەپەق جۇلا تاشلىغانىدى. سەئىدخاننىڭ نەزىرى ئىككى كېنىزەككە داستىخان، پەتنۇس كۆتۈرتۈپ كىرىپ كەلگەن ئۈچىنچى خوتۇنى پاتىمە سۇلتانبېگىمگە چۈشتى. «تاماق ئېلىپ كەلگەن ئۇخشايدۇ» دەپ ئويلىدى سەئىدخان قورسىقىنىڭ ئاچقانلىقىنى ھېس قىلىپ. شۇ ئارىدا كۈمۈش ھالقىلىق ئىشىك ئاستا چېكىلىپ، خاس مەھرەم ئوبۇل ئەلاخان كىرىپ تەزىم قىلىپ، پاتىمە سۇلتانبېگىمنىڭ كەلگەنلىكىنى خەۋەر قىلدى. سەئىدخان كىرىشكە ئىجازەت بەرگەندىن كېيىن، ئىشىكنىڭ بىر قانىتى ئېچىلىپ، بولۇڭغا تىسقىلەپ قويۇلغان چوڭ تاش ئەينەكتە خانىشنىڭ گۈزەل رۇخسارى نامايان بولدى.

— ئەسسالام شاھىم! — مەجنۇن تالدەك ئىگىلدى پاتىمە سۇلتانبېگىم. ئۇنىڭ قارا كۆزلىرىنى ئوراپ تۇرغان كىرپىكلىرى يەرگە تۆكۈلدى، — ئەتىگەنلىك تاماقنى تېخى يېمىگەنلا شاھىم؟

— ۋە ئەلەيكۇم ئەسسالام، مەرھابا ئاغىچا، ئولتۇرۇڭ. مەن كەچلىك تاماقتا قايسى ئاغىچىنىڭ قېشىدا داخىل بولسام، ئەتىگەنلىك تاماقنىمۇ شۇ ئاغىچىنىڭ قولىدىن يەيدىغانلىقىمىزنى سىزگە مەلۇم ئەمەسمۇ؟ — خىرىلداپ كۈلدى سەئىدخان كىمخاپ كۆرپىدە باداشقان قۇرۇپ ئولتۇرۇپ.

خانىش كەينىگە يېنىپ ئىشىك تۈۋىدە كۈتۈپ تۇرغان كېنىزەكلەرگە تاماقنى ئېلىپ كىرىشنى بۇيرۇدى ۋە ئۆزى كەشمىرنىڭ يىپەك داستىخىنىنى سەئىدخاننىڭ ئالدىغا سالدى. كېنىزەكلەر كۆتۈرۈپ تۇرغان بىر پەتنۇس مېزە، پىيالە - چەينەك، سۈت، پىشۇرۇلغان تۇخۇم، قېتىق، ھەسەل،

قىرغاۋۇل گۆشىنى داستىخانغا قويدى. خانىش كېنىزەكلەرنى چىقىپ كېتىشكە بۇيرۇپ، ئۆزىمۇ ئولتۇردى، ئۇزۇن ئىككى ئۆرۈم چاچلىرى گىلەمگە يېيىلىپ، چەمبەر بولۇپ قالدى. ئۇ قىزىرىپ پىشقان ناننى ئوشتۇپ سەئىدخانغا سۇندى:

— شاھىم، بۇ ناننىڭ خېمىرىنى ئۆزۈم يۇغۇرغان، قېتىقىنىمۇ ئالىيلىرى ئۈچۈن ئۆزۈم ئۇيۇتقان، قىرغاۋۇل گۆشىنىمۇ ئۆزۈم دۈملەپ پىشۇرغان. يەپ باقسىلا، — خانىش ناز بىلەن سەئىدخانغا قارىدى، — چايىنىمۇ زەپەر سېلىپ ئۆزۈم دەملىدىم.

خانىش قېنىق دەملەنگەن بىر پىيالە چايىنى سەئىدخانغا تەڭلەپ كۈلۈمسىرىدى، چىرايى ئاپئاپتەك ئېچىلدى. ناننى بىر چىشلەپ داستىخانغا قويۇپ قويغان سەئىدخان پىيالىنى قولىغا ئېلىپ چايىنى سۇمۇردى.

— نان مەززىلىك، چېيىڭىز تەملىك بولۇپتۇ، — دېدى ئۇ تامىقىنى چىكىلدىتىپ.

— گۇلسىما سۇلتانبېگىمنىڭكىگە يەتمەيدىغاندۇ؟

بۇ مەنىلىك سوئال خانىنى ئويلاندۇرۇپ قويدى...

پاتىمە سۇلتانبېگىم مۇشۇ ئىككى يىلدىن بېرى سەئىدخانغا يېقىنچىلىق قىلىشقا باشلىغانىدى. ئۇ بۇنىڭدىن بۇرۇن رەھمەتلىك ئېرى ئەلىبەگنى تولا ئويلاپ، كۆنلەرنى نادامەت بىلەن ئۆتكۈزۈپ كەلگەنىدى. ئوغلى رۇستەمبەگدىن باشقا كىشىگە ئېچىلىپ سۆزمۇ قىلمايتتى. ئۇ دائىم «خۇدايا، خۇداۋەندە، زالىم پادىشاھ مىرزا ئابابەكرىنى قەتلى قىلغىنى ئۈچۈن ئېرىمنى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلغان سۇلتاننىڭ خوتۇنى بولۇشقا نىسىپ قىلغىنىڭ جازالىغىنىڭمۇ، مۇكاپاتلىغىنىڭمۇ؟ بۇنىڭدىن كۆرە جېنىمنى ئالساڭ بولماسمىدى؟» دەپ زارلايتتى. سەئىدخان بۇ لىۋەن چوكاننىڭ قايغۇسىنى يېنىكلىتىش ئۈچۈن، ئىختىيارىغا قويۇۋەتكەنىدى. ئېمىنى خالىسا شۇنى قىلدۇرۇپ بېرەتتى،

بولۇپمۇ ئوغلى رۇستەمبەگنى ئۆز ئوغلىدەك كۆرۈپ، ئالاھىدە غەمخورلۇق قىلدى. بەگ ئەتكىلەرنى تەيىنلەپ، شاھزادىلەردەك تەربىيىلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشتۈردى. بۇ ئىشلار گۈلسىما سۇلتانبېگىمنىڭ كۆڭلىگە كەلگەن بولسىمۇ، ئەھۋالنى ئۇققىنى ئۈچۈن كۆندەشلىك قىلمىدى.

سەئىدخاننىڭ نىكاھىدا تۆت خوتۇن ۋە لىۋەن چۆرىلەردىن يەتتە ـ سەككىزى بار ئىدى. چوڭ خوتۇنى گۈلسىما سۇلتانبېگىم ئىچ ـ باغرى كەڭ، ئاق كۆڭۈل ئايال ئىدى. ئىككىنچى خوتۇنى ئاينىگار سۇلتانبېگىم سەئىدخاننىڭ ھامىمىسى خوپ نىگار خېنىمنىڭ قەشقەر ھۆكۈمرانى مۇھەممەد ھۈسەيىن كوراگاندىن بولغان قىزى ئىدى، سېيىت مۇھەممەد مىرزا ئانا باشقا، ئاتا بىر ئاكىسى مىرزا ئابابەكرىدىن يۈز ئۆرۈپ تاشكەنتكە بارغاندا ئاينىگار خېنىمنى ئېلىپ بارغان، سەئىدخان كابۇلدىن ئەنجانغا كەلگەندە، مۇھەممەد سەئىد مىرزىنىڭ سايە قىلىشى بىلەن ئۇنى ئەمرىگە ئالغانىدى. سۇلتان يۇنۇسخاننىڭ نەۋرىسى بولغان بۇ خېنىم دېھقان قىزى بولغان گۈلسىماغا پەرۋا قىلمايتتى. ئۆزىنى چوڭ خوتۇن ھېسابلاپ، ئوردا ئىشلىرىغىمۇ ئارىلىشاتتى. سەئىدخاننىڭ پاتىمە سۇلتانبېگىمگە كۆڭۈل بۆلۈپ، ئۇنىڭ ئوغلىنى ئەتىۋارلاپ كېلىۋاتقىنىدىن نارازى ئىدى.

سەئىدخاننىڭ ئۈچىنچى خوتۇنى مىرزا ئابابەكرىنىڭ كىچىك خانىشى پەخرىنىسا سۇلتانبېگىم ئىدى. ئۇ مىرزا ئابابەكرى قولىدا قەتلى قىلىنغان خوتەن شاھى قۇلنەزەر مىرزىنىڭ قىزى بولۇپ، تىككۈچىلىك ئىشلىرىغا ماھىر، ئۆكتەم، ھازازۇل چوكان ئىدى. ھەممە ئىشنى يىغا بىلەن ھەل قىلاتتى. سەئىدخان بۇ يېتىم خوتۇنىنىمۇ ئاياپتتى.

پاتىمە سۇلتانبېگىم يەركەنلىك مەشھۇر سازەندە ـ مۇغەننى ھەبىبۇللا تەمبۇرنىڭ قىزى ئىدى. مىجەزى خۇشخۇي، ساھىبجامال بولۇپ، داپ، ساتارنى ئوبدان چالاتتى، بولۇپمۇ

ئاتىسىدىن ئۆگىنىۋالغان مۇقام غەزەللىرىنى يېقىملىق ئۈنى بىلەن لەرزان ئېيتىپ، كىشىلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلالايتتى...

سەئىدخان خىيالدىن باش كۆتۈرۈپ خىجىل بولۇپ قالغان پاتىمە سۇلتانبېگىمگە دېدى:

— گۈلسىما سۇلتانبېگىم ئۇزۇن سەپەرلەردە ھەمراھ بولغان ۋاپادار مەھبۇبەم. ئۇ سىزگە خەيرىخاھ، ئۇنىڭ بىلەن يېقىن ئۆتكەيسىز.

پاتىمە سۇلتانبېگىم ئورنىدىن تۇرۇپ گەپ قىلىپ تاشلىغىنىنى بىلىپ لېۋىنى چىشلىدى:

— شاھىم كەچۈرگەيلا، بىئەدەبلىك قىلىپ قويۇپتىمەن، كۆڭۈللىرىگە ئالمىسىلا.

سەئىدخان باش لىڭشىتىپ كۈلدى:

— سىز چوڭ - كىچىك خانىش، چۆرە، ئاغىچىلار بىلەن ئەپ ئۆتسىڭىز، مەن رازى بولىمەن.

— باش ئۈستىگە شاھىم، مەندەك بىر ئاجىزەنىڭ بېشىنى سىلاپ، مەرتىۋەمنى ئۈستۈن قىلدىلا، قىلغان ياخشىلىقلىرىغا ئوغلۇم رۇستەمبەگ چوقۇم جاۋاب قايتۇرىدۇ، پىداكارلىق بىلەن خىزمەتلىرىنى قىلىدۇ، ئۈمىدىم شۇ، — دېدى قارا كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش تۆكۈلگەن خانىش.

— يىغلىماڭ، قىلغانلىرىغا جاۋاب قايتۇرۇشنى تەلەپ قىلغان ئادەم مۇرادىغا يېتەلمەيدۇ خانىش، سىز مېنىڭ خاتۇنۇم، شۇڭا قانچە قىلسام ئەرزىيدۇ.

— رەھمەت شاھىم، — ئورنىدىن تۇرۇپ يەرگىچە ئېگىلدى پاتىمە سۇلتانبېگىم ۋە تاش ئەينەك يېنىغا ئىسسىقلىق دۇتتارنى ئېلىپ كېلىپ ئولتۇردى، — مەن ئاتامدىن ئۆگەنگەن بىر غەزەلنى ئوقۇپ بەرسەم، ئاڭلامدىلا شاھىم؟

— مەن نەغمە، غەزەلگە خۇشتار ئاغىچا، كۆڭلۈم ھېچ نەرسە بىلەن ئاچىلمىسا، نەغمە - غەزەل بىلەن ئاچىلۇر، مەرھابا.

www.uyghurkitap.com

پاتمە سۇلتانبېگىم دۇتتارنى سازلاپ چېلىپ، ناۋايىئىنىڭ
بۇ غەزىلىنى ئوقۇدى.

باغ مېنىڭدەك سارغىيىپ، بۇلبۇل مېنىڭدەك بولدى لال،
ئەيتىدۇ مۇنداغ ئىمىش، بىرگۇلدىن ئايرىلغانغا هال.

يەردىكى ياپراق ئەگەر بولسا ئىدى دەسسەلمىگەن،
مەن كەبى بولغايمىدى يۈزى سېرىق، كۆز ياشى ئال.

سۇغا چۈشكەن قىپقىزىل گۇللەرنى كۆرگەن هەركىشى،
كۆز يېشىم ئىچرە جىگەرنىڭ پارچىسىن ئەيلەر خىيال.

شاهى مەجنۇندۇر يالاڭغاچ ناله قىلغان ئاھ ئۇرۇپ،
بەرگى لەيلىدۇركى نەشتەر ـ يىڭنە بىرلە چەكتى خال.

هەجر ئارا ئاهىمغا باقماي باردى، ئەمما مىڭ شۇكۇر،
يەتكۈزەلمەسكەن زەرەرلەر سەرۋىگە كۆزكى شامال.

......................................

— مانىھ! ئاغىچا، غەزەلخان ئىكەنسىزغۇ، دۇتتارنىمۇ شۇنداق ياخشى چالدىڭىز، — سەئىدخان دۇتتارنى يېنىدا قويۇپ، چاي سۇنغان پاتمە سۇلتانبېگىمگە ئىللىق نەزەر تاشلىدى، — دەردىڭىزنى، كۆڭلىڭىزنى چۈشەندىم ئاغىچا، قالتىس ئايال ئىكەنسىز، ئەمىرىمگە ئېلىپ توغرى قىلغان ئىكەنمەن.

شۇ ئارىدا تۇيۇقسىز ئىشىك چېكىلدى.

— كىرىڭ، — سەئىدخان خالىمىغاندەك بىر قىياپەتتە قاپىقىنى تۇردى. ئوبۇل ئەلاخان كىرىپ تىز پۈكتى:

— شاهىم، ئىشىك ئاغىسى مىرزا ئەلى تاغايى، بەدەخشان پادىشاهىنىڭ ۋەزىرى ئەمىر مىربەگ مۇھەممەدنىڭ كەلگىنىدىن

ئالىيلىرىنى خەۋەرلەندۇرۇشۇمنى ئېيتتى.

— خەۋەر تاپتى، دە.

— خوپ شاھىم، — ئوبۇل ئەلاخان ئارقىسىچە مېڭىپ چىقىپ كېتىۋىدى، پاتىمە سۇلتانبېگىم قاقاھلاپ كۈلدى:

— ئەجەب پاكار ئادەم ئىكەن بۇ، ئۆزى بىر غېرىچ، سەللىسى ئۆزىدىن يوغان.

— ئۇنداق دېمەڭ ئاغىچا، — دېدى سەئىدخانمۇ كۈلۈمسىرەپ، — مەن ئۇنىڭ ھېكايىسىنى ئېيتىپ بېرەي: ئوبۇل ئەلاخاننىڭ دادىسى ئوبۇل ھەسەنخان خوتەن پادىشاھى قۇلنەزەر مىرزىنىڭ خاس مەھرىمى ئىكەن. مىرزا ئابابەكرى قۇلنەزەر مىرزىنى خەنجەر ئۇرۇپ ئۆلتۈرگەندە، يېتىم قالغان ئوبۇل ئەلاخان دادىسىنىڭ قىساسىنى ئېلىش ئۈچۈن پەيت كۈتۈپ يىللارنى ئۆتكۈزۈپتۇ. بىزنىڭ لەشكەرلىرىمىز خوتەنگە يېتىپ بارغاندا، ئۇ مىرزا ئابابەكرىنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى ئېيتىپ ئالدىمغا كەلگەنىكەن، شۇنىڭدىن بېرى خاس مەھرىمىم بولۇپ ساداقەت بىلەن خىزمىتىمنى قىلىپ كېلىۋاتىدۇ. ئۇنىڭ بىر قىز، بىر ئوغلى بار. خاتۇنىنىڭ بويى ئۇنىڭدىن بىر ھەسسە ئېگىز، ئۇ ناھايىتى لىۋەن ئايال. ئوغلى دادىسىغا، قىزى ئانىسىغا قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشايدۇ. ئوبۇل ئەلاخاننىڭ بويلۇق، تىمەن ئانىسىمۇ بار. ھازىرغىچە كېلىنىگە ياردەملىشىپ بەقەسەم، ئەتلەس توقۇيدۇ. ئوردىدىكى خانىش، چۆرە، كېنىزەكلەرنىڭ ئۇلار توقۇغان شايە، ئەتلەستىن كۆڭلەك كىيمىگىنى يوق، دېيەرلىك. ماڭىمۇ بىر تونلۇق بەقەسەم توقۇپ بەرگەنىدى، تون تىكتۈرۈپ قويدۇم، سىزگىمۇ بىر كۆڭلەكلىك ئەتلەس توقۇتۇپ بېرەي.

— رەھمەت شاھىم.

— ئاغىچا، دۇتتارنى ماڭا بېرىپ، كېنىزەكلەرنى شاراب ئەپكېلىشكە بۇيرۇڭ. غەزىلىڭىزنى ئاڭلاپ ئىچكىم كېلىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قالدى.

— باش ئۇستىگە شاھىم.

ئورغاقتەك ئەگمە قېشى سەل كۆتۈرۈلگەن پاتىمە سۇلتانبېگىم كەينىچە مېڭىپ بېرىپ ئىشىكنى ئېچىپ چىقىپ، دەھلىزدە ئولتۇرغان ئوبۇل ئەلاخان ئارقىلىق كېنىزەكلىرىنى چاقىرتىپ، ئېسىل شارابتىن بىر خۇمرا ئەكىرىپ بېرىشنى بۇيرۇپ قايتىپ كىردى ۋە سەئىدخاننىڭ يېنىغا كېلىپ تەزىمدە تۇردى.

ئىلگىرى خانىش، چۆرىلەرنىڭ قېشىدا زادىلا شاراب ئىچمەيدىغان سەئىدخان يېقىندىن بېرى ئىچىدىغان بولۇپ قالغانىدى. كەچتىلا ئىچىپ قالماستىن، ئەتىسى ئارامگاھ سارىيىدىمۇ ئىچەتتى. گۇلسىما سۇلتانبېگىم خاننىڭ شارابخور بولۇپ كېتىۋاتقىنىدىن چۆچۈدى ھەم ئەنسىربىدى. لېكىن، توسۇشقا جۈرئەت قىلالمىدى. ئايىمگار سۇلتانبېگىم بۇنىڭدىن ئانچە ئەجەبلىنىپ كەتمىدى، پەخىرنىسا سۇلتانبېگىم خوتەندىن ئەڭ ياخشى مەيزابلارنى ئەكەلدۈرۈپ، خاننىڭ كۆڭلىنى ئۆزىگە مايىل قىلىۋېلىش ئۈچۈن ئۇرۇنۇپ كۆرمەكچى بولدى.

پاتىمە سۇلتانبېگىم بولسا، شاھنىڭ بۇنچە شارابخور بولۇپ كېتىۋاتقىنىغا ھەيران قالغانىدى. «ئىلگىرى خان بۇنداق ئەمەس ئىدى، قانداق بىر دەرد ئۇنى بۇنداق كۆپ ئىچىدىغان قىلىپ قويغاندۇ؟» سەئىدخاننىڭ ئوردىغا چىقماي شاراب ئىچمەكچى بولۇۋاتقىنى ئۇنى بىئارام قىلدى، ئۇ «سۇلتانبېگىملەر نېمە دەپ قالار؟ يامان ئاتلىق بولۇپ قالىدىغان بولدۇم، ھېلىمۇ ئۇستۇمدە توقۇلغان گەپ، ئاز ئەمەس...» دەپ ئويلاۋاتاتتى.

— ئاغىچا، كۆڭۈل شېخىڭىزغا قانداق خىيال قونۇۋالدى؟ — مۇڭلىنىپ قالدىڭىزغۇ؟ — دېدى ئۇنىڭغا زەن سالغان سەئىدخان دۇتتارنى سۇنۇپ.

— تورغايلار سايراپ، كۆڭلۈمنى پاراكەندە قىلىۋاتىدۇ

شاھىم.

سەئىدخان بۇ گەپنىڭ تېگىگە يېتىپ سورىدى.

— مەن يېنىڭىزدا تۇرسام، يەنە نېمىشقا بىئارام بولىسىز ئاغىچا؟ تەشۋىشلەنمەڭ.

— ئوردىدا ۋەزىرلەر، ئەمىرلەر، ئۆلىمالار ئالىيلىرىنى كۈتمەكتە. سۇلتان بېگىملەرنىڭمۇ كۆزى ئەلھال مۇشۇ سارايغا تىكىلگەن، — دېدى پاتىمە سۇلتانبېگىم خۇمارلىق كۆزلىرىدىن ياش ئەگىتىپ.

— بىلىمەن، — سەئىدخان قوللىرىنى ئۇزىتىپ، ئۇنىڭ ئالتۇن بىلەزۈك پارقىراپ تۇرغان بىلىكىدىن تۇتتى، — ئەنسىرەپ كەتمەڭ ئاغىچا، سىز مېنى مەھلىيا قىلىۋالدىڭىز، بۇنىڭدىن كېيىن ھەر ھەپتىدە ئىككى كېچە مۇڭلۇق غەرەللىرىڭىزنى ئاڭلاپ، كۆڭۈل دەردىمگە داۋا قىلسام بولامدۇ؟ چېھرىڭىزدە قايغۇ ئەمەس، تەبەسسۇم ئويناپ تۇرسۇن.

— بولمامدىغان شاھىم، رەھمەت، — ئورنىدىن قوپۇپ تەزىم قىلدى پاتىمە سۇلتانبېگىم، — لېكىن پېقىر، لولىلار[1] ئائىلىسىدىن چىققان ئاجىزە يېتىممەن. ئۇنداق قىلسىلا سۇلتانبېگىملەر، چۆرىلەر نېمە دەپ قېلىشار؟

— بولدى گەپ قىلماڭ. قارارىم ئۆزگەرمەيدۇ، — سەئىدخان پاتىمە سۇلتانبېگىمنى باغرىغا باستى.

ئۇ ئادەتتە ھەر ھەپتىدە ئىككى خوتۇنىغا، ئىككى ھەپتىدە بىر چۆرىگە ھەمراھ بولاتتى. بۇ ئۇنىڭ ئۆچۈن ئۆزگەرمەس نىزام ئىدى. ھالبۇكى بۇ نىزام بۇزۇلسا؟…

پاتىمە سۇلتانبېگىمنىڭ چىرايىدا كۈلكە، قارا كۆزلىرىدە ياش پەيدا بولغانىدى. ئۇ سۆز بىلەن ئەمەس، سۈكۈت بىلەن خانىنىڭ سۆزىگە قوشۇلمايدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

---

① لولىلار ـ سازەندىلەر دېگەن مەنىدە.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

— خالىمايدىغان ئوخشىمامسىز ئاغىچا؟ — خوتۇنىنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلگەن سەئىدخان ئۇنىڭ چاچلىرىنى سىلىدى.

— خالايمەن شاھىم، خالىمامدىغان. بۇنداق بولسا خانىش سۇلتانبېگىملەر نارازى بولۇپ قالارمىكىن، دەپ ئەنسىرەپ قېلىۋاتىمەن.

— مەن دېگەن پادىشاھ. شاراب ئىچىشىم، ئۆزۈم خالىغان خاتۇنۇمغا ھەمراھ بولۇشۇم دەخلىسىز.

پاتىمە سۇلتانبېگىم زۇۋان سۈرمەي، سەئىدخاننىڭ مەيدىسىگە بېشىنى قويۇپلا كۆتۈرۈپ نېرى سۈرۈلدى.

— ۋېيەي، ئىشىك چېكىلىۋاتىدۇ. كېنىزەكلەر شارابنى ئېلىپ كەلگەن چېغى.

پاتىمە سۇلتانبېگىم ئورنىدىن تۇرماقچى بولۇۋېدى، سەئىدخان ئولتۇرۇشقا ئىشارەت قىلىپ:

— كىرىڭ، - دېدى. دەقىقە ئۆتمەي بىر خومرا شارابنى كۆتۈرگەن ئوبول ئەلاخان كىرىپ تەزىم قىلدى.

— شارابنى قويۇپ دەرھال چىقىپ كەتكىن، ئەمدى مېنى ئاۋارە قىلغۇچى بولما.

— خوپ شاھىم...

پاتىمە سۇلتانبېگىم كۈمۈش جامغا لىپمۇ لىپ شاراب قۇيۇپ شاھقا تۇتتى. سەئىدخان شارابنى بىر كۆتۈرۈپلا ئىچىۋەتتى.

— ۋاھ ـ ۋاھ ـ ۋاھ، ئەجەب ياخشى شاراب ئىكەن ئاغىچا، مېنى بەك خۇش قىلىۋەتتىڭىز. يەنە بىر جام قۇيۇڭ.

شاھ قىرغاۋۇل گۆشىدىن بىر پارچە يەپ، ئىككىنچى جامنىمۇ بوشاتتى. ئىشىكنىڭ يەنە چېكىلىۋاتقىنىغا قۇلاق سېلىپ، قوشۇمىسىنى تۈردى.

— مېنى ئاۋارە قىلىشما — توۋلىدى ئۇ.

— شاھزادە كەلگەنىكەن، ئالىيلىرى بىلەن كۆرۈشمەكچى، — دەيدۇ، — ئىشىك كەينىدىن ئوبول

ئەلاخاننىڭ سىلىق ئۈنى ئاڭلاندى.

— شاھىم، شاھزادىنىڭ كەلگىنىگە قارىغاندا، مۇھىم خەۋەرنى يەتكۈزمەكچى بولسا كېرەك، — دېدى پاتىمە سۇلتانبېگىم يۆتكىلىپ ئولتۇرۇپ.

— قايسى شاھزادە؟ — ئۈنلۈك سورىدى سەئىدخان.

— پېقىر خان ئاتا، — ئابدۇرېشىتخاننىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى، — كىرسەم بولامدۇ؟

سەئىدخاننىڭ ئىشارىتى بىلەن پاتىمە سۇلتانبېگىم جام، خۇمرىنى تامغا چىقىرىلغان ئەينەكلىك ئىشكابقا سېلىپ يوشۇرۇپ قويدى - دە، شاراب ھىدى كېلىپ تۇرغان داستىخانغا ئەنبەر چاچتى.

— كىرگىن ئوغلۇم.

ئابدۇرېشىتخان كىرىپ قول قوشتۇرۇپ سالام قىلدى:

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم خان ئاتا، ئامان تۇردىلىمۇ؟

— خۇداغا شۈكرى ئوغلۇم، — سەئىدخان يەردىن كۆزىنى ئالماي، قورۇنۇپ تۇرغان ئوغلىغا سەپسېلىپ، يۈرىكى قىسىلغاندەك بولدى ۋە ئابدۇرېشىتخاننىڭ ئۆزىگە قارىمايۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، «ئاللا پېقىر قۇلۇڭنى كەچۈرگىن، شۇنداق ھايالىق پەرزەنت ئاتا قىلغىنىڭ ئۈچۈن شۈكرى» دېدى ئىچىدە.

— خان ئاتا، مەخدۇمى ئەزەم ھەزرەتلىرى كەلگەنىكەن، ئالىيلىرىنى ئوردىدا كۈتۈپ قالدى.

سەئىدخان بۇنداق چاغدا ئۇستازىنىڭ ئوردىغا كەلگىنىنى ئوغلىدىن ئاڭلاپ ئوڭايسىزلانغاندەك بولدى:

— مەن ھازىر چىقىمەن بالام، ئۇستازىمغا ئۆزرەمنى يەتكۈزۈپ قويغىن.

سەئىدخان يەردىن كۆز ئالماي چىقىپ كېتىۋاتقان ئابدۇرېشىتخانغا قارىغىنىچە ئورنىدىن تۇردى - دە،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

«ئەستاغپۇرۇللا، ئۇستازىم ئەجەب ۋاقىتتا كەپتۇ. نېمە ئىش بىلەن كەلگەندۇ؟ ئۆتكەن قېتىم كەلگەندە شاراب ئىچمەسلىكىم توغرىسىدا كۆپ نەسىھەت قىلىۋىدى. ئەمدى نېمە دەرمەن؟» دېگەن خىيال بىلەن كىيىملىرىنى كىيىشكە باشلىدى. پاتىمە سۇلتانبېگىم خانىنىڭ تونىنى كىيگۈزۈۋېتىپ شەلپەردەك قىزىرىپ كەتتى.

## 3

سەئىدخان دىۋانخانىغا كىرىپ ۋەزىر، ئەمىر، ئۆلىما، مۇنەججىملەرنىڭ ساقلاپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ خىجىل بولدى. ئۇ ساداقەت ۋە مېھرى - مۇھەببەت بىلەن تەزىم قىلىپ تۇرغان ئوردا ئەھلىگە جاۋاب سالام قايتۇرغان ھالدا، سۇلتان سارىيىغا قەدەم قويدى. ئۇنىڭ ئالتۇن تەخت ئالدىدا نامازغا تۇرغان مەخدۇمى نۇرانىغا كۆزى چۈشكەندە، بەكمۇ ئوڭايسىزلاندى. ئۇ كۆڭلىدە «ئۇستازىم پېقىرغا ئىنساپ تىلەپ، نامازغا تۇرۇپتۇ - دە. توۋبە ئىلاھە، شۇنچە چۈشكۈنلىشىپ، ئۆزۈڭدىن يىراقلىشىپ كەتكەن بولسام - ھە! جەڭ مەيدانىدىمۇ، يول ئۈستىدىمۇ، قەدەھ كۆتۈرگەندىمۇ، ياستۇققا باش قويغىنىمدىمۇ سېنى ئۇنتۇمىغىنىم ئۆزۈڭگە ئايان. گۇناھىمنى كەچۈرگىن» دەپ ئىلتىجا قىلىپ تۇرۇۋىدى، مەخدۇمى نۇرانى نامازنى ئوقۇپ، ئۇنلۇك دۇئا قىلىپ بولۇپ، ھاسىسىغا تايىنىپ ئورنىدىن تۇردى. قوللىرىنى كۆكسىگە ئېلىپ تۇرغان سەئىدخانغا سالام بەردى. سەئىدخان جاۋاب سالام قىلغاندىن كېيىن، مەخدۇمى نۇرانى سورىدى:

— ئالىيلىرى بىلەن يالغۇز سۆزلەشسەم بولامدۇ؟

— بولمامدىغان ئۇستاز، ئەلبەتتە بولىدۇ، — سەئىدخان ماقۇللۇق بىلدۈرۈپ، نېرىدىراق قول باغلاپ تۇرغان ئىشىك

ئاغىسىنى چىقىپ كېتىشكە ئىشارەت قىلىۋىدى، مىرزا ئەلى تاغايى ئارقىسىچە يېنىپ، سۇلتان سارىيىنىڭ ئالتۇن بوسۇغىسىدىن پۇتىنى سىرتقا ئېلىپلا ئىشىكنى ياپتى.

— بىر مەملىكەتنىڭ شاھ - سۇلتانى بولغان خان كۈن قىيام بولغۇچە تەخت ئۈستىدە بەرقارار بولمىسا، ئەلنى كۆزگە ئىلمىغانلىق بولمامدۇ، بۇنى ئاللا راۋا كۆرەرمۇ؟ — دېدى مەخدۇمى نۇرانى.

— پېقىر بىلمەي قاپتىمەن، بىلمەي قاپتىمەن، — دېدى سەئىدخان.

— شاھىم، تەختلىرىدە ئولتۇرسىلا، بۇ ئاللانىڭ ئىنتايىن ئاز بەندىلىرىگە قىلىدىغان ئاتاسى. بۇ زور ئىلتىپات ئۈچۈن جانابىي ئاللاغا مىڭلارچە شۈكۈر قىلىش كېرەككى، ھەرگىزمۇ مەغرۇرلىنىشقا بولمايدۇ، — مەخدۇمى نۇرانى ھاسىسى بىلەن تەختنى كۆرسىتىپ، سەئىدخاننى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى.

— بۇزرۇكۋار ھەزرەتلىرى تۇرغان يەردە تەختكە چىقىشىم ئەدەپسىزلىك بولىدۇ. مۇشۇنداق تۇرۇپ تەنبىھلىرىنى ئاڭلاش پېقىرغا شەرەپ ئۇستاز.

— ياق سۇلتان، ئاللا تەختتە ئولتۇرۇشنى ئالىيلىرىغا بۇيرۇغان، قېنى چىقسىلا.

سەئىدخان ئۇستازىنىڭ دەۋىتى بىلەن تەختكە چىقىپ ئولتۇردى.

— ئەمدى پېقىرنى قەھرىلىرى بىلەن ئۆلۈمگە بۇيرۇسىلا بولىدۇ، — دېدى مەخدۇمى نۇرانى، — چۈنكى، پېقىر ئۆزۈمنى چاغلىماي زىتلىرىغا تېگىپ قويدۇم.

— ھەرگىز بۇنداق دېمىسىلە ئۇستاز، ئۆلۈم ھۆكۈم قىلىنىدىغان كىشى ئۆزلىرى ئەمەس، گۇناھقا پېتىپ كەتكەن نالايىق سۇلتان.

— تەختتە ئولتۇرغانلىرىدا، يەر چاناپ، ئاشلىق تېرىۋاتقان

دېھقانلارنى، كېچىلىرى ئۇخلىماي قۇرئان تىلاۋەت قىلىپ، دەرس ئۆگىنىدىغان تالىپلارنى، يەردە ئولتۇرۇپ تەپەككۇر قىلىۋاتقان ئالىم، شائىرلارنى، قىزىق تونۇرغا باش تىقىپ نان ياقىدىغان ھۇنەرۋەن كاسىپلارنى، ئاتا - ئانىسىدىن ئايرىلىپ بويۇن قىسىپ قالغان يېتىم - يېسىرلەرنى ئۇنتۇپ قالمىسىلا، شاھىم. خاتالىق - سەۋەنلىكلىرىنى تەن ئالغانلىقلىرى ئۈچۈن ئاللا رەھمەت قىلسۇن، ئەگەر ئېيتقانلىرى چىن دىللىرىدىن چىققان سۆز بولسا، پېقىرنىڭ تۆۋەندىكى سوئالىمغا جاۋاب بەرگەيلا، — مەخدۇمى نۇرانى ئالدىغا بىر قەدەر مېڭىپ، تەختنىڭ بىرىنچى پايپىسىغا ھاسىسىنى تىرىدى.

— سورىسىلا ئۇستاز، راست سۆزلۇشۇمگە ئاللا مەدەت قىلغاي، — سەئىدخان ئورنىدىن تۇردى.

— ئولتۇرسىلا سۇلتانىم، ئولتۇرۇپ جاۋاب بەرسىلە، بىرىنچى سوئالىم، شاراب ھالالمۇ، ھاراممۇ؟

— ئەلبەتتە ھارام.

— ئۇنداق بولسا، بىر مۇسۇلمان ئېلىنىڭ خانى تۇرۇپ، نېمە ئۈچۈن ھارام نەرسىنى ئىستېمال قىلىشنى ئۆزلىرىگە راۋا كۆردىلە؟

سەئىدخان چېكىسىنى تۇتتى. بۇ سوئالغا ئۆزى ئېيتقاندەك راستچىللىق بىلەن جاۋاب بەرمىسە بولمايتتى. سەئىدخاننىڭ شاراب ئىچىپ كېلىۋاتقىنىغا يىگىرمە يىل بولغان بولسىمۇ، ئىلگىرى شارابقا ئۆزىنى بۇنچە ئۇرمىغانىدى. لېكىن، سەئىدىيە خانلىقى قۇرۇلۇپ، تەختكە ئولتۇرغاندىن كېيىن شارابقا بېرىلىشكە باشلىدى. مىرزا ئەلى تاغايى شىكاردىن قايتقاندا ئىچىلىدىغان شارابقا «شارابى ئارام» جەڭدىن يانغاندا ئىچىدىغان شارابقا «شارابى نۇسرەت»، باشقا ئەللەردىن كەلگەن مېھمانلارنى كۇتۇۋالغاندا ئىچىلىدىغان شارابقا «شاراب خۇررام» دەپ نام بەرگەنىدى. بۇنداق چىرايلىق ناملار بىلەن ئاتالغان شارابنى

كىمنىڭ ئىچكۈسى كەلمىسۇن؟ ئۇردا ئەھلىنىڭ كۆپ قىسمى ئۇنىڭغا بېرىلگەنىدى. بولۇپمۇ سەئىدخان مۇشۇ ئىككى يىلدىن بېرى هارام ئىكەنلىكىنى ئېسىدىن چىقىرىپ قويغاندەك، شارابنى كۆڭلى تارتىپ ئىچىدىغان بولۇپ قالغانىدى... ئۇ شۇلارنى ئەسلەپ، نېمە ئۈچۈن شارابقا بېرىلگەنلىكىنىڭ سەۋەبى توغرىسىدا پىكىر يۈرگۈزۈپ دېدى:

— ئۇستازىم، پېقىرنى ئاللا يۈكسەك مەرتىۋىگە ئېرىشتۈرگەن چاغدا، ئۆزۈمنى ھەممىدىن ئۈستۈن چاغلاپ، ئىسلام يولىدا ئازغانلىقىم تۈپەيلى شارابقا بېرىلىپ كەتكىنىم راست. ئەلھال بۇ گۇناھىمنى ئۆزلىرى ماڭا تونۇتتىلا، بۇنىڭ ئۈچۈن ھەقتەئاللانىڭ جازاسى ماڭا ھەق.

— ئاللانىڭ كېرىمى كەڭ، شەپقىتى چەكسىزدۇر سۇلتانىم. ئاللا گۇناھى چېكىدىن ئاشقانلارنىمۇ جازالاشقا ئالدىراپ كەتمەيدۇ، گۇناھىنى تونۇغان، چىن دىلىدىن تۆۋبە قىلغان بەندىسىنى كەچۈرىدۇ، — مەخدۇمى نۇرانى سۆزدىن توختاپ بىردەم تۇرۇۋالدى. ئۇنىڭ ياغاق پېشانىسىدە بىر تۇرۇك پەيدا بولدى. تارالغان ئۇزۇن ساقىلىنى سىلاپ ـ سىلاپ قويدى. يېقىملىق چىرايى ئويچان تۈس ئالدى، ـ شاراب جانابىي رۇسۇلىللا زامانىسىدا ھارام قىلىنغان، بۇ «قۇرئان كەرىم» دە قەيت قىلىنغان. بۇنىڭغا شەك كەلتۈرگەن كىشى دىندىن چىقىدۇ.

سەئىدخاننىڭ چېكىسىدىن تەر، كۆزلىرىدىن ياش چىقتى. مەڭزىدىكى قىزىللىق يوقىلىپ، چىرايى سەبدەدەك سارغىيىپ كەتتى. ئاغزىغا گەپمۇ كەلمەي قالدى. ئۇ ئۇستازى ئالدىدا، ئاللاغا بەجاندىل تۆۋبە قىلىپ، بۇنىڭدىن كېيىن شارابنى قەتئىي ئىچمەسلىك، ئۇردىدا ۋە مەملىكەتتە شاراب ئىچىشنى مەنئىي قىلىش توغرىسىدا يارلىق چۈشۈرۈش قارارىغا كېلىپ، گويا ئېغىر تاشنى يەلكىسىدىن ئېلىپ تاشلىغاندەك يېنىكلەپ دېدى:

— مەن تۆۋبە قىلدىم ئۇستازىم. تۆۋبە مىڭ مەردە تۆۋبە. ئاللا تۆۋبەمنى قوبۇل قىلغاي، — سەئىدخان شاھانە تونىنىڭ ياقىسىنى چىڭ تۇتۇپ، گېلى سىقىلىپ تىنالمايۋاتسىمۇ قويۇۋەتمىدى. ئۇزۇن سۈكۈتتىن كېيىن قوللىرىنى ياقىسىدىن ئېلىپ سۆزىنى داۋام قىلدى، — ئۆزلىرى بىلەن دىدارلىشىپ ئۆتكۈزگەن مۇشۇ دەقىقىلەر ماڭا قانداش، دىنداش ۋە تەنداشلىرىم ئالدىدىكى بۇرچۇمنى تونۇتتى. ھارامنى ئۆزۈمگە ھالال ساناپ شاراب ئىچىپ، ھىدايەتتىن يۈز ئۆرۈپ، ئىنساپتىن چەتلىگەن ئىكەنمەن. خەزىنىنىڭ قۇرۇغدىلىپ قېلىشى بىلەن كارىم بولماي دۆلەتنىڭ، ئاۋامنىڭ بايلىقىنى بۇزۇپ - چېچىپ، پېقىرغا جان پىدا قىلغان، پېقىرغا ئۈمىد، ئىشەنچ بىلەن تاج كېيگۈزگەن قېرىنداشلىرىمدىن، يار - دوستلىرىمدىن، سەپداشلىرىمدىن يىراقلاپ، تېگى يوق ھاڭ تۈۋىگە بېرىپ قالغان ئىكەنمەن. بۇنىڭ ئۈچۈن قاتتىق ئۆكۈنىمەن. ئاللانىڭ ئىنايىتى بىلەن سىلى مېنى قۇتقۇزۇپ، ۋەتەنداشلىرىم ئارىسىغا قايتۇردىلا، تۆۋبە قىلىمەن، گۇناھىمنى ئاللادىن تىلەيمەن، خەلقىمگە رەھمەت ئوقۇيمەن، ئادالەتنى چىڭ تۇتىمەن.

سەئىدخان تېنىگە تىترەك ئولىشىپ، مەخدۇمى نۇرانىنىڭ قۇچىقىغا باش قويۇپ بۇقۇلداپ يىغلىدى. ئۇستازىمۇ ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي ئۇنىڭغا قوشۇلۇپ ياش تۆكتى.

— بىز ئىككىمىزنى ۋاقتى - سائىتىدە دىدار كۆرۈشتۈرگەن ئاللادىن مىننەتدارمەن سۇلتان، ئەمدى گەپ ئەمەلدە قالدى، ئەمەلسىز — ئىبادەت مېغىزسىز شاكالدەك پايدىسىزدۇر، ئەمەلسىز ۋەدە ئاللانى ئالدىغانلىقتۇر. شۇنى بىلىشلىرى كېرەككى، تۆۋبە سەمىمىي بولۇشى، سادىر قىلىنغان گۇناھ قايتىلانماسلىقى كېرەك. تۆۋبە قىلىپ، گۇناھدىن بىر يول قول ئۈزگەن بەندىسىنى ئاللا ئۆزى ھىدايەت تاپقۇزىدۇ. قەيت قىلىشنى زۆرۈر تاپىمەنكى، گەپ ئەمەلدە قالدى، گەپ ئەمەلدە

قالدى، بۇنى ئۇنتۇمىغايلا سۇلتان. جۇمە ۋاقتى بولۇپ قاپتۇ. ئەمدى قايتاي، — مەخدۇم نۇرانى ئۆرۈك ياغىچىدا ياسالغان قىزغۇچ، سىدام ھاسىسىنى بىلەن سەئىدخاننىڭ تىزىغا يېنىك ئۇرۇپ قويۇپ، ئىشىككە قاراپ ماڭدىيۇ، بىردىن توختاپ كەينىگە بۇرۇلدى، — سۇلتانىم، ئاللا ئىشتكەن لەۋزىلىرىدىن يانغان شۇ دەقىقە، پېقىرنىڭ يەركەن دىيارىدىن كەتكەن ۋاقتىم بولىدۇ. ئۇنتۇپ قالمىغايلا.

مەخدۇم نۇرانى شۇنداق دېدى - دە، ئىشىكتىن ئىتتىك چىقىپ كەتتى. سەئىدخان تەختتىن چۈشۈپ، سۇلتان سارىيىدىن ئوردا ئالدىغىچە چىقىپ، دۆلەت ئەركانلىرى بىلەن بىرگە، مەخدۇمى نۇرانى ھەزرەتلىرىنى ئۇزىتىپ قويدى.

— ۋەزىر - ۋۇزرا، ئەمىر - سەركەردىلەر، ئالىم - ئۆلىما، مۇنەججىم - ھۆكۈمالار، ھەربىرلىرىنى يولۇمغا قارىتىپ مالال قىلىپ قويغانلىقىمدىن ئەپسۇسلىنىمەن، ئەپۇ قىلىشسىلا. خۇدا خالىسا بۇنىڭدىن كېيىن ھەرگىز ئۇنداق بولمايدۇ. ناماز جۇمەگە بىرگە بارايلى، — سەئىدخان ئوردا ئەھلىگە خۇش نەزەر تاشلاپ قەدەم يۆتكىدى.

مىرزا ئەلى تاغاينىڭ چىرايى ئۆڭۈپ يەرگە قارىۋالدى.

— ئىلتىپاتلىرىغا رەھمەت سۇلتانىم، — دېدى باش ۋەزىر كۆڭلى تەسكىن تاپقان ھالدا. ئۇ سۇلتان بىلەن قاتارلىشىپ ماڭدى.

— مىرزا ھەيدەر ئاغا، بەدەخشان پادىشاھىنىڭ ۋەزىرى كەلگەنىكەن، كۆرۈشتىڭىزمۇ؟

ئاستا كېتىۋېتىپ سورىدى سەئىدخان. ئۇ ھەم تۇغقان، ھەم دوستى بولغان باش ۋەزىرنى ئۆزىگە يېقىن كۆرگەنلىكىدىن دائىم ئاغا، دەپ ھۆرمەتلەيتتى.

— يېرىم كېچىدە كەلگەنىكەن، ئوردا ئەمىرى خوجا شاھ مۇھەممەد ئۇ كىشىنى تەكىخانىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپتۇ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئەتىگەن ئۇختۇم، ئالىيلىرنى كۇتۇپ ئۇنىڭ قېشىغا بارالمىدىم. ۋەزىر قاناتبەگ ئۇنىڭ يېنىدا ئىكەن.

— ھە، — دېدى سەئىدخان خىيالغا چۆككەن ھالدا، — قارىغاندا ئۇ ۋەزىر خەۋەر ئېلىپ كەلگەن ئوخشىمامدۇ؟

— مىرزا ئەلى تاغايى بايا ماڭا، ئەمىر مىربەگ مۇھەممەد سۇلتاندىن باشقا كىشىگە دېگىلى بولمايدۇ، دەپ نېمە ئىش بىلەن كەلگىنىنى ئېيتمىدى، دېگەنىدى. ئالىيلىرنىڭ ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈشكە جۈمەدىن كېيىن ۋاقىتلىرى چىقارمۇ؟

— خۇدا بۇيرۇسا، مىرزا ھەيدەر ئاغا، كۆرۈشۈشتە سىزمۇ بىرگە بولىسىز.

ئۇلارنىڭ سۆزىگە سەما بولۇپ، ئارقىدا كېتىۋاتقان ئابدۇرېشىتخان ھەيدەر باغ تەرەپتىن كېلىۋاتقان رۇستەمبەگ بىلەن ئۈچ ئىنىسىگە كۆزى چۈشۈپ توختىدى.

## 4

سەئىدخاننىڭ تۆت ئوغلى بولۇپ، چوڭى ئابدۇرېشىتخان ئىدى. ئىككىنچىسى ئاينىگار سۇلتانبېگىمدىن بولغان ئىسكەندەر سۇلتان بولۇپ، ئابدۇرېشىتخاندىن ئىككى ياش كىچىك ئىدى. ئۈچىنچىسى گۈلسىما سۇلتانبېگىمنىڭ ئابدۇرېشىتخاندىن كېيىن تۇغقان بالىسى ئىبراھىم سۇلتان ئىدى، ئۇ ئىسكەندەر سۇلتاندىن بىر ياشلا كىچىك ئىدى، تۆتىنچىسى پەخرىنىسا سۇلتانبېگىمدىن تۇغۇلغان مۇھسىن سۇلتان بولۇپ، تېخى ئۆتكەن يىلى خەتنىسى قىلىنغانىدى.

خانغا ئۆگەي ئوغۇل بولغان رۇستەمبەگمۇ ئابدۇرېشىتخاندىن بىر ياش چامىسىدا كىچىك ئىدى. ئىككىسى گۈدەكلىك ۋاقتىدىن باشلاپ بىللە ئويناپ، بىر - بىرىگە ئىچىكىپ كەتكەنىدى. كەم سۆز، ئېغىر - بېسىق، تىرىشچان بۇ بالىغا سەئىدخانمۇ ئامراق

ئەندى، ئابدۇرېشىتخان قەيەرگە بارسا ئۇنى بىرگە ئېلىپ باراتتى. كۆڭلىگە كەلمىسۇن، دەپ ئىشقىمۇ بۇيرۇمايتتى. ئەمما، رۇستەمبەگ خانىنىڭ ئۆز بالىسى ئەمەسلىكىنى بىلگەچكە، ئۆزىنى ئاياپ، ھەممە ئىشتا ئابدۇرېشىتخانغا يول قوياتتى. ئۇلار ئىناق ئۆتەتتى. بىرلا ئىسكەندەر سۇلتان ئۇنىڭغا سوغۇق مۇئامىلە قىلاتتى. كۆزگە ئىلمايتتى، بىرگە ئوينىمايتتى. ئىبراھىم سۇلتان بىلەن مۇھسىن سۇلتانلار بولسا ياۋاش، نېمە دېسە ماقۇل دەيدىغان رۇستەمبەگنى ئاكىسىدەك كۆرەتتى. ئۇلار خانلىق مەدرىستە ئوقۇيتتى. بۈگۈن جۈمە ـ ئارام ئېلىش كۈنى بولغاچقا، ھەيدەر باغقا بېرىپ، شائىر، مۇغەننىلەرنىڭ شېئىر، مۇزىكىلىرىنى ئاڭلاپ، ئوينىشىپ قايتىشقانىدى.

رۇستەمبەگ ئۆزلىرىگە قاراپ كېلىۋاتقان ئابدۇرېشىتخاننى كۆرۈپ، قەدىمىنى تېزلەتتى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ئاكا، — دېدى ئۇ قوللىرىنى كۆكسىگە ئېلىپ ئېگىلىپ.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام ئىنىم، ھەيدەر باغدا ئويناپ كەلدىڭلارمۇ؟

— شائىر ئاغىلارنىڭ مۇشائىرىسىنى تىڭشاپ، مۇغەننىلەرنىڭ مۇسىقىلىرىنى ئاڭلاپ، ئاندىن قېيىقتا ئولتۇرۇپ كۆلدە ئوينىدۇق. سىلى بارمىدىلىغۇ ئاكا؟

— مەن ئوردىدا بولدۇم ئۇكام، — ئابدۇرېشىتخان سەل نېرىدا توختاپ قوللىرىنى كۆكسىگە ئېلىشقان ئىنىلىرىگە كۈلۈمسىرەپ باقتى.

— يۈرۈڭلار، ناماز ۋاقتى بولۇپ قالدى. مەسچىتكە تېزرەك بارايلى.

ئابدۇرېشىتخان ئىنىلىرىنى باشلاپ، ئاتىسى سالدۇرغان ئازنا مەسچىتىنىڭ گۈمبەز ـ پەشتاقلىق چوڭ دەرۋازىسىدىن كىردى. دىمىغىغا گۈپپىدە رەيھانگۈلنىڭ پۇرىقى ئۇرۇلدى.

www.uyghurkitap.com

مەسچىت سەيناسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى كۆلدە لىپمۇ - لىق سۇ بار ئىدى. خادىملار ناماز ئوقۇيدىغانلارنىڭ تاھارەت ئېلىۋېلىشى ئۈچۈن ئونلىغان ئېۋرىقلارغا سۇ توشتۇرۇپ تۇراتتى. كۆلگە مەجنۇنتاللار سايە تاشلىغان، كۆلنىڭ ئىككى يېنىدا مەسچىت خانىقاسىغا بارىدىغان خىشلىق يول، يولنىڭ ئىككى قاسنىقىغا ياملارغا ئېلىنغان رەيھانگۈل قويۇلغانىدى. مەسچىتنىڭ شىمال، جەنۇب تەرىپىدە جارىپلار، تالىپلار يېتىپ - قوپىدىغان ھۇجرىلار بار ئىدى. ھۇجرىلارنىڭ ئالدى كۆتۈرۈپ سېلىنغان سۇپا بولۇپ، بۇ يەردىمۇ ناماز ئوقۇلاتتى.

ئابدۇرېشىتخان ئىنىلىرى بىلەن تاھارەت ئالغاندىن كېيىن، ئىنىلىرىنى باشلاپ، رەيھاننىڭ خۇش ھىدى قاپلىغان يول بىلەن مېڭىپ، كەگرەك ئېلىنغان خىش پايە ئارقىلىق ئۈچەت - بۇچېتى پېشايۋانلىق كايىۋانغا چىقتى. يۈزلىگەن تۈۋرۈكلەر كۆتۈرۈپ تۇرغان پېشايۋاننىڭ ناۋا، تورۇسلىرىغا رەڭگارەڭ نەقىش چېكىلگەچكە ناھايىتى كۆركەم كۆرۈنەتتى. كايىۋان پېشايۋىنىنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدىكى مېھراپقا چىقىرىلغان نەپىس ياغاچ ئويما دېرىزىگە قارىغان ئابدۇرېشىتخان خانىقانىڭ ئالدىنقى رېتىدە مەخدۇمى نۇراننىڭ يېنىدا ئولتۇرغان ئاتىسىنى كۆردى. سەئىدخان پۈتۈن ئىخلاسى بىلەن ئاللاغا سېغىنىپ، سۇكۇتكە چۆمگەنىدى. شاھزادە ئىنىلىرى بىلەن ئاتىسىنىڭ كەينىدىكى سەپتىن جاي ئالدى...

جۈمەدىن كېيىن جامە ئالدىغا چىققان سەئىدخان يۈزلىگەن شاگىرتلار ئارىغا ئېلىۋالغان مەخدۇمى نۇراننى ھۆرمەت بىلەن ئۇزىتىپ قويدى. باياتىن ئالدى - كەينىگە ئۆتۈپ گەپ تەمە قىلىپ تۇرغان مىرزا ئەلى تاغايىغا قاراپ:

— ئىشىك ئاغىسى، ئوردا ئاشخانىسىغا كىشى ئەۋەتىپ، پولو ئېتىشنى بۇيرۇڭ، ھەممىمىز بىرگە غىزالىنىمىز، — دەپ بۇيرۇدى.

— باش ئۇستىگە شاھىم. يەنە قانداق تەييارلىقلارنى قىلساق بولار؟ — خاننى چېكىپ باقتى مىرزا ئەلى تاغايى شاھنىڭ شاراب توغرۇلۇق نېمە دەيدىغانلىقىنى بىلگۈسى كېلىپ.

— پولو بىلەن غىزالانساق كۇپايە، باشقا ھېچنەرسە كېرەك ئەمەس ئىشىك ئاغىسى، غىزادىن كېيىن قايتىپ دەم ئېلىمىز. پېقىر مىربەگ مۇھەممەد بىلەن كۆرۈشمەن.

— خوپ شاھىم، مىرزا ئەلى تاغايى كەينىچە ئاستا مېڭىپ يىراقلاشتى. سەئىدخان شۇ چاغدا ئۆزىگە قاراپ كېلىۋاتقان قاناتبەگنى كۆردى. ئۇنىڭ يېنىدا، قارامتۇل، دوغىلاق، سىپىز، كۇلاھىغا سەللە ئورىغان، شايە تونلۇق بىر كىشىمۇ بار ئىدى. سەئىدخان «بەدەخشان پادىشاھىنىڭ ۋەزىرى ئۇنىڭ بىلەن بىرگە ئىكەن، غەمكىن كۆرۈنىدۇ» دەپ ئويلاپ تۇرۇۋىدى، ئۇلار كەلدى.

— شاھىم، ئاللا مەرتىۋىلىرىنى ئۇستۈن قىلغاي، — دېدى مىربەگ مۇھەممەد، — ئالىيلىرىنى كۆرۈپ بەك خۇش بولدۇم.

— مەنمۇ خۇش بولدۇم مىربەگ. غىزادىن كېيىن تەختخانىدا سۆزلىشەيلى.

— خوپ شاھىم.

سەئىدخان ئوردا تاماقخانىسىدىن ئۇدۇل تەختخانىغا باردى. ئۇنىڭ بىلەن ئابدۇرېشىتخان، مىرزا ھەيدەر كوراگان، مىرزا ئەلى تاغايى بىرگە ئىدى. تەختخانىنىڭ مېھمان كۈتۈش زالىغا كىرىشتى. ئەمىر مىربەگ مۇھەممەد ۋەزىر قاناتبەگ بىلەن كۈتۈپ ئولتۇراتتى.

— خوش ۋەزىر، نېمە خەۋەرلەرنى ئېلىپ كەلدىڭىز؟

— ئالىيلىرى، مىرزىخان ئۆزلىرىدىن يۈز ئۆرۈدى، — دەپ گەپ باشلىدى مىربەگ مۇھەممەد گەدىنىدىكى تەرىنى ئېرتىپ، — ئۇ سۇلتان سەئىدخاننىڭ يارلىقى دەپ، ئۆتكەن يىلدىن بېرى باج - سېلىقنى ئىككى ھەسسە كۆپەيتتى. نۇرغۇن

ياشلارنى مەجبۇرى نۆكەرلىككە ئېلىپ، لەشكەر سانىنىمۇ بىر ھەسسە كۆپەيتتى. ھە دېسە «بۇ دېگەن سەئىدخاننىڭ پەرمانى، مەن ئىجرا قىلمىسام بولمايدۇ» دەپ، جەمەتى ئۈچۈن بەدەخشان دىيارىدا ئالتە باغ بىنا قىلدۇردى، يېڭىدىن ھەشەمەتلىك ئوردا ياساتتى. ئەمىر، سەردارلارغا «سەئىدخان مىرزا ئابابەكرىدىن قېلىشمايدىغان زالىم ئىكەن. ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن قۇتۇلمىساق، ئېغىر باج - سېلىقتىن قۇتۇلالمايمىز» دەپ ئالىيلىرىنى يامان كۆرسىتىپ، بەدەخشاننى مۇستەقىل سورىماقچى بولۇۋاتىدۇ، پادىشاھ بايۇر مىرزا يېنىغا بېرىپ ئالىيلىرىنى يامانلاپ، مەدەت تىلەپ كەلدى. ئىش بۇ يەرگە يەتكەندە قول قۇشتۇرۇپ قاراپ تۇرۇشنى ئاسىيلىق ھېسابلاپ، ھۇزۇرلىرىغا ئەھۋال مەلۇم قىلغىلى كەلدىم. مىرزىخانغا ئەقىل جەھەتتىن ئاجىز كەلگەنلىكىم - يارامسىزلىقىم، ئۈمىدلىرىنى ئاقلىيالمىدىم. قانداق جازا بەرسىلە پېقىرغا ئۇۋال بولمايدۇ.

مەخدۇمى نۇرانىنىڭ يۈرەككە تېگىدىغان نەسىھەتى بىلەن ئوي - پىكىرلىرى قوزغىلىپ كەتكەن سەئىدخان مىربەگ مۇھەممەدنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ، چىرايى بۇلۇتلۇق ئاسماندەك تۇتۇلدى.

— مىربەگ! — دېدى ئۇ زەردە بىلەن، - خانلىقىمىزدىن يۈز ئۆرىگەن مىرزىخان تۇرسا، مېنى جازالا، دەيسىزغۇ؟ ۋەزىر قىلىپ ئۇنىڭ يېنىغا ئەۋەتكىنىمدە، سىزدىن دائىم خۇشخەۋەر ئاڭلاپ تۇرىمەن، دەپ ئويلىغانلىقىم راست. ئەمما، مۇنداق ناخۇش خەۋەر ئېلىپ كېلىشىڭىز خىيالىمغا كەلمىگەنىدى. ئېيتىڭا، مىرزىخان شۇنچە يامان كۆرگۈدەك نېمە يامانلىق قىلىپتىمەن؟ بىقىندى، قوغلاندى، سەرگەردان بولۇپ يۈرگەن مىرزىخاننى ھامامنىڭ ئوغلى ئىكەن دەپ، بەدەخشانغا پادىشاھ قىلىپ قويغىنىمنىڭ جاۋابىمۇ بۇ؟ سىز ئەنجاندىن ماڭا قوشۇلۇپ ساداقەت بىلەن خىزمەت قىلغان سەركەردە تۇرۇقلۇق، بۇنداق

بىجىم بوشلۇق قىلىسىڭىز ئاچچىقلانمامدىمەن؟ نېمە قىل دەيسىز ئەمدى؟!

مىربەگنىڭ چىرايىلا ئەمەس، بويۇنلىرىمۇ قىزىرىپ كەتتى. لېۋىنى قاتتىق چىشلىدى.

— شاھا، ئوبدان گەپ قىلدىلا. مىرزىخاننى يېتەكلەش ۋەزىر مىربەگ مۇھەممەدنىڭ ۋەزىپىسى ئىدى. ھالا ئۆزى قېچىپ كېلىپ ئىشەنچىلىرىنى يەردە قويىدى.

تاغايىنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغان مىرزا ھەيدەر ساقىلىنى بىر سىلاپ قويىدى، ئۇنىڭ ئاچچىقى كەلگەنىدى.

— «ئويناپ سۆزلىسەڭمۇ، ئويلاپ سۆزلە» دېگەن ماقال بار ئىشىك ئاغىسى. مىرزىخاننىڭ بۇنداق بويۇنتاۋلىق قىلىشىنى ئەمىر مىربەگ مۇھەممەدتىن كۆرسەك، ئۇنىڭغا ئۇۋال قىلغان بولىمىز، ۋەزىرنىڭ پادىشاھقا مەسلىھەت بېرىشى مۇمكىنكى، ئۇنى يېتەكلىشى مۇمكىن ئەمەس، ئاخىرقى قارارغا كېلىش، ھۆكۈم چىقىرىش — پادىشاھنىڭ ئۆز ئەقلى بىلەن قىلىدىغان ئىشى. ئەمىر مىربەگ مۇھەممەد ئىلاجىسىز بۇ يەرگە كەلگەن تۇرسا، ئۇنى قارىلىساق نېمە ئىش ھاسىل بولىدۇ؟ — مىرزا ھەيدەر چېكىسىنى تۇتۇپ ئولتۇرۇپ كەتكەن سەئىدخانغا قاراپ سۆزىنى داۋام قىلدى، — سۇلتانىم، ئالىيلىرىنىڭ دېگەنلىرىمۇ ھەق، لېكىن بۇنى تەكشۈرۈپ كۆرۈپ، ئاندىن چارىسىنى قىلساق، ئەگەر ۋەزىر ئەمىربەگ جانابلىرىنىڭ ئېيتقانلىرى راست بولۇپ چىقسا، مىرزىخانغا قارشى لەشكەر ئەۋەتمىسەك بولمايدۇ. ئەگەر راست بولۇپ چىقمىسا ياكى نىسبى راست بولسا، داۋاگەرنى جازالاشقا توغرا كېلىدۇ. شاھا، ئىككى يىلدىن بېرى ئەۋەتىشكە تېگىشلىك بولغان سېلىقنى مىرزىخان ئەۋەتمىدى. بۇنىڭدىكى غەزەر نېمە؟ ئاچقۇچ مانا مۇشۇ يەردە.

— خان ئاتا، — دېدى بولۇۋاتقان گەپلەرنى مۇلاھىزە قىلىپ ئولتۇرغان شاھزادە تەمكىن ھالدا، — سېلىقنى ئېلىپ كېلىشكە

دەرھال كىشى ئەۋەتەيلى. مىرزا ھەيدەر ئاغام توغرا دېدى. ئەۋەتكەن كىشىمىزنى مىرزىخان ئاغام قارشى ئېلىپ سېلىقنى بەرسە، ئۇنىڭ باشقا غەرىزى يوقلۇقىنى بىلدۈرىدۇ، ئەگەر سېلىقنى بەرمىسە يامان غەرىزىنى ئاشكارىلايدۇ. ئەمىر مىربەگ مۇھەممەدنىڭ بۇ يەرگە كەلگىنىنى ۋاقتىنچە مىرزىخان ئاغامنىڭ بىلمىگىنى خوپ.

شاھزادىنىڭ پىكرىدىكى تەدبىر سەئىدخانغا ماقۇل كەلدى. ئۇ ئىككى يىلدىن بېرى ئاتىسىنىڭ دەۋتى بىلەن دۆلەت ئىشلىرى كېڭىشىگە، چەت ئەل ئەلچىلىرىنى كۈتۈۋېلىش سورۇنلىرىغا، ئەھۋالنى مۇھاكىمە قىلىش يىغىنلىرىغا قاتنىشىپ كېلىۋاتاتتى. چوڭ ئوغلى بولغان ئابدۇرېشىتخاننى ئۆز تەختىگە ۋارىس قىلىش ئارزۇسىدا بولغان سەئىدخان ئۇنىڭ ئەتراپلىق يېتىلىشىگە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلگەنىدى.

— ئوغلۇم، بەرگەن مەسلىھەتىڭ، كۆرسەتكەن تەدبىرىڭ ئېقىلگە مۇۋاپىق، نۆكەرلىرىڭ بىلەن بەدەخشانغا بېرىپ ئەھۋالنى ئىگىلەپ، سېلىقنى ئېلىپ كېلەلەمسەن؟ بۇ ۋەزىپىنى ساڭا تاپشۇرغۇم كېلىۋاتىدۇ.

— باش ئۈستىگە خان ئاتا. ئۆزلىرى تاپشۇرغان ۋەزىپىنى بەجانىدىل ئورۇندايمەن، — دېدى ئابدۇرېشىتخان دەس تۇرۇپ.

— ئەتە ئەتىگەن بامدات نامىزىنى ئوقۇپلا يولغا چىققىن.

ئابدۇرېشىتخان ئەتىسى سەھەردە ئاتىسىنىڭ دۇئاسىنى ئېلىپ، مەسلىھەتچىلىرى، خاس نۆكەرلىرى ۋە سىپاھلار بىلەن يولغا چىقتى.

# بەشىنچى باب

# يولۋاس چاڭگىلىدىن قۇتۇلۇش

## 1

سۇلتان سەئىدخاننىڭ شاراب ئىچمىگىنىگە بىر ئاي بولدى. بۇ بىر ئاي ئىچىدە زىياپەتمۇ ئۆتكۈزۈلمىدى، باشقا ئەللەردىن كەلگەن ئەلچى، مېھمانلارنى كۈتۈۋالغاندىمۇ شاراب ئىچىلمىدى. مەخدۇمى نۇرانى ھەپتىدە ئىككى قېتىم كېلىپ، سەئىدخانغا نەسىھەت قىلىپ تۇردى.

ھالبۇكى، سەئىدخاننى ھەركۈنى كەچقۇرۇن شاراب خۇمارى تۇتاتتى، بېشى گاراڭ بولۇپ ئۇزۇنغىچە ئۇيقۇسى كەلمەيتتى. ئۇيقۇسى كەلمىگەنسېرى شاراب ئىچكۈسى كېلىپ، مەيدىسى قىزىيتتى، كۆڭلى ئېلىشاتتى. شارابتىن باشقا ھېچ نەرسىنى دىلى تارتمايتتى، يۈرىكى سىقىلىپ ئىچى تىتىلدايتتى، ھەتتا خانىشلارنىڭ يېنىغىمۇ كىرگۈسى كەلمەيدىغان بولۇپ قالغانىدى. بۇنىڭدىن گۈلسىما سۇلتانىبېگىم ئەندىشىگە چۈشتى. «خان بۇنداق كېتىۋەرسە ئاغرىپ قالىدۇ، قانداق قىلغۇلۇق ئەمدى؟» دەيتتى ئاق كۆڭۈل بۇ خانىش، لېكىن قانداق قىلىپ شاھنىڭ ھالىغا يېتىشنى بىلمەي قالغانىدى.

ئايىنىگار سۇلتانىبېگىم بولسا خاننىڭ بۇ قىلىقىدىن خاپا بولدى: «شۇنداق چوڭ مەملىكەتنىڭ خانى تۇرۇپ، بەقەسەم

تونلۇق بىر مۇللىنىڭ گېپى بىلەن، پادىشاھ، سۇلتانلارغا تېگىشلىك بولغان راھەت ـ پاراغەتنى ۋاز كەچسە قانداق بولىدۇ؟ شارابتىن ۋاز كېچىپلا قالماي، خانىشلاردىنمۇ ئۆزىنى قاچۇرغىنى ساراڭلىققۇ. خان نېمىنى ئويلاپ بۇنداق قىلىۋاتقاندۇ؟» ئۇ بىر كۈنى مىرزا ھەيدەرگە ھال ئېيتتى:

— سىڭلىم، بىز بىر نەۋرە. مەن گەپنى يوشۇرماي ئېيتاي. خانىنىڭ شارابتىن قول ئۈزۈشى ـ ھەممىمىز ئۈچۈن زىيانلىق ئەمەس، پايدىلىق. ئۇنى ھازىرچە ئۆز مەيلىگە قويغىنىمىز ئوبدان. شارابتىن ۋاز كېچىش — بىر شارابخور ئۈچۈن ئېيتقاندا، شاھلىقتىن ۋاز كېچىشتىنمۇ قىيىن، بۇنى چۈشىنىشىمىز، ئۇنىڭغا ھېسداشلىق قىلىشىمىز لازىم. ئىنشائاللا، ئىرادىلىك ئىنىم سەئىدخان بەرداشلىق بېرەلەيدۇ، — دېدى مىرزا ھەيدەر ئايىنگار سۇلتانبېگىمگە ۋە خانىنىڭ ھالىغا يېتىش، ئوبدان كۈتۈش توغرۇلۇق مەسلىھەت بەردى. شۇنىڭ بىلەن بۇ خانىشنىڭ ئاغزى بېسىلغان بولدى.

پاتىمە سۇلتانبېگىم ئارام سارىيىغا تاماق ئېلىپ كىرگەندە شاراب ئىچىشكە دەۋەت قىلىۋىدى، سەئىدخان ئاچچىقلاپ تاماقنى يېمەيلا ئۇنى چىقىرىۋەتتى.

— ماڭا بۇنداق سۆزنى ئىككىنچى قىلماڭ خانىش، بۇنىڭدىن كېيىن تاماق ئېلىپ كىرگۈچىمۇ بولماڭ!

خانىنىڭ بۇنداق ئۆزگىرىپ كېتىشى پاتىمە سۇلتانبېگىمنى يەنە ھەسرەت دەرياسىغا غەرق قىلىۋەتتى. ئۇ ئۆتكەندىكىدەك ھېچكىمگە گەپ قىلماس بولۇۋالدى.

پەخرىنىسا سۇلتانبېگىم ھېچنېمە بولمىغاندەك كەشتە تىكىش بىلەن شۇغۇللىنىۋەردى. ئۇنىڭ، ئوغلى مۇھسىن سۇلتاندىن باشقا ياخشى كۆرىدىغان ئادىمى يوق ئىدى. دوپپا، كەشتىلىگەن كۆڭلەك، كىيىم ـ كېچەكلەرنى قاراپ ئولتۇرغۇدەك چىرايلىق قىلىپ تىكىپ ئوغلىغا كىيدۈرەتتى.

## 2

سەئىدخان ئارامگاھ سارىيىدا «قۇرئان كەرىم» نىڭ تەفسىرىنى ئوقۇپ ئولتۇراتتى. ئۇبۇل ئەلاخان كىرىپ، شاھزادە ئابدۇرېشىتخاننىڭ بەدەخشاندىن[1] قايتىپ كەلگەنلىكىنى مەلۇم قىلدى. «زۇپەر[2] قەلئەسىدە ئەجەب ئۇزۇن تۇرۇپ قالدى. نېمە ئىش بولغاندۇ؟» دەپ ئوغلىدىن ئەنسىرەپ كۆزلىرى يولدا بولۇپ قالغان سەئىدخان ئىتتىك ئورنىدىن تۇردى ـ دە، سورىدى:

— شاھزادە ئانىسىنىڭ يېنىدىمۇ؟

— ياق شاھىم، ساراي بوسۇغىسىدا تۇرۇپتۇ، — دېدى ئوبۇل ئەلاخان.

سەئىدخان ئالدىدا ئىگىلىپ تۇرغان خاس نۆكىرىنى ئاستا ئۆزىدىن نېرى سۈرۈپ سارايدىن چىقتى. ئاتىسىنى كۆرگەن ئابدۇرېشىتخان قول قوشتۇرۇپ تەۋەززۇ بىلەن سالام بەردى ۋە تىنچ ـ ئامانلىق سورىدى. شاھمۇ جاۋاب سالام قىلىپ، غۇلاچ كېرىپ بېرىپ، شاھزادىنى چىڭ قۇچاقلىدى.

ئۇنىڭ كۆزلىرى نەملەندى. خان ھەقىقەتەن بۇ دىيانەتلىك غەيۇر ئوغلىنى سېغىنغانىدى.

سەئىدخان ئوغلىنى سارايغا باشلاپ كىرىپ، يېنىدا ئولتۇرغۇزدى. ئوبۇل ئەلاخان چاي، گىزەك ئېلىپ كىردى.

— مىرزىخاننىڭ تاپتىن چىققانلىقى راستمىكەن ئوغلۇم؟ — چايدىن بىر ئوتلاپ سورىدى خان.

— راست ئىكەن خان ئاتا، — دېدى ئابدۇرېشىتخان چاينى قولىغا ئېلىپ.

— ئوغلۇم، سېنى ئويلاپ ئۇيقۇم كەلمىگەنسېرى كېچىلەرنى ئۇد، تەمبۇر چېلىپ تاڭغا ئۇلىدىم، ئاللادىن پاناھىدا ساقلىشىنى

---

① بەدەخشان ـ ئافغانىستاننىڭ بىر ئۆلكىسى، ئۇ چاغدا ئايرىم دۆلەتمۇ بولغان.
② زۇپەر ـ بەداخشاننىڭ پايتەختى.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

تىلەپ، دۇئا قىلدىم، قېنى سۆزلىگىن. بەدەخشاندا نېمىشقا مۇنچە ئۇزۇن تۇرۇپ قالدىڭ؟

ئابدۇرېشىتخان بېشىدىن ئۆتكەنلەرنى بىر باشتىن بايان قىلدى:

— خان ئاتا، مەن بەدەخشانغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن، مىرزىخان زۇپەر قەلئەسىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا ۋەزىر، ئەمىرلىرى بىلەن چىقىپ قىزغىن كۈتۈۋالدى، بىزنى ئوردا تەكىخانىسىغا ئورۇنلاشتۇردى. بۇنىڭغا قاراپ «ئەمىر مىربەگ مۇھەممەدنىڭ دېگەنلىرى يالغان ئوخشايدۇ» دەپ ئويلىغانىدىم، مىرزىخان تەكىخانىغا كەچتە كىرىپ، سىرتقا ئىختىيارىي چىقماسلىقىمنى، كىشىلەر بىلىپ قالسا ئۆلتۈرۈۋېتىشتىن يانمايدىغانلىقىنى تەكىتلەپ قورقۇتتى. مەن «شاھ ئاغا، بىزنى قورقۇتماڭ، بۇ يەرگە ئادەم تۇتقىلى كەلمىدىم، خان ئاتامنىڭ سالىمىنى ئېلىپ، سىزدىن هال سورىغىلى، ئاۋام بىلەن سىرداشقىلى كەلدىم. مەن چېقىلمىغاندىن كېيىن، ئاۋامۇ ماڭا چېقىلمايدۇ. سىزنىڭ گۇمانىڭىز ئارتۇقچە، ئەندىشە قىلىشىڭىزنىڭ هاجىتى يوق» دېدىم. مىرزىخان «سىز خاننىڭ چوڭ ئوغلى، سۈيىقەستكە ئۇچراپ قالسىڭىز نېمە دەپ جاۋاب بېرىمەن؟ سىزنى مۇهاپىزەت قىلمىسام بولمايدۇ» دەپ ئون نەچچە نۆكەر، ياساۋۇللانى تەكىخانىغا ئورۇنلاشتۇردى، ۋاهالەنكى ۋەزىرى مىربەگ مۇھەممەد توغرۇلۇق لام ـ جىم دېمىدى.

— مىرزىخان سۈيىقەستلىك هەرىكىتىنى يوشۇرىمەن، دەپ ئاشكارا قىلغىلى تۇرۇپتۇ ـ دە، كېيىن قانداق بولدى؟ — سورىدى سەئىدخان ئەھۋالنى تولۇق بىلىش غەرىزىدە.

— خان ئاتا، مىرزىخان بىزنى كۈتۈۋېلىپ تەكىخانىغا ئورۇنلاشتۇرغاندەك قىلغىنى بىلەن، ئەمەلىيەتتە نەزەربەنت قىلىپ قويدى. ئۇنىڭ ئەلپازىغا قاراپ، قارشىلىق كۆرسەتسەم، ئاقىۋەتنىڭ ياخشى بولمايدىغانلىقىنى بىلىپ يېتىپ: «سۇلتان

ئاغا، تەكىخانىدا تۇرىۋېرەمدىم؟ بەدەخشانغا مېڭىش ئالدىدا ھامىمىلىرى خوپ نىگار سۇلتانبېگىم مومام «بالام مىرزىخانغا سالىمىمنى يەتكۈز. ئۇنى سېغىندىم، كۆرگۈم كەلدى. بەدەخشان گۈزەل، ئەلۋەك يۇرت، سېنى مىرزىخان بالام ئوبدان سەيلە قىلدۇرسۇن»، دېگەنىدى. سۇلتان ئاغا، تەكىخانىدا ئولتۇرىۋەرسەم قانداق بولىدۇ؟ بەدەخشاننىڭ ئاۋات شەھەر ـ بازارلىرىنى، باغۇ بوستانلىرىنى كۆرەلمىسەم بۇ يەردە تۇرغىنىمنىڭ نېمە پايدىسى، ئۇنىڭدىن كۆرە پايتەختكە قايتىپ كەتكىنىم ياخشى ئەمەسمۇ؟» دېۋىدىم، مىرزىخان خىجىل بولغاندەك مىيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ: «بالام، ئۇياقتىن كېلىپ، بۇياقتىن كەتسىڭىز، سەئىدخان نېمە دەپ قالىدۇ؟ تەكىخانىدىن چىقماڭ دېمىدىمغۇ. ماقۇل، سىزنى مۇھاپىزەت قىلالايدىغان غەيۇر نۆكەرلەردىن بىرقانچىنى بېرەي، خالىغان يەرگە بېرىپ كۆڭلىڭىزنى ئېچىڭ، زۇپەر قەلئەسى ناھايىتى كۆركەم، شۇنداقلا سىرلىق قەلئە، قىز ـ چوكانلىرىمۇ ئاجايىپ لىۋەن» دېدى ئۇ.

رەھمەت ئېيتتىم، شۇنىڭ بىلەن تەكىخانىدا يەنە بىر كۈن ئارام ئېلىۋېلىپ، بەدەخشان دىيارىنىڭ يېزا، شەھەرلىرىنى ئارىلىدىم. ئۆزۈمنىڭ شاھزادىلىقىمنى ھېچكىمگە ئاشكارىلىمىدىم. بىر يولۇچى سەيياھ سۈپىتىدە ھۈنەرۋەن، كاسىپ، دېھقان، سودىگەرلەر بىلەن كەڭ كۆشادە پاراڭلاشتىم، سىرداشتىم. بەزى دېھقانلار «سەئىدخان ئادىل ئەمەس، زالىم پادىشاھ ئىكەن. سېلىقنى نەچچە ھەسسە ئېغىرلاشتۇرۇۋەتتى» دەپ شىكايەت قىلىشتى. مەن ئۇچراشقان كاسىپ ـ ھۈنەرۋەن، سودىگەرلەر باجنىڭ ئېغىرلىقىدىن قاقشاپ «پايدىنىڭ ھەممىسى باجغا كېتىپ، كۈن كۆچۈرمىكىمىز تەسلىشىپ كەتتى. بۇنىڭغا مىرزىخاننىڭ ئامالى يوق ئىكەن، ئۆز پۇقراسىدىن باجنى ئاز ئالاي دېسە، سەئىدخاننىڭ غەزىپىگە ئۇچراشتىن قورقىدىكەن،

پۇقرانى ئاياپ ھەتتا ئۆز مۈلكىدىنمۇ ئالتۇن، كۈمۈش ئاجرىتىپ پايتەختكە ئەۋەتىپ تۇرۇپتۇ. ئاڭلىساق خەزىنىمۇ قۇرۇقدىلىپ قالغانمىش» دېيىشتى. دەسلەپ ئۆزۈمنى ئاشكارىلاپ، مىرزىخاننىڭ سۈيىقەستىدىن ئاۋامنى ئاگاھلاندۇرۇپ قويماقچى بولدۇم. ئويلىنىپ كۆرگەندىن كېيىن، بۇنداق قىلىشىمنىڭ ياخشى ئاقىۋەت كەلتۈرمەيدىغانلىقىنى چۈشىنىپ: «سەئىدخان ئادالەتلىك سۇلتان، ھەرگىز سىلەر ئويلىغاندەك سىتەمكار ئەمەس، پات ـ ئارىدا بىلىپ قالىسىلەر» دېيىش بىلەن ئۆزۈمنى باستىم. مىرزىخان ئۆزىنىڭ زالىملىقىنى ئامالسىزلىقى بىلەن نىقابلاپ، ئۆزلىرىنى ئاۋامغا يامان كۆرسەتكىنى راست ئىكەن. ھەرقايسى يېزا ـ بازارلاردىن نۇرغۇن ئادەمنى نۆكەرلىككە ئالغانلىقىنى، ئۇلارنى مەشىق قىلدۇرۇپ تەربىيىلەۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدىم. ئاخىر قايتىش قارارىغا كېلىپ: «مىرزىخان ئاغا، ئىككى يىل بولدى، پايتەختكە ئەۋەتىلىدىغان سېلىق ئەۋەتىلمىدى، بىز ئېلىپ كەتسەك، خان ئاتام سادا ـ قىتىڭىزدىن مەمنۇن بولاتتى» دېدىم. ئۇ: «شاھزادە، سىز ھەممىنى ئۆز كۆزىڭىز بىلەن كۆردىڭىز، خەلق سېلىق تۆلىگۈدەك ئەھۋالدا ئەمەس. يەنە ئىككى يىل ئۆتسۇن، سۇلتان سەئىدخان ئاغامغا ئەھۋالنى ئەيتىڭ. مەن ئامالسىز، بۇ گەپ مۇشۇنداق بولسۇن، ئەمدى سىز يەنە ئىككى ھەپتە تۇرۇڭ، زۇپەر قەلئەسىنىڭ نازىنىنلىرى بىلەن كۆڭلىڭىزنى ئاچماي كەتسىڭىز، ئارماندا قالىسىز، سىزنى بۇنداق قۇرۇق قويۇپ بەرمەيمەن» دېدى. چىرايىنىڭ غەلىتە بولۇپ كەتكەنلىكىگە قاراپ، كۆڭلىدىكى سۆزنى قىلمايۋاتقانلىقىنى بىلدىم، ئۇ سۆزۈمنى ئاڭلىماي چىقىپ كەتتى. شۇ كۈنى كەچتە تېزرەك كېتىشنىڭ ئامالىنى ئويلاپ ئولتۇرسام، ناھايىتى چىرايلىق كېيىنگەن ئۈچ ساھىبجامال كىرىپ كەلدى. قارىغاندا تاللانغان كېنىزەكلەر بولسا كېرەك، بىرىنىڭ قولىدا داستىخان، بىرىنىڭ قولىدا خىلمۇ خىل

گېزەك، بىرىنىڭ قولىدا، نەپىس گۈل چېكىلگەن خومرا ۋە كۈمۈش جام بار ئىدى. ناز - كەرەشمە بىلەن سالام بېرىشتى. ئۇلارنىڭ نېمە ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى تۇيدۇم، غەزىپىم كېلىپ دەرھال چىقىپ كېتىشنى بۇيرۇدۇم، ئۇلار قاشلىرىنى ئېگىز - پەس قىلىشىپ ئۈندىمەي چىقىپ كېتىشتى. مىرزىخانىنىڭ قايتىشىمغا توسالغۇ پەيدا قىلىپ، نېمە ئۈچۈن ۋاقىتنى ئارقىغا سۈرۈۋاتقانلىقىنىڭ سەۋەبى توغرۇلۇق ئويلىنىپ، مۇنداق بىر ھەقىقەتنى بىلىۋالدىم: خان ئاتا، ئۆزلىرىنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالدىن بۇرۇنراق خەۋەر تېپىشلىرىنى ئۇ ئەسلا خالىمايدىكەن. بۇ كۆڭلۈمگە ئايان بولغاندىن كېيىن قانداق قىلىپ بولمىسۇن دەرھال قايتىش ئىرادىسىگە كەلدىم. بۇ توغرۇلۇق كېچىچە ئۇخلىماي باش قاتۇرۇپ چىقتىم. ئەتىگەن ناماز بامداتنى ئوقۇپ، غىزالىنىپ، ھەمراھلىرىمغا شىكارغا چىقىدىغانلىقىمنى ئۇقتۇردۇم. مىرزىخان بىزنى مۇھاپىزەت قىلىشقا بەلگىلىگەن نۆكەرلەرنىڭ باشلىقى ۋارىسبەگ: «بۇنىڭدىن پادىشاھ ئالىيلىرىنى خەۋەردار قىلمىساق بولمايدۇ» دېدى. «خەۋەردار قىلىڭ. خان ئاغام چوقۇم ماقۇل بولىدۇ. شىكار قىلماي كەتسەم قانداقمۇ بەدەخشانغا كەلگەندەك بولىمەن؟» دېدىم.

ئۇ بىر نېمە دېمەكچى بولدىيۇ، ئىككىلىنىپ قېلىپ گەپ قىلماي چىقىپ كەتتى. ماڭا ھەمراھ بولۇپ كەلگەن نۆكەر - ياساۋۇللارنىڭ باشلىقى خوجا ئەلىنى چاقىرىپ، دەرھال شىكارغا چىقىدىغانلىقىمنى بىلدۈردۈم. ئۇ مويسىپىت كۆپنى كۆرگەن سەردار بولغانلىقى ئۈچۈن ماڭا سەپسېلىپ كۆڭلۈمدىكىنى چۈشەنگەن بولسا كېرەك، ماڭا ھەمراھ بولۇپ كەلگەن قىرىق نەپەر نۆكەر - ياساۋۇللارنى تەكىخانىنىڭ گۈلزارلىق ھويلىسىدا سەپراست قىلدى. كۈتۈپ تۇرۇۋۇدۇق، ۋارىسبەگ كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ ئۆڭى ئۆچكەنىدى، چىرايىدىن جىددىيلەشكەنلىكى

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

چىقىپ تۇراتتى. مىرزىخاننىڭ پەرمانىنى ماڭا بەردى، پەرماندا «شاھزادە ئۆز بالامدەك، كۆڭلى قەيەرنى تارتسا، شۇ يەردە شىكار قىلسا، سەيلە ـ ساياھەتتە بولسا بولىدۇ» دېيىلگەنىكەن. ۋاقتىنى كېيىن سۈرۈشكە بولمايتتى. شۇ ھامان ئاتلىنىپ زۇپەر قەلئەسىنىڭ شەرقىي دەرۋازىسىدىن چىقىپ، توختىماي ماڭدۇق. بىر چاغدا ئارقىمىزدىن يېتىپ كەلگەن ۋارىسبەگ ئېتىنى تۇلپارىمغا يانداشتۇرۇپ: «شاھزادە، سىزگىلا ئېيتىمدىغان زۆرۈر گەپ بار ئىدى» دېدى.

مەن ئۇنىڭ جىددىيلىشىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ تۇلپارنى يانغا بۇرۇدۇم. ۋارىسبەگمۇ قاتارلىشىپ ماڭدى. «شاھزادە، مىرزىخان ئالىيلىرىنى قەتلى قىلىش ئۈچۈن يۈزدەك چەۋەندازنى ئالدىمىزدىكى جىرادا مۆكۈپ تۇرۇشقا ئەۋەتتى. ئۇ ئالىيلىرىنى شۇ جىرادا شىكار قىلىدۇ، دەپ ئويلىغان بولسا كېرەك. پېقىر، بىر چىغىر يولنى بىلىمەن. شۇ يول بىلەن پايتەختكە ئامان ـ ئىسەن يېتىپ بارالايلا» دېدى. مەن تازا ئىشىنىپ كېتەلمەي سورىدىم: «مىرزىخاننىڭ ئوردا نۆكىرى تۇرۇپ، نېمىشقا مېنى قۇتقۇزماقچى بولىسەن؟»، «مەن يەركەن خانلىق مەدرىسىدە ئوقۇغان، — دېدى ئۇ، — ئەمىر قۇلى بارلاستىنمۇ تەلىم ئالغان، سۇلتان سەئىدخان لەشكەرلىرى بىلەن بىر قانچە يۈرۈشلەرگە قاتنىشىپ يۈز بېشىمۇ بولغانىدىم. كېيىن خاننىڭ پەرمانى بويىچە ئەمىر مىربەگ مۇھەممەدكە ھەمراھ بولۇپ بەدەخشانغا كېلىپ، ئوردا ياساۋۇللار باشلىقى بولدۇم. شاھزادە، بىر نەچچە يىلدىن بېرى مىرزىخاننىڭ زالىم، ئىككى يۈز پادىشاھ ئىكەنلىكىنى بىلدىم. ئەمما، ئۆزۈمنى ئۇنىڭغا سادىق كۆرسىتىپ نېمە دېسە ماقۇل دەپ، پەيت كۈتۈپ تا مۇشۇ كۈنگىچە خىزمىتىنى قىلىپ كەلدىم»، مەن «گېپىڭ راستمۇ؟» دەپ كۆزىگە تىكىلىپ سورىدىم. «ئاللا گۇۋاھ» دېدى ئۇ ئۇدۇل قاراپ جاۋاب بېرىپ. «ئۇنداق بولسا سەن بىلىدىغان يول بىلەن باشلاپ ماڭ» دېدىم.

ئۇ بىزنى باشلاپ ماڭدى، بىر كىچىكدىن ئۆتۈپ تاغ باغرىغا چىقتۇق. چىغىر يول بىلەن يۈرۈپ خەتەرلىك بىر داۋاندىن ئۆتتۇق. كېچە - كۈندۈز توختىماي مېڭىپ بابا چاشكا ۋاقتى بىلەن پايتەختكە يېتىپ كەلدۇق.

— يولۋاس چاڭگىلىدىن پاراسەت ئىشلىتىپ قۇتۇلۇپسەن ئوغلۇم، بارىكاللا! ۋارىسبەگمۇ كەلدىمۇ؟ — دېدى خان.

— ياق، كېلەلمىدى. ئۇ «مەن ئالىيلىرى بىلەن بىرگە كەتسەم، خاتۇن - باللىرىمنى مىرزىخان ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ. نۆكەرلىرىم بىلەن پۈت - قولۇمنى چىڭ باغلاپ يول چېتىغا تاشلاپ كەتكەيلا» دەپ ئەپسۇسلاندى. دىگىنىدەك قىلدۇق خان ئاتا.

— مىرزىخان ئىچى تار، كۆزى كىچىك، باغرى تاش ئادەم ئوغلۇم. ۋارىسبەگنىڭ كۆڭلى ياخشى، دىلى بىلەن تىلى ئوخشاش ئىكەن. تەقدىرىدىن ئەنسىرەپ قالدىم، خۇدا ئامان قىلغاي.

— خان ئاتا، — دېدى ئابدۇرېشىتخان تەۋەززۇ بىلەن، — پېقىر ئوغۇللىرى تېخى نادان — ئۆزلىرىگە مەسلىھەت بەرگۈدەك بولمىدىم. شۇنداقتىمۇ مۇنداق ئويۇمنى ئۆزلىرىدىن يوشۇرغۇم يوق. ئەمىر مىربەك مۇھەممەدنى بەدەخشانغا خان قىلىپ يارلىق چۈشۈرسىلە، خانلىقىمىز پارچىلىنىشتىن ساقلىنىپ قالغۇسى، ئۇ لەشكەر تارتىپ بارسا مىرزىخان بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ.

— شۇنداق بولغاي ئىنشائاللا. ئوغلۇم، ياخشى، پايدىلىق مەسلىھەت چوڭقۇر خىيالدىن توغۇلىدۇ. توغرا دېدىڭ. مىربەگنى لەشكەر بىلەن بەدەخشانغا ئەۋەتەي.

سەئىدخان پېشىن نامىزىدىن كېيىن سۇلتان سارىيىغا چىقىپ بۇ يارلىقنى چۈشۈردى:

«بەدەخشان خانى مىرزىخان ئۆز نەپسىگە چوغ تارتىپ، خانلىقىمىزنى پارچىلاش قەستىدە بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئورنىغا ئەمىر مىربەگ مۇھەممەدنى خان قىلىپ تەيىنلىدىم.

سەئىدىيە خانلىقىنىڭ سۇلتانى

سەئىدخان. ھىجرىيە 925 ـ يىلى ماھى شەئىبانىنىڭ 18 ـ كۈنى»

مىربەگ مۇھەممەد بۇ يارلىقنى ئېلىپ ئۈچ مىڭ نۆكەر بىلەن يولغا چىققان كۈنى مىرزىخان ئەۋەتكەن چاپارمەن يېتىپ كەلدى. ئۇ ئېلىپ كەلگەن مەكتۇپنى مىرزا ئەلى تاغايى ئوقۇپ كۆلۈمسىرىدى. ئۆزىگە سەپسىلىپ تۇرغان باش ۋەزىر مىرزا ھەيدەرگە قاراپ، تەمتىرەپ قالدى ـ دە، باش لىڭشىتىپ قويۇپ سۇلتان سارىيىغا ئالدىراپ كىردى، سەئىدخانغا ئىككى قوللاپ مەكتۇپنى ئۇزاتتى.

— ئوقۇڭ، — دېدى سەئىدخان شۇم خەۋەر ئىكەنلىكىنى سېزىپ.

«سۇلتان سەئىدخانغا:

مەلۇم بولسۇنكى، بەدەخشان مەملىكىتى— بوۋامدىن ماڭا مىراس قالغان خانلىقتۇر. بىر نەچچە يىلدىن بېرى سىلىق تاپشۇرۇپ كەلگەنلىكىم ئالىيلىرىنى ئاغام سۈپىتىدە كۆرگەنلىكىم ئۈچۈن ئىدى. ئەمدى سىلىق تاپشۇرماي بۇ دىيارنى ئۆز ئالدىمغا سورىشىمۇ سىلىنى مەرھەمەتلىك قېرىندىشىم ساناپ، ئەزىزلىگەنلىكىمدىن بولدى، ئاللا ھەر ئىككىمىزنى ئۆز پاناھىدا ساقلاپ، تەختلىرىمىزنى بەرقارار قىلغاي.

بەدەخشان خانى مىرزىخان.

ھىجرىيە 925 ـ يىلى ماھى شەئىبانىنىڭ 10 ـ كۈنى»

— بەس! — دېدى سەئىدخان غەزەپكە كېلىپ، — لەشكەر تارتىپ بېرىپ مىرزىخانىنىڭ جازاسىنى ئۆزۈم بېرىمەن. ئوغلۇم، سەنمۇ بىرگە بارىسەن.

— ئەمىرلىرىنى بەجا كەلتۈرىمەن خان ئاتا.

سەئىدخان تەختتىن چۈشۈپ ماڭغانىدى، قوللىرىنى كۆكسىگە ئېلىپ تۇرغان مىرزا ئەلى تاغايى يېنىغا كېلىپ

پىچىرلىدى.

— شاھىنشاھ ئالىيلىرى، بۈگۈن ئۆتكۈزۈلىدىغان زىياپەتنى كەچرەك باشلامدۇق، ئالىيلىرىنىڭ پەرمانى نېمىكىن؟

— ئىشىك ئاغىسى، مەن زىياپەت ئۆتكۈزۈلىدۇ، دېمىدىمغۇ؟ بەس! — سەئىدخان توختاپ ئۈنلۈك خىتاپ قىلدى، — زىياپەت ئۆتكۈزۈلمىسۇن. بەدەخشانغا لەشكەر تارتىپ بېرىش ئۈچۈن تەييارلىق قىلىنسۇن!

سەئىدخان شۇنداق دەپلا ھەرەمخانىسىغا چىقىپ كەتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بېكەت ئادرېسى

# ئالتىنچى باب

## قوچقار قىشلىقىدىكى سۇيىقەست

### 1

«ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، قانىتى قالقىنى بولغان بالىسىنى سېغىنغان ئاتىنىڭ سالام خېتى.

قەدىردان، باھادىر ئوغلۇم ئابدۇلرەشىدخان، ئاللا پاناھىدا تىنچ ـ ئامان تۇرۇۋاتامدىلا؟

كېچە ـ كۈندۈز ئېسەنلىك، ياخشىلىق تىلەپ، ياد ئېتىپ تۇرۇۋاتىمىز بالام.

ئايمۇ ئاي يوللاپ تۇرغان مەكتۇپلىرىدىن پەرمان ـ يارلىقىم بويىچە ئىش كۆرۈپ، قىرغىز ـ قازاق قېرىنداشلىرىم يۇرتىنى راھەت ـ پاراغەتتە ئىمىن تاپتۇرغانلىقلىرىدىن ۋاقىپ بولۇپ، كۆپ خۇرسەن بولدۇم. ئاللا رەھمەت قىلسۇن.

ئەزىز ئوغلۇم، سۇنماس قانىتىم، ئىككى يىل ئالدىدا بەدەخشانغا سىلى بىلەن بىرگە بارغانلىقىم ئەسلىرىدە باردۇ؟ شۇ چاغدا سىلىنىڭ ‹ ئاتام ئۆزلىرى بىلەن بىر نەۋرە، جان ـ جىگەر قېرىنداشلاردىن بولغاچقا يېقىن بىلىپ ۋە ئىشىنىپ، ئىلىمىزنىڭ باغۇ بوستانلىق، ئاۋات بۇ دىيارىنى ئالىيلىرىنىڭ باشقۇرۇشىغا بەرگەن تۇرسا، نېمىشقا يۈز ئۆرۈمەكچى بولىدىلا؟ سىلى يامان نىيەتلىرىدىن يانسىلا، ئاتامنىمۇ ئاچچىقىدىن

ياندۇرۇپ، تاجۇ تەختلىرىگە تەگمەي قايتىپ كېتىشكە ماقۇل بولغۇزىمەن. ئەگەر جاھىللىق قىلسىلا خانىدانلىرى بىلەن قوشۇلۇپ كۆككە سورۇلۇپ كېتىلا...، دېگەن سۆزلىرىنىڭ تۈرتكىسى بىلەن ئالدىمغا چىققان مىرزىخاننىڭ تىزلىنىپ ئەپۇ سورىغانلىقىنى ئۇنتۇپ قالمىدىم. ئوغلۇم، سىلىنىڭ ئۆتۈنۈشلىرى بىلەن غىياسىدىن دوغلاتنى مىربەگ مۇھەممەدنىڭ ئورنىغا ۋەزىر قىلىپ تەيىنلەپ، پايتەختتىكە قايتقىنىمدىن كېيىن، سىلىگە سۇلتان ئۇنۋانىنى بېرىپ، ئۆزۈمگە ۋەلى ئەھدى قىلغانلىقىم ئۇمىد - ئىشەنچىمنىڭ مۇستەھكەملەنگەنلىكىدىن بېشارەت ئىدى. پىقىر ئاتىلىرى ئۇستاز مەخدۇمى نۇرانى ھەزرەتلىرىنىڭ نەسىھىتى، دەۋىتى بىلەن شاراب ئىچىشنى تەرك ئېتىپ، قاچانكى ئۆز گۇناھلىرىمغا تەۋبە قىلىشقا كىرىشكەندىن بۇيان، خان - سۇلتان بولۇشتىن نېمە ئۈچۈن مەيلىمنىڭ قالغانلىقىنى چۈشەندۇرۇپ بېرەلمەيمەن. دىلىم تاجۇ تەختنى تارتماي، جەيناماز ئۆززە ھەققە بېرىلىپ، ئوردىغا چىقمىغان شۇ كۈنلەردىمۇ پاراسەتلىك ئوغلۇم بولغان سىلى «خان ئاتا، كىشىنى بىخۇدلاشتۇرۇپ، زىيانغا ئۈچرىتىدىغان شارابتىن ۋاز كېچىش — ئاللا دەرگاھىدا مەقبۇل ئىشدۇر. ئاۋام ھىمايە قىلغان تاجۇ تەختتىن ۋاز كېچىش بولسا، ئاللا دەرگاھىدا مەقبۇل بولمايدىغان كۇپۇرلۇق قىلمىشتۇر. بۇ ئىككى ئىشنى بىر تاياقتا ھەيدەش ئاللىيلىرىدەك ئەقىل ئىگىسىگە قانداقمۇ توغرى كەلسۇن؟ ئويلىنىپ كۆرۈپ، ئاللا ئاتا قىلغان تەختلىرىدە بەرقارار بولۇشلىرىنى خەلق نامىدىن تەۋسىيە قىلىمەن»، دەپ غاپىللىق قۇچاقىدىن ئادالەت تەختكە يەنە چىقىشىمغا ھەيدەكچى بولغان ئىدىلە، بۇلارنى ئويلىسام قانداقمۇ سىلىنى سېغىنماي تۇرالايمەن ئوغلۇم؟ ئانىلىرىنىڭمۇ سىلىنى بەك كۆرگۈسى كەلدى، باشقا خانىشلارمۇ داستىخان ئۈستىدە سىلىنى ئېغىزلىرىدىن چۈشۈرمەيدۇ، سالامەتلىك، نۇسرەت تىلەپ دۇئا قىلىشىدۇ.

www.uyghurkitap.com

بەختىمىزگە ئامان بولغايلا ئوغلۇم.

خۇشنۇدلۇق بىلەن ۋاقىبلەندۇرمەنكى، ئاكام سۇلتان مەنسۇرخان ئاقسۇغا كېلىپ، ماڭا كىشى ئەۋەتكەنىكەن، بېرىپ كۆرۈشتۇم. سىلىنى سورىدى بالام، ئاتام سۇلتان ئەھمەدخان، ئانام خەدىچە سۇلتانبېگىم مەقبەرىسىگە بىللە چىقىپ، ئۈچ كۈنگىچە خەتمە قۇرئان قىلىپ، دۇئا ـ تىلاۋەتتە بولدۇق. ئاكام سىلىگە كۆپ دۇئا قىلدى. ياشىنىپ قاپتۇ. قۇچاقلىشىپ زادى ئايرىلغۇمىز كەلمىدى. قايتىدىغان چاغدا توققۇز چاقىرىم يولغىچە بېرىپ ئۇزىتىپ قويدۇم. مەندىن رازى ئىكەنلىكىنى، مېنىڭمۇ رازى بولۇشۇمنى ئۆتۈنۈپ كۆزى ئارقىدا تۇرپانغا كەتتى. مەنمۇ پايتەختكە قايتتىم. قەشقەرگە كېلىپ يەتتە كۈن تۇردۇم. ئەمىر كەبىر سەئىد مۇھەممەد مىرزا ئاغامىمۇ سىلىگە دۇئا قىلدى، سالام يوللىدى. قەيەرگە بارسام شۇ يەردىكى توغقانلار، يۇرت چوڭلىرى سىلىنى سورىشىدۇ. ئۇلارنىڭ سىلىدىن كۈتكەن ئۈمىدى چوڭ.

قەدىرلىك ئوغلۇم، سىلىنى ئىسسىق كۆل دىيارىغا ئۇزاتقان شۇ كۈننى زادى ئۇنتۇلماي كېلىۋاتىمەن. «خان ئاتا، ئەمىر مۇھەممەدبېكنىڭ زىندانىدا ياتقىنىغا تۆت يىل بولدى. باش ـ باشتاقلىق قىلغىنى ئۈچۈن بۇ جازا يېتىپ ئاشىدۇ. ئۇ باتۇر سەركەردە، ئۇنى زىنداندىن چىقىرىپ قىپچاق ـ قىرغىز ئېلىگە ئەمىر قىلىپ، پىقىر ئوغۇللىرى بىلەن بىرگە ئەۋەتسىلە، ئېشەنچىلىرىنى يەردە قويمايدۇ، دېگەن ئۈمىدتىمەن. ئەگەر يەنە ئېشەنچىلىرىدىن چىقمىسا، بۇ نۆۋەت ئۆزىنى ئەمەس، بېشىنى ئالدىلىرىغا ئېلىپ كېلىمەن» دەپ ئۇنى زىنداندىن چىقارغۇزۇپ بىرگە ئېلىپ كەتكەن ئىدىلە. بۇ ۋاقىتتىقىچە ئەۋەتكەن مەكتۇپلىرىدە، ئۇنىڭ قىپچاق ـ قىرغىز دىيارىنى ئاقىلانە باشقۇرۇپ، ئاۋامغا ئاسايىشلىق، خاتىرجەملىك بەخش ئەتكەنلىكى توغرىسىدا يېزىپ، مېنى خۇش قىلىپ كەلدىلە. ئەل غېمىنى يېمىگەن پادىشاھ تەختتە ئۇزۇن ئولتۇرالمايدۇ. ھەر سائەت ھەر

كۈنى ئاۋامنىڭ دادىغا قۇلاق سېلىپ، يىغلىغاننىڭ يېشىنى سۈرتۈپ، كۆلگەننىڭ خۇشلىقىغا ھەمدەم بولسۇنلار، يوللارنى راۋان، مۈشكۈلنى ئاسان قىلىپ، خەلقنىڭ دەردىگە دەرمان بولالايدىغان چارە - تەدبىرلىك كىشىلەرنى مەنسەپكە تايىنلىسۇنلار، ئالىم - ئۆلىمالارنى دوست تۇتۇپ، نادان، قارا دىللارنى ھېكمەت شەربىتى بىلەن سۇغۇرۇپ، يۇرتنى ئاۋات قىلسۇنلار.

بۇ يىل كۈز مېھرىبان ئانىلىرى بىلەن بىللە يانلىرىغا بېرىپ، قىرغىز - قازاق قېرىنداشلىرىمنىڭ ھال - ئەھۋالىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگۈم بار. بەلكىم قىشلاپ قالارمىز.

ۋەزىرلىرى مىرزا ئەلى تاغايىغا، لەشكەر بېشى سەردار خوجا ئەلى باھادىرغا، بارلىق بەگ، سەردار، نۆكەرلەرگە، قازاق - قىرغىز قېرىنداشلىرىمغا سەمىمىي سالامىمنى يەتكۈزۈپ قويسۇنلار، جانابىي ئاللا يەتتە سۇ، ئىسسىق كۆل دىيارىغا دۈشمەن قوۋمىنىڭ قەدىمىنى يولاتمىسۇن. شان - شەرەپ، نۇسرەتنى ئوغلۇم سىلىگە يار قىلسۇن، ئامىن!

ئاتىلىرى سەئىدخان

ھىجرىيە 930 - يىلى[1] جامادىيەل ئەۋۋەلنىڭ 23 - كۈنى، يەركەن».

خەتنى ئوقۇپ بولغان ئابدۇرېشىتخاننىڭ كۆزىدە ياش لىغىلدىدى. قۇلاقلىرى قىزىغاندەك بولۇپ، ئاقۇش مەڭزى شەلپەردەك قىزىرىپ كەتتى. تامچىغان ياشلار شاھانە ئاق يېپەك تونىنىڭ ياقىسىغا چۈشتى. خەتنى ھارس نەجمىدىن دوغلات ئېلىپ كەلگەنىدى، ئابدۇرېشىتخان ئۇنى يېنىدا ئولتۇرغۇزغانىدى. بۇنىڭدىن قىزغانغان مىرزا ئەلى تاغايى:

— سۇلتان، كۆڭۈللىرىنى بۇزمىسىلا. ئەل ئامان،

---

① ھىجرىيە 930 - يىلى مىلادىيە 1524 - يىلىغا توغرا كېلىدۇ.

پايتەخت تىنچلىق ئىكەنغۇ، — دېدى. ئۇ يېنىچە هارس نەجمىدىن دوغلاتقا مەنىلىك نەزەر تاشلىدى.

— خان ئالىيلىرى كېلىمەن، دەپتۇ سۇلتانىم. بۇ مۇبارەك خەۋەر ئىكەن. كۇتۇۋېلىش ئۇچۇن ياخشى تەييارلىق قىلساق بولغۇدەك. كۆڭۈللىرىنى يېرىم قىلمىغايلا، — خوجا ئەلى ئابدۇرېشىتخانغا تەسەللى بەردى. ئۇمۇ يەركەندىكى بالا ـ چاقىلىرىنى سېغىنغاندى.

— بۇ مۇبارەك مەكتۇپنىڭ مەزمۇنىدىن پۇتۇن قىپچاق ـ قىرغىز ئېلىنى خەۋەردار قىلىمەن سۇلتانىم. رۇخسەت قىلسىلا، مۇشۇ دەقىقىدىن باشلاپ خاننى كۇتۇۋېلىش ئۇچۇن تەييارلىق قىلىشقا كىرىشەي، — دېدى ئەمىر مۇھەممەدبېك ئورنىدىن دەس تۇرۇپ.

— مۇھەممەدبېك ئاغا، ئاتام قۇتلۇق مەكتۇبىدە ئەلگە ئاسايىشلىق تىلەپتۇ. تەييارلىق ئەلگە جەبىر بولۇپ قالمىسۇن.

— باش ئۇستىگە سۇلتانىم. ئىنشائاللا، بۇ تەييارلىق ئەلگە باياشاتچىلىق، خۇشلۇق ئېلىپ كېلىدۇ، هەرگىزمۇ زۇلۇم بولۇپ قالمايدۇ.

— يازنىڭ ئاخىرى شىكار قىلغاچ بۇ ۋەدىڭىزنى ئەمەلدە كۆرۇپ كېلىمەن ئەمىر.

— خۇدا بۇيرۇسا، ئاتقان ئوقىڭىز تۇلكىگە تەككەي، سالغان قۇشىڭىز بۆرە تۇتقاي سۇلتانىم.

— شۇنداق بولسۇن ئەمىر، — دەپ ئورنىدىن تۇرغان ئابدۇرېشىتخان يېشىل تۆپىلىككە تىكىلگەن بارگاھ ـ ئاق ئۆيدىن چىقتى. ئۇرۇلغان سالقىن شامال شايە تونىنىڭ پەشلىرىنى ئۇچۇرۇپ يەلپۇندۇردى. سەللىسىگە قادالغان ئالتۇن ئوتۇغات كۇن نۇرىدا يالتىراپ كەتتى.

# 2

قوچقار قىشلىقى قەدىمىي قىشلاق بولۇپ، ئىسسىق كۆل دىيارىدىكى ئەڭ چوڭ ئاۋات بازار، تۆت ئەتراپى يازدا كۆكۈرۈپ، قىشتا ئاقىرىپ كېتىدىغان كاتتا يايلاق ئىدى. پەرغانە، ئەنجان، نەمەنگان، تاشكەنت، خارەزىمغا بارىدىغان كارۋان يوللىرى مۇشۇ بازاردىن ئۆتەتتى. هاۋاسى ساپ، مەنزىرىسى ناهايىتى گۈزەل بولغان قوچقار قىشلىقىنى سۇلتان ئابدۇرېشىتخان تەختىگاھ ھەم ئارامگاھ قىلغانىدى. ئۇ بۇ يەرگە كەلگەن ئىككى يىلدىن بېرى قوچقار قىشلىقىنىڭ غەربىدىكى تۆپىلىككە چوڭ قورغان سالدۇردى. ئۇ بۇ قورغاندا ۋەزىر، ئەمىر، سەركەردە ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى بىلەن ياساۋۇل، نۆكەرلەر بىللە تۇراتتى، ياز كۈنلىرىنى يايلاقتا تىكىلگەن ئارامگاھى ئاق كىگىز ئۆيدە ئۆتكۈزەتتى.

ئەمدى ئون سەككىز ياشقا كىرگەن بۇ ياش سۇلتان ئاتىسىدىن خەت كەلگەن كۈنىنىڭ ئەتىسىدىن باشلاپ، ئاۋۇل - قىشلاقلارنى ئارىلاشقا كىرىشتى. ئىسسىق كۆل بويىغا بارغاندا يۇرت ئاقساقىلى دۇسەنبېك ئالدىغا چىقىپ كۈتۈۋالدى. ئۇنىڭ بىلەن كۈيئوغلى، قىزىمۇ بىللە چىققانىدى. ئابدۇرېشىتخاننى ئىسسىق كۆل بويىغا تىككەن كۆركەم چوڭ ئاق ئۆيگە چۈشۈردى. ئۇنىڭ خاس نۆكەرلىرىمۇ ئاق ئۆيلەرگە ئورۇنلاشتى. قوي - قوزى، تاي سويۇپ، قىمىز قۇيۇپ، كېچىچە مېھمان قىلدى.

ئابدۇرېشىتخان ياغاچ ئاياقتىكى قىمىزنى سورۇپ - سورۇپ چۆچەككە قۇيۇپ سۇنغان بوتا كۆز كېلىنچەكنى بىر يەردە كۆرگەندەك قىلىپ سورىدى:

— سىزنى بىر يەردە كۆرگەندەك قىلىمەنغۇ؟

— بارىس قاۋۇن داۋىنى باغرىدا كۆرۈشكەنىدۇق.

ئابدۇرېشىتخان بىر پادا قوي بىلەن ئۆچرىغان گۈزەل قىزنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

دەررۇ ئېسىگە ئالدى.

— بىز كۆرۈشكىلى تۆت يىل بولۇپتۇ. ئۇ چاغدا سىز تاغ تىكىسىدەك تۇتۇق بەرمەيدىغان شو[illegible] ئىدىڭىز، سورىغان سوئاللىرىمغا جاۋاب بېرىشنى خالىمىغانتىڭىز، تاغ تىكىسى تېخى ئۇۋىسىدا تۇزمىگەندۇ؟

— ئۇ چاغدىكى شاش تاغ تىكىسى ئانا بولدى سۇلتان. ئۇنىڭ ئۇۋىسى، ئىككى بالىسىمۇ بار تېخى، ئالىيلىرى بالا پېتىلا تۇرۇپلا.

ئابدۇرېشىتخان شۇ چاغدىكى ئىشلارنى ئەسلەپ كەتتى. پەگادا هارس نەجمىدىن دوغلاتنىڭ يېنىدا ئولتۇرغا توختىغۇلغا كۆزى چۈشۈپ ۋە ئۇنى تونۇپ سورىدى:

— بالىلىرىڭىز بۆرىمۇ، تۈلكە؟

— ئىككىلىسى بۆرە، سۇلتان، بىرىنىڭ ئېتى بۆرىبەگ، بىرىنىڭ ئېتى بۇركۇتبەگ، — دېدى دۇسەنبىك كۈيئوغلىنىڭ ئورنىغا جاۋاب بېرىپ، ئۇ پەخىرلەنگەندەك قىلىپ قوللىرىنى كېرىپ قويدى، — يېقىندا ئەقىقىسىنى[1]قىلىپ بېرىمەن، ئالىيلىرىنىمۇ چاقىرىمىز.

— سۇلتان سۈپىتىدە ئەمەس، پۇقرا سۈپىتىدە كېلىپ قاتنىشىمەن، — ئۇ قولىدىكى قىمىزنى ئىچىۋەتتى.

— ئۇيغۇرلارمۇ ئەقىق قىلامدۇ؟ سورىدى ئالتۇنبېكە يەنە بىر چىنە قىمىزنى ئابدۇرېشىتخانغا سۇنۇپ.

— بىز بىلەن ئوخشاش. ئوغۇلغا ئىككى، قىزغا بىر قوي سويۇپ ئەقىق قىلىپ بېرىدۇ. تېگىدىن قېنىمىز بىر - دە، — دېدى دۇسەنبىك كېلىنىگە جاۋاب بېرىپ.

تۈن تەڭ بولغاندا، خوراز تاجىسىدەك قىزىرىپ كەتكەن ئابدۇرېشىتخان تاغايى ۋە مەهرەملىرى بىلەن بىللە بارگاهىغا

[1] ئوغۇل بالا شەرىپىگە ئىككى قوچقار سويۇپ قىلىپ بېرىلىدىغان ئەنئەنىۋى چاي.

قايتتى. قىمىزنى بولۇشىغا ئىچىپ، شاراب خۇمارىنى بېسىپ ياشىرىپ قالغان خوجا ئەلى گورس ـ گورس دەسسەپ ئاق ئۆيدىن چىقىپ، نەجمىدىن دوغلات ۋە باشقا ياساۋۇل، نۆكەرلەر بىلەن قەلئەگە يېنىپ كەلدى.

ئەتىسى ئالتۇن ئوتۇغات قادالغان سەللىسىنىڭ ئورنىغا قىرغىزچە ئاق قالپاق، شاھانە تون ئورنىغا چوتا يەكتەك كىيىپ، بېلىنى يوللۇق بەلباغ بىلەن باغلىغان ئابدۇرېشىتخان ئىسسىق كۆل ياقىسىدا ئۆتكۈزۈلگەن ئوغلاق تارتىشىش سورۇنىغا كەلدى. ئۇنىڭ ئەتراپىدا ئۆزىگە ئوخشاش كىيىنگەن قىرىق يىگىت بار ئىدى. مىڭلىغان كىشىلەر توپىغا قېتىلىپ كەتكەن ئابدۇرېشىتخاننى ھېچكىم تونىيالمىدى، پەقەت تاغايى، خوجا ئەلى باھادىر، مۇھەممەدبېك قاتارلىق بىر قانچە كىشىلا ئۇنىڭ كەلگىنىدىن خەۋەردار ئىدى.

ئوغلاقنى ئېلىپ، ئات چاپتۇرۇپ مەيدانغا كىرگەن دۇسەنبېك بىتاقەت بولغان چەۋەندازلار ئالدىغا كېلىپ تېزگىنىنى تارتتى. ئۇ چاپچىپ تۇرغان چىلان تۇرۇقنى مىنگەن ئابدۇرېشىتخانغا كۈلۈمسىرەپ قويۇپ، ئوغلاقنى ئوتتۇرىغا تاشلىدى. گويا چىل بۆرىلەر پادىغا تاشلانغاندەك، چەۋەندازلار ئوغلاققا ئېتىلدى. مىرزا ئەلى تاغايى ئېتىنى بۇراپ، ھارىس نەجمىدىن دوغلات يېنىغا كېلىپ قامچا دەستىسى بىلەن ئۇنىڭ بېقىنىدىن تۈرتتى.

— ئىنىم، سىزگە ناتونۇش گۈزەل يايلاقتىن ھۇزۇرلانغىنىڭىز كېلەمدۇ؟ يۈرۈڭ مەن بىلەن، — دېدى ئۇ سۆزىنىڭ ئاخىرىنى ئۈنلۈك قىلىپ.

ھارىس خالىمىغان ھالدا ئۇنىڭ كەينىدىن ئات يورغىلاتتى.

— ئىنىم، سىزنى بۇ يەرگە كېلۇر، دەپ زادىلا ئويلىمىغانىدىم. تەلپىمگە يارىشا، خاننىڭ مەكتۇپىنى ئېلىپ كەلگىنىڭىز بەك ئوبدان بولدى. سېغىنغانىدىم، تۈنۈگۈندىن

www.uyghurkitap.com

بىرى سۇلتاننىڭ يېنىدا بولدىڭىز، ئەھۋاللىشالمىدىم، — دېدى تاغايى هارامزادىلىك بىلەن.

— قورساق سېلىپ، سەمرىپ كېتىپلا ۋەزىر، — دېدى نەجمىدىن دوغلات تاغايىنىڭ سۆزىگە ئېرەن قىلماي.

— ئاللانىڭ ئىلتىپاتى ئىنىم. بۇ يەردە ئوبدان ئارام ئېلىپ قالغان بولساممۇ، پايتەختنى ئۇنتالمىدىم. بۇ سەھرايى قىيامەتتىن كەتكىم كېلىپلا تۇرىدۇ. ئابدۇلرەشىدخان ھەممىلا يەردە، بېشىمغا قونماقچى بولغان ئامەت قۇشىنى ئۇچۇرۇۋەتكۈچى كۆشەندە بولۇپ قېلىۋاتقانلىقى تۇپەيلى، بۇ سەھرايى قىيامەت، دەشتى ئاپەتكە كېلىپ قالغىنىمنى قارىماسىز. چۆچۈرىنى خام ساناپ، دەرھال بېجىرىشكە تېگىشلىك ئىشنى ئۆزۈم ئارقىغا سۈرگەنلىكىمدىن پۇشايمان يەۋاتىمەن ئىنىم. پۇرسەت بۇ يەردە ئاللىبۇرۇن كەلگەندى. سىزدەك بىر شىر ئەزىمەت بولمىغانلىقىدىن ئارسلانغا قول سالالماي كەلگىنىم راست. بۇ قېتىم پۇرسەتنى يەنە قولدىن بېرىپ قويساق كۈتكىنىمىزگە ئۆمۈرۋايەت ئېرىشەلمەيمىز. بۇ يەر خىلۋەت جاي ئىكەن. بۇ مەرىكە ئاياغلاشقىچە ئابدۇلرەشىدخاننى ئۇجۇقتۇرۇۋېتىڭ، ئاللادىن باشقا ھېچكىم بىلەلمەيدۇ. چۈشەندىڭىزمۇ؟

— ياق، چۈشىنەلمىدىم، — نەجمىدىن دوغلاتنىڭ ئۈنى خىرقىراپ، ئەنسىز چىقتى.

— نېمىشقا چۈشەنمىگەنسىز؟ — تاغايى شۈبھە بىلەن كۆز سېلىپ دېدى، — قاراڭ ئىنىم، ئابدۇلرەشىدخان سىزنى ئۆزىگە يېقىن كۆرىدۇ، سىزدىن زادى گۇمانلانمايدۇ. ئوغلاق تارتىش تۈگىگەندىن كېيىن ئۇنىڭ يېنىدىن نېرى بولماڭ، پەيتىنى تېپىپ، كەينى ياكى بېقىنى تەرەپتىن خەنجەر ئۇرۇڭ. ئەگەر بۇ ئەپسىز بولۇپ قالسا، زەھەر بىلەن سۇغۇرۇلغان ساداق ئوقى بار، ئۇنى كەچقۇرۇن بېرەي، سىز مەرگەن، خېلى يىراقتىن تەككۈزەلەيسىز. بۇ ئەتراپتا يوشۇرۇنىدىغان جايلار كۆپ. بۇنى

ئېلىڭ، — مىرزا ئەلى تاغايى تونىنىڭ ئىچىدىن بىلىگە ئېسىۋالغان خەنجەرنى غىلاپى بىلەن ھارسقا ئۇزاتتى، — سىز سۇلتان مىرزا ئابابەكرىنىڭ يېقىن توغقىنى. ئۇنىڭ قىساسىنى ئېلىش سىزنىڭ مەجبۇرىيىتىڭىز ئىنىم.

— ۋەزىر ئەزەم، تېخىچە شۇم نىيەتلىرىدىن يانمىلىمۇ؟ قول سالماقچى بولۇپ يۈرگىنىمدە نېمىشقا يالتىيىۋالغان ئىدىلە؟ ئەمدى يەنە سەپرالىرى ئۆرلەپتىغۇ. بۇ قەستىمىز سىزىلىپ قالسا، تېرىمىز تەتۈر سويۇلۇپ، سامان تىقىلىدۇ. بۇنى بىلەمدىلا؟

— ئىنىم، قېنى سەندىكى جاسارەت؟ بۇ سۆزلەرنى سېنىڭ قىلىۋاتقىنىڭغا ئىشەنمەيمەن! ئال بۇنى! — تاغايى خەنجەرنى ئۇنىڭغا تۇتقۇزۇپ قويدى، — «يىگىت سۆزىدىن، شىر ئىزىدىن قايتماس» دەپتىكەن. مىرزا ئابابەكرىنىڭ روھىدىن ئۇيات! — ئۇ قەھرى بىلەن سەنلەپ سۆزلىدى.

— يىگىت ئەمەس، پادىشا، ۋەزىرلەرمۇ سۆزىدىن قايتىدىغان، يولۋاسمۇ ئىزىدىن يانىدىغان چاغلارمۇ بولغان ۋەزىر ئەزەم. ئويلاپ كۆرەي، — ھارس خەنجەرنى قوينىغا يوشۇردى.

— ئاللا سىزنى پاناھىدا ساقلىغاي ئىنىم. كەچقۇرۇن خۇپتەندىن يانغان مەھەلدە قەلئەدىكى ياتاق ئۆيىڭىزگە خۇش خەۋەر ئاڭلىغىلى بارىمەن. خەير، مەن كەتتىم.

نەجمىدىن دوغلات دوكسىمان ئېگىشىپ كېتىۋاتقان تاغايىنىڭ ئارقىسىدىن بىرنى تۈكۈردى - دە، ئېتىغا قامچا ئۇرۇپ، ئوغلاق تارتىشىش مەيدانىغا يېتىپ كەلدى.

ئوغلاق تارتىشىش قىزىپ كەتكەنىدى. ھارس ئۇياقتىن بۇ ياققا، بۇياقتىن ئۇياققا ئات سېلىپ ئوغلاق تارتىشىۋاتقان چەۋەندازلارغا كۆز تىككىنىچە ئويغا چۈمدى: «سۇلتان مىرزا ئابابەكرى تاغام بولۇپ قالغىنى ئۈچۈن قاتىللىق قىلىشىم كېرەكمۇ؟ بۇ پېشانەمگە پۈتۈلگەن تەقدىر قىسمەتمۇ، ئەمەسمۇ؟

سۇلتان ئابدۇرېشىتخان ماڭىلا ئەمەس، مىرزا ئەلى تاغايىغىمۇ يامانلىق قىلغىنى يوق. تاغايى قارانىيىتىگە يېتىش ئۈچۈنلا ئۇنى ماڭا شېھىد قىلدۇرماقچى... نېمىشقا ئاقىل، مەردانە ياش سۇلتاننى ئۆلتۈرگۈدەكمەن؟ ئۇنىڭدىن ياخشىلىق كۆرۈپ كېلىۋاتىمەن، ئۇ ياش بولغىنىغا قارىماي شۇنداق تەمكىن، شۇنداق ئادىل، ئاۋاممۇ ئۇنىڭغا قايىل. ئۆلتۈرۈشكە توغرى كەلسە مەككار، مۇناپىق تاغايىنى ئۆلتۈرسەم ھەق بولىدۇ. ئاللا، قىلغان گۇناھلىرىمغا تۆۋبە، ئەمەل كۆزلەپ نەپسىمگە چوغ تارتىپ، ناھەق تۆككەن قانلار بەدىلىگە پېقىر قولۇڭنى جازالا...»

ئۇ خىيالچان ھالدا ئوغلاق تارتىشىۋاتقان چەۋەندازلارغا سەپسالدى. چاڭ چىقىرىپ ئوغلاق كەينىدىن ئات چاپتۇرغان چەۋەندازلار ئىچىدە ئاقۇش يۈزلۈك، قاراقاش، بۇرۇتى ئەمدىلا خەت تارتقان ياش چەۋەنداز توختىغۇل تېقىمغا باسۇرۇۋالغان ئوغلاقنى تارتىپ ئېلىپ، ئوغلاقچىلار قورشاۋىدىن بۆسۈپ چىققىنىچە مەيداننىڭ بىر چېتىدە، ۋەزىر، ئەمىر قاتارلىق يۇرت چوڭلىرى تۇرغان تەرەپكە قويۇندەك تاشلاندى. تەرەپ ـ تەرەپتىن ئات سالغان چەۋەندازلار ئۇنى يەنە ئارىغا ئېلىۋالدى. لېكىن، ئۇ بوي بەرمەي يەنە بۆسۈپ چىقتى ـ دە، ئېتىنى ئۇچقاندەك چاپتۇرۇپ كەلگىنىچە ئوغلاقنى مۇھەممەدبېك ئالدىغا تاشلىدى.

دۇسەنبېك ئاقساقال ئاپىرىن ئېتىپ ئورنىدىن تۇردى.

— يارايسەن يىگىت، بارىكاللا!

— كامال تاپ!

قىقاس ـ چوقان ئىچىدە ئىرغىپ ئاتتىن چۈشكەن يىگىتكە قارىغان نەجمىدىن دوغلات ئاغزىنى ئېچىپ قالدى. «ۋاي، بۇ سۇلتان ئابدۇرېشىتخانغۇ، قىرغىزنىڭ ئۆزى بولۇپ كېتىپتىغۇ. تونىيالماي قالغىنىمنى قارا...»

ئەمىر مۇھەممەدبېك چىرايلىق ئىگەرلەنگەن كۈمۈش

ئۈزەڭگىلىك تورۇقنى چەۋەنداز يىگىت ئالدىغا ئېلىپ كەلدى.

— سۇلتانىم، قالتىس ماھارەت كۆرسەتتىلە، ھەممىدىن قىزىقى ئالىيلىرىنىڭ سۇلتان ئابدۇلرەشىدخان ئىكەنلىكلىرىنى ئاۋام بىلمەي قالدى. بۇ ئات قىرغىز خەلقىدىن ئۆزلىرىگە تارتۇق، — ئۇ سۆزدىن توختاپ ئېراقتا كۆز تىكىپ تۇرغان ئالتۇنبېكىگە كۆز ئىشارىتى قىلىۋىدى، ياقا - پەشلىرى نەپىس كەشتىلەنگەن مەخمەل تونىنى تۇتۇپ تۇرغان كېلىنچەك ئاتىنىڭ يېنىغا باردى، — ئالىيلىرى، تاغ قىزىنىڭ ئاددىي سوۋغىتىنى قوبۇل قىلغايلا، — دېدى دوسەنبېك كېلىنىنىڭ قولىدىن تونى ئېلىپ ئابدۇرېشىتخانغا كىيگۈزۈۋېتىپ، ئالتۇنبېكە ئېگىلىپ تەزىم قىلدى. كۆپچىلىك خاننى تەبرىكلەشتى.

— مۇبارەك، مۇبارەك!

— قۇتلۇق، قۇتلۇق.

— چەۋەنداز يىگىتكە ئاپىرىن!

ئەمىر مۇھەممەدبېك قىلىنغان تارتۇق ئاتنى مىنگەن ئابدۇرېشىتخاننى كۆرسىتىپ تۇرۇپ:

— قېرىنداشلىرىم، بۇ چەۋەنداز بىزنىڭ سۇلتانىمىز ئابدۇلرەشىدخان بولىدۇ. شاھىنشاھ سەئىدخاننىڭ ئوغلى! — دېيىشىدى، ھەيران قالغان خالايىق تەرەپ - تەرەپتە ئابدۇرېشىتخانغا ئالقىش ياغدۇراتتى.

— سۇلتانغا بارىكاللا.

— يۇرت ئاقساقاللىرى، قېرىنداشلار، ھەممىڭلارغا سالام! — ئابدۇرېشىتخان ئۆزىگە ئامانلىق تىلەۋاتقان كىشىلەرگە مىننەتدارلىق بىلەن قاراپ دېدى، — خان ئاتام سۇلتان سەئىدخان بۇ يىل كۈزدە كېلىپ ھال - ئەھۋالىڭلارنى سورىماقچى.

— خاننىڭ سەپىرى قۇتلۇق بولغاي، — دەپ چۇرقىراشتى يەنە خەلق.

ئابدۇرېشىتخاننىڭ ۋۇجۇدى لەرزىگە كەلدى. ئۇ ئاتتىن

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

چۈشۈپ چوقان سېلىۋاتقان خالايىققا مېھرى بىلەن كۆز سالدى:
— ئەلبېشى، يۇرت ئاقساقاللىرى، قېرىنداشلار، بۈگۈندىن باشلاپ كېلەر يىل مۇشۇ كۈنگىچە مال بېجى، ئاشلىق سېلىقى ئېلىنمايدۇ. ئاللا جېنىڭلارنى ئامان، مېلىڭلارنى كۆپ قىلسۇن.
كۆپچىلىكنىڭ ئابدۇرېشىتخانغا ئېيتقان رەھمەت، ھەشقاللا ساداسى يېشىل يايلاقنى قاپلىدى. تاغلاردىن ئەكس سادا قايتتى.
— خۇدا ئابدۇلرەشىدخانغا نۇسرەت ئاتا قىلغىن، — دەپ پىچىرلىدى ئابدۇرېشىتخاندىن كۆز ئۈزمەي تۇرغان ھارس نەجمىدىن دوغلات ۋە ئاستا كەينىگە يېنىپ قورغانغا كەتتى.

## 3

ئاي قاراڭغۇسى ئىدى. دۇسەنبېك ئاۋۇلىدا بولغان كېچىلىك ئېيتىشىشنى كۆرۈپ، قورغانغا قايتىپ كېتىۋاتقان ھارس نەجمىدىن دوغلاتنى بىرى ئاستا ئاۋاز بىلەن چاقىردى. ئۇ توختاپ كەينىگە ئۆرۈلۈپ، ئىرغاڭلاپ كېلىۋاتقان تاغايىنى تونۇدى، تېنى شۈركۈنگەندەك بولۇپ، بېلىگە ئېسىقلىق قىلىچنىڭ سېپىنى تۇتتى.
— ۋەزىر ئەزەم، كىم ئىكەن دېسەم ئۆزلىرى ئىكەنلىغۇ. بۇ كېچىدە نېمە گەپلىرى باركىن؟ — ئاستا، لېكىن زەردە قىلىپ سورىدى ئۇ.
— نېمە گېپىم بارلىقى سىزگە مەلۇم ئىنىم، خۇپسەنلىك قىلماي ئېلىڭ بۇنى! — ساداق بىلەن ئىككى تال ئوقنى ئۇزاتتى مىرزا ئەلى تاغايى، — ئوق بېشى زەھەر بىلەن سۇغۇرۇلغان تەگسىلا جاننى ئالىدۇ.
— مەندە زەھەر بىلەن سۇغۇرۇلغان جان ئالار قوراللار كۆپىيىپ كېتىۋاتىدىغۇ ۋەزىر، يەنە نېمە قىل دەيسىز؟
— قارىغاندا، خەنجەر بىلەن مەقسەتكەن يېتەلمىگۈدەكسىز

ئىنىم. سىز چىۋەر مەرگەن. سۇلتان مۇشۇ ئاي ئىچىدە ئىسسىق كۆل، ئارا تۆپە دىيارلىرىنى ئارىلاپ چىقىدىكەن، پۇرسەت بۇنىڭدىن ئارتۇق بولمايدۇ. ئۈچ كۈن مۆھلەت بېرىمەن. شۇنى ئېسىڭىزدە تۇتۇڭكى، ئالدىراقسانلىق قىلىپ زىنھار ئۆزىڭىزنى سەزدۈرۈپ قويغۇچى بولماڭ! زىنھار...

كۆزلىرى چەكچىيىپ، چىرايى ئۆڭگەن ھارىس ئىككى تال ساداق ئوقىنى ئېلىپ، قايرىپ سۇندۇرۇپ، چىغىر يول چېتىدىكى قويۇق چاتقانلىق ئارىسىغا چۆرىۋەتتى.

— ھۇ بەچچىغەر! نېمە قىلىۋاتىسەن؟ — غەزەپلىنىپ پىچىرلىدى تاغايى، — بەرگەن ۋەدەڭدىن يانماقچىمۇ؟ بايا گەپ قىلماي خەنجەرنى ئالغانىدىڭغۇ، ئەمدى نېمە بولدى ساڭا؟ ئۇنداق مەتولۇق قىلمىغىن، كىچىكىڭدىن ئوغلۇمدەك كۆرۈپ بېقىپ چوڭ قىلغىنىمنى ئۇنتۇپ قالما. شۇ چاغلاردا مىرزا ئابابەكرىنىڭ يېقىن توغقىنى ئىكەنلىكىڭنى ئاۋام بىلىپ قالغان بولسا، بۇنداق غەيۇر چەۋەنداز بولۇپ چىقمىقىڭ بەسى مۇشكۇل ئىدى. ئاللىبۇرۇن قۇيرۇقىڭنى قۇم بېسىپ بولاتتى، خۇنپەر. بۇ پەيلىڭدىن دەرھال يېنىپ، قىساس خەنجىرىنى ئابدۇلرەشىدخان كۆكسىگە ئۇرمىساڭ ياكى زەھەرلىك ئوقنى تەگكۈزمىسەڭ، پايتەختكە كېتەلمەيسەن، ئۇختۇڭمۇ؟!

— ئۇختۇم! — دېدى بوم ئاۋاز بىلەن ھارىس چاتقاللىق ئارىسىغا كۆز يۈگۈرتۈپ. ئۇ بىر نەچچە كىشىنىڭ كۆلەڭگىسىنى كۆرگەندەك بولدى. قولىقىغا پاقىنىڭ كۇرۇلدىشى ئاڭلاندى. يىراقتىن يايلاق ئىتلىرىنىڭ قاۋىغان ئاۋازى ئىشتىلدى، يېقىن ئەتراپ تىمتاس بولۇپ، ئۇنىڭغا ۋەھىملىك تۇيۇلدى. شۇئاردا ئىككى كىشى ئاستا يېقىنلاپ كەلدى. ئۇ قىلىچىنى سۇغۇرۇپ ئېلىپ يۇقىرى كۆتۈردى.

— ھارىس، بۇ يەردە بىزدىن باشقا ھېچكىم يوق، — دېدى مىرزا ئەلى تاغايى بوش ئاۋاز بىلەن، — ھېچكىممۇ كەلمەيدۇ.

www.uyghurkitap.com

ئەجىلى مۇئەللەق بېشىڭ ئۈستىدە تۇرۇپتۇ، ياخشىلىقچە قىلىچىنى تاشلاپ تۆۋبە قىل.

نەجمىدىن دوغلات ئۈچ تەرەپتىن قىستاپ، تىغ تەڭلەپ كېلىۋاتقان تاغايى ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرىگە قانداق تاقابىل تۇرۇشىنى بىلەلمەي ئېسەنكىرەپ قالدى. بۇنداق خالىي جايدا رەقىبلىرىنىڭ توسۇپ تۇرىدىغانلىقىنى ئۇ ئويلىمىغانىدى. غەيۇر چەۋەندازلاردىن بولغاچقا ئۇدۇلىدىن كەلگەن ناتونۇش كىشىگە قىلىچىنى بىر شىلتىپ، ئۇنىڭ قىلىچىنى يەرگە چۈشۈرۈۋەتتى. چۆرگىلەپ يۈرۈپ ئون مىنۇتتەك قىلىچلاشتى. يالغۇزلۇق قىلىپ، پەيتنى تېپىپ قاچماقچى بولۇپ تۇرۇۋىدى، قىلىچى يەرگە چۈشۈپ كەتكەن ئادەم خەنجىرىنى شىلتىپ تۇرۇپ، قىلىچنى يەنە بىر قولىغا ئېلىۋالدى - دە، هارىس بىلەن قىلىچلىشىۋاتقان هەمراهىغا بولۇشۇپ، يان تەرەپتىن يېقىنلاپ كەلدى. هارىس بۇنى سېزىپ، ناهايىتى چەبدەسلىك بىلەن ئۇنىڭغا قىلىچ ئۇردى. «چاق» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ ئۇچقۇن چاچرىدى. مانا شۇ چاغدا هارىسنىڭ كەينىدىن كەلگەن تاغايى ئۇنىڭ بېقىنىغا قوش بېسلىق خەنجەرنى تىقىۋەتتى. هارىس نەجمىدىن دوغلات دەلدۈگۈنۈپ - دەلدۈگۈنۈپ بېرىپ ياش چىنار كۆچىتىگە سوقولغان پېتى ئولتۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ ئوڭ مۈرىسىگە يەنە بىرەيلەن قىلىچ چاپتى.

— بولدى، — دېدى مىرزا ئەلى تاغايى مۈرىسىدىن ئۇزۇلۇپ يەرگە چۈشكەن هارىسنىڭ ئوڭ قولىغا كۆز سېلىپ، ئۇ يەنە بىر ئادىمىگە بۇيرۇدى، — قاراپ تۇرماي بېشىنى كەس!

قاتتىق ئاغرىقتىن ۋاي - ۋايلاپ ياتقان هارىس خەنجەرنى بوغۇزىغا سۈرگەن ئادەمگە قاراپ گەپ قىلماقچى بولغاندەك لەۋلىرىنى مىدىرلاتتى. لېكىن، ئاۋازچىقمىدى. كۆپۈپ چىققان چېكە تومۇرلىرى لوقۇلداپ، ئاقىرىپ كەتكەن يۈزىنىڭ بۇلجۇڭ گۆشلىرى تارتىشىپ، چىشلىرى كىرىشىپ قالدى. بوغىزىدىن

ئوقچۇپ چىققان قان خەنجەر ئۇرغۇچىنىڭ يۈز ـ بويۇنلىرىغا چاچرىدى. يېنىدا قاراپ تۇرغان تاغايى قىلىچنى ئېگىز كۆتۈردى.

— بولدى چاپماڭ جانابىي ۋەزىر، ئۇ ئۆلدى، — دېدى ھارسىنىڭ بېشىنى خەنجەر بىلەن كەسكەن كىشى يۈزىگە چاچرىغان قاننى ھارسىنىڭ چاپىنىغا ئېرتىپ تۇرۇپ.

— چاپمىسام بولمايدۇ، — تاغايى ھارسىنىڭ ئەمەس، ئۆز ئادىمىنىڭ گەدىنىگە قىلىچ ئۇردى.

— بۇ نېمە قىلغانلىرى ۋەزىر؟ ھەر بىرىڭگە ئەللىك سەر كۈمۈش بېرىمەن، دېگەن ئىدىلىغۇ، ئەمدىلىكتە بولسا...

— ئاغزىڭنى يۇم ئەخمەق. مانا ساڭا ئەللىك سەر، — دېدى تاغايى ئىككىنچى ئادىمىنىڭ بوينىغا كۈچ بىلەن قىلىچ چېپىپ.

ئۇنىڭ بېشىدىكى كۈمۈش ئوتۇغات قادالغان سەللىسى بۆكى بىلەن يەرگە چۈشۈپ چۇۋۇلۇپ كەتتى. ياز ئىسسىقىدا شەلۋەرەپ كەتكەن مىستەك سىدام بېشىغا دالا شامىلى تەگدى. ئۇ قانغا غەرق بولۇپ ياتقان ئىككى ئادىمىنىڭ ئۆلمەي قىمىرلاپ ياتقانلىقىنى كۆرۈپ، خەنجەر بىلەن ئۇلارنىڭ بېشىنى تەنلىرىدىن جۇدا قىلدى. ئۇنى قورقۇنچ بېسىپ، تۆت ئەتراپىغا ئەندىشىلىك نەزەر تاشلىدى. قىزارغان كۆزىگە ۋەھىمىلىك قاراڭغۇلۇق تىقىلدى. ھەر بىر دەرەخ تۈۋىدە ئادەم قاراپ تۇرغاندەك بىلىنىپ، كېتىشكە ئالدىرىدى. خەنجىرىنى بىر ئۆلۈكنىڭ چاپىنىغا چالا ـ بۇلا ئېرتىپ قوينىغا تىقتى. قىلىچنى يەنە بىر ئۆلۈكنىڭ چاپىنىغا سۈرتۈپ، بېلىدىكى غىلاپقا سالدى. بۆكى بىلەن سەللىسىنى قولىغا ئېلىپ بەدەر قاچتى. لېكىن، ئەللىك ئاتمىش قەدەم يەرگە بارغاندا، چېپىپدە توختىدى. «ئاپلا، كۈمۈش ئوتۇغاتنى ئېلىشنى ئۇنتۇپتىمەن، ئوتۇغات ئابدۇلرەشىدخاننىڭ قولىغا چۈشۈپ قالسا، ئۇ جېنىمغا زامىن بولىدىغان ئىسپات بولۇشى مۇمكىن...» ئۇ، شۇنداق ئويلاپ دەررۇ كەينىگە يېنىپ، يۈگۈردى. ئۇ شۇنداق تېز يۈگۈردىكى، جەسەتكە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

پۆتلىشىپ يېقىلمىغان بولسا، قان تۆكۈلگەن يەردىن ئۆتۈپ كەتكەن بولاتتى. ئورنىدىن تۇرۇپ سىنچىلاپ قارىدى، كۈمۈش ئوتۇغا هارس نەجمىدىن دوغلاتنىڭ جەسىتى قېشىدا ئوت - چۆپ ئارىسىدا پارقىراپ تۇراتتى. ئۇ «مىڭ مەرتىۋە شۈكرى. ئۆزۈڭ ساقلا خۇدايىم» دەپ پىچىرلاپ، كۈمۈش ئوتۇغاتنى ئېلىپ قويۇن يانچۇقىغا سالدى - دە، هاسىراپ ماڭغىنىچە، ئۆتكەن يىلى سۇلتان سالدۇرۇپ بەرگەن گۈلزارلىق هويلىسىغا كەلدى. دەرۋازىۋەن ئىشىكنى ئاچتى. چۆيۈن چىراغنى كۆتۈرۈپ چىققان جۇۋان مىرزا ئەلى تاغايىنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتى.

— ۋاي ئانامەي، نېمە بولدىلا تەقسىرىم، تونلىرىدىكى نېمە قان ئۇ؟ چىرايلىرى ئەجەب ئۆڭۈپ كېتىپتا؟

— خەپشۇك! بۇنى سۈرىغۇچى، جۇۋابىنى ئاڭلىغۇچى هەم بولما چۆرە خاتون. بۇگۈنكى ئىشنىڭ ئۆز مەجبۇرىيىتىڭنى ئادا قىلىش، ئۇقتۇڭمۇ؟— تاغايى تونىنى سېلىپ ئۇزاتتى.

ئۇقتۇم تەقسىرىم، — دەپ توننى ئالدى جۇۋان.

— خانئايىم مېهمانخانىسىدىمۇ؟

— هەئە تەقسىرىم، ئۇخلاپ قالدى.

— توننى هازىر يۇيۇپ يېيىپ قويغىن ئومىقىم، ئاندىن هۇجرامغا كىرىپ ماڭا هەمراھ بولغىن.

جۇۋان جىن چىراغنى يورۇتۇپ كۆتۈرۈۋېلىپ، توننى يۇيۇش ئۈچۈن يۇيۇنۇش ئۆيىگە كىرىپ كەتتى.

مىرزا ئەلى تاغايى يەركەنلىك بىر باينىڭ مەستۇرە ئىسىملىك بۇ قىزىنى ئىسسىق كۆل دىيارىغا يولغا چىقىش ئالدىدا ئەمرىگە ئېلىپ، ئۈچ خوتونلۇق بولغانىدى.

كىيىملىرىنى تامامەن سېلىۋەتكەن تاغايى ئەتىرنىڭ پۇرىقى دىمىغىغا كىرىپ بېشىنى كۆتۈردى. ئاق رومال، ئاپئاق كۆڭلەك ئىچىدە لىغىلداپ تۇرغان مەستۇرە بۇۋى قوش بىسلىق خەنجەرنى كۆتۈرۈپ تۇراتتى، تاغايى چۆچۈپ كەتتى.

— بۇنى ئالسىلا تەقسىرىم.
ئۇ خەنجەرنى ئىتتىك قولىغا ئېلىۋالدى.
— بۇنى نەدىن ئالدىڭ؟
— تونىنىڭ قويىۇن يانچۇقىدىن.
— ئۇنتۇغان ئىكەنمەن. ۋاپادار خاتۇنۇم سەن ـ دە، ئۇمىقىم، — تاغايى كۈلۈمسىرەپ ئورنىدىن تۇردى.
مەستۇرە بۇۋى قورقۇپ كەينىگە داجىدى.
— قورقما، ئەمدى يېشىنىپ ياتقىن.
تاغايى شۇنداق دېدى ـ دە، بېرىپ بۇلۇڭدىكى چوڭ ساندۇقنى ئېچىپ، خەنجىرنى بايا سېلىپ قويغان قىلىچ يېنىغا قويدى. ساندۇقنى قولۇپلاپ يوتقانغا كىردى...
مىرزا ئەلى تاغايى ئەتىسى بامداتقا ئەزان ئېيتقاندىن كېيىن تاۋار بۆكىگە يۆگەلگەن سەللىگە كۈمۈش ئوتۇغاتنى قىستۇرۇپ، تەسۋىنى سىيرىغان هالدا ئىشكتىن چىقتى. يەركەندىن ئېلىپ كەلگەن ئۈچ مۇلازىمى ئۇنىڭغا ئەگەشتى. ئۇلار مەسچىتكە يېقىنلاشقاندا بىرمۇنچە كىشىنىڭ توپلىشىپ تۇرغانلىقىنى كۆردى.
— ۋەزىر ئەزەم كېلىۋاتىدۇ، — جامائەت شۇنداق دېيىشىپ، قوللىرىنى كۆكسىگە ئېلىپ سالام بېرىشتى.
— ئەسسالامۇئەلەيكۇم ۋەزىر ئەزەم.
— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام. مەسچىتكە كىرىپ ئىبادەت بىلەن بولماي بۇ يەردە تۇرۇپ قېلىشىپتىلىغۇ؟
— قورغانغا ئۈچ چاقىرىم كېلىدىغان چاتقاللىق قېشىدا ئۆلۈم ۋەقەسى يۈز بېرىپتۇ، — دېدى جامائەتتىن بىرى.
— نېمە، ئۆلتۈرۈلگەن كىم ئىكەن؟ — بۇ ئىشتىن زادىلا خەۋىرى يوقتەك تەئەججۇبلىنىپ سورىدى تاغايى.
— بىلمىدۇق، هېلى ئەمىر خوجا ئەلى باهادىر شۇ يەرگە كەتتى. نېمە ئىش بولغانلىقى ئاللاغا مەلۇم.
— ئى رەببىل ئالەمىن، سۇلتانىمىزنى ئۆز پاناهىڭدا

ساقلىغايسەن، — دېدى تاغايى ۋە نۆكەر، ياساۋۇللىرى بىلەن كېلىۋاتقان ئابدۇرېشىتخانغا كۆزى چۈشۈپ، ئىتتىك ئالدىغا بېرىپ سالام بەردى. ئابدۇرېشىتخان جاۋاب سالام بەردى، ئۇ جامائەت بىلەن سالاملىشىپ مەسچىتكە قاراپ مېڭىشىغا، تاغايى قولىنى كۆكسىگە ئېلىپ قايغۇرغان هالدا دېدى:

— سۇلتانىم، جامائەتتىن ئاڭلىسام، كېچە «بۆرە ئۇۋىسى» دەپ ئاتىلىدىغان چاتقاللىق قېشىدا ئادەم ئۆلتۈرۈلگەنمىش. خوجا ئەلى باهادىر شۇ يەردە ئوخشايدۇ. شۇڭا، يوللىرىغا قاراپ تۇرۇۋېدۇق.

— بۇ نېمە گەپ، ئۆلتۈرۈلگىنى كىم ئىكەن ۋەزىر؟ — سورىدى ئابدۇرېشىتخان تەشۋىشلىنىپ.

— تېخى بىلگىدەك بولمىدۇق، كىمنىڭ ئۆلتۈرۈلگىنىمۇ مەلۇم ئەمەس. ئەمىر كەلسە ئاندىن مەلۇم بولىدۇ.

— ئۆلتۈرۈلگەن كىم ئىكەن؟ سىز باش بولۇپ ئېنىقلاپ، توققۇز كۈن ئىچىدە قاتىلنى تۇتۇپ ئالدىمغا كەلتۈرمىسىڭىز، جازاغا تارتىلىسىز. ئەمىر مۇهەممەدبېك بىلەن كېڭىشىپ ئىش قىلارسىز، — دېدى جىددىيلەشكەن سۇلتان بۇيرۇق قىلىپ.

— خوپ ئالىيلىرى.

ئابدۇرېشىتخاننىڭ كۆڭلى بىئارام بولۇپ، مەسچىتكە ئىتتىك كىرىپ كەتتى.

# يەتتىنچى باب

# ئاشىقنىڭ ئۆلۈمى

## 1

«ئابدۇلرەشىدخان باتۇر، پاراسەتلىك بولسىمۇ، تېخى ياش، ئالدىدىكىنى كۆرەلىگىنى بىلەن كەينىدىكىنى كۆرەلمەيدۇ، ئوچۇق ئاشكارىنى بىلگەن بىلەن پىنھاننى بىلەلمەيدۇ. پېقىرغا ئاتام بەلگىلىگەن ۋەزىر، دەپ ئىشىنىدۇ. تۈنۈگۈنكى قانلىق قىلمىشنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىشنى ماڭا بۇيرۇدى، ئاللا ساقلىدى دېگەن شۇ ـ دە، توققۇز كۈن ئىچىدە قاتىلنى تاپمىسام جازالىنىدىكەنمەن. ياش سۇلتاننىڭ بۇ بالىلارچە پەرمانى نېمە دېگەن كۈلكىلىك ـ ھە! ياق، مەن جازالانمايمەن، تارتوقلىنىمەن. قاتىلنىڭ تېنىدىن جۇدا قىلىنغان بېشىنى ئۇنىڭ ئالدىدا قويىمەن. ھا ـ ھا ـ ھا…»

— ۋەزىر ئەزەم نېمانچە خۇش قوپتىلا. چۇشلىرىگە ئاي كىردىمۇ، كۈنمۇ؟ — دېدى ئۇزۇن ئاق شايى كۆڭلەكتىن تولغان بەدىنى بىلىنىپ تۇرغان مەستۇرە بۇۋى بىر نەچچە كۈندىن بېرى چاچقۇن بولۇپ قالغان ۋەزىرنىڭ تەكىيدىن كۈلۈپ باش كۆتۈرگىنىدىن ئەجەبلىنىپ.

— چۇشۇمگە سەن كىرىپسەن ئۇمىقىم، — دېدى تاغايى ئويلىرىنى ئېيتماستىن، گەپنى چاقچاققا ئايلاندۇرۇپ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

دېرىزىدىن كىرگەن يورۇقنى كۆرۈپ دەرھال سورىدى، — ھوي بۇۋى، بامدات ۋاقتى بولۇپ قالدىمۇ؟ نېمىشقا بۇرۇنراق ئويغاتمىدىڭ؟

ئۇ شۇنداق دېگىنىچە كۆڭلەك، تامبىلىنى ئالدىراپ كىيدى ـ دە، تاشقىرىغا چىقىپ تاھارەت ئېلىپ كىردى.

— كۈن قىزىرىپ قاپتۇ ئەمەسمۇ، مەسچىتكە نامازغا چىقىشىم كېرەك ئىدى. سۇلتان نېمە دەپ قالغاندۇ؟ ئەتىگەنلىك چاينى چاپسانراق دەملەپ چىق، خانئايىم جەينامازدىن قوپۇپ چىققىچە، مەن ئىشىمغا مېڭىشىم كېرەك.

تاغايى شۇنداق دەپ، تونىنى كىيىپ تۇرۇشىغا قىيا ئېچىقلىق ئىشىكتىن چوڭ ئايالى خانئايىم كىرىپ كەلدى.

— ھوي، ۋەزىر غوجام! ياش چۆرىنىڭ قېشىدىن چىقالمايدىغان بولۇپ كەتتىلىغۇ؟ مەن كىمنىڭ قىزى، ئۇ كىمنىڭ قىزى؟ ئويلىنىپراق ئىش قىلسىلا بولارمىكىن تەقسىرىم. ئۇنىڭ تېخى چۆرە ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالمىسىلا.

— ئۇنتۇپ قالغىنىم يوق ئاغىچا، سىلە ھەر كۈنى ئۇخلاپ قالغان ۋاقىتلىرىدا كېلىپ قالدىم. ئويغاتمىشقا كۆزۈم قىيماي، چۆرە خاتۇننى خىزمىتىمگە سالغىنىم راست، خاپا بولمىسىلا، سىلە دېگەن ئۆلىما زىيائىدىن مەخدۇمنىڭ قىزى چوڭ ئاغىچا، ئەتىۋارلىق خاتۇنۇم.

تاغايىنىڭ كىرىپلا ۋاتىلداپ كەتكەن خوتۇنىنىڭ ئاغزىنى ئەتمەكچى بولۇپ قىلغان ياغلىما سۆزلىرى خانئايىمغا تەسىر قىلمىدىغاندەك ئەمەس ئىدى، ئۇ تاغايىنىڭ تونىنىڭ يېڭىدىن تارتىپ دېدى:

— چاي ئىچمىگەنلا تېخى. قوپسىلا، زەپە سېلىپ چاي دەملىتىپ قويدۇم.

— خاتۇن، مەستۇرە بۇۋى ھازىر چاي راسلاپ كىرىدۇ، مەشەدە بىللە ئىچەيلى.

— ھە، بىلدىم، ئۇنىڭدىن ئايرىلالماس بولۇپ، قاپلا ـ دە، ۋەزىر ئەزەم، ئۇنداق بولسا مېنى تالاق قىلىپ قويۇۋېتىپ شۇنىڭ بىلەنلا قالسىلا.

ئىككى دېدەك بىلەن چاي، مەزە، گېزەك ئېلىپ كىرگەن مەستۇرە بۇۋى مىرزا ئەلى تاغايىغا دىۋەيلەپ تۇرغان قەھرى ـ غەزەپلىك خانئايىمنى كۆرۈپ نېمە بولدى، دېگەندەك قىلىپ تاغايىغا قارىدى. چۆرە خوتۇننى كۆرگەن خانئايىم چاچراپ تۇردى ـ دە، ئېتىلىپ كېلىپ، دېدەك مەرىيەمنىسانىڭ قولىدىكى پەتنۇسنى بىر تارتىپ، گېزەكلىرى بىلەن يەرگە تاشلىۋەتتى.

— بولدى قىلىڭ ئاغىچا! — ۋارقىرىدى مىرزا ئەلى تاغايى، — ئاغىچا، ئورۇنسىز جېدەل قىلماڭ، سۇلتانىنىڭ پەرمانى بويىچە زۆرۈر بىر ئىشنى ئادا قىلماقچىمەن. ناشتا قىلىۋېلىپلا ماڭاي، يولۇمنى توسماڭ.

— يوق يە، ئۆلمەيدىغان تاز! مېنى تالاق قىلمىساڭ ئۆيدىن چىقارمايمەن.

مىرزائەلى تاغايى خانئايىمنى قايىل قىلىش ئۈچۈن گەپ قىلماقچى بولۇۋاتقاندا، ئوچۇق ئىشىكتىن خىزمەتكارى كىرىپ كېلىپ:

— ۋەزىر ئەزەم، سىزنى قورغانغا دەررۇ كەلسۇن، دەپ سۇلتان ياساۋۇلنى ئەۋەتىپتۇ، — دەپ خەۋەر قىلدى.

مىرزا ئەلى تاغايى خانئايىمنى ئىتتىرىۋېتىپ، ئۈچقاندەك ئۆيدىن چىقتى. ئۇ سەللىسىگە كۈمۈش ئوتۇغاتنى قاداشنىمۇ ئۇنتۇپ قالغانىدى.

— سۇلتان ئالىيلىرى، ۋەزىر ئەزەم دەرھال يېنىمغا كەلسۇن، دەپ مېنى ئەۋەتتى، — دېدى دەرۋازا ئالدىدا ساقلاپ تۇرغان ئوردا ياساۋۇلى ئۇنى كۆرۈپ.

— باراي، دەپ تۇراتتىم.

تاغايى ياساۋۇل بىلەن بىللە قورغاندىكى كىچىك ئوردىغا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كىرىپ كەلگەندە، كۈن خېلىلا كۆتۈرۈلۈپ قالغانىدى. ئۇ قاراپ، سۇلتان ئابدۇرېشىتخاننىڭ ئىككى يېنىدا ئولتۇرۇشقان خوجا ئەلى بىلەن ئەمىر مۇھەممەدبېكنى كۆردى. «ئويلىغىنىمدەك كېلىپ بولۇپتۇ، — دېدى ئىچىدە، ئوتتۇرىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇشقان دۈسەنبېك ئاقساقال، توختىغۇل قاتارلىق يۇرت باشلىرىغا كۆزى چۈشكەندە شالاڭ كۆتمەك قېشى بىر كۆتۈرۈلۈپ جايىغا چۈشتى، — ئۇلار نېمىگە كېلىشكەندۇ؟ چىرايلىرىدىن خاپىلىق يېغىپ تۇرىدىغۇ؟» تاغايى ئابدۇرېشىتخانغا ئېگىلىپ سالام قىلدى. ئابدۇرېشىتخان جاۋاب سالامدىن كېيىن:

— ئادەم ئەۋەتمىسەم كەلمەيتتىڭىز ۋەزىر؟ — دېدى ئاچچىقلانغان قىياپەتتە ئابدۇلرەشىدخان، ئۇنىڭ چىرايى قىزىرىپ چېكە تومۇرلىرى كۆپۈپ چىققانىدى.

— ھەزرىتى ئالىيلىرىنىڭ پەرمانىغا ئاساسەن بۈگۈن قاتىللنى تېپىشقا ئاتلاناقچىدىم، — تەۋەززۇ بىلەن سۆزلىدى تاغايى، — تۈنۈگۈن قاتىللىق يۈز بەرگەن جاينى كۆزدىن كەچۈرۈپ، قەتلى قىلىنغانلارنىڭ كىملىكىنى بىلىپ چىقتىم. ئۇلار ھارس نەجمىدىن دوغلات، قورغان نۆكەرلىرىنىڭ ئون بېشى ئابدۇللا مەرگەن، نۆكەر جەمشىت سەربازلار ئىكەن. قاتىللار ئۇلارنى ئۆلتۈرگەن قىلىچ، خەنجەرلىرىنى تاشلاپ كېتىپتۇ. تەكشۈرۈشتىن مەلۇم بولدىكى، قىلىچ - خەنجەرلەر بىزنىڭ نۆكەر - ياساۋۇللىرىمىزنىڭكىگە زادىلا ئوخشىمايدىكەن، بۇ يەرنىڭمۇ ئەمەس، قەشقەر، يەركەننىڭمۇ ئەمەس، خۇراسان، خارەزىم ئەللىرىدە سوقۇلغاندەك تۇرىدۇ. مەن ئۇ ئەللەردە بولغان سۇلتانىم، ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرمىگەن بولسام ئىشەنمەيتتىم.

— خوجا ئەلى باھادىر بۇنى ماڭا ئېيتتى، — دېدى ئابدۇرېشىتخان ئويغا چۆمگەن ھالدا، — قورقۇنچلۇق قىلمىشلار ئارقا - ئارقىدىن يۈز بەرمەكتە ۋەزىر، چىراغ تۈۋىنىڭ قاراڭغۇلۇقىدىن پايدىلانغان ئەبلەخلەرنىڭ ھارس نەجمىدىن

دوغلاتتەك باتۇر چەۋەنداز بىلەن قورغان ياساۋۇللىرىمىزدىن ئىككىنى ئۆلتۈرۈپ، ئىز - دېرەكسىز غايىب بولۇشى بىزنىڭ غەپلەتتە ئىكەنلىكىمىزنى كۆرسەتمەمدۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە، قىرغىز مۆتىبەرلىرىدىن بولغان دۇسەنبېك ئاقسالنىڭ قىزىنى ئەنە شۇ پاجىئە يۈز بەرگەن كۈننىڭ ئاخشىمى تايغانبېك دېگەن قاراقچى بۇلاپ كېتىپتۇ. بىز ئەمدى ئۇيقۇمىزنى ئاچمىساق بولمىغۇدەك. خان ئاتامنىڭ بۇ يەرگە كېلىشى يېقىنلاپ قالغاندا، بۇنداق جىنايەتلەرنىڭ سادىر بولۇشى ھەرگىز سەۋەبسىز ئەمەس.

— ئارى سۇلتانىم، — دېدى مىرزا ئەلى تاغايى پۇكۇلۇپ، — بۇنداق قەبىھ قىلمىشلارغا دەرھال خاتىمە بەرمىسەك، شاھىنشاھ سۇلتان سەئىدخان ئالىيلىرىغا قانداقمۇ يۈز كېلەلەيمىز؟ بۇ يەردە قانداقمۇ خاتىرجەم تۇرالايمىز؟ — ئۇ سۆزىدىن توختاپ سۈكۈت قىلدى. ئۇنىڭ كۆڭلىدىن: «دۇسەنبەك ئاقسال، توختىغۇللارنىڭ ئەتىگەندە قورغانغا كېلىشى بىكار ئەمەسكەن - دە، مۇنداقمۇ ئوك كەلگەن بارمۇ؟ قاتىلنىڭ تايغانبېك ئىكەنلىكىگە سۇلتاننى ئىشەندۈرۈشۈم كېرەك» دېگەن ئوي كېچىپ سۆزىنى داۋام قىلدى، — سۇلتانىم، قاتىلنىڭ كىملىكىنى پەرەز قىلدىم. ئۇ باش - باشتاق قىرغىز توپىلاڭچىلىرى، باشقا كىشى ئەمەس، قاتىللىق بىلەن بۇلاڭچىلىقنىڭ ئەتىگەن - كەچتە يۈز بېرىشى بۇ ئىككى قىلمىشنىڭ باغلىنىشلىق ئىكەنلىكىنى دەلىللەيدۇ. قاتىللىقنى يېپىش ئۈچۈن تايغانبېك بۇلاڭچىلىق قىلغان، خالاس.

— شۇنداق بولۇشى مۇمكىنمۇ؟ — ئابدۇرېشىتخان ئاۋۋال تاغايىغا، ئاندىن خوجا ئەلى بىلەن مۇھەممەدبېككە قارىدى. ئۇنىڭ تاغايىنىڭ سۆزىگە ئىشەنمەيۋاتقانلىقى ئۇيچان نەزىرىدىن مەلۇم بولۇپ تۇراتتى.

— چوقۇم شۇنداق، — دېدى ئۆز گېپىنى قۇۋۋەتلەپ تاغايى، — سۇلتان ئالىيلىرىنىڭ دىققىتىنى بۆلۈش ئۈچۈن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تايغانبېك قاتىللىق قىلىپ بولۇپ، ئاندىن كېلىنچەكنى بۇلاپ كەتكەن. قاتىلنى ياقا يۇرتلۇق ئىكەن، دەپ بىلىشىمىز ئۈچۈن قان تۆككۈچىلەر خوراساندا سوقۇلغان قىلىچ، نەيزە ئىشلەتكەن.

— ۋەزىرنىڭ دېگەنلىرىمۇ ئاساسسىز ئەمەس، ئەمما بىزگە يىللاردىن بېرى مەلۇم بولۇشىچە، تايغانبېكنىڭ دۈشەنبېك ئاقساقالنىڭ قىزىنى ئېلىپ قېچىشى ئىشق ـ مۇھەببەتتىن بولغان قىلمىش، — دېدى ئەمىر مۇھەممەدبېك تىزى ئۈستىگە قويۇغلۇق قىلىچىنى تىكلەپ ئورنىدىن قوپۇپ، ئۇ قارا تون، قارا كۆل تۇماق كىيگەنىدى. تەمبەل، كېلىشكەن بۇ ئادەم ياقتۇرمىغان قىياپەتتە تاغايغا بىر قاراپ قويۇپ جىم بولدى.

— بۇنى قانداق دەلىللەيسىز مۇھەممەدبېك ئاغا؟ — ئابدۇرېشىتخان جىددىي سورىدى.

— بۇ توغرۇلۇق دۈسەنبېك ئاغام سۆزلەپ بەرسۇن، — مۇھەممەدبېك دۈسەنبېككە ئۆتۈنۈش نەزىرى بىلەن قارىدى.

— سۇلتانىم، — دەپ ئورنىدىن تۇردى دۈسەنبېك قول قوشتۇرۇپ، مەيدىسىگە چۈشكەن ئاق ساقىلىنى تىترىتىپ سۆزلەشكە باشلىدى، — تايغانبېك ئىسسىق كۆل بويىدا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يىگىت، ئۇ دادىسىدىن كىچىك يېتىم قالغان، بىز بىر ئۇرۇقتىن. ئۇنىڭ قىزىمغا كۆڭلى بارلىقى راست. لېكىن، قىرغىزنىڭ ئادىتى بويىچە بىر ئۇرۇقتىن بولغان يىگىت ـ قىزلار قېرىنداش ھېسابلىنىپ نىكاھلىنىشى مەنئى قىلىنىدۇ. مەن توختىغۇلنى نامرات بىساناپ، كۈيئوغۇل قىلىشىنى لايىق كۆرمەيۋاتقان شۇ كۈنلەردە، بۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسى ئاللانىڭ تەقدىرى بىلەن ئالىيلىرىغا ئۈچرىشىپ قېلىپ مۇرادىغا يېتىشكەنىدى. تايغانبېك ئۇلارنىڭ تويى بولغاندىن باشلاپ، ماڭا ۋە توختىغۇلغا دۈشمەنلىك نەزىرى بىلەن قاراپ يۈردى، ئۇ ئۆزى بىلەن ھەمنەپەس بىر نەچچە يىگىتنى كەينىگە سېلىپ، تاغقا

چىقىپ كەتكەنچە، توغۇلغان قىشلاقتا يالغۇز ئانىسىنى دەپ كېچىسى كەلمەسە، كۈندۈزى كەلمەيدىغان، يول توسۇپ قاراقچىلىق قىلىدىغان مەلئۇنغا ئايلىنىپ كەتتى. ئىككى يىلدىن بېرى ئۇنىڭ نامى قىپچاق ـ قىرغىز ئېلىگە تارالدى. ئەمىر مۇھەممەدبېك بىر قانچە قېتىم...

— توختاڭ دۇسەنبېك ئاقساقال، تايغانبېكنىڭ ئانىسى ھېلىمۇ بارمۇ؟ — ئويلىنىپ قالغان مىرزا ئەلى تاغايى سۆزنى بۆلۈپ سورىدى.

— ھېلىمۇ بار ۋەزىر، ئىسسىق كۆل قىشلىقىدا تۇرىدۇ، ياشىنىپ قالغان مەزلۇمە.

— ھە، بىلدىم ئاقساقال. سۆزىڭىزنى داۋاملاشتۇرۇڭ، — تاغايى يىتتۇرۇپ قويغان قىممەت باھالىق نەرسىسىنى تېپىۋالغاندەك خۇشاللىنىپ ھىجايدى.

— ئەمىر مۇھەممەدبېك بىر قانچە قېتىم نۆكەر، ياساۋۇللىرى بىلەن ئۇنى تۇتماقچى بولۇپ، تۇتالمىغانىدى. تۇنۇگۈن كەچ ئۇ ئالتۇنبېكە پادىنى ھەيدەپ قايتىپ كېلىۋاتقىنىدا قويلىرى بىلەن قوشۇپ بۇلاپ كېتىپتۇ. توختىغۇل ئىككىمىز ئوۋ ئوۋلىغىلى چىقىپ كەتكەنىدۇق. شامدىن يانغاندا قايتىپ كېلىۋىدۇق، بۇ شۇم خەۋەرنى ئاڭلىدۇق. توختىغۇل ئىككىمىز قىشلاقتىكى بىر بۆلۈك يىگىتلەر بىلەن كېچىچە ئەتراپنى قىدىرىپ قىزىمىنىڭ دېرىكىنى ئالالمىدۇق. ئەتىگەندىلا ئەمىر مۇھەممەدبېكنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئەھۋالنى مەلۇم قىلىۋىدۇق، سۇلتانىنى خەۋەرلەندۈرۈپ قويايلى، دەپ بىزنى قورغانغا ئېلىپ كەلدى. سۇلتانىم، ئالىيلىرىنى بۇ ئەرزىمەس ئىشقا ئاۋارە قىلىغىمىز يوق، بىزگە چەۋەنداز نۆكەردىن ئۇننى بەرسىلە، تايغانبېكنىڭ ئىزىغا چۈشۈپ باقساق. قىزىمىنىڭ قېنى قىزىق، ئۆزىنى نابۇت قىلىۋېتەرمىكىن، دەپ ئەنسىرەپ قېلىۋاتىمەن.

— ئىجازەت بەرسىلە سۇلتانىم، تايغانبېكنىڭ ئىزىغا مەنلا

چۈشەي، — دېدى خوجا ئەلى. ئۇنىڭ غەزىپى كەلگەنلىكىدىن قۇيقا چاچلىرى تىكەنلىشىپ كەتكەنىدى.

— سۇلتان بۇ ئىشنى ماڭا تاپشۇرغان ئەمىر، — دېدى مىرزا ئەلى تاغايى ئالدىراپ سۆزلەپ، — تايغانبېكنى تۇتۇش — ئادا قىلىشقا تېگىشلىك ۋەزىپەم، جانابلىرى ھەمكارلىشمەن دىسىلە، نېمىشقا خۇرسەن بولماي؟

ئابدۇرېشىتخاننىڭ قوشۇمىسى تۈرۈلدى.

— ئەمىر، ۋەزىر، تايغانبېك دېگەن قاراقچى بىلەن بۇ قاتىللىقنىڭ باغلىنىشى بار، دەپ قارامسىلەر زادى؟ — دېدى ئۇ گۇمانسىراپ.

— مەن شۇنداق قارايمەن سۇلتانىم، — بىرىنچى بولۇپ سۆز قاتتى تاغايى، — بۇنىڭغا ئىشەنچىم كامىل. تايغانبېك بۇ قېتىم سۇلتانىمىز سەئىدخاننىڭ بۇ يەرگە كېلىشىنى توسۇش ئۈچۈن قاتىللىق قىلىپ، ئادەملىرىمىزنى شېھىت قىلغان، كېلىنچەكنى بۇلاپ كېتىپ ئۆزىنى دالدىغا ئالغان.

ئەمىر مۇھەممەدبېك ۋەزىرنىڭ سۆزىگە قوشۇلمىسىمۇ، رەت قىلىشقا پېتىنالماي سۈكۈت قىلدى. ئابدۇرېشىتخان پەرمان قىلدى:

— دۇسەنبېك ئاقساقال سىزگە، توختىغۇل ئەمىر خوجا ئەلىگە ھەمراھ بولسۇن ۋەزىر. ئىككىگە بۆلۈنۈپ، يېقىنى ئۈچ كۈن، يىرىقى توققۇز كۈن ئىچىدە تايغانبېكنى تۇتۇپ، ئالتۇنبېكەنى قۇتۇلدۇرۇپ كېلىڭلار.

— خوپ سۇلتانىم.

ئۇشۇقىنىڭ ئالچا چۈشكىنىدىن خۇشاللانغان تاغايى سۇلتان بىلەن خوشلىشىپ، دۇسەنبېك بىلەن بىللە قورغاندىن چىقتى.

## 2

كۈن غەربكە قايرىلغانىدى. تىنجىق ئىسسىق ئاستا ـ ئاستا كۆتۈرۈلۈپ، گۈل ـ گىياھلار دولقۇنلىنىپ تۇرغان يايلاق سالقىنلاشقا باشلىدى. تاغ باغرىدىن ئەسكەن شامال بوستانلارنى يەلپۈندۈرۈپ، دەل ـ دەرەخلەرنى ئىرغاڭشىتىپ، ئىسسىق كۆلنىڭ ئەينەكتەك يۈزىنى سىپاپ ئۆتكىنىچە، ئاق كىگىز ئۆينىڭ تۈڭلۈكىدىن غۇرۇلداپ كىرەتتى ـ دە، قىمىز چالغىتىۋاتقان جامالقان مومايىنىڭ بويۇن ـ باشلىرىغا ئۇرۇلاتتى.

ياز كۈنىدىكى يايلاق شاملى نېمە دېگەن راھەت ـ ھە!

مومايىنىڭ چېكە چاچلىرى ئاقارغان بولسىمۇ، يۈزىدە قورۇق يوق دېگۈدەك ئىدى. مەڭزى ئوتتا تاۋلىنىپ پىشقان گىردە ناندەك قىزىل ئىدى. تۇرقىدىن ناھايىتى تەمبەل كۆرۈنەتتى. كەڭ ئۇزۇن كۆكرەك پۈرمە كۆڭلىكىنىڭ ئىتەكلىرىنى يىغىپ، بىلىگە يۆگىۋالغان، گۈللۈك ئاق روملىنىڭ ئۇچىنىمۇ بويىنىدىن ئايلاندۇرۇپ چىگىۋالغانىدى. ئۇ «ئوغلۇم تايغانبېك كەلگىچە قىمىزنى تازا پىشۇرۇپ قوياي» دەپ چوڭ ئىدىشتىكى قىمىزنى تېخىمۇ جېدەللەپ چالغىتاتتى. ئوغلىنىڭ «ئانا، قىپچاق ـ قىرغىز يۇرتىدا ھېچكىمنىڭ قىمىزى سىزنىڭكىدەك تەملىك، كۈچلۈك ئەمەس، ئىچكەنسېرى ئىچكىم كېلىدۇ» دېگەن سۆزلىرى قۇلىقىغا كىرگەندەك بولاتتى. ئىدىشتىكى قىمىز دەريا ئۆركىشىدەك كۆۋەجەپ، كۆپۈكلىنىپ كەتكەنىدى. موماي يۈز ـ بويۇنلىرىدىكى تەرنى ئېرتىپ تۇرۇۋېدى، خېلىلا كۆپ ناتونۇش ئاتلىق كىشىلەر ئاق ئۆيگە يېقىنلاپ كېلىشتى. موماي ئوچۇق ئىشىكتىن سەپسېلىپ، «ۋاي، بۇ خاننىڭ نۆكەرلىرىغۇ، نېمە دەپ كەلگەندۇ، قىمىز ئىچكىلى كەلگەندىمۇ، يا ئات، قوي سوراپ كەلگەندىمۇ؟» دەپ ئويلاپ، روملىنى ئوڭلاپ ئىشىك ئالدىغا چىقتى. كۆز يېتىم يەردە قوزۇقا باغلاپ قويۇلغان ئىككى

بايتال تەڭلا ئۇنىڭغا قايرىلىپ قاراشتى. «قورسىقى ئاچقان ئوخشايدۇ. چۆپ بېرەي» دەپ تۇرۇشىغا،

— سىز تايغانبېكنىڭ ئانىسىمۇ؟ — دېگەن بوك ئاۋاز ئۇنىڭ دىققىتىنى بۆلۈۋەتتى. ئوتتۇرا ياش، بويلۇق نۆكەر ئاق ئۆي ئالدىدا ئاتتىن سەكرەپ چۈشۈپ، سوئالىغا جاۋاب كۈتۈپ تۇردى.

— ھەئە، مەن شۇ، — موماي ھودۇقماي جاۋاب بەردى. «ئەجەب مېنى سورايدىغۇ، ئوغلۇمنىمۇ ئېغىزغا ئېلىۋاتىدۇ. بۇلار نېمە دەپ كەلگەندۇ؟ ھەرنە بالا - قازادىن ئوغلۇمنى ئۆز پاناھىڭدا ساقلىغايسەن خۇدايىم» دېدى ئىچىدە.

— ۋەزىر ئەزەم، تايغانبېكنىڭ ئانىسى مۇشۇ ئىكەن، — دېدى بويلۇق نۆكەر ئېتىنى دېۋىتىپ كەلگەن مىرزا ئەلى تاغايغا مومايىنى كۆرسىتىپ.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ئانا! — سالام بېرىپ ئاتتىن چۈشتى تاغايى.

— ئەسسالام! — موماي جاۋاب سالام بەردى، — ئۆيگە كىرىڭ سەردار.

موماي تاغايىنى لەشكەر بېشى دەپ قالغانىدى.

— تايغانبېكنىڭ ئانىسى بولامسىز؟ — سورىدى تاغايى، — ئىسمىڭىز نېمە؟

— شۇنداق، ئىسمىم جامالقان.

— تايغانبېك ئۆيدە يوقمۇ؟

— يوق سەردار، ئۆيگە ئاياغ باسمىغىلى بىر ئايدىن ئاشتى.

— ھە، كېلىدىغان ۋاقتىمۇ بولغاندۇ؟

— بىلمەيمەن، بەزى چاغلاردا پات - پات كېلىدۇ. بىر نەچچە ئايغىچە كەلمەي ئەنسىرىتىدىغان ۋاقىتلىرىمۇ بولىدۇ. نېمە، ئوغلۇمنى سوراپ قالدىڭىزغۇ، سەردار؟ — جامالقان موماي ئاسقىپ، ئەنسىز نەزىرى بىلەن مىرزا ئەلى تاغايغا ۋە باشقىلارغا بىر قاراپ چىقىپ دېدى، — قىرغىزدا قوناقنى ئىشىك ئالدىدىن

ئۆزىتىدىغان ئادەت يوق. ئۆيگە كىرىڭلار، قانداق سۆزۈڭلار بولسا داستىخان ئۈستىدە ئاڭلاي.

— بۇ كىچىككىنە ئۆيىڭىزگە ئادەملىرىمنىڭ ھەممىسى پاتمايدۇ، — دېدى كىرگۈسى كەلمىگەن تاغايى قولى بىلەن ئاتلىرىدىن چۈشۈپ قاتار تۇرۇشقان نۆكەر، ياساۋۇللارنى كۆرسىتىپ.

— ئاۋۋال كىرىڭلار. كۆزىڭىزگە كىچىك كۆرۈنۈۋاتقىنى بىلەن ئاق ئۆيىنىڭ ئىچى كەڭرى، سىغماي قالغانلارغا ئىشىك ئالدىغا داستىخان سالىمەن، دالىمىز پايانسىز، — دېدى موماي بوش كەلمەي.

— ھا ـ ھا ـ ھا! — ... تاغايى كۈلۈپ كەتتى. ئۇ «كارامەت موماي ئىكەنغۇ بۇ، بوپتۇ، ئۆيىگە كىرىپ قىمىزىنى ئىچەيلى. ئوغلى كېلىپ قالسا تېخى ياخشى...» دەپ ئويلاپ دۇسەنبىك ئاقساقالغا، — ئۆيگە سىز باشلاڭ، — دېدى.

مومايىنىڭ ھەسرەتلىك كۆزلىرى دۇسەنبىككە چۈشتى.

— سىزمۇ كېلىپسىزغۇ ئاقساقال؟ باياتىن كۆرمەي قاپتىمەن. مېھمانلارنى ئۆيگە سىز باشلاڭ، ئوبدان قىمىزىم بار.

دۇسەنبىك ئوڭايسىزلىنىپ گەپ قىلمىدى. ئۇ ۋەزىر، نۆكەر، ياساۋۇللارنى ئۆيگە باشلاپ ئولتۇرغۇزدى. موماي پايپاسلاپ يۈرۈپ ئۇلارنىڭ ئاستىغا كۆرپە سالدى. بىر قانچە كىگىز، شىرداقنى ئېلىپ چىقىپ، ئىشىك ئالدىدىكى سەيناغا سېلىپ، نۆكەرلەرنى ئولتۇرغۇزدى. داستىخانغا ئېرىمچىك، قۇرۇت، قېتىق، سېرىق ياغ، تارى بىلەن بىر تەلەڭگە پىشۇرۇلغان گۆشنى قويدى. تاغايى لەۋلىرىنى پۈرۈشتۇرۇپ قاتتىق چۈشكۈردى.

— ئاللا سالامەت قىلسۇن، — دېيىشتى باشقىلار.

موماي قىمىز قاچىلانغان تۇلۇمنىڭ ئاغزىنى ئاچتى.

مىرزا ئەلى تاغايىنىڭ ۋەزىر ئىكەنلىكىنى ئېيتقان

دۇسەنبېك بىر نەچچە ئېغىز تەكەللۇپ سۆزىنى قىلىپ قويۇپ جىم ئولتۇردى.

— قۇللۇق، غېرىب خانىمىزگە ۋەزىرنىڭ كېلىشى — ئامەت. بۇنىڭدىن ناھايىتى خۇرسەن بولدۇم ئاقساقال، تايغانبېك ئوغلۇمنىڭ رەھمەتلىك دادىسى بولغان بولسا، بۇ چاغقىچە ۋەزىرنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن تاي سويغان بولاتتى. ھېلىمۇ يايلاقتىن پادا يانغاندا قوزى قوچقار سويدۇرىمەن، — موماي سۆزلىگەچ بىر چۆچەككە قىمىز قۇيۇپ تاغايىغا تۇتتى، — تېخىچە كېلىنچىكىم يوق. ئوغلۇم ئۆيلەنگىلى ئۇنىماي يالغۇزلۇق تارتىپ قالدىم ۋەزىر.

تاغايى دۇسەنبېككە قاراپ قويدى. ئىسسىق كۆل دىيارىغا كەلگىنىگە ئىككى يىل بولغان بولسىمۇ قىمىز ئىچىشكە ئادەتلىنەلمىگەنىدى. ئۇ بىر چۆچەك قىمىزنى تەستە ئىچىپ بولۇپ، چۆچەكنى كۆمتۈرۈپ قويدى. يۇمشاق پىشقان سوغۇق گۆشنى يەخمە قىلىپ يەپ ھوزۇرلاندى. ئېرىمچىككە ئېغىز تېگىپ، قېتىقمۇ ئىچتى، موماي قايناتىپ كىرگەن چايدىن پىيالىغا قۇيۇپ، مۇشتۇمدەك سېرىق ياغ سېلىپ، سۈمۈرۈپ پەيزى قىلدى.

كەينى ـ كەينىدىن قىمىز تولدۇرۇلغان چۆچەكنى بوشىتىپ قىزىرىپ كەتكەن دۇسەنبېك ئۈنچىقماي ئولتۇرۇۋەرگەچكە، تاغايى شالاڭ قاشلىق قوشۇمىسىنى تۈرگەن ھالدا يۆتىلىپ قويۇپ دېدى:

— جامالقان بۇۋۇم، ئوغلىڭىز تايغانبېك سۇلتاننىڭ ئۈچ نۆكىرىنى ئۆلتۈردى، بۇنىڭ بىلەنلا قالماي، دۇسەنبېك ئاقساقالنىڭ قىزىنى بۇلاپ كەتتى. شۇڭا بىز...

— ياق ـ ياق ۋەزىر، ئوغلۇم تايغانبېك ئادەم ئۆلتۈرمەيدۇ. بۇ چاغقىچە ئۇنىڭ ئاچكۆز بايلارنى بۇلىغانلىقى توغرىسىدا خەۋەر ئاڭلىغان بولساممۇ، ئادەم ئۆلتۈرگىنىنى ئاڭلىمىغان. ئۇنىڭ

ئالتۇنبېكەگە كۆڭلى بار ئىدى. قىز ئەرگە تەككەندىن كېيىن ئېلىپ قاچقىنى توغرا بولماپتۇ. ئوغلۇمنىڭ ئاشىقلىغى راست، قاتىللىقى يالغان، — دېدى جامالقان موماي تاغايىنىڭ سۆزىنى زەردى بىلەن بۆلۈپ.

— تايغانبېك نۆكەرلەرنى ئۆلتۈرمىگەن، كېلىنچەكنى بۇلاپ قاچمىغان بولسا، بۇ يەرگە كەلمەيتتۇق.

— ۋەزىر توغرى ئېيتتى جامالقان. قىزىمنى قوي باققان يېرىدىن ئۆلۈشكۈن كەچ بۇلاپ كېتىپتۇ. ئۆلتۈرۈۋەتمىسە بولاتتى، — دۇسەنبېك چىرايى ئۆڭۈپ كېتىۋاتقان مومايغا قاراپ سۆزىنى توختاتتى.

— ئاقساقالنىڭ گېپىنىمۇ يالغان دېمەكچى بولامسىز؟ — تاغايى سىدام ئىنىكىنى سىلاپ - سىلاپ قويدى، — ئوغلىڭىز قاتىل، ئۇنى تۇتۇپ جازالىمىساق بولمايدۇ. شۇڭا، سىزنى ئېلىپ كەتمەكچىمىز.

— نېمە؟ مېنى ئېلىپ كېتەمسىلەر، نېمىشقا؟ — موماي ئاچچىقلانغىنىدىن بوغنۇقۇپ سورىدى.

— ئېلىپ كېتىمىز، جامالقان بۇۋى، سىز قەيەردە بولسىڭىز، ئوغلىڭىز شۇ يەرگە ئىزدەپ بارىدۇ، — تاغايى گەپنى ئوچۇق قىلىپ ئانا قەلبىنى لەرزىگە كەلتۈردى.

— ھە بىلدىم، مېنى يەمچۈك قىلماقچىمۇ؟ — موماي قىمىز قۇيۇۋاتقان ھىجىرنى كۆمتۈرۈپ قويۇپ، دەس قوپتى، — ھازىر كېتىڭلار، كۆزۈمدىن يوقىلىڭلار. ئۇياتماي قىلىۋاتقان گېپىنى!...

— شاشىماڭ موماي، يۈرۈڭ، بىز بىلەن مېڭىڭ! بولمىسا، — مىرزا ئەلى تاغايىمۇ ئاچچىقلىنىپ ئورنىدىن تۇردى، — ئېلىپ مېڭىڭلار!

— بۇ ئۆيۈمدىن ھېچ يەرگە بارمايمەن. ئوغلۇمنىڭ ئادەم ئۆلتۈرگىنى يالغان، — دەپ تىرەجەپ تۇرۇۋالدى موماي

قولتۇقىدىن سۆرەپ ماڭغان نۆكەرلەردىن قۇتۇلماقچى بولۇپ يۇلقۇنۇپ. تاغايى:

— ھامىد قەللات! — دەپ چاقىرىۋىدى، بىر بويلۇق نۆكەر

— لەببەي! — دېگىنىچە تاغايىنىڭ ئالدىغا كەلدى.

— سەن بۇ جادىگەرنى قورغانغا ئېلىپ بارسەن، پەخەس بول، — دېدى تاغايى، كېيىن تۆت نۆكەرگە قاراپ دېدى، — سىلەر ھامىد قەللاتقا ھەمراھ بولۇسىلەر، كەينىمىزدىن ئىز بېسىپ مېڭىڭلار.

ھامىد قەللات يەنە بىر نۆكەر بىلەن جامالقان موماينىڭ جەينىكىدىن سىقىپ تۇتۇپ سۆرىگىنىچە ئاتنىڭ يېنىغا ئېلىپ باردى. ئەتراپتىكى ئاق ئۆيلەردىن چىقىپ قارىشىپ تۇرغان ئەر ـ ئاياللار ۋەھىمە ئىچىدە قالدى. مىرزا ئەلى تاغايى ئاتقا مىنىپ يۇقىرى ئاۋاز بىلەن دېدى.

— جامائەت، قاراقچى تايغانبېك ئۈچ نۆكەرنى ئۆلتۈرۈپ، يۇرت بېشىڭلار دۇسەنبېكنىڭ قىزىنى بۇلاپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، سۇلتان ئابدۇلرەشىدخان توققۇز كۈن ئىچىدە ئۇنى تۇتۇپ كېلىشىم، ئەگەر تۇتالمىسام جازالىنىدىغانلىقىم توغرىسىدا پەرمان چۈشۈرگەنلىكىدىن بۇ ئاۋۇلغا كەلگەنىدىم. تايغانبېك تۇتۇلغىچە ئانىسى قورغاندا تۇرۇپ تۇرىدۇ. ئەگەر تايغانبېك بەش كۈن ئىچىدە دۇسەنبېكنىڭ قىزى ئالتۇنبېكەنى ئېلىپ قورغانغا بارسا ئانىسىنى ئۆز ئۆيىگە ئەكېلىپ قويىمىز. بارمىسا بىزدىن ئاغرىنمىسۇن، بۇ سۆزۈمنى كىم بولمىسۇن تايغانبېككە يەتكۈزۈپ قويسا بولىدۇ.

ئۇ گېپىنى تۈگىتىپ ئېتىغا قامچا ئۇردى. ھامىد قەللات جامالقان موماينى ئېتىنىڭ ئالدىغا توغرا ياتقۇزۇپ، تاغايىنىڭ كەينىدىن چېپىپ كەتتى، قالغان نۆكەر، ياساۋۇللارمۇ چاڭ ـ توزان ئىچىدە كۆزدىن غايىب بولدى. تىڭىرقاپ قالغان دۇسەنبېك:

— قېرىندىشلىرىم، تايغانبېكنىڭ قىزىمنى بىر قوتان قوي بىلەن بۆلاپ كەتكىنى راست، ئەمما مەن جامالقان مومايغا ئۇۋال قىلغۇزمايمەن، — دېدى - دە، ئېتىغا مىنىپ ئۆيى تامان يول ئالدى.

## 3

قوچقار قىشلىقىدىكى قورغاندىن ئىسسىق كۆل بويىغا تىكىلگەن ئاق ئۆيگە كېلىپ تۇرۇۋاتقىنىغا ئۈچ كۈن بولغان ئابدۇرېشىتخان ھەر كۈنى دېگۈدەك خاس نۆكەرلىرى بىلەن شىكار قىلغاچ قىشلاق، ئاۋۇللارنى ئارىلايتتى. خەلقنىڭ ھال - ئەھۋالىنى سورىغاچ، ئۈچ قابىل نۆكەرنى ئۆلتۈرگەن قاتىلنىڭ، ئالتۇنبېكەنى بۆلاپ كەتكەن قاراقچىنىڭ ئىز - دېرىكىنى قىلاتتى. بىراق، ئۇلار توغرۇلۇق بىرەر ئۇچۇرغا ئىگە بولالمايۋاتاتتى. بۇ ھال ئابدۇرېشىتخاننى ئويغا غەرق قىلىۋەتكەنىدى. «زادى قاتىل كىم؟ يات ئەلدىن كەلگەن دۈشمەن ئەييارمۇ ياكى باش - باشتاق توپۇلاڭچى قىپچاق - قىرغىزلارمۇ؟ قاراقچى تايغانبېكمۇ ياكى ئارىمىزغا يوشۇرۇنغان قارا نىيەتلىك ئەبلەخمۇ؟ ئۇ نېمە ئۈچۈن تۇتۇق بەرمەيدۇ؟...»

ئويلىغانسېرى ئابدۇرېشىتخاننىڭ ئىچى تىت - تىت بولاتتى. ئۇ بۈگۈن كېچىچە ئۇخلىماي چىقتى. ئاتىسى سەئىدخان ئۇنى ئەيىبلەۋاتقاندەك، ئۆزى سۇلتانلىقنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايۋاتقاندەك، ئەتراپىنى رەھىمسىز دۈشمەنلەر ئورىۋالغاندەك سېزىپ، بىئارام بولدى. شۇ بىئاراملىقتا بامداتنى بارگاھ ئالدىدا سەردار، نۆكەرلەر بىلەن ئوقۇدى. ئەتىگەنلىك چاينى ئىچىپ ئاتلىناي دەپ تۇرۇۋىدى، توساتتىن مىرزا ئەلى تاغايى ئادەملىرى بىلەن كېلىپ ئاتتىن چۈشتى ۋە سۇلتانغا تەزىم قىلىپ تۇرۇپ سالام بەردى. ئابدۇرېشىتخان جاۋاب سالامدىن كېيىن ئۇنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بارگاھقا باشلىدى.

سۇلتانىنىڭ بارگاھى بولغان ئاق ئۆي ئادەتتىكى كىگىز ئۆيلەردىن كاتتا، ھەشەمەتلىك بولۇپ، گۈمبەز شەكلىدە ئىدى. نەيزە تۇتقان قاراۋۇللار كىچەيۇ ـ كۈندۈز ئىشىكتىن نېرى بولمايتتى. ئىشىكنىڭ ئىككى تەرىپىدە سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ئاي ـ يۇلتۇزلۇق نۇقۇت رەڭ بايرىقى يەلپۈنۈپ تۇراتتى. ئىشىك بېشىغا بۆرە كاللىسى ئېسىلغاچقا سىرلىق، ھەيۋەتلىك كۆرۈنەتتى. ئىشىكتىن كىرگەن كىشى ئۆي ئىچىگە رەڭدار ئىران گىلىمى سېلىنغانلىقىنى كۆرەتتى. قاپ ئوتتۇرىغا ئابدۇرېشىتخاننىڭ پارقىراپ تۇرغان سۇلتانلىق تەختى، ئۇنىڭ ئىككى تەرىپىگە ۋەزىر، ئەمىر، سەردارلارنىڭ ئالاھىدە ياسالغان يۆلەنچۈكلۈك كۇرسىلىرى قويۇلغانىدى. ئاسقۇلارغا ئېسىلغان قىلىچ، قالقان، نەيزە، ئوقيالارمۇ سۇرلۇك كۆرۈنەتتى.

ئابدۇرېشىتخان كىرىپ تەختتە ئولتۇردى. مىرزا ئەلى تاغايى كەينىدىكى نۆكەر تۇتۇپ تۇرغان يوغان بوپىنى قولىغا ئېلىپ، تەختنىڭ پايىسى ئالدىغا قويدى.

— ۋەزىر، بۇ نېمە؟ — ئەجەبلىنىپ سورىدى ئابدۇرېشىتخان.

— دۈشمەنلىرى تايغانبېكنىڭ بېشى، — گىدەيگەن ھالدا جاۋاب بەردى تاغايى ۋە بوپىنى ئاچتى.

بوپىدىكى راستتىنلا ئادەمنىڭ بېشى ئىدى! كۆزلىرى ئوچۇق بولۇپ، يۈزلىرى سارغىيىپ كەتكەن، قارا قاشلىرى تۈتىشىپ تۇرغان قوشۇمىسى تۈرۈلۈك، كۆز قارچۇغى كىچىكلەپ، چاناقلىرى كېڭىيىپ قالغان، ئۆسۈپ قالغان بۇرۇت ـ ساقىلى تىكەنلىشىپ، چىرايى سۇرلۇك تۈس ئالغانىدى. بۇ باشنى كۆرۈپ، ئابدۇرېشىتخاننى سۇر باستى. ئۇنىڭ ئەتراپىدىكىلەر قورقۇنچ ئىچىدە قالدى. ئاق ئۆي ئىچىدە جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈردى.

— بۇ نېمە گەپ ۋەزىر؟ — ئابدۇرېشىتخان باشتىن كۆزىنى ئېلىپ سورىدى. ئۇنىڭ دائىم ئويچان كۆرۈنىدىغان چىرايى تاتىرىپ كەتكەنىدى.

تاغايى باشنى ئىتتىك يۆگەپ قويۇپ جاۋاب بەردى:

— سۇلتانىم، بۇنداق قىلغۇم يوق ئىدى. ئالدىلىرىغا تىرىك پېتى ئېلىپ كېلەي دېگەنىدىم، ئامال بولمىدى.

— ئوچۇق سۆزلەڭ ۋەزىر.

— قاتىلنى تۇتۇش ئۈچۈن توققۇز كۈن مۆھلەت بەرگەن ئىدىلە. بەش كۈنگىچە ئەتراپنى قىدىرىپ، ھېچقانداق يىپ ئۇچىغا ئىگە بولالمىدىم، قاتىلنىڭ يەرگە كىرىپ كېتىشى ياكى ئاسمانغا چىقىپ كېتىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. گەرچە گۇمانىمىز تايغانبېككە مەركەزلەشكەن بولسىمۇ، قاتىلنى باشقا تەرەپتىنمۇ ئىزدىدىم. ئالتىنچى كۈنگە كەلگەندە، بۇ ئەرزىمەس كاللامغا چاقماق تېزلىكىدە بىر ئوي كەلدى. دۇسەنبېك ئاقساقالنىڭ ئالدىلىرىدا «تايغانبېكنىڭ ئانىسى بار» دەپ ئېيتقان سۆزى ئېسىمگە چۈشتى، كۆڭلۈمدە بىر توزاق قۇرۇپ، تايغانبېكنى ئانىسى ئارقىلىق تۇتۇش قارارىغا كەلدىم. ئۇلۇشكۈن تايغانبېكنىڭ ئانىسىنى ئاۋۇلدىن ئېلىپ كېلىپ قورغانغا بەنت قىلىپ كۈتۈپ ئولتۇرغانىدىم. تۈنۈگۈن گۇگۇم چۈشكەندە قورغان دەرۋازىسىنى ساقلايدىغان نۆكەرلىرىمىزگە تايغانبېك ئۆزىنى مەلۇم قىلىپ مەن بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى ئېيتقانىكەن، «دەرھال ئالدىمغا ئېلىپ كېلىڭلار» دېدىم. ئۇنى ئېلىپ كەلدى. «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ۋەزىر، مەن تايغانبېك» دېۋىدى، ئۆز كۆزۈمگە ئىشەنمەي قالدىم، قامەتلىك، تەمبەل، نەۋقىران، مەغرۇر يىگىت ئىكەن. «ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام» دېيىشكە مەجبۇر بولدۇم سۇلتان. ئۇ: «ئالتۇنبېكەنى ئۆيىگە ئاپىرىپ قويۇپ، بۇ يەرگە ئانامنى دەپ كەلدىم. ئانامنى كۆرسەت» دېدى. ياساۋۇللار بۇيرۇقۇم بىلەن مومايىنى ئېلىپ

كەلگەندە، ئانا ـ بالا قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى، كۆز يېشى قىلىشتى. «ئوغلۇم، بۇ بۆرە ئۇۋىسىغا نېمە دەپ كەلگەنسەن، مەن يېشىمنى ياشاپ بولغان تۇرسام، سېنى بۇلار ئۈچ نۆكەرنى ئۆلتۈردى، دەيدۇ. بۇ راستمۇ؟» دەپ سورىدى، ئۇ: «سېنى قۇتقۇلدۇرۇش ئۈچۈن كەلگەنلىكىم راست، ئۈچ نۆكەرنى ئۆلتۈرگىنىم يالغان» دەپ باشقا سۆز قىلمىدى. «بۇلار سېنى ئامان قويمايدۇ ئوغلۇم، بۇ يەردىن دەرھال كەت!» دەپ زورلىدى ئانىسى. «ياق ئانا، سەن ئۆيگە قايتقىن، ئاۋۇلدىكى چوڭ ـ كىچىك ھەممە سېنى كۈتۈپ تۇرىدۇ. بۇلار بىلەن ئۆزۈم سۆزلىشىپ، كەينىڭدىن بارىمەن» دېدى تايغانبېك. مەن: «تايغانبېك، كەلگىنىڭ ياخشى بولدى، ئاناڭنىڭ كۆڭلىمۇ ئارامىغا چۈشتى. ئەمدى گۇناھىڭغا تۆۋە قىلىپ، سۇلتاندىن كەچۈرۈم سورا» دېۋىدىم، ئۇ «ئالتۇنبېكەنى ئۆيىگە ئاپىرىپ قويدۇم. يەنە نېمە گۇناھ قىلىپتىمەن؟» دېدى. مەن: «سەن ئادەم ئۆلتۈردۈڭ تايغانبېك» دېدىم. ئۇ ئۆكتى، ئالىيىپ قارىدى. «سېنىمۇ ئۆلتۈرىمەن» دېگىنىچە قويىنىدىن خەنجەرنى ئېلىپ، ماڭا ئېتىلغانىدى، ھامىد قەللات ئۇنىڭ كەينىدىن كېلىپ، بويىنىغا قىلىچ ئۇردى، تايغانبېك يىقىلدى. مەن «ئاپلا» دېگىنىمچە قالدىم. ئىتتىك كېلىپ ئۇنىڭ بېشىنى كۆتۈردۈم. كۆزىنى يوغان ئېچىپ: «مەن ئابدۇلرەشىدخاننى، سېنى ئۆلتۈرمەكچىدىم. خۇدا بۇ ئارزۇيۇمغا يەتكۈزمىدى. جېنىمنى قىينىماي بوغۇزلىۋەت» دېدى ـ دە، خىرىلداپ قالدى. ئانىسى ھوشىدىن كەتتى. مەن ئۇنى دۈشمەنبېك ئاقساقالنىڭ ئۆيىگە ئاپارغۇزۇۋەتتىم. تايغانبېك ئەنە شۇنداق ئۆلدى سۇلتانىم. ئالىيلىرىنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلىپ، ئۆزىنى ئەمەس، مەرەز بېشىنى ئېلىپ كەلگىنىم ئۈچۈن مېنى جازالىسىلا ھەق بولىدۇ، — تاغايى تىزلىنىپ بېشىنى ئېگىپ تۇردى.

— تايغانبېك كەلگەن ھامان نېمىشقا ئالدىمغا ئېلىپ

كەلمىدىڭىز ۋەزىر؟

— شۇنداق قىلالمىغانلىقىمدىن ئەپسۇسلىنىۋاتىمەن، سۇلتانىم. ئىقرار قىلدۇرۇپ ئاندىن ئېلىپ باراي، دەپ خام ئويلاپتىمەن. گۇناھكارنى تۇتىمەن دەپ، گۇناھ قىلىپ قويدۇم. ئالىيلىرىنىڭ بەرگەن جازاسى پېقىرنى گۇناھدىن خالىي قىلغۇسى، — تاغايىنىڭ يېرىم يۇمۇق كۆزلىرىدىن ياش تارامىلىدى.

ئۇنىڭ ئارقا ـ ئارقىدىن ئۆزىنى جازالاشنى ئۆتىنىشى ئابدۇرېشىتخاننىڭ كۆڭلىدە «ۋەزىر بەك سەمىمىي سادىق ئىكەن. گۇناھكارنى تىرىك ئېلىپ كېلەلمىگىنى ئۈچۈن كۆپ پۇشايمان قىلدى. ئەمدى تەگەۋەرسەم ئۇنىڭغا ئازار بولىدۇ» دېگەن تەسىراتنى پەيدا قىلدى. شۇڭا ئۇ:

— تۇرۇڭ ۋەزىر، قانداق بولمىسۇن مۆھلەتتىن بۇرۇن قاتىلنى تېپىپ، ئۇنىڭ بېشىنى كېسىپ كەلدىڭىز. بۇ جىنايەت ئەمەس، نەتىجە. خان ئاتامغا بۇ خىزمىتىڭىز توغرۇلۇق مەكتۇپ ئەۋەتىمەن، كۆڭلىڭىزنى يېرىم قىلماڭ، — دېدى.

— رەھمەت سۇلتانىم. تايغانبېك دېگەن بۇ قاتىل ناھايىتى قارام ئىكەن. ئۇ قارامىلىق قىلمىغان بولسا، ئالىيلىرى ئالدىدا باش ئېگىپ ئەپۇ قىلىشقا ئېرىشەتتى، — دېدى تاغايى كۆڭلى ئارامىغا چۈشۈپ ۋە قوشۇپ قويدى، — شۇ چاغدا ھامىد قەللات تايغانبېكنىڭ بوينىغا قىلىچ ئۇرمىغان بولسا، پېقىر ئاللاقاچان بۇ دۇنيا بىلەن خوشلاشقان، مۇبارەك دىدارلىرىنى بۇگۈنكىدەك كۆرەلمىگەن بولاتتىم.

— ۋەزىر مىرزا ئەلى تاغايىغا تون يېپىلسۇن، ھامىد قەللاتقا بەش تىللا ئىنئام قىلىنسۇن، — دەپ ئەمر قىلدى ئابدۇرېشىتخان خەزىنە ۋەزىرى مىرزا ئەنۋەرگە.

تاغايىنىڭ ئاغزى قۇلىقىغا يەتتى. ھامىد قەللات ئالىقىنىدا تۇرغان بەش تىللاغا خىيالچان نەزەر تاشلىدى. ئۇ «ۋەزىر قاراپ

www.uyghurkitap.com

تۇرۇپ سۇلتانغا يالغان سۆزلىدى. خەنجەرنى تۇتۇپ ئېتىلىپ كەلگەن تايغانبېك ئەمەس، مەن ئىدىمغۇ، ۋەزىرنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ئۇنىڭغا خەنجەر ئۇرغانىدىم. ئەمدىلىكتە بولسا تايغانبېكنى خەنجەر بىلەن مېنى ئۆلتۈرمەكچى بولغان، دەپ قارىلاپ، سۇلتاننى ئالدىدى. تاغايى ناھايىتى قۇۋ ئادەم ئىكەن…» دېگەنلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى.

— ۋەزىر، — دېدى ئابدۇرېشىتخان، ئۇنىڭ چىرايىدىن تەقەززالىق چىقىپ تۇراتتى، — تايغانبېكنىڭ دۈشەنبېك ئاغىنىڭ قىزىنى ئۆيىگە ئاپىرىپ قويغىنى راستمىكەن؟

يېڭى كىيگەن تونىنىڭ ئالتۇن تۈگمىلىرىنى سىلاپ تۇرغان ۋەزىر:

— راست ئىكەن سۇلتانىم. تۈنۈگۈن كېچە ھامىد قەللاتنى ئەۋەتكەنىدىم، ئالتۇنبېكەنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئۆيىدە ئىكەنلىكىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ، يەنە ئۇلارنىڭ رەھمەت ـ تەشەككۈرىنى ئېلىپ كەلدى، — دېدى.

ئابدۇرېشىتخاننىڭ كۆڭلى ئارامىغا چۈشۈپ، «ئاتام مىرزا ئەلى تاغايىنى ماڭا ۋەزىر قىلىپ، بىرگە يولغا سېلىشىدا، ئۇنىڭ تەدبىرلىك، پاراسەتلىك ئىكەنلىكىنى كۆزدە تۇتقان بولسا كېرەك. تاپشۇرۇلغان ۋەزىپىنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئورۇندايدىكەن…» دەپ ئويلىدى ۋە:

— خوجا ئەلى باھادىر، ئەمىر مۇھەممەدبېكلەر تېخى قايتىپ كەلمىدى. ئۇلارغا كىشى ئەۋەتىڭ ۋەزىر، ئارتۇقچە ئاۋارە بولۇپ قېلىشمىسۇن، — دەپ بۇيرۇدى.

— خوپ سۇلتانىم، — تاغايى مەمنۇنىيەت بىلەن بېشىنى ئەگدى.

— مەن ئەتە شىكارغا ئاتلىنىمەن، خان ئاتام كەلگۈچە، ئىسسىق كۆل، ئارا تۇپە دىيارلىرىنى ئارىلاپ چىقمىسام بولمايدۇ. سىز، خوجا ئەلى باھادىر قايتىپ كەلگەندە، ئالاھىدە

كىشى ئەۋەتىپ تايغانىېكىنىڭ ئانىسىدىن ھال سوراپ قويۇڭلار.

ئابدۇرىشىتخاننىڭ بۇ سۆزى تاغايىنىڭ كۆڭلىنى غەش قىلدى. «سۇلتان سەئىدخاننى كۇتۇۋېلىش ئۇچۇن تەييارلىق قىلىشىمىز توغرىسىدا پەرمان چۈشۈرمەي، نادان مەزلۇمدىن ھال سوراپ كېلىشىمىزنى ئەمىر قىلىشى قىزىق بولدىغۇ، سۇلتان تېخى بالا ـ دە، بالا...» دەپ ئويلىدى ئۇ باگارھتىن چىقىپ كېتىۋېتىپ.

شۇنىڭ بىلەن يېپيېقلىق قازان — يېپيېقلىق پېتى قېلىۋەردى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# سەككىزىنچى باب

# سۇدا ئېقىپ كەلگەن رومال

## 1

هاۋا ناھايىتى ئوچۇق ئىدى. ئارغامچا بويى ئۆرلىگەن كۈن نۇرى چايقىلىپ تۇرغان ئىسسىق كۆلگە تەكشى چېچىلغانىدى. ئاقۇش، هال رەڭ شولىلار سۇ ئۈستىدە توساتتىن پەيدا بولۇپ قالاتتى ـ دە، يەنە غايىب بولاتتى. ئابدۇرېشىتخان كۆلنى بويلاپ ئاتنى يورغىلىتىپ كېتىۋاتاتتى. گويا ئۆزىنى گۈل ـ گىياھلار دېڭىزىدا ئۈزۈۋاتقاندەك سېزەتتى. ھەرياندىن دىمىغىغا خۇشپۇراق ئۇرۇلۇپ تۇراتتى.

ئابدۇرېشىتخان نۆكەرلىرى بىلەن بىرى غەربكە، بىرى جەنۇبقا كېتىدىغان ئىككى يولنىڭ ئاچىلىغا كەلگەندە، ئورتا بويلۇق قارىغاش كەلگەن نۆكىرىدىن سورىدى:

— ئەكرەم، بىز نەگە كەلدۇق، بىلدىڭمۇ؟

— بىلمىدىم. ئىلگىرى بۇ تەرەپلەرگە كەلگەندەك قىلمىغان، — دېدى ئەكرەم.

ئەكرەم بۇغداي ئۆڭلۈك يىگىت بولۇپ، ئەمدىلا خەت تارتقان بۇرۇتى بەستىگە يىگىتلىك سۆلەت بەرگەنىدى. ئۇ ئابدۇرېشىتخان بىلەن تەڭ دېمەتلىك بولۇپ، سۇلتاننىڭ خاس نۆكەرلىرىگە سەردار ئىدى. مەدرىسىدە ئوقۇۋاتقان ئون تۆت ياش چېغىدا خاس

نۆكەرلىككە تاللىنىپ، شۇنىڭدىن بۇيان ئابدۇرشىتخاندىن ئايرىلماي كېلىۋاتاتتى.

— بىز بۇنداق ماڭايلى، — دېدى ئابدۇرېشىتخان جەنۇبقا كەتكەن يولنى كۆرسىتىپ، — بىر ھەپتىدىن بېرى ئىسسىق كۆل ئىراپىدىكى ئاۋۇللارنى ئارىلاپ چىقتۇق. ئەل - جامائەت بىزنى ياخشى كۈتۈۋالدى، مېھمان قىلدى، يولدا يەيدىغان يېمەكلىرىمىزنىمۇ راسلاپ بەردى. مەن قىپچاق - قىرغىز قېرىنداشلىرىمدىن رازى بولدۇم ئەكرەم. ئەمدى ئۆرە تۆپە، يەتتە سۇ تەرەپلەرگە بېرىپ كۆرەيلى، ئۇ يەرلەردىكى قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ھالى قانداقكىن، بىلگۈم بار.

ئابدۇرېشىتخان شۇنداق دەپلا ئاتقا قامچا ئۇردى. ئەكرەم باشلىق نۆكەرلەر ئۇنىڭ كەينىدىن ئۇچقاندەك چاپتى.

ئۇلار كۈن غەربكە قايرىلىپ، ئولتۇرۇشقا نەيزە بويى قالغاندا بىر ئېقىن بويىغا يېتىپ باردى. بىر توپ جەرەن سۇ ئىچىۋاتاتتى. ئابدۇرېشىتخان قولىنى كۆتۈرۈپ باشقىلارنىڭ جايىدا جىم تۇرۇشىنى بۇيرۇپ، ئۆزى ساداقتىن ئوق ئۈزدى، بىر جەرەن يىقىلىپ، قالغانلىرى ئۆرە - تۆپە بولۇپ قېچىشتى. نۆكەرلەرمۇ ئوق ئېتىشتى. ئەكرەم يەنە بىر جەرەننى يىقىتتى. ئابدۇرشىتخاننىڭ ئوقى يەنە بىر جەرەننىڭ كۆكسىگە سانجىلدى. سەككىز جەرەن تېپىرلاپ يېتىپ قالدى، قالغانلىرى قېچىپ كېتىشتى.

— بۈگۈنكى شىكارىمىزدا دەسلەپكى ئولجىمىز يامان ئەمەس بولدى. بۇ ئېقىن بويىغا بارگاھ قۇرۇڭلار، مەشەدە تاماقلىنايلى، — دېدى ئابدۇرېشىتخان تاشتىن - تاشقا ئۇرۇلۇپ ئوقچۇپ ئېقىۋاتقان سۇغا كۆز سېلىپ.

نۆكەرلەر بىر سائەت ئىچىدىلا چىدىر - بارگاھنى قۇرۇپ بولدى. ئۇلار قوچقار قىشلىقىدىن چىققان يەتتە كۈندىن بېرى ئۇۋلىغان، ئاۋۇل ئارىلاپ، بەزىدە قىپچاق - قىرغىزلارنىڭ ئاق

www.uyghurkitap.com

ئۆيلىرىدە مېھمان بولسا، بەزىدە مانا شۇنداق دالىدا ئۆزلىرى شىكار قىلغان جەرەن، قىرغاۋۇل گۆشلىرىنى كاۋاپ قىلىپ غىزالىناتتى. ئەكرەم كاۋاپ پىشۇرۇشقا ئۇستا ئىدى. ئۇ يۇلغۇن ياغىچىنى ئاقلاپ ياســـغان ئۇزۇن زىخلارغا يوغان ـ يوغان توغرامچىلارنى ئۆتكۈزەتتى. سەپداشلىرى تېرىپ كەلگەن سۆك ـ سۆكنى قالاپ چوغ چۇشۇرەتتى. بۈگۈنمۇ بىردەمدىلا كاۋاپنى تەييار قىلدى.

ئەكرەم داستىخان سېلىپ كاۋاپنى كەلتۈردى.

— نان بارمۇ، تۇگىدىمۇ؟ — سورىدى ئابدۇرېشىتخان.

— بار سۇلتان، بىر ۋاقىلىققا يېتىدۇ، — دېدى ئەكرەم ۋە بېرىپ ئېتىغا ئارتىۋالغان خۇرجۇندىن ئون نەچچە ناننى ئېلىپ كەلدى.

— قالغىنى مۇشۇلا ئىكەن سۇلتان، — ئۇ قىزىرىپ پىشقان مەززىلىك توقاچ ناننى ئۇشاتتى، — ئەگەر يەركەندىن ياسىن ئۇستامنى بىرگە ئېلىپ كەلمىگەن بولساق، يېيىشىمىز كۆمەچ بىلەن تېرىق بولار ئىكەن.

— شۇڭا خان ئاتام ئۇنى بىزگە ئۆزى قوشۇپ قويغان ـ دە، ئەكرەم، — دېدى ئابدۇرېشىتخان ئاغزىغا بـــىر لوقما نان سېلىۋېتىپ، ئۇ ئاتا ـ ئانىسىنى سېغىنغانىدى. بىر پارچە نان بىلەن بىر ھېجىر چاي ئىچكەندىن كېيىن مەززىلىك ھىدى كېلىپ تۇرغان كاۋاپقا قول ئۇزاتتى.

كۈن پاتاي دەپ قالغانىدى. كاۋاپ يېيىلىپ، چاي ئىچىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئابدۇرېشىتخان باشلىق ھەممەيلەن ئېقىن بويىدا تاھارەت ئېلىشىپ، نامازدىگەرنى ئوقۇۋېلىشتى.

— ئەكرەم، نۆكەرلەردىن ئونىنى ئۆزىڭـــىزگە ھەمراھ قىلىپ، يېقىن ئەتراپتا قىشلاق ـ ئاۋۇلنىڭ بار ـ يوقلۇقىنى بىلىپ كەلسىڭىز، — دەپ بۇيرۇدى ئابدۇرېشىتخان. ئۇنىڭ كېچىنى مۇشۇ يەردە ئۆتكۈزگۈسى كەلگەنىدى.

ئەكرەم ئون نەپەر نۆكەرنى ئېلىپ، ئاتلىق يۈرۈپ كەتتى.

ئابدۇرېشىتخان خاس نۆكەرلىرىنى ئىختىيارىغا قويۇپ بېرىپ، شارىلداپ ئېقىۋاتقان ئېقىنىنى بويلاپ ماڭدى. خاس نۆكەرلەر ئىچىدىكى ئۇنىڭ يېنىدىن ئايرىلمايدىغان مۇھاپىزەتچى نۆكەرلەرلا ئۇنىڭغا ئەگەشتى. ئۇ قولىنى شىلتاپ، ئۇلارنىڭمۇ جايىدا توختاپ تۇرۇشىنى ئېيتىپ كېتىۋەردى. ئۇ نېمە ئۈچۈندۇر يالغۇزلۇقنى خالاپ قالغانىدى. زەرەپشان بويلىرىدىمۇ ئۇ بەزىدە يالغۇز سەيلە قىلغاچ ئىچ پۇشۇقىنى چىقىراتتى.

ئابدۇرېشىتخان توختاپ، خىيالچان نەزىرىنى ئېقىنغا تىكتى. ئوقچۇپ ئېقىۋاتقان تاغ سۈيى ئالتۇن رەڭ شەپەق نۇرىدا ھال رەڭ تۈسكە كىرگەنىدى. ئۇ ئېگىلىپ، سۇغا سايە تاشلىغان سۆگەتنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى. ئۇنىڭ كۆڭلى تازا خاتىرجەم ئەمەس ئىدى. تاغايىنىڭ تايغانىېكىنىڭ بېشىنى ئېلىپ كېلىشى ئۇنى ئۈمىدسىزلەندۈرۈپ قويغانىدى. ئۇ ئېقىن بويىدا ئۆزۈنغىچە سۇغا قاراپ ئولتۇردى. ھال رەڭ شەپەق يوقىلىپ، سۇ يۈزى قارامتۇل تۈس ئالغان چاغدا، ياشلىق كۆزىگە لەيلەپ-چۆكۈپ ئېقىپ كېلىۋاتقان ياغلىقسىمان نەرسە كۆرۈندى. ئابدۇرېشىتخان سۇغا سەكرەپ چۈشۈپ، ئۇنى سۇزۇۋالدى. بۇ سۈت رەڭ يىپەك رومال ئىدى، تۆت بۇرجىكىگە يېشىل ياقۇتتىن يوپۇرماق چىقىرىلغان، ئوتتۇرا قىسمىغا قىزىل گۆھەر ئورنىتىلغان بولۇپ، بىر كىچىك ياغاچقا چىگىلىپ قويۇلغانىدى. ئابدۇرېشىتخاننىڭ ھەيرەت ئىلكىدە تىكىلگەن كۆزلىرىدىن «يارەب، ماڭا بىلدۈركى، بۇ رومال كىمگە تەئەللۇقتۇر؟ نازىنىن مەلىكە قىزغىمۇ ياكى گۈلى ئىچىلغان بەختلىك جۇۋانغىمۇ؟ نېمە ئۈچۈن پېقىر ئازغۇن قۇلۇڭنى بۇ سىرلىق رومالنى سۇزۇۋېلىشقا تاللىدىڭ؟» دېگەن مەنا چىقىپ تۇراتتى. ئۇ رومالنى شامالغا تۇتتى، ئارام تەختىدىن پەلەك قەھرىگە كۆتۈرۈلگەن ئاي رومالدىن ئېقىۋاتقان سۇزۇك تامچىلارنى كۆردى، ئۇ خۇددى ئاشىقىغا

ئىنتىزار مەشۇقنىڭ ھەسرەتلىك يېشىغا تولىمۇ ئوخشايتتى. ئابدۇرېشىتخان سېھىرلىك تۈيغۇغا چۆمۈلگەن ھالدا، كەينىگە ياندى. قۇرۇغان رومال غۇر - غۇر شامالدىن يەلپۈنۈشكە باشلىدى. يېشىل ياقۇتلاردىن كۆكۈش نۇر چاقنىسا، قىزىل گۆھەردىن ھال رەڭ ئۇچقۇن چېچىلاتتى. ئۇ بارگاھىغا يېتىپ كېلىپ، نۆكەرلەرنىڭ كۆز تىكىپ تۇرۇشقانلىرىدىن بىتاقەت بولغانلىرىنى ھېس قىلدى - دە، ئوتتۇرا بويلۇق، بەھرام ئىسىملىك نۆكىرىدىن ئەكرەمنىڭ قايتىپ كەلگەن - كەلمىگەنلىكىنى سورىدى. بەھرام:

— قايتىپ كەلمىدى سۇلتان، ئەمدىلەتىن كېلىپ قالار، — جاۋاب بېرىۋىدى، سۇلتا ئەمىر قىلدى:

— سەن ئىككى نۆكەرنى ئېلىپ ئالدىغا بېرىپ باققىن، ئۇچراپ قالسا بىرگە قايتىپ كېلەرسىلەر. ئۇچراشمىسا ئىز - دېرىكىنى ئېلىپ پاتراق قايتىپ كېلىڭلار.

بەھرام ئىككى نۆكەرنى ئېلىپ، بايا ئەكرەملەر كەتكەن تەرەپكە چېپىپ كەتتى.

— ئابدۇللا، بىر ھېجىر قىمىز بېرىڭ، — دېدى ئابدۇرېشىتخان، ئۇ چارچىغان ۋە چاڭقاپ كەتكەنىدى.

ئابدۇللا ئىسىملىك نۆكەر ئىسسىق كۆل بويىدىكى ئاۋۇل باشلىقى «يولدا ئۇسسۇلۇق ئورنىدا ئىچەرسىلەر» دەپ بەرگەن بىر قاپچە تۇلۇم قىمىزدىن قالغىنىنى ئېلىپ كەلدى.

ئابدۇرېشىتخان بارگاھ ئالدىغا سېلىنغان شىرداق ئۈستىدىكى يولۋاس تېرىسىدە ئولتۇرۇپ، چۆچەككە تولدۇرۇپ قويۇلغان قىمىزنى ئىچتى.

— بايا كاۋاپنى كۆپ يەپ قويۇپتىمەن، ئىچىم قىزىپ كېتىۋاتىدۇ، — دېدى ئابدۇرېشىتخان يەنە بىر چۆچەك قىمىزنى ئىچىپ تۈگىتىپ، — سىلەرمۇ ئىچىڭلار.

— سۇلتان، بايا سىلى كەتكەندىن كېيىن يەنە ئىككى تۇلۇم

قىممىزنى ئىچىپ تۈگەتتۇق. بۇنى ئالىيلىرىغا ئېلىپ قويغان، — دېدى ئابدۇللا.

— ئابدۇللا، مەن قاندىم، قالغىنىنى سىلەر ئىچىڭلار، — دېدى ئابدۇرېشىتخان 3 - چۆچەك قىممىزنى سۈمۈرۈپ ئىچىپ.

ئۇ چېدىرغا كىرىپ ياتتى. رومالنى يۈزىگە ياپقىنىچە ئۇخلاپ قالدى. چېدىر تۈڭلۈكىدىن يەتتە - سەككىز كۈنلۈك بولغان ئاي كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

## 2

شارىلداپ ياغقان يامغۇر چۈچۈك سۇلتانبېكەنى سۇغا چۆمۈلگەندەك ھۆل قىلىۋەتتى. ئۇ يورغىلاپ كېتىۋاتقان ئېتىنىڭ تېزگىنىنى قويۇۋەتتى ۋە شۇنداق تېز چاپتۇردىكى، بىر نەچچە مىنۇت ئۆتمەيلا قوپقۇرۇق، چەكسىز سايلىققا چىقىپ قالدى. بۇ يەردە ھاۋا ئوچۇق بولۇپ، يامغۇردىن ئەسەر يوق ئىدى. چۈچۈك سۇلتانبېكە ئاتنى توختاتتى. كەينىدىن يېتىپ كەلگەن قىرىق بىر كېنىزىكمۇ ئاتلىرىنى توختىتىشتى. چۈچۈك سۇلتانبېكە بىللۇردەك سۈزۈلگەن ئاسمانغا قارىدى. ھاۋاغا يادەك تارتىلغان ھەسەن - ھۆسەن توز قانىتىدەك رەڭگارەڭ تۈس ئالغانىدى. بېشىدىكى رومىلىنى ئېلىپ سىقىۋىدى، شېغىل تاشقا سۇ تامچىلىدى. بېشىدىكى ئالتۇن ئوتۇغات پارىلدايتتى. زىلۋا بېلىگە چۈشكەن قارا چاچلىرىغا ئالتۇن ھالقا، مارجان، تىللا قاتارلىق ئېسىل بۇيۇملار ئېسىلغانىدى.

— قىزلار، دەشتى قىپچاقتىن شىكارغا چىقىپ ئېزىپ قالغىنىمىزغا ئۈچ كۈن بولدى، تۇرار جايىمىزغا قايتالمايۋاتىمىز. داۋاملىق ئالدىمىزغا قاراپ ماڭايلى، بەلكىم نىجاتلىق يولى ئالدىمىزدا بولسا ئەجەب ئەمەس. بۇ سايدىن چىقساقلا تۇرار جايىمىزغا يېتىپ بارامدۇق تېخى، — دېدى

چۈچۈك سۇلتانبېكە ۋە قاقاھلاپ كۈلدى. ئات تېزگىن سىيرىلىپ چاپچىۋىدى، چاچ تەڭگىلىرى جىرىڭلاپ كەتتى، — ماڭايلى قىزلار، ساينىڭ ئۇ تەرىپىدە بىزنى خۇشلۇق، سائادەت كۈتۈپ تۇرىدۇ.

چۈچۈك سۇلتانبېكە روممىلىنى ئارتىپ، ئاتقا قامچا ئۇردى، ئات ئۇچقاندەك چېپىپ كەتتى. كېنىزەكلەرمۇ ئاتلىرىنى بولۇشىغا قويۇۋەتتى. ئۇلار سايدىن چىققاندا كۈن غەربكە قىيسايغانىدى. ئانچە چوڭ بولمىغان بىر ئېقىن ئۇلارنىڭ ئالدىنى توساپ تۇراتتى.

— مۇشۇ يەرگە چۈشەيلى قىزلار.

چۈچۈك سۇلتانبېكە ئېتىنى توختىتىپ ئەتراپقا سەپسالدى. دەريا شەرقتىن غەربىي جەنۇبقا قاراپ ئاقماقتا ئىدى. دەريانىڭ ئۇ تەرىپى ئورمانلىق بولۇپ، قۇشلارنىڭ شاۋ - شۇۋلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. چۈچۈك سۇلتانبېكە كېنىزەكلىرى بىلەن ئاتتىن چۈشتى.

بۇ قىرىق بىر كېنىزەكنىڭ ئون بىرى قىلىچ قالقان بىلەن قوراللانغان بولۇپ، چۈچۈك سۇلتانبېكنى مۇھاپىزەت قىلىش ۋەزىپىسىنى ئۆتەيتتى؛ نەيزە، ئوقيا بىلەن قوراللانغان ئون كېنىزەك بولسا ئوۋچىلار ئىدى ۋە چۈچۈك سۇلتانبېكە بىلەن بىرگە شىكار قىلاتتى. قوللىرىغا سالما ئېلىۋالغان ئون كېنىزەك ئوۋچىلارغا ماسلىشىپ سالما تاشلاپ، جەرەن - كېيىك، بۆرە، تۈلكىلەرنى تۇتاتتى. مۆرىتى كەلسە مۇھاپىزەتچى قىزلارغا قوشۇلۇپ تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلغان ئوغرى، قاراقچىلارنىمۇ سالما تاشلاپ تۇتاتتى. قالغان ئون قىز ئاق ئۆي ياساشقا كېرەكلىك نەرسىلەر بىلەن يېمەك - ئىچمەك قاتارلىقلارنى ئېلىپ يۈرگۈچى مۇلازىم كېنىزەكلەر ئىدى. ئۇلار خەنجەر بىلەن قوراللانغانىدى.

چۈچۈك سۇلتانبېكە كېنىزەكلەرنىڭ ئاق ئۆي قۇرۇشىغا قاراپ تۇرۇپ، «بۇ قېتىم يولدىن بۇنداق ئېزىپ كېتىشىمىزگە

ئۆزۈم سەۋەبچى بولدۇم. ئىلگىرى شىكار قىلمىغان جايلارغا بېرىپ شىكار قىلىمىز، دەپ چوڭ سۆزلەپ، ئاۋۇللاردىمۇ توختىماي ئىككى كۈن يول يۈرگەندىن كېيىن، پايانسىز چۆللۈككە چىققاندا، كەينىمىزگە يېنىشقا ئۈنىماي، داۋاملىق ماڭغۇبېرىشكە بۇيرۇدۇم. شۇنداق قىلىپ ئۈچ كۈندىن بېرى تىنەپ يۈرۈيمىز. خۇدا ھەرنە بالا ـ قازادىن ئۆز پاناھىڭدا ساقلا» دېدى ئىچىدە تەشۋىشلىنىپ. ئۇنىڭ قوي كۆزلىرى شەپە سەزگەن ئاھۇ كۆزلىرىدەك ھەريانغا تىكىلدى، دەل ـ دەرەخ، گۈل ـ گىياھدىن باشقا ھېچنېمە كۆرۈنمىدى. ئۇ تاكى ئۆي قۇراشتۇرۇلۇپ بولغۇچە، گۆزەتتە تۇرغان قاراۋۇلدەك، جايىدىن قىمىرلىماي ئەتراپقا كۆز سېلىپ تۇردى.

— مەلىكە ئالىيلىرى، ئۆي تەييار بولدى، — دېدى بويلۇق كەلگەن كېنىزەك ئېگىلىپ، ئۇ مۇھاپىزەتچى كېنىزەكلەرنىڭ سەردارى شەمشىبانۇ ئىدى.

چۇچۇك سۇلتانىبېكە ئۇنچىقماي مېڭىپ بىر قانچە قەدەم نېرىدىكى قۇرۇپ قالغان يۇلغۇن شېخىنى ئېلىپ ئۇشاتتى، ئۇنىڭغا بېشىدىكى گۈللۈك رومالنى ئېلىپ چىگدى ـ دە، ئېقىن بويىغا بېرىپ سۇغا تاشلىدى.

— بۇ رومال بىزنىڭ خەۋىرىمىزنى ئانامغا يەتكۈزگەي.

— ئىلاھىم شۇنداق بولغاي خانىبېكە، — دېدى شەمشىبانۇ كۈلۈمسىرەپ، — ئەگەر بۇ رومال بىر چەۋەنداز قولىغا چۈشۈپ قالسىچۇ؟

— بۇ رومال شاھزادىنىڭلا قولىغا چۈشىدۇ، ئانىمۇ خەۋەر تاپىدۇ.

چۇچۇك سۇلتانىبېكە شۇنداق دەپ كۈلۈمسىرىگەن ھالدا لەيلەپ ـ چۆكۈپ ئېقىپ كېتىۋاتقان روملىغا بىر پەس قاراپ تۇرغاندىن كېيىن، كەينىگە بۇرۇلۇپ تۇمار شەكلىدە تىكىلگەن ئاق ئۆيگە كىردى. ئۆي ئاددىي بولسىمۇ كۆركەم بېزەلگەنىدى.

خوتەننىڭ كۆك يوللۇق ئەتلىسىدىن رەدىۋال تارتىلىپ، ئۈستى تەرىپى چاقماق گۈللۈك تاۋار بىلەن يېپىلغانىدى. خەنجەر، ئوقيا، دوبۇلغا - ساۋۇتلار ئېسىپ قويۇلغاچقا خېلى ھەيۋەتلىك كۆرۈنەتتى. چۈچۈك سۇلتانىبېكە يېپەك گىلەم ئۈستىگە سېلىنغان مەخمەل يىكەنداز ئۈستىدە ئولتۇردى. ئىككى كېنىزەك ئىككى يېنىغا مامۇق ياستۇق يۆلەپ قويدى. يەنە بىر كېنىزەك ئالدىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ، بۆرەك شەكلىدىكى تاش ئەينەكنى تۇتۇپ بەردى. چۈچۈك سۇلتانىبېكە ئەينەككە قاراپ، ئۈستۈۋېشىنى چاڭ باسقان، چاچلىرى چۇۋۇلغان بولسىمۇ كىرپىكلىرى تۆكۈلۈپ، قوي كۆزلىرى كۈلۈپ تۇرغان چىرايلىق بىر قىزنى كۆردى. كۈلۈمسىرەپ:

— شەمشىبانۇ، سەن قاراپ باققىنا، — دېدى.

— توپىغا چۇمۇلۇپ كەلگەندەك بولۇپ كېتىپسىزغۇ خانبېكە، بولمىسا بايا توپا - چاڭلارنى قېقىپ ئۆيگە كىرگەنىدۇق. سۇغا چۇمۇلۇۋالساق بولۇپتىكەن.

— خانبېكە، سۇغا چۆمۈلۈۋالايلى، — دېيىشتى كېنىزەكلەر.

— بۇ دېگەن ناتونۇش يەر. ھازىر بالدۇر، گۇگۇم چۈشسۇن قىزلار. ئاندىن راھەتلىنىپ يۇيۇنۇۋالايلى. ھازىر يېگۈدەك نېمە بار؟ — دېدى چۈچۈك سۇلتانىبېكە.

— قېتىق، تۇزلانغان قىرغاۋۇل گۆشى، تالقان، ئېرىمچىك بار خانبېكە، — دېدى مۇلازىم كېنىزەكلەرنىڭ سەردارى، — بۈگۈن ئوۋلىغۇدەك، توشقان، كېيىكمۇ ئۇچرىمىدى.

— قول يۇغىلى سۇ ئېلىپ كىرىڭلار.

ئىككى كېنىزەك ئاپتۇۋىدا سۇ ئېلىپ كىردى. قولغا سۇ بېرىپ بولغاندىن كېيىن داستىخان سېلىپ، يېمەكلىكلەرنى كەلتۈردى. قىزىق پاراڭ بىلەن تاماق يېيىلىپ بولدى.

كۈن پېتىشقا نەيزە بويى قالغانىدى. ئۆيدىن بىرىنچى بولۇپ



www.uyghurkitap.com

چىققان خانبىكە چاچ تەڭگىلىرىنى جىرىڭلىتىپ ئېقىن بويىغا باردى. ئۇنىڭ ئالابويناق ئېتى بوي سوزۇپ قاراپ قويدى. ئاتلار قىرغاقتىكى بولۇق چۆپلۈكتىكى دەرەخلەرگە باغلاپ قويۇلغانىدى.

— دەسلەپ مۇھاپىزەتچى كېنىزەكلىرىم بىلەن مەن يۇيۇنۇۋالاي. ئوۋچى قىزلار، ئەتراپنى بىر ئايلىنىپ كۆزىتىپ كېلىڭلار. سالمىچى قىزلار، بىزگە قاراپ تۇرۇڭلار، مۇلازىم قىزلار، دوبۇلغا ـ ساۋۇتلىرىمىزنى، ئىچ كىيىملىرىمىزنى تەييارلاپ قويۇڭلار، كۈنمۇ يېنىپتۇ. ئىسسىقمۇ بوشاپتۇ. سۇنىڭ ياخشى ۋاقتىكەن. نۆۋەت بىلەن يۇيۇنۇۋالايلى، — دېدى كىيىملىرىنى سالغان چۇچۇك سۇلتانبىكە. ئۇ ئىچ كۆڭلەك، تامىلى بىلەنلا سۇغا سەكرىدى. مۇھاپىزەتچى كېنىزەكلەرنىڭ ھەممىسى ئارقا ـ ئارقىدىن ئېقىنغا سەكرەشتى.

چۇچۇك سۇلتانبىكە قىزلار بىلەن سۇ چېچىپ، چاقچاقلىشىپ، كۇلۇشۇپ ئوينىشىۋاتقاندا:

— خانبىكە، خانبىكە، بىر توپ ئاتلىقلار باستۇرۇپ كېلىۋاتىدۇ، — دېدى ۋارقىراپ ئات چېپىپ كەلگەن ئوۋچى قىزلار سەردارى پاتىمە. ساۋۇت ـ دوبۇلغا كىيگەن بۇ قىز ئالدىراپ ئەھۋالنى بايان قىلدى، — بىز ئەتراپنى كۆزىتىپ ئېقىن بويلاپ كېتىۋاتاتتۇق، يىراقتىن بىر توپ ئاتلىقنىڭ قارىسى كۆرۈندى. مەن ھەمراھلىرىمنى توختىتىپ قاراپ تۇرۇۋېدىم. ئۇلار بىزگە قاراپ كېلىشكە باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن ئاتلىرىمىزنىڭ بېشىنى بۇراپ شامالدەك تېز كېلىشىمىز…

كېنىزەكنىڭ سۆزى تۈگىگۈچە چۇچۇك سۇلتانبىكە كېنىزەكلەر بىلەن سۇدىن چىقىپ بولدى. ئۇ كىيىمى ئۈستىدىن ساۋۇت، بېشىغا دوبۇلغا كىيىپ ئېتىغا مىندى ـ دە:

— قىزلار، ھودۇقماڭلار. ئەگەر دۈشمەن بولسا جان تىكىپ ئېلىشايلى، خۇدا بىزنى قوغدايدۇ. ئوۋچى قىزلار بىلەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

سالمىچى قىزلار، سىلەر ئىككى تەرەپتىن يوشۇرۇنۇپ تۇرۇپ زەربە بېرىڭلار، مەن مۇھاپىزەتچى قىزلارنى باشلاپ دۈشمەنگە ئۇدۇل بارىمەن. قىزلار، ئاتلىنايلى. مۇلازىم قىزلار، سىلەر بارگاھىمىزنى قوغداڭلار، زۆرۈر تېپىلسا جەڭگە قاتنىشىسىلەر، — دېدى.

چۇچۇك سۇلتانبېكە تېزگىن سىيرىپ چاپچىغان ئېتىنى دېۋىتىپ، دەريا بويلاپ چېپىپ كەتتى. ئۈچ قىزلار ئوڭ تەرەپتىن، سالمىچى قىزلار سول تەرەپتىن ئات سېلىپ، بارگاھتىن يىراقلاپ، شالاڭ بىر چاتقاللىققا يېتىپ كېلىشۈدى. نېرىدىن ئوتقاشلارنىڭ يورۇقى كۆرۈندى. چۇچۇك سۇلتانبېكەنىڭ قول شىلتىشى بىلەن مۇھاپىزەتچى قىزلار ئاتلىرىنىڭ تېزگىنىنى تارتىپ، قىلىچلىرىنى يالىڭاچلاپ تۇردى. دېگەندەك ئاتلىق كىشىلەر يېقىنلاپ كېلىشكە باشلىدى. ئۇلار قىزلارنى كۆرگەن بولسا كېرەك، ئارىسالدا بولۇپ توختاپ قېلىشتى، شۇ چاغدا تۇيۇقسىز ئىككى تەرەپتىن چىقىپ كەلگەن ئۈچى قىزلار بىلەن سالمىچى قىزلار باستۇرۇپ كېلىپ، ئۇلارنى قورشاۋغا ئېلىشۋالدى. ئۇلار ئالدىغىمۇ ماڭالماي، ئىككى يېنىغىمۇ قاچالماي كەينىگە چېكىنىشكە يۈزلەندى. سالمىچى قىزلار تەرەپ - تەرەپتىن سالما تاشلاپ، ئۇلاردىن بەش - ئالتىسىنى موللاق ئاتقۇزدى، ئىككى - ئۈچىگە ساداقنىڭ ئوقى تېگىپ يىقىلدى، ئىككىسىنى مۇھاپىزەتچى قىزلار باسماداپ تۇتۇپ، چېپىۋەتكىلى تاس قالدى.

— سىلەر زاي كىم؟

سورىدى چۇچۇك سۇلتانبېكە يوتىسىغا ساداق ئوقى تېگىپ ئاتتىن يىقىلغان ئادەمگە يېقىنلاپ، شەمشىبانۇ ئوتقاشنى يېقىن ئېلىپ كېلىپ ئۇنىڭ يۈزىگە تۇتتى. قاراقاش بىر يىگىت — بۇ ئەكرەم ئىدى. — ھەيران بولۇپ ئاۋۋال چۇچۇك سۇلتانبېكە، ئاندىن قىزلارغا قارىدى. بېشىنى سىلىپ، چىشلىرىنى

غۇچۇرلاتتى. ئۇ كۈتۈلمىگەندە «قاراقچى» (كۆڭلىدە چۈچۈك سۇلتانىيكە ۋە ئۇنىڭ كېنىزەكلىرىنى «قاراقچى» بولسا كېرەك، دەپ قالغانىدى) قىزلارغا ئەسىر چۈشۈپ قالغىنى ئۈچۈن ھەسرەت چەكتى. بۇنىڭدىن كۆرە قىلىچ بىلەن كاللىسى چېپىلغان بولسا، ئۇ بۇنداق ئەلەمدە قالمىغان بولاتتى.

— گەپ قىل يىگىت، سىلەر كىم بولىسىلەر؟ — قايتىلاپ سورىدى چۈچۈك سۇلتانىيكە.

— بۇلاردىن گەپ سوراشنىڭ ھاجىتى يوق خانىيكە. ئاۋامنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىپ كەلگەن قاراقچى بولمامدۇ چېپىپ تاشلاش كېرەك، — دېدى شەمشىبانۇ قىلىچىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ.

— بىز قاراقچى ئەمەس، قاراقچى دېگەن سىلەر! — ئاچچىقلاپ دېدى ئەكرەم.

— ئەيتە، سىلەر قاراقچى بولمىساڭلار، نېمە ئىش قىلىدىغان ئادەمسىلەر؟

ئەكرەم بېشىنى كۆتۈرۈپ قىزلارغا قاراپ چىقتى ـ دە:

— بىز سۇلتان ئابدۇلرەشىدخاننىڭ نۆكەرلىرى بولىمىز، — دېدى.

— نەگە كېتىۋاتىسىلەر؟ — ئويلىنىپ قالغان خانىيكە قىزىقىپ سورىدى.

— مۇشۇ ئەتراپتا قىشلاق، ئاۋۇلنىڭ بار ـ يوقلۇقىنى بىلىپ كېلىش ئۈچۈن كېتىۋاتاتتۇق.

— سۇلتان ئابدۇرېشىتخاننىڭ بارگاھى قوچقار قىشلىقىدا تۇرسا، بۇ يەردە نېمە ئىش قىلىسىلەر؟ — چۈچۈك سۇلتانىيكە ئىشەنمىگەندەك قىلىپ سورىدى.

— توغرا دېدىلە خانىيكە، سۇلتان ئىسسىق كۆل، ئارا تۆپە دىيارىنى ئارىلاپ شىكار قىلىش ئۈچۈن چىققانىدى. ئۇ ھازىر بۇ يەردىن تۆت ـ بەش چاقىرىم نېرىدا بىزنى كۈتۈپ تۇرىدۇ.

— بۇنىڭغا نېمە ئىسپاتىڭ بار؟ — چۈچۈك سۇلتانىيكە يەنە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

گۇمانلاندى، — ئۆزۈڭ كىم؟
— بىزنىڭ ئەلەمىمۇ سۇلتان يېنىدا قالغان، بۇ يەردە باشقا ئىسپاتىم يوق. بىزنىڭ سۇلتان ئابدۇرېشىتخاننىڭ نۆكىرى ئىكەنلىكىمىزگە ئاللا گۇۋاھ، مەن نۆكەرلەر باشلىقى ئەكرەم بولىمەن.
— ئەگەر، — دېدى چۈچۈك سۇلتانىبېكە، — سۇلتان ئابدۇرېشىتخاندىن بىر نىشانە ئېلىپ كەلسەڭ ھەمراھلىرىڭنى قويۇپ بېرىمەن، قېچىپ كېتىدىغان بولساڭ ھەمراھلىرىڭنى چېپىپ تاشلايمەن.
ئەكرەم يوتىسىغا سانجىلىپ قالغان ساداق ئوقىنى بىر قولى بىلەن ئېلىپ تاشلاپ ئورنىدىن تۇردى.
— سۇلتان ئابدۇرېشىتخانغا نېمە دەپ بارىمەن؟ — غەزەپ ئاچچىقىدىن تېنى لەرزىگە كەلگەن ئەكرەم خانىبېكەگە ئالىيىپ قارىدى.
— دەشتى قىپچاق سۇلتانىنىڭ قىزى چۈچۈك سۇلتانىبېكىگە ھەمراھلىرىم بىلەن ئەسىر چۈشۈپ قېلىۋىدىم، سۇلتان ئابدۇرېشىتخاندىن نىشانە ئېلىپ كەلگىن، دېدى، دە.
ئەكرەم تاغىقىنىڭ ئاغرىغىنىغا قارىماي تەلمۈرۈپ تۇرغان ئاق قاشقا ئېتىغا مىندى ـ دە، چاپقىنىچە كەتتى.

## 3

خىيال — ئالەمنى سەيلە قىلدۇرىدىغان، نەچچە يۈز يىل بۇرۇنقى ئۆتمۈشكە قايتۇرالايدىغان، ئارزۇ گۈللىرى ئېچىلغان گۈزەل كەلگۈسىگە باشلاپ بارالايدىغان كۆزگە كۆرۈنمەس سېھىرلىك قانات. سۇلتان ئابدۇرېشىتخاننىمۇ مۇشۇ دەم خىيال ئىلكىگە ئېلىۋالغانىدى. ئۇ ئۇخلىيالماي ياتاتتى. غۇبارسىز باللىق چاغلىرى ئېسىگە چۈشۈۋالغانىدى. ئۇ خىيال دەرياسىدىن

سائادەت قىرغىقىغا چىقالماي ئىچى تىت ـ تىت بولۇپ ياتاتتى. ئاق ئۆيىنىڭ ئىشىكى ئېچىلىپ ئەكرەم كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ قولىدا لوغۇلداپ كۆيۈۋاتقان ئوتقاش بار ئىدى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ئالىيلىرى، مېنى ئەپۇ قىلىسىلا، بىز پېشكەللىككە ئۇچرىدۇق—··· دېدى ئۇ ئەھۋالنى قىسقىچە بايان قىلىپ، — بەھرامىمۇ يولدا ئۇچراپ، ئەھۋالنى ئۇقۇپ مەن بىلەن قايتىپ كەلدى.

ئابدۇرېشىتخان ئورنىدىن تۇرۇپ قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى.

— بىر توپ قىزلارغا ئەسىر چۈشۈپ قالدۇق، دەڭ. تازا قىزىق بولۇپتۇ ـ دە، ئەكرەم. دەشتى قىپچاق خانىنىڭ قىزى بۇنداق كېچىدە نېمە ئىش قىلىدىكەن؟

— بۇنى بىلمىدىم سۇلتان، — خىجىل بولغىنىدىن بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىيالمايۋاتقان ئەكرەمنىڭ ئۈنى بوش چىقتى. ساداق ئوقى تەگكەن يوتىسى قاتتىق ئاغرىۋاتاتتى. تەپچىرەپ چىققان قان قېتىپ قالغانىدى. ئابدۇرېشىتخان تاتىرىپ كەتكەن ئەكرەمگە قاراپ كۈلكىسىنى توختاتتى.

— يارىلانغان ئوخشىمامسىز ئەكرەم؟

— بىز بەخىرامان كېتىۋاتاتتۇق، مەرگەن، سالمىچــى قىزلارنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىدۇق. يوتامغا ساداق ئوقى تەگدى سۇلتان.

— بولدى، بولدى، سۆزلىمەڭ ئەكرەم، شىرنى غەپلەت باسسا توشقانمۇ بوزەك قىلىدۇ. مەن سىزگە نىشانە بەرمەيمەن. ئۇ مەلىكىنىڭ ئالدىغا ئۆزۈم بېرىپ نۆكەرلەرنى قۇتۇلدۇرۇپ كېلەي، سىز بۇ يەردە يارىڭىزنى تاڭدۇرۇپ ئارام ئېلىپ تۇرۇڭ، — ئابدۇرېشىتخان ئىشىك ئالدىغا چىقىپ، — مىرئەخمەتبېك، — دەپ چاقىردى.

— لەببەي سۇلتان، — يەنە بىر ئاق ئۆيدىن بويى پاكار، دوغلاق بىر يىگىت چاپىنىنىڭ يېڭىنى ساپىقىنچە چىقتى. ئۇ

www.uyghurkitap.com

سۇلتاننىڭ تېۋىپى ئىدى.

سىز تېخى ئۇخلىماپسىز ـ دە؟ بولۇڭ، ئەكرەم يارىلىنىپ كەپتۇ، يارىسى ئېغىردەك قىلىدۇ. تېگىپ قويۇپ، ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇڭ. نۆكەرلەر بىلەن بىرىپ ئەكرەم بىلەن كەتكەنلەرنى قۇتقۇزۇپ كېلەي.

ئابدۇرېشىتخان بەھرامنىڭ يول باشلىشى بىلەن نۆكەرلەرنى ئېلىپ يۈرۈپ كەتتى. ئۇ نىمە ئۇچۇندۇر دەشتى قىپچاق خانىنىڭ قىزى بىلەن چاپسانراق ئۇچرىشىشقا قىزىقىپ قالغانىدى. قامچا ئۇرۇپ ئاتنى تېزلەتتى. نۆكەرلەرنىڭ بىر قولىدا ئاتنىڭ تېزگىنى، بىر قولىدا ئوتقاش بار ئىدى. ئۇچ ـ تۆت چاقىرىم يول يۈرگەندىن كېيىن يىراقتىن ئوتنىڭ يورۇقى كۆرۈندى.

— توختاڭلار! — ئابدۇرېشىتخاننىڭ بۇيرۇقى بىلەن ئىتتىك كېتىۋاتقان نۆكەرلەر ئاتنىڭ تېزگىنىنى تارتىپ توختاشتى.

— سىلەر مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇرۇڭلار. مەن ئوت كۆرۈنگەن يەرگە بىرىپ كېلەي.

— سۇلتان ئالىيلىرى، يالغۇز بارسىلا بولماسمىكىن، — دېدى بەھرام ئەنسىرىگەن ھالدا، — ئالدىمىزدا دۈشمەن بارمۇ، دوستمۇ؟ بۇ نامەلۇم.

— كۆڭلۈم شۇنىڭغا گۇۋاھلىق بىرىپ تۇرۇپتىكى، ئالدىمىزدىكى دۈشمەن ئەمەس، دوست.

ئابدۇرېشىتخان شۇنداق دەپلا ئاتقا قامچا ئۇردى. قاتتىق چاپچىغان ئات بىر پۇشقۇرۇپلا ئۇچقاندەك چېپىپ كەتتى. ئۇ ئوت بار يەرگە يېقىنلاشتى. كۆرگىنى گۈلخان بولماستىن، دوبۇلغا ـ ساۋۇت كىيگەن نۆكەرلەرنىڭ قوللىرىدىكى يۇرقىراپ كۆيۈۋاتقان ئوتقاش ئىدى. ئۇدۇل بارغىنىچە قىلىچلىرىنى يالىڭاچلاپ، ساداقلىرىنى بەتلەپ، سالمىلىرىنى تاشلاشقا ھازىر تۇرغان قىز نۆكەرلەرنىڭ قارشىسىغا كېلىپ تېزگىنىنى بىر

تارتىۋىدى، ئالدىنقى پۇتلىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ قاتتىق كىشنىگەن ئات يەرگە دەسسەپ چاپچىپ توختىدى، قۇلاقلىرىنى يۇپۇرۇپ ئوتقاشلارغا قاراپ پۇشقۇرۇپ قويدى. شۇ چاغدا قىزىل بۇيۇن تۇتى ئېتىنى دېۋىتىپ كەلگە نىقابلىق نۆكەر ئۇنىڭغا تىكىلدى. ئۇ ئالتۇن ئوتۇغات ئورنىتىلغان دوبۇلغا، ئۆلچەملىك تىكىلگەن كەمزۇل ئۇستىدىن بىلىق قاسىرقىسىمان ساۋۇت كىيىگەن، ئۇچىسدا هاۋارەڭ يېپىنچىسى يەلپۈنۈپ تۇرغان، بېلىنى قىسىپ تۇرغان ئالتۇن كەمىرىگە قىلىچ ئېسىۋالغان، كۈمۈش ئۇزەڭگىدىكى پۇتلىرىدا خۇرۇم ئۆتۈك پارقىراپ تۇرغان، ئەجەبلىنىشتىن بىر قېشى سەل كۆتۈرۈلۈپ، ئاغزى بىر ئاز ئېچىلىپ قالغان ئابدۇرېشىتخاننى كۆرۈپ تۇرۇپلا قالدى. ئابدۇرېشىتخانمۇ ئۆزىگە تىكىلگەن نىقابلىق نۆكەرگە سەپسالدى. كۆل رەڭ تور نىقاب ئىچىدىكى كۆزلەرنى، قويۇق تال - تال كىرپىكلەر ئوراپ تۇراتتى، گۈل ياپرىقىدەك پۇرۇلگەن لەۋلىرى ئوتقاشلار يورۇقىدا ئېچىلىۋاتقان غۇنچىدەك كۆرۈنەتتى. ئالتۇن ئۇقا قادالغان دوبۇلغا ئۇنى چەۋەنداز يىگىتكە ئوخشىتىپ قويغان بولسا، تۇرقىدىكى نازاكەت، چىرايىدىكى سۇكۇت، نەزىرىدىكى قىزلارغىلا خاس مۇلايىملىق ئۇنىڭ ئەر ئەمەسلىكىدىن دېرەك بېرەتتى. تەيتىللا جىلىتكە ئۇستىدىن كىيىگەن ساۋۇت، ئىككى قولىدىكى قىلىچ بىلەن قالقان ئۇنىڭغا جەڭگىۋار تۇس بەرگەنىدى. قىزىل يېپىنچىسى ئېتىنىڭ ساغرىسىغىچە چۇشۇپ، چورۇق كىيىگەن پۇتىغا تېگىپ تۇراتتى. بۇ چۇچۇك سۇلتانبېكە ئىدى. بىرىنچى بولۇپ ئابدۇرېشىتخان زۇۋان سۇردى:

— مەن سىزگە نىشانە ئەۋەتمەي ئۆزۈم كەلدىم چۇچۇك سۇلتانبېكە، سىز سەئىدخان ئاتامنىڭ ھاممىسى سۇلتان ئانامنىڭ قىزىغۇ، قانداق بولۇپ بۇ جەزىرىگە كېلىپ قالدىڭىز؟

خانبېكە ئويلاپ قېلىپ يەنە بىر قېتىم ئابدۇرېشىتخاننىڭ بېشىدىن ئايىغىچە كۆز يۈگۈرتكەندىن كېيىن قىلىچىنى

غىلاپىغا سالدى. مەكزىدە زىناق پەيدا بولۇپ، ئويچان چىھرىسىگە كۆلكە يۈگۈردى. ئۇ ئاتتىن سەكرەپ چۈشۈپ تەزىم قىلدى.

— ئابدۇلرەشىدخان ئاغا، ئامان تۇرۇپلا؟

— رەھمەت سىڭلىم، سىز بىلەن كۆرۈشكىنىم ئۈچۈن ناھايىتى خۇشالمەن. سۇلتان نىگارخان ئانام ئامان - ئىسەن تۇردىمۇ؟ — دېدى ئابدۇرېشىتخانمۇ ئاتتىن چۈشۈپ.

— خۇداغا شۈكرى. خان ئانام ياخشى تۇردى.

— ئۇخسى دەرياسىنىڭ بويىدىكى سايران بوستانلىقىدا كۆرۈشكىنىمىز ئېسىڭىزدىمۇ خانىپكە؟ ئۇ چاغدا سىز بەك كىچىك ئىدىڭىز.

— خان ئانام سايراندىكى توي توغرۇلۇق پات - پات گەپ قىلىپ بەرگەچكە ئۇ چاغدىكى ئىشلار ئېسىمدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتمىدى، مەن ئۇسۇل ئويناپ بەرگەنىدىم.

چۈچۈك سۇلتانىپكە بىر نەرسىنى ئېسىگە ئالماقچى بولغاندەك سۆزدىن توختاپ سۈكۈت قىلدى. كېنىزەك قىزلارمۇ، نۆكەر يىگىتلەرمۇ ئاتلىرىدىن چۈشۈپ، سۇلتان ۋە مەلىكىنىڭ گەپلىرىگە سەما بولۇپ تۇرۇشتى.

— سۇلتان ئابدۇلرەشىدخان ئاغامنىڭ نۆكەرلىرىنى بۇ يەرگە ئېلىپ كېلىڭلار، — بۇيرۇدى خانىپكە.

— خوپ مەلىكە.

شەمشىبانۇ شۇنداق دەپ ئاتنى يېتىلىگىنىچە ئاق ئۆينىڭ ئارقىسىدا بىر - بىرىگە چېتىپ باغلاپ قويۇلغا نۆكەرلەرنىڭ يېنىغا كەلدى. ئۇلارنى مۇھاپىزەتچى كېنىزەكلەر ساقلاۋاتاتتى. شەمشىبانۇ، نۆكەرلەرنى باغلاقتىن بوشىتىشنى بۇيرۇپ، ئۆزى بىر نۆكەرنىڭ قوللىرىدىكى باغلاقنى يەشتى.

قىزلارغا ئەسىر چۈشۈپ قالغان نۆكەرلىرىنى ئابدۇرېشىتخان كۆرگەندە قاپىقى بىر تۈرۈلۈپ، يەنە چىرايىغا كۈلكە يۈگۈردى.

— مەلىكە چۈچۈك سۇلتانىبىكىدىن، ئەدەبسىزلىك قىلغىنىڭلار ئۈچۈن ئەپۇ سوراڭلار، — دېدى ئابدۇرېشىتخان.

— ياق، سۇلتان ئاغا، مېنىڭ مۇھاپىزەتچى قىزلىرىم ئەپۇ سورىسۇن. ئۇلارنى ئەسىرگە ئېلىپ خورلاپ قويىدى، — دېدى چۈچۈك سۇلتانىبىكە.

— قېنى، ئەپۇ سوراڭلار نۆكەرلەر، قىزلارغا ئەسىر چۈشۈپ قالغىنىڭلار تارىخقا يېزىلىپ قالسۇن.

نۆكەرلەر خىجالەت بولغىنىدىن يەرگە كىرىپ كەتكۈدەك بولۇپ باشلىرىنى تۆۋەن سالدى.

— ھېلىمۇ سىلەر خىللانغان نۆكەر بولغىنىڭلار، ئادەتتىكى نۆكەر بولساڭلار شىلدىرلاپ تۇرغان دەرەخلەرگە ئەسىر بولۇپ قالىدىكەنسىلەر. قېنى ئەپۇ سوراڭلار.

نۆكەرلەر نائىلاج تىزلاندى.

— ئەپۇ قىلسىلا مەلىكە ئالىيلىرى، ئەدەپسىزلىك قىلىپ قويدۇق.

چۈچۈك سۇلتانىبىكە ئاچچىقلىنىپ قالغان ئابدۇرېشىتخانغا قاراپ قويۇپ دېدى:

— سىلەر مەندىن كەچۈرۈم سورىماي، ئابدۇرېشىتخان ئاغامدىن كەچۈرۈم سوراڭلار، ئۇنى خىجالەت قىلىپ قويدۇڭلار.

— كەچۈرسىلە سۇلتان ئالىيلىرى، بىز ئۇمىدلىرىدىن چىقالمىدۇق.

ئابدۇرېشىتخان بوتا كۆزلىرىنىڭ قۇيرۇقىدا قاراپ تۇرغان چۈچۈك سۇلتانىبىكەدىن كۆزىنى ئېلىپ دېدى:

— تۇرۇڭلار. ياۋۇز دۈشمەننىڭ ھۇجۇمىدىن قىزلارنىڭ كۆزلىرى يامان.

چۈچۈك سۇلتانىبىكە قاقاھلاپ كۈلدى.

— كۆزىمىز بىلەن ئەمەس، ئۇلارنى قورالىمىز ۋە غەيرىتىمىز بىلەن ئەسىر ئالدۇق.

— بارىكاللا خانىبىكە. كېنىزەكلىرىڭىزگە ۋە سىزگە

ئاپىرىن ئوقۇيمەن. سىز ناھايىتى قەيسەر، جۈرئەتلىك ئىكەنسىز.

— رەھمەت، — چۈچۈك سۇلتانبېكە سەلگىنە ئېگىلىپ دېدى، — سۇلتان ئاغا، ئۆيگە مەرھەمەت قىلىڭ.

ئۇ ئابدۇرېشىتخاننى ئۆيگە باشلاپ، شەمشىبانۇغا تاپىلىدى:

— نۆكەرلەرنى ياخشى كۈتۈڭلار، ئۇلار خىجىل بولىدىغان گەپ - سۆزنى قىلماڭلار. چۆرىلەر بىزگە تاماق ئەكىلىپ بەرسۇن، — مەلىكە شاھزادىگە قاراپ دېدى، — خان ئانام سېنى قەشقەر، يەركەنگە ئېلىپ بارىمەن، دەيتتى. لېكىن بىز بۇ جەزىرىدە ئۇچرىشىپ قالدۇق. مەن كېنىزەكلىرىم بىلەن يولدىن ئادىشىپ قالغىلى ئۈچ كۈن بولغانىدى. راستىمنى ئېيتسام، سىز بىلەن كۆرۈشكىنىمگە ناھايىتى خۇشالمەن.

كۆرپە ئۈستىدە ئويغا چۆكۈپ ئولتۇرغان ئابدۇرېشىتخان چۈچۈك سۇلتانبېكەنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ كۈلۈمسىرىدى.

— مەن سىزنى دەشتى قىپچاق دىيارىغا ئاپىرىپ قويىمەن. بۇ ئۇچرىشىش تەقدىرنىڭ ھېكمىتى بىلەن بولغان خانىبېكە، — ئۇ قويۇن يانچۇقىدىن رومالنى ئېلىپ سورىدى، — سىزنىڭمۇ؟

چۈچۈك سۇلتانبېكە ھىلھىلە ياغلىق بىلەن قوللىرىنى يۆگەپ رومالنى ئالدى. كۆزلىرى يوغان ئېچىلىپ ئويچان چىرايىغا ئاستا - ئاستا كۈلكە يۈگۈردى. ئابدۇرېشىتخان ئۇنىڭ مەڭزى ئاستىدا پەيدا بولغان زىنىقىغا ھەۋەس بىلەن قاراپ قالدى. ئۇ بۇ قەيسەر قىزنى ياقتۇرۇپ قېلىۋاتاتتى. چۈچۈك سۇلتانبېكەنىڭ جادۇ كىرپىكلىرى جۇپلەشكەندە، ئابدۇرېشىتخاننىڭ يۈرىكى تىلىنغاندەك بولۇپ زىڭىلداپ كەتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرى قىزغا قادىلىپلا قالغانىدى. چۈچۈك سۇلتانبېكەنىڭ يۈرىكىمۇ گۈپۈلدەپ ئۇرۇپ، رومالنى باغرىغا باسقىنىچە پىچىرلىدى:

— مېنىڭ، مېنىڭ رومىلىم، سىزگە ئۇچرىغان ئىكەن - دە؟

# توققۇزىنچى باب

# ئاق ئۆيدە ئوقۇلغان نىكاھ

## 1

سۇلتان سەئىدخان باش كۈزدە قوچقار قىشلىقىغا كەلدى.

ئىسسىق كۆل ۋە يەتتە سۇ دىيارىدىكى قىپچاق - قىرغىز قەبىلىلىرىنىڭ بىيى[1]، ماناپلىرى[2]، قازاقلارنىڭ تاجىلىرى[3]، ئۇيغۇرلارنىڭ ئاقساقاللىرى باشچىلىقىدىكى نەچچە مىڭ ئادەم سەئىدخاننىڭ ئالدىغا چىقىپ، نان ئوشتۇپ، ئۇسسۇلۇق سۇنۇپ كۈتۈۋالدى. ئابدۇرېشىتخان تۇغ - ئەلەملەر ئاستىدا چىلان تورۇقتا مىنىپ كېلىۋاتقان ئاتىسىنى يىراقتىن كۆرۈپلا ئاتتىن چۈشتى. ئەمىر مۇھەممەدبېك، خوجا ئەلى باھادىر، ماناپ دۇسەنبېكلەرمۇ پىيادە بولۇشتى. ئابدۇرېشىتخان ئاتىسى ئالدىغا ئىتتىك بارغىنىچە ئېگىلىپ سالام بېرىپ:

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم خان ئاتا! بەختىمىزگە ئامان - ئېسەن كېلىپلا، — دېدى ۋە سەئىدخان دەسسەپ تۇرغان كۈمۈش ئۈزەڭگىنى سۆيدى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم شاھىنشاھ ئالىيلىرى! مۇبارەك

---

① بىيى — قىپچاق - قىرغىزلاردا سۇلتانغا تەڭ كېلىدىغان ئەمەل نامە.
② ماناپ — بىيىدىن بىر دەرىجە تۆۋەن تۇرىدىغان ئەمەل نامە.
③ تاجى — قازاقلارنىڭ قەبىلە باشلىقىغا بېرىلگەن نام.

www.uyghurkitap.com

قەدەملىرى قۇتلۇق بولغاي، — دېيىشتى ئەمىر مۇھەممەدبېك، خوجائەلى باھادىر كەينى - كەينىدىن كەلگىنىچە ئۆزەڭگىنى سۆيۈپ.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام! — دېگىنىچە ئاتتىن چۈشكەن سەئىدخان ئابدۇرېشىتخاننى قۇچاقلاپ پېشانىسىگە سۆيدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ياش ئەگىدى. بىر تەلەڭگىگە ئارچا ياغىچىدىن ئىسرىق سېلىپ پايپاسلاپ كەلگەن مىرزا ئەلى تاغايى تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ، سەئىدخاننىڭ پەشلىرىگە يۈزىنى تەگكۈزدى، ئاندىن ئورنىدىن تۇرۇپ خۇشپۇراق ئىس ئۆرلەپ تۇرغان تەلەڭگىنى بېشىدىن ئېگىز كۆتۈرۈپ، سەئىدخان بىلەن ئابدۇرېشىتخاننىڭ ئەتراپىنى ئۈچ قېتىم ئايلاندى.

سەئىدخان ئوغلى بىلەن كۆرۈشۈپ بولغاندىن كېيىن ئەمىر مۇھەممەدبېك، خوجا ئەلى باھادىرلار بىلەن قۇچاقلاشتى...

سەئىدخان بىلەن ئۇنىڭ چوڭ خوتۇنى گۈلسىما سۇلتانبېگىم، ئىككىنچى، ئۈچىنچى خوتۇنلىرى ئايىنىگار سۇلتانبېگىم، پاتىمە سۇلتانبېگىملەر، ۋەزىر - ۋۇزرالاردىن سەئىد مۇھەممەد مىرزا، مىرزا ھەيدەر كوراگان، قاناتبەگ، ئەمىر خوجا شاھمۇھەممەد، شەيخۇل ئىسلام ئوبۇلقاسىم داموللا، ئەمىر مىراخور بارلاس قاتارلىق دۆلەت ئەركانلىرى، سەردارلار، بەگلەر ۋە مىڭدىن ئارتۇق ياساۋۇل، نۆكەرلەر بىللە كەلگەنىدى.

ۋەزىر مىرزا ھەيدەر ئابدۇرېشىتخاننى باغرىغا بېسىپ:

— كۆز تەگمىسۇن شاھزادە، تاغ قارغىيىدەك بوي تارتىپلا، سايىلىرى چۆلگىمۇ چۈشۈپتۇ، — دەپ كۆزىگە ياش ئالدى.

— ئۇستازلىرى ئەمىر قۇلى بارلاس ئالىيلىرىنى بۇ ھالەتتە كۆرگەن بولسا ئىدى، كۆزى ئوچۇق كەتمەس ئىدى، — دېدى ئەمىر مىراخور بارلاس ئاپئاق ساقىلىنى ئۇنىڭ پېشانىسىگە يېقىپ، ئابدۇرېشىتخان ھۆركىرەپ يىغلاشتىن ئۆزىنى ئاران تۇتۇۋالدى. ئۇ، ئۇستى يېپىق مەيدىن چۈشۈۋاتقان گۈلسىما

سۇلتانبېگىم ئالدىغا ئىتتىك بېرىپ سالام قىلدى.

— بالام، جېنىم بالام، بار ئىكەنلا، دىدارلىرىنى كۆرسەتكەن ئاللاغا مىڭ شۈكرى، — دېدى ئانىسى ئۇنى قۇچاقلاپ. كۆزلىرىدىن تامچىلىغان ياش ئابدۇرېشىتخاننىڭ گەدىنىگە چۈشتى.

— ئانا يىغلىمىسىلا، دىدار كۆرۈشتۇققۇ، ـ ئابدۇرېشىتخان قوللىرى بىلەن ئانىسىنىڭ ياشلىرىنى ئېرتىپ تۇرۇپ يىغلاپ تاشلىدى. ئۇ ئانا ـ ئانىسىنى بەكمۇ سېغىنغانىدى.

مىرزا ئەلى تاغايى ئىسرىقنى كۆتۈرۈپ كېلىپ ئۇلارنىڭ ئەتراپىنى ئۇچ قېتىم ئايلىنىپ، تەلەڭگىنى يول چېتىغا قويدى ـ دە، تەزىم قىلىپ تۇردى.

ئابدۇرېشىتخان ئايىنىگار سۇلتانبېگىم، پاتىمە سۇلتانبېگىملەرگىمۇ سالام بېرىپ ھال سورىدى.

ئەمىر مۇھەممەدبېك ماناپ دۇسەنبېك ئېلىپ كەلگەن بىر ئىدىش سۇ بىلەن بىر قازان نېنىنى پەتنۇستا سەئىدخانغا تۇتتى، سەئىدخان ناندىن بىر بۇردا يەپ، سۇدىن ئۇچ يۇتۇم ئىچىۋىدى، ھارغىن ۋۇجۇدى شۇنداق راھەتلەندىكى، چېھرىسىدە تەبەسسۇم پەيدا بولدى.

بۇرغا ـ كانايلار، دۇمباق ـ ناغرىلار ساداسىغا سەئىدخاننى قارشى ئالغۇچىلارنىڭ ئۇنىڭ شەنىگە ئېيتىۋاتقان مىننەردارلىق، قارشى ئېلىش سۆزلىرى ۋە تىلەكلىرى قوشۇلۇپ گۇلدۇرلەيتتى، شاۋقۇنلايتتى. بۇنداق تەنتەنە ساداسىدىن پۈتۈن ۋۇجۇدى لەرزىگە كەلگەن ئابدۇرېشىتخان ئاتىسى يېنىدا ئاستا قەدەم تاشلاپ كېتىۋاتاتتى.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام قېرىنداشلىرىم، ئامان بولۇڭلار! — دەپ ئىككى تەرىپىگە قاراپ جاۋاب سالام بېرىپ كېتىۋاتقان سەئىدخاننىڭ قەلبى سۆز بىلەن تەسۋىرلىگىلى بولمايدىغان ئاجايىپ ھاياجان ئىلكىدە دولقۇنلانماقتا ئىدى.

www.uyghurkitap.com

ئۇ مىرزا ئەلى تاغايىنىڭ يول ـ يولدا ئىسرىق سالغىنىدىن ھەم خۇرسەن بولدى. «ئىشىك ئاغىسىنى بۇ چۆلگە ئەۋەتكىنىمدىن خاپا ئەمەس ئوخشايدۇ. ئۆزى ئىسرىق سېلىپ ھۆرمىتىمنى قىلدى. ئوغلۇمنىڭ ئەۋەتكەن مەكتۇپىدىنمۇ قاراقچى تايغانبېكنى ئۇنىڭ ھىيلە بىلەن تۇتۇپ، جامائەت ئىچىدىكى قورقۇنچ ـ ۋەھىمىنى يوقاتقانلىقىدىن ۋاقىپلانغانىدىم. قايتۇرۇپ كېتىپ ۋەزىرلىككە كۆتۈرسەم بولغۇدەك...» دەپ ئويلىدى ئۇ.

سەئىدخان قوچقار قىشلىقىدىكى قورغاندا ئالاھىدە تەييارلانغان قەسىرگە چۈشتى. خوتۇنلىرى، چۆرىلىرى، مەھرەملىرى، كېنىزەكلىرىمۇ ئۆزىگە مۇناسىپ دەھلىزلىك ئۆيلەرگە، نۆكەر، ياساۋۇللار قورغان ئەتراپىغا تىكىلگەن چېدىرلارغا ئورۇنلاشتى.

ئەمىر مۇھەممەدبېك بىيى، ماناپ دۇسەنبېكلەر كەچلىك تاماق، ئۇسسۇلۇق ئۈچۈن قىرىق بىر قوي، توققۇز تاي، توققۇز موزاي، توققۇز ئوغلاق سويدۇردى. توقسان توققۇز تۇلۇم قىمىزنى تەييارلاپ قويغانىدى، ئۇ كېچىچە ئىچىلىپ تۈگىدى.

— مېنىڭ ئىسسىق كۆل بويىغا تىكىلگەن ئاق ئۆيگە چۈشكۈم بار ئىدى، ياپلاقنىڭ سالقىن ھاۋاسىنى سېغىنىپ قالغانىدىم. قورغانغا چۈشۈپ، يەنە يەركەندىكى ئوردىغا كىرىپ قالغاندەك بولۇۋاتىمەن. قورغانىمغۇ سالقىن ئىكەن، — دېدى سەئىدخان ھالقا ۋە ئۈچ بۇرجەك شەكلىدە ئويۇپ چىقىرىلغان پەنجىرىگە قاراپ ئولتۇرۇپ. قىمىزدىن ئۇنىڭ مەڭزى قىزىرىپ، كۆزلىرى نۇرلۇنۇپ كەتكەنىدى. دادىسىنىڭ قورغانغا چۈشكەنلىكىدىن رازى ئەمەسلىكىنى ھېس قىلغان ئابدۇرېشىتخان ئوڭايسىزلانغاندەك بولۇپ:

— ئىسسىق كۆل بويىدىكى بارگاھقا چۈشۈرگەن بولساق خان ئاتا، تەنلىرى يايراپ كېتەتتى. بۇ يەرگە چۈشۈرگىنىمىزدىن

ناھايىتى ئەپسۇسلاندىم. كەچۈرگەيلا، — دېدى.
— دۇنيادا شاھ، سۇلتان ئۈچۈن، ئەگەر ئۇ ئادىل بولسا،
ئەڭ بىخەتەر جاي ئاۋام ئارىسى. ئاۋامدىن زالىم، مۇستەبىت
پادىشاھلار، مەككار، قارانىيەت ئەمەلدارلار قورقىدۇ، ئوغلۇم،
مەن ئىسسىق كۆل بويىدا ئاق ئۆيدە تۇراي، نۆكەر، ياساۋۇللار
بۇ يەردە تۇرسۇن. مەن جەڭ قىلغىلى ئەمەس، جامائەت بىلەن
بىرگە ئارام ئالغىلى كەلدىم، — سەئىدخان قول باغلاپ تۇرغان
ئوغلىغا، ئاندىن باش لىڭشىتىپ ماقۇللاپ ئولتۇرغان مىرزا
ھەيدەر، سەئىد مۇھەممەدلەرگە قارىدى.
— ئاۋامنىڭ باھاسى — تارازىدۇر. بۇ تارازىغا
چۈشمەيدىغان، شاھ، سۇلتانلار تېخى تۆرەلگىنى يوق سۇلتانىم.
توغرا ئېيتتىلا، ئادىل پادىشاھ ئاۋامدىن قورقمايدۇ، ئاۋام
ئارىسىدا تېخىمۇ يۇقىرى ھۆرمەتكە، كۈتۈشكە، مۇھاپىزەتكە ئىگە
بولىدۇ. ئالىيلىرىنىڭ سۆزىگە قوشۇلىمەن. ئىسسىق كۆلنىڭ
ساپ ھاۋاسىدىن نەپەس ئېلىشنى مەنمۇ ئارزۇ قىلىمەن، — دېدى
مىرزا ھەيدەر. ئۇنىڭ ئويچان چېھرىسىدە كۈلكە پەيدا بولدى.
— شاھ ـ سۇلتان ئالىيلىرى، سۆزلىرىدە ئاۋامغا يۈكسەك
ساداقەتلىرىنى بىلدۈردىلە، ئۆزلىرىدەك سۇلتاننى ئاۋام كۆز قار
چىغىنى ئاسرىغاندەك مۇھاپىزەت قىلىدۇ. ئالىيلىرىنىڭ ئورنى
پايتەختىنىڭ زىندانىغا ئوخشايدىغان قورغان ئەمەس، كىشىگە
بەخش ھۇزۇرنى بېرىدىغان ئىسسىق كۆل بويى، يېشىل يايلاق،
سالقىن تاغ باغرىدۇر.
تاغايى سۆزىنى توختىتىپ، سەئىدخانغا تەزىم قىلدى.
ئاندىن سەئىد مۇھەممەد مىرزىغا نېمە ئۈچۈندۇر سوغۇق نەزەر
تاشلىدى ۋە «سەن خانلىقنىڭ ئەمىر كەبىرىمەن، قەشقەرنىڭ
ئالىي ھاكىمىمەن، دەپ مىرزا ئابابەكرىنىڭ ئىنىسى
ئىكەنلىكىڭنى ئۇنتۇپ كۆرەڭلەپ قالدىڭ. ئاقىۋەت ئاكاڭنىڭكىگە
ئوخشاش بولىدۇ...» دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

— سۇلتان ئالىيلىرى، مىرزا ئەلى تاغايى ئېخى يېقىندا بۇ يەردە هارس نەجمىدىن دوغلاتنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى ئەستىن چىقارغانلىق قىلىدۇ. تارىختىن مەلۇمكى، پادىشاھلار كۈتمىگەن ۋاقىتتا، كۈتمىگەن جايلاردا قەستكە ئۇچرىغان. جەڭگاھتىن باشقا يەردە دۈشمەن ئاشكارا تىغ تەڭلەيدۇ. ئارىمىزدا بىلىنگەن پىچىقىنى قوينىغا يوشۇرۇپ ئولتۇرغان كىشى يوق، دەپ كىم ئېيتالايدۇ؟ — كەسكىن سوئال قويدى سەئىد مۇھەممەد ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۇ ۋەزىرلىك كۈرسىدا ھەجىيىپ ئولتۇرغان تاغايىنىڭ قارىشىدىن بىر شۇملۇق سەزگەن، سوزۇنچاق بۇغداي ئۆڭ چىرايى ئۆڭۈپ، ئاچچىقى يۈزىگە تەپكەندى. ئېگىز قامەتلىك سەل تەۋرىگەندەك بولۇپ سۆزىنى جىددىي داۋام قىلدى، — ھېچكىم. بۇ ئاللاغا مەلۇمكى، ئېھتىيات قىلماق ھەممىگە، بولۇپمۇ دۆلەت ئاتىسى بولغان شاھ ـ سۇلتانلارغا بىر پەزىلەتتۇر. پېقىر ئالىيلىرىنىڭ يولىنى توسماقچى ئەمەسمەن، بۇ قورغاندىن ھاۋالىق ئىسسىق كۆل بويى ئەلۋەتتە ياخشى. بىز سەيلە ساياھەت قىلىش، قىرغىز قېرىنداشلىرىمىزدىن ھال سوراش ئۈچۈن كەلگەن. مەنمۇ ئەتىدىن باشلاپ ئىسسىق كۆل بويىدا ئاۋام بىلەن بىرگە غىزالىنىشنى ئىستەيمەن سۇلتانىم، ھالبۇكى ئېھتىيات چارىلىرىنى كۆرىشىمىز زۆرۈر.

ئابدۇرېشىتخان سەئىد مۇھەممەدنىڭ سۆزىنى ئورۇنلۇق دەپ بىلسىمۇ، «ماڭا تەنە قىلىۋاتامدۇ، نېمە» دەپ قالدى. «ئېھتىيات چارىلىرىنى قىلىپ، ئىسسىق كۆل بويىدا ئۇنىلغان ئاق ئۆي تىكىپ، بىخەتەر تۇرارجاي راسلىدۇق. بۇنىڭدىن خاتىرجەم بولۇڭ ئەمىر كەبىر» دېمەكچى بولۇپ، يەنە ئۆزىنى تۇتۇۋالدى. «ئۇمۇ خان ئاتامنىڭ ئامانلىقىنى ئىستەپ شۇنداق دېسە نېمە يامىنى بار؟ ...» دەپ ئويلىدى ئاخىر.

تاغايىنىڭ چىرايىدىكى تەبەسسۇم يوقىلىپ، مەڭزىدىكى بۆلجۈڭ گۆشلەر تارتىشقاندەك بولۇپ، قېلىن لەۋلىرى قىمىرلاپ

كەتتى. ئۇ كۈمۈش ئوتوغات قىستۇرۇلغان سەللىسىنى سەل كۆتۈرۈپ، قىچىشقان بېشىنى بىر سىلىۋالدى.

سەئىدخان ۋەزىر ـ ۋۇزرالارنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالغان ھالدا ساراي ئىچىگە كۆز يۈگۈرتتى: بۇ ئۆي ئابدۇرېشىتخان قارار چىقىرىدىغان، يارلىق، پەرمان چۈشۈرىدىغان سۇلتان سارىيى بولۇپ، پايتەخت يەركەننىڭ گۈلئىبھرام ئوردىسىدىكى سارايدىن بەكلا ئاددىي ئىدى. گىلەم ئورنىغا گۈللۈك شىرداق، رەڭدار كىگىزلەر سېلىنغان، يۆلەنچۈكلۈك كۇرسىلار ئورنىغا ئورۇندۇق قويۇلغان، تاملىرىغا گۈللۈك نەقىش چېكىلمىگەن، كۆكگۈرلۈق ئەگمەئۆيۈقلارمۇ چىقىرىلمىغان، ئاددىيلا گەجخاك قىلىنغان، ئەينەكلىك دېرىزىلەر ئورنىغا ياغاچ پەنجىرە ئورنىتىلغانىدى. تەختمۇ ئالتۇن قۇببىلىك ئەمەس ئىدى، گۈلئىبرام ئېرام ئوردىسىدىكى سەردارلار ئولتۇرىدىغان يۆلەنچۈكلۈك ئورۇندۇققا ئوخشاش، ئاددىي ئىدى، شۇنداقتىمۇ كىشىگە سۈرلۈك كۆرۈنەتتى.

«ئوغلۇم شارائىتىنىڭ يوقلۇقىدىن كۆڭلىدىكىدەك ئوردا بىنا قىلالماپتۇ. ئەمما، بۇ يۇرتتىكى ئابرويى يۇقىرى ئىكەن، ئاتىقىمۇ ياخشى ئىكەن» . دەپ ئويلىدى سەئىدخان. ئۇ گوش يەپ، قىمىز ئىچىپ، قوللىرىنى داستىخاندىن تارتىپ ئېرىتقىلى تۇرغان كۆپچىلىككە دېدى:

— باياتىن ناھايىتى مۇھىم سۆزلەر بولدى. مەن سەئىد مۇھەممەد مىرزا ئاغامنىڭ سۆزىگە قوشۇلىمەن، جەڭ مەيدانىدىكى ئاشكارا دۈشمەندىن يېنىمىزدا يوشۇرۇنغان دۈشمەن خەتەرلىك، ئەلۋەتتە. شۇنداق قارايمەنكى، ئادالەت بىلەن ئەلنى سورىغان پادىشاھنىڭ دوستى — سان ـ ساناقسىز ئاۋامدۇر، زالىم پادىشاھنىڭ دوستى يوقتۇر، دوستى بار دېگەندىمۇ، ئۇلار خۇشامەتچى، نەپسانىيەتچى تاش بېغىر، سۇيىقەستچىلەردۇر. مەن ئەتە ۋەتەنداش دوستلىرىم ئارىسىغا بارىمەن. ئاز ساندىكى

سۈيىقەستچىلەردىن ئەندىشە قىلىپ ئوردىغا بېكىنىۋالسام، مەملىكەتنى قانداقمۇ قوغدىيالايمەن، ماڭا يۇقىرى مەرتىۋە، شان ـ شەرەپ بەرگەن ۋەتەنداشلىرىمغا قانداقمۇ يۈز كېلەلەيمەن؟ ئالەمنىڭ ئىگىسى ئاللا دەرگاھىغا بارغاندا قىلغان ـ ئەتكەنلىرىمدىن قانداقمۇ ھېساب بېرەلەيمەن؟ — سەئىدخان سۆزدىن توختاپ، ئابدۇرىشتخانغا پەرمان قىلدى، — ئوغلۇم، بۇ يەرگە دەم ئېلىشقا كېلىپ، ئاۋامغا زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزۈپ قويسام بولمايدۇ. بۇگۈندىن باشلاپ تۆلدىن، يەم ـ خەشەكتىن، ئاشلىقتىن، ئوت ـ چۆپتىن، قاندىن[1]، يۇڭدىن، شۇنداقلا مال ـ ۋاراندىن ئېلىنىدىغان خانلىق ۋە يەرلىك باجلار تاكى كېلەر يىلى بۈگۈنگىچە ئېلىنمىسۇن.

— خوپ خان ئاتا، — بېشىنى ئەگدى ئابدۇرېشىتخان، — پېقىر ئالىيلىرىدىن كەلگەن خەتنى تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن ھىجرىيە 930 ـ يىلى جامادىيەلئەۋۋەلنىڭ 10 ـ كۈنىدىن ھىجرىيە 931 ـ يىلى جامادىيەسسانىنىڭ 10 ـ كۈنىگىچە بارلىق سېلىق ـ باجنى ئالماسلىق توغرىسىدا يارلىق چۈشۈرگەنىدىم.

— ئاللا خۇرسەن بولىدىغان ئىشنى قىلغان ئىكەنلا ئوغلۇم، سىلىنى بۇ دىيارغا سۇلتان قىلغۇزغان رەببىمدىن مىننەتدارمەن. ئەمدى بىيى، ماناپلار ئالىدىغان سېلىقنىمۇ ئالماسلىق توغرىسىدا ئەمىر مۇھەممەدبېك يارلىق چۈشۈرسە بولىدۇ. مېنىڭ كېلىشىم تۇپەيلى قېرىنداشلىرىم زىيان تارتماسلىقى كېرەك، — سەئىدخان ئورنىدىن تۇرغان ئەمىر مۇھەممەدبېككە قاراپ سۆزىنى توختاتتى.

— ئالىيلىرى، سۇلتانىمىز ئابدۇلرەشىدخاننىڭ يارلىقى بىلەن تەڭ، پېقىرمۇ بىر يىل يەرلىك سېلىقنى يىغماسلىق توغرىسىدا پەرمان جاكارلىغانىدىم، — دېدى مۇھەممەدبېك.

---

[1] بۇ يەردە سويۇلغان مال ـ چارۋىدىن ئېلىنىدىغان قان بېجى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

— رەھمەت ئەمىر، ئەمدى داستىخانغا دۇئا قىلايلى.

دۇئادىن كېيىن ۋەزىر ـ ۋۇزرا، ئەمىر ـ ئەركانلار ئۇزاپ، ئۆز ئورۇنلىرىغا قايتتى. بۇ چاغدا كېچە سائەت بىر بولغانىدى. كۆك ئاسماندا ياقۇتتەك يۇلتۇزلار چاقناپ تۇراتتى. سەئىدخان ئۆزىگە تەييارلانغان قەسىر ئالدىدا ئابدۇرېشىتخانغا دېدى:

— ئوغلۇم، ھامام سۇلتان‌نىگار خېنىمدىن يېقىندا مەكتۇپ كەلگەنىدى. سىلىنىڭ چۈچۈك سۇلتانبېكەنى چۆلدە ئۇچرىتىپ، ئۇنى دەشتى قىپچاقتىكى بارگاھىغا ئاپىرىپ قويغانلىرى ھەققىدە يېزىپ، كۆپ مىننەتدارلىق بىلدۇرۇپتۇ. بۇ توغرۇلۇق ماڭا نېمە ئۈچۈن خەت يازمىغانلا ـ ھە؟

ئابدۇرېشىتخان بېشىنى ئېگىپ گەپ قىلماي تۇرۇۋالدى.

كۆپكۆك ئاسماندا ئۇزۇپ كېتىۋاتقان ئايغا قاراپ خىيال سۈرۈپ قالغان سەئىدخان ئوغلىنىڭ مۈرىسىگە قولىنى قويدى.

— ئوغلۇم سىلى چوڭ بولۇپ قالدىلا، سۇلتان بولدىلا، ئەمدى سەن دېيىشكە ئاغزىم بارمايدىغان بولۇپ قالدى، — ئۇ سۆزىنى توختىتىپ، كۈلۈمسىرىگەن ھالدا ئابدۇرېشىتخانغا مېھرى بىلەن نەزەر سالدى، — ئانىلىرىمۇ مىرزاھەيدەر، سەئىد مۇھەممەد مىرزا قاتارلىق دۆلەت ئەركانلىرىنىڭ مەسلىھەتى بىلەن بۇ يەرگە سەيلە — ساياھەتكىلا ئەمەس، سىلىنىڭ تويلىرىنى قىلىشقا كەلدى. ھامام خېنىمدە بۇ توغرلۇق پۈرىتىپ ئۆتكەنىكەن. ئەتە مىرزاھەيدەر ئاغامنى ئەلچى قىلىپ دەشتى قىپچاققا ئەۋەتسەك، دەيمەن.

— سىلىنىڭ ئەمىرلىرنى ئادا قىلىش مېنىڭ بۇرجۇم خان ئاتا، — ئابدۇرېشىتخان باشقا سۆز قىلماي ئىزا تارتقاندەك بولۇپ ئايغا قارىدى.

www.uyghurkitap.com

## 2

ئۆپۆق ئاقىرىپ كېلىۋاتاتتى. ئىسسىق كۆل ئۈستىدە قارا بۇلۇتلار پەيدا بولۇشقا باشلىدى. ھاۋا گۈلدۈرلەپ، چاقماق چېقىلىپ، كۆل يۈزىدە ھال رەڭ شولا پەيدا بولدى ـ دە، تاراسلاپ يامغۇر چۈشكىلى تۇردى. سۇ ئۈستى چىم ـ چىم بولۇپ، سانسىز كىچىك چەمبەر ھاسىل بولدى. يامغۇر شۇ پېتى بىر خىل ياغقان بولسا، ئابدۇرېشىتخان پىسەنت قىلماي چىملىق قىرغاقتا تۇرىۋەرگەن بولاتتى. ئەمما، گۈلدۈرماما توختاپ قالماي ھارۋىسىنى گۈلدۈرلىتىپ ھەيدىگىنىچە ئوت قامچىسىنى شىلتاپ، دۇنيانى پاللىدا يورۇتۇش بىلەن تەڭ، يامغۇر سۇدەك قۇيۇلدى.

— سۇلتان ئالىيلىرى، ئەمدى ئاق ئۆيگە كىرىپ كەتسەك بولارمىكىن، — دېدى ئەكرەم باش ـ بويۇنلىرىدىن قۇيۇلۇۋاتقان يامغۇرغا قوللىرىنى سۇنۇپ، كېمە غەرق بولۇپ كېتىپ، سۇغا چۈشۈپ كەتكەن يولۇچىدەك ھەممە يېرىدىن سۇ ئېقىۋاتقان ئابدۇرېشىتخان يەتمىش ـ سەكسەن مېتىر يىراقتىكى ئالاھىدە تىكىلگەن بارگاھ ئاق ئۆيگە قاراپ ماڭدى. ئۇنىڭ ئۈستىدە يامغۇرلۇق يوپۇق بار ئىدى. ئىشىكى ئالدىدا ئىككى نۆكەر نەيزە تۇتۇپ تۇرغان ئاق ئۆيگە كىردى.

— ئەكرەم، قاراۋۇلبېگىگە ئېيتىپ قويۇڭ، ئىشىككە ۋە ئەتراپقا قويۇلغان قاراۋۇللارنى يامغۇر توختىغىچە پات ـ پات ئالماشتۇرۇپ تۇرسۇن، — بۇيرۇدى ئابدۇرېشىتخان مىس چىراغدانىدىكى لوقىراپ كۆيۈۋاتقان پىلىككە قاراپ قويۇپ.

— خوپ سۇلتان ئالىيلىرى، — ئەكرەم ئىتتىك چىقىپ كەتتى.

«بۈگۈن كېلىن يۈتكەش ئۈچۈن يولغا چىقىدىغان چاغدا

قىرىشقاندەك بۇ يامغۇرنىڭ يىغىپ كەتكىنىنى، — ئويلىدى ئابدۇرېشىتخان قوللىرىنى گەدىنىدىن ئالماشتۇرغىنىچە ماڭۇق ياستۇققا يۆلىنىپ، — مەيلى، ياغسا ياغمامدۇ، بامدات نامىزىنى ئۆتەپ، ناشتا قىلىپ بولۇپلا يولغا چىقىمىز. ئۇنىڭغىچە توختاپ قېلىشىمۇ مۇمكىن...»

ئۇ كۆزلىرىنى ئاق ئۆينىڭ ھاۋارەڭ تاۋار بىلەن ئەستەرلەنگەن تورۇسىغا تىككىنىچە خىيال سۈرۈپ ياتتى. ئۇنىڭ خىيالىغا ئاتا - ئانىسى كەلگەندىن بېرىكى ئىشلار كىرىۋالغانىدى:

سەئىدخان قورغاندا بىر كېچە يېتىپلا، ئەتىسى ئىسسىق كۆل بويىدىكى بارگاھقا بارغانىدى. كۆك ئاسماننىڭ بىر پارچىسىدەك سۈزۈك كۆل، ياپيېشىل دەل - دەرەخلەر، رەڭگارەڭ گۈل - گىياھلار ھۇزۇر بەخش ئىتىپ كۆڭلىنى ئاچتى. ئۇ بۇ كۆل بويىدا ئۆز شەرىپىگە ئۆتكۈزۈلگەن ئات چېپىش، ئوغلاق تارتىشىش مەرىكىسىدە قىپچاق - قىرغىز خەلقىگە سوۋغا قىلىپ ئېلىپ كەلگەن توققۇز ھارۋا تاۋار - دۇردۇن، توققۇز ھارۋا بەقەسەم، توققۇز ھارۋا شايە - ئەتلەس، توققۇز ھارۋا ماتا چەكمەن، توقسان توققۇز ھارۋا ئۇن، گۈرۈچ، قىرىق بىر ھارۋا قۇرۇق يەل - يېمىش قاتارلىق نەرسىلەر بىلەن ھەر بىر قىرغىز ئائىلىسىگە ئون سەر كۈمۈشنىڭ قىممىتىگە تەڭ كېلىدىغان سەئىدخاننىڭ ئىمزاسى چۈشۈرۈلگەن ئون ، يىگىرمە، ئەللىك تىيىنلىك مىس پۇلنى تەقدىم قىلدى. ئەمىر مۇھەممەدبېك بىيى بىلەن ماناپ دۈسەنبېككە كىمخاپ تون كىيگۈزۈپ، بىردىن كۈمۈش ساپلىق قىلىچ، بەش يۈز سەردىن كۈمۈش ھەدىيە قىلدى.

كېچىچە ئۆتكۈزۈلگەن دومبىرا، قوۋۇز چېلىپ، ئۆلەڭ ئېيتىش، جىرلاش مەرىكىسىدە سەئىدخان ئۇد، ئابدۇرېشىتخان تەمبۇر چېلىپ بەردى. پاتىمە سۇلتانبېگىم ساتار چېلىپ، مۇقام ناخشىلىرىنى شۇنداق لەرزان سادا بىلەن ئېيتتىكى، سورۇن

ئەھلى ئاپىرىن ئوقۇپ قۇتلۇقلىدى. ئابدۇرېشىتخان ساتار چېلىپ تۇرۇپ بۇ غەزەلنى پارىسچە ئوقۇدى:

«زاھىدى خۇدبىن بىن بەرزاھىرى رەسۋايى ما،
مەنزىلى سۇلتان ئىشقەست ئىن دىلى شەيدايى ما.
دەر تەرىقى ئىشىق لافى ياكى بازى مىزەنىم،
گەرچە مەست ئەز بادە ئالۇدەزسەر تاپايى ما.
ئى سابا! ئىن نامەرا بادەستانى مابەبۇر،
ھالى دىلراتا كۇنەد مەئلۇمى ئەز ئىنشايى ما.
زاھىد ئەز خىلۋەت گەرىفتە جابىدىگەر گۇشەئى،
غەيرى كۇيى يار مەبۇۋەد مەنزىلۇ مەئۋايى ما.
ئى رەشىدى، بەردەرى شاھى ئەزەل رەھمە ياقتىم،
شۇكرى لىللا شەھ كۇنىن فىردەۋسى ئەئلاجايى ما.

سەئىدخان ئوغلىنىڭ بۇ غەزىلىنى ئاڭلاپ ئولتۇرۇپ كەتتى. بۇ غەزەلدە ئۇنىڭ ھاياتى يەكۇنلەنگەنىدى. مىرزا ھەيدەر كوراگان، سەئىد مۇھەممەد مىرزىلارمۇ باركاللا ئېيتىشتى، ئۇلار بۇ غەزەلنىڭ تۇركى مەنىسىنى كۆپچىلىككە يېشىپ بەردى.

— ئوغلۇم، ئەزىز ئوغلۇم، ئىزىمنى باسقۇچى سىلى ئىكەنلا. بۇ غەزەللىرىدىن شۇ بېشارەتنى ئۇقتۇم، مەن سىلى بىلەن پەخىرلىنىمەن ئوغلۇم، — دەپ پىچىرلىدى سەئىدخان ئابدۇرېشىتخاننىڭ قولىقىغا.

بۇ كېچە شۇنداق ئۆتتى. ئەتىسى چېلىش بولدى. توختىغۇل ئالتە پالۋاننى يىقىتىپ، ئارسلان دېگەن ئاتاقنى ئالدى. ئەكرەم ئۈچ پالۋاننى يىقىتىپ، پالۋان دېگەن نامنى ئالدى. ئۆگۈنى قازاق، قىرغىزلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئويۇنى بولغان قىز قوۋار بولدى.

ئەكرەم سايرا دېگەن قىز بىلەن مەيدانغا چۈشتى، بۇ قىز

ئەكرەمنىڭ كەينىدىن ئېتىنى يورغىلىتىپ، قامچا بىلەن ئۇنىڭ دۈمبىسىگە ئاستا ـ ئاستا ئۈچ قېتىم ئۇردى. ئەكرەممۇ ئېتىنى يورغىلىتىپ قىز ئالدىدا قاچتى. ئۇ قىزنىڭ كۆپرەك ئۇرۇشىنى ئۈمىد قىلاتتى، قىز ئاغرىپ كەتمىسۇن، دەپ قامچىسىنى بوش شىلتاپ قوياتتى. سەئىدخانغا بۇ مەنزىرە ناھايىتى قىزىق كۆرۈندى. ئۇنىڭ خىيالى يەنە ئابدۇرېشىتخاننىڭ توي ئىشىغا بۆلۈندى: «ھامام سۇلتاننىگار خېنىم ئالدىغا ئەلچى ئەۋەتىپ، چۈچۈك سۇلتانبېگىمنى ئوغلۇمغا سوراتسام بولغۇدەك. تويىنى كۆز ئاخىرىغىچە قىلىۋېتىپ، بۇ يەردە قىشنى ئۆتكۈزۈپ پايتەختكە قايتساق كۆڭلۈم ئاندىن ئىمىن تاپىدۇ».

سەئىدخان باش ۋەزىر مىرزا ھەيدەر باشلىق يۈز كىشىدىن تەركىب تاپقان ئەلچىلەرنى دەشتى قىپچاققا ئەۋەتتى. ئۇلار يۈز ھارۋا سوۋغا ـ سالام بىلەن دەشتى قىپچاق دىيارىغا بېرىپ، سۇلتاننىگار خېنىمنىڭ ماقۇللۇقىنى ئېلىپ كەلدى. ئەمدى ئوغۇللۇق تەرەپ دەشتى قىپچاققا بېرىپ، نىكاھ قىلىپ، قىزنى يۆتكەپ كېلىدىغان قۇتلۇق توي ئىشى قالغانىدى.

مانا بۈگۈن ئابدۇرېشىتخان ئانىسى بىلەن قىزنى يۆتكەپ كېلىش ئۈچۈن يولغا چىقماقچىدى، قېرىشقاندەك يامغۇر يېغىپ كەتتى. . .

ئابدۇرېشىتخان ئۆتكەن ئىشلارنى بىر قۇر ئويلاپ، «خان ئاتامنىڭ كەلگىنى ياخشى بولۇپتىكەن، بولمىسا تويۇم ئارقىغا سۈرۈلۈپ كېتىدىكەن» دېدى ئىچىدە.

يامغۇر ناماز بامدات ۋاقتىدا ئاستىلاپ توختىدى. تاغ كەينىدىن باش كۆتۈرگەن كۈن ئىسسىق كۆل بويىغا نۇر چاچتى. پۈتۈن ئەتراپ كۈمۈشتەك پارقىراپ، كۆل يۈزىدە رەڭگارەڭ يېرىم چەمبەر ھاسىل بولدى.

سەئىدخان ئابدۇرېشىتخاننىڭ تويىغا بۇرۇنلا تەييارلىق قىلىپ قويغانىدى، ئۇ پايتەختتىن قوزغالغاندا تويلۇقنى بىرگە

ئېلىپ يولغا چىققانىدى. ئابدۇرېشىتخاننى ئانىسى بىلەن ئۈچيۈز بەگ، سەردار، ياساۋۇل، نۆكەرلەرنىڭ ھەمراھلىقىدا يولغا سالدى.

ئۇلار يۈز سەر ئالتۇن، بەشيۈز تىللا، بەش مىڭ سەر كۈمۈش، يۈز ھارۋا خاڭدەن، تەيتىللا، تاۋار - دۇردۇن، شايى - ئەتلەس ئېلىپ ماڭغانىدى.

سۇلتاننىگارخېنىم ئۇلارنىڭ ئالدىغا توققۇز چاقىرىم يەرگىچە قازاق ئاقساقاللىرىنى چىقارتىپ قىزغىن كۈتۈۋالدى. قوي، كالىلاردىن باشقا توققۇز تاي سويۇپ زىياپەت بەردى. ئۇنىڭ مەرھۇم ئېرى قاسىمقان ئورنىغا دەشتى قىپچاق دىيارىغا خان بولغان تاھىرخان باشقا قازاق سۇلتانلىرى بىلەن بىرگە نىكاھ مۇراسىمىغا قاتناشتى.

ئازادە ياسالغان گۈمبەز شەكلىدىكى ناھايىتى چوڭ ئاق ئۆي كۆزنى قاماشتۇرغۇدەك ھەشەمەتلىك ئىدى. تاھىرخان باشچىلىقىدىكى قازاق سۇلتانلىرى بىلەن مىرزا ھەيدەر كوراگان باشچىلىقىدىكى سەئىدىيە خانلىقىنىڭ سەردار، بەگلىرى ئاق ئۆينىڭ شەرق ۋە غەرب تەرىپىدە بىر - بىرىگە قارىشىپ، ئۈچ قات كىمخاپ يىكەندازدا پەر ياستۇقلارغا يۆلىنىپ ئولتۇرۇشاتتى. ئابدۇرېشىتخان تەيتىللا يۆپۈق بىلەن بېزەلگەن ئۆينىڭ شىمال تەرىپىدە، ئەمىر خوجا ئەلى، ئەكرەم، توختىغۇللار بىلەن ئورۇن ئالغانىدى، ئۆينىڭ جەنۇب تەرىپىدە كەشتە تىكىلگەن كىمخاپتىن قىلىنغان پەردىسى قايرىپ قويۇلغان نەقىشلىك ئىشىكنىڭ كۈمۈش ھالقىلىرى كۆن نۇرىدا چاقناپ تۇراتتى. ئۇنىڭدىن ئەللىك قەدەم نېرىدىكى يەنە بىر ئاق ئۆيدە سۇلتاننىگار خېنىم قازاق سۇلتانلىرىنىڭ خانىشلىرى بىلەن چۆچۈك سۇلتانبېكەنى كىيىندۈرۈۋاتاتتى.

سۇلتاننىگار خېنىم موغۇلىستاننىڭ مەرھۇم خانى يۇنۇسخاننىڭ كەنجى بالىسى بولۇپ، خارىزم، ماۋرە ئۇننەھرنىڭ

پادىشاھى مەرھۇم سۇلتان ئەبۇ سەئىد مىرزىنىڭ ئۇچىنچى ئوغلى سەمەرقەنت ھۆكۈمرانى سۇلتان ماخمۇت مىرزىغا ياتلىق قىلىنغانىدى. ئۇ شۇ چاغدا ئون ئالتە ياشتا ئىدى. يىگىرمە ئۈچ ياشقا كىرگەندە، ئەيش ـ ئىشرەتكە بېرىلىپ كەتكەن ئېرى ۋاپات بولدى. شايبانىخان سەمەرقەنتنى بېسىۋالدى. ئۇ يەردىن قاچقان سۇلتاننىگار خېنىم چۆل ـ جەزىرىلەردە تېنەپ يۈرگەندە دەشتى قىپچاق دىيارىنىڭ خانى ئادىك سۇلتانغا ئۇچراپ قالدى. ئادىك سۇلتان بۇ ساھىبجامال ياش خانىشنى كۆرۈپلا ئاشىق بولدى ۋە ئۇنى ئەمرىگە ئالدى، ئىككى يىل ئۆتۈپ بىر ئوغۇل تۇغدى، ئىسمىنى تاھىرخان قويۇشتى. يەنە ئۈچ يىل ئۆتكەندە سۇلتاننىگار خېنىم بىر قىز تەۋەللۇت قىلدى، ئىسمىنى چۈچۈك سۇلتانبېكە قويۇشتى. چۈنكى، چۈچۈك تۇغۇلغاندا ئادىك سۇلتان تاشقىرىغا چىقىپ، دالىدا ئۈنۈپ قالغان چۈچۈك بۇيىنى كۆتۈرۈپ كىرگەنىدى. چۈچۈك سۇلتانبېكە ئىككى ياشتىن ئاشقاندا، ئادىك سۇلتان شايبانىخان بىلەن بولغان جەڭدە يارىلىنىپ قازا قىلدى. تۇل قالغان سۇلتاننىگار خېنىمنى ئىدىتى توشقاندا، قازاق ئادىتى بويىچە ئادىك سۇلتاننىڭ ئاكىسى قاسىمقان ئەمرىگە ئالدى. قاسىمقان قازاق ئېلىنىڭ سۇلتانلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ، ئۆزىنى دەشتى قىپچاقنىڭ خانى دەپ ئېلان قىلدى. ئۇ ئاق كۆڭۈل، شىجائەتلىك، قەيسەر ئادەم ئىدى. ئۇنىڭ دەۋرىدە دەشتى قىپچاق روناق تاپتى. ئۇ سۇلتاننىگار خېنىمنى ناھايىتى ياخشى كۆرەتتى. ئۇنىڭ ئوغۇل ـ قىزىنى ئۆز بالىسىدەك كۆرۈپ ئەتىۋارلىدى. قاسىمقان ۋاپات بولغاندىن كېيىن تاھىرخان ئۇنىڭ ئورنىغا خان بولدى. سۇلتان نىگار خېنىم ياشلا خان بولغان ئوغلىنىڭ غەمگۈزارى، مەسلىھەتچىسى ئىدى. ئۇ چۈچۈك سۇلتانبېكەنى بىر نەۋە بولغان ئابدۇرېشىتخانغا بېرىشنى ئارزۇ قىلاتتى. ئاخىر بۇ ئارزۇسى ئەمەلگە ئاشتى.

چۈچۈك سۇلتانبېكىگە يەتتە قېتىم كىيىم كىيگۈزۈشتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

قەشقەردىن ئېلىپ كەلگەن مەرۋايىت دوپپا ئۇنى نازاكەتلىك قىلىۋەتكەنىدى. ئاق يىپەك رەختتىن تىكىلگەن كۆڭلەك، مەخمەل جىلىتكە، دانىسكا ئۆتۈكلەرنى تاشكەنتتىن ئېلىپ كەلگەن، تەيتىللا نىمچىلەر قەشقەردە تىكىلگەنىدى. بۇ كىيىملەر ئۇنىڭ زىلۋا بويىغا ناھايىتى ياراشقانىدى.

— مەلىكە ئالىيلىرى، كۈيئوغۇل ۋەكىل قىلغان گۇۋاھچىلار ئىشىك ئالدىدا تۇرۇپتۇ. چۇچۇك بېكەنىڭ رازىلىقىنى ئاڭلىماقچىكەن، كىرسۇنمۇ؟ — دېدى باش كېنىزەك سۇلتانىنىگار خېنىمغا تەزىم قىلىپ.

— كىرسۇن.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم! — دەپ كىردى خوجا ئەلى بىلەن ئەكىرەم.

چۇچۇك سۇلتانبېكە بويلۇق، چار ساقال، سەللىسىگە كۈمۈش ئوتۇغات قادىغان، كىيگەن تونى ئېچىدىن قىلىچ ئاسقان، سۇرلۇك بوۋاي بىلەن ئورتا بويلۇق، قارا كۆز، قارا قاش، كۈمۈش ئوتۇغات قادالغان بۆك كىيگەن ياش يىگىتكە شۇنداق بىر قاراپ، تور چۈمبەردىنى يۈزىگە چۈشۈردى.

— مەلىكە خېنىم، بىز بولغۇسى كۈيەۋلىرىنىڭ ۋەكىلى بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن نىكاھ قىلغۇچى زاتى ئالىيلىرىنىڭ ئالدىدىن قاشلىرىغا كۆڭۈل سۆزلىرىنى ئاڭلاش ئۈچۈن كىردۇق. بۇ سوئالغا جاۋاب بەرگەيلا: سۇلتان ئابدۇلرەشىدخان بىننى سەئىدخان ئوغلىنى ئىككى دۇنيالىق ئۈچۈن ئۆزلىرىگە قوبۇل قىلدىلىمۇ؟ — سورىدى يۈكۈنۈپ ئولتۇرغان خوجا ئەلى باھادىر.

— . . .

چۇچۇك سۇلتانبېكە ئىزا تارتىپ ئېغىز ئاچالمىدى.

— قوبۇل قىلدىلىمۇ؟ — قايتىلاپ سورىدى خوجا ئەلى.

— قوبۇل قىلدىم، — بوش ئاۋاز بىلەن جاۋاب بەردى چۇچۇك سۇلتانبېكە.

— ئىنىق ئاڭلانمىدى، ئەتراپتىكىلەر ئاڭلىغۇدەك سۆزلىسىلە مەلىكە. خالىمىسىلىرى قوبۇل قىلمايمەن، دېسىلىرىمۇ بولىدۇ. گەپلىرىنى بىز ئىنىق ئاڭلىشىمىز كېرەك، نىكاھ قىلغۇچى ئالدىدا گۇۋاھلىقتىن ئۆتمىسەك بولمايدۇ قىزىم، — خوجا ئەلى چۇچۇك سۇلتانبېكەنى ئالدىراتتى.

— قوبۇل قىلدىم، — دېدى ئاخىر چۇچۇك سۇلتانبېكە ئۈنلۈك جاۋاب بېرىپ.

شۇ چاغدا مىرزا ھەيدەر كوراگان ئابدۇرېشىتخاندىن سورىدى:

— ئابدۇلرەشىدخان بىننى سەئىدخان ئوغلى، چۇچۇك سۇلتانبېكە بىننى ئادىك سۇلتان قىزىنى ئەمرلىرىگە ئالدىلىمۇ؟

— ئالدىم، — ئۈنلۈك جاۋاب بەردى ئابدۇرېشىتخان ئالدىغا سېلىنغان داستىخاندىن كۆز ئۈزمەي. شۇ چاغدا خوجائەلى بىلەن ئەكرەم كىرىپ كەلدى. ئۇلار مىرزا ھەيدەر كوراگاننىڭ ئالدىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇردى، خوجا ئەلى قىزنىڭ رازىلىقىنى يەتكۈزدى:

— ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللانىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن: گۇۋاھلىق بېرەدۇرمىزكى، مەرھۇم ئادىك سۇلتاننىڭ قىزى چۇچۇك سۇلتانبېكە ئۆز ئىختىيارى بىلەن سۇلتان سەئىدخاننىڭ ئوغلى ئابدۇلرەشىدخاننىڭ خاتۇنى بولۇشنى خالايدىغانلىقىنى ئۆز لەۋزى بىلەن ئوچۇق ئېيتتى. بىز ئىككىمىز ئىنىق ئاڭلىدۇق ھەزرەتلىرى.

— ناھايىتى توغرى ئېيتتى، — دەپ تەستىقلىدى ئەكرەم.

ئۆي ئىچى تىمتاس بولۇپ كەتتى. ھەممەيلەن نىكاھ قىلغۇچى مىرزا ھەيدەر كوراگانغا قاراشتى...

مىرزا ھەيدەر كوراگان ئۇلارنىڭ نىكاھىنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن:

— قىزنىڭ ھەققى مېھرىنى مالغا سۇندۇرۇپ ھېسابلامدۇق، ئالتۇنغا سۇندۇرۇپ ھېسابلامدۇق؟ - دەپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

سورىۋىدى، يىگىتىنىڭ ئاتا ئورنىدىكى ۋەكىلى خوجا ئەلى باھادىر:

— يۈزسەر ئالتۇن، ياكى يۈز ئات بولسۇن، — دېدى.

قىزنىڭ ئاتا ئورنىدىكى ۋەكىلى تاھىرخان باش لىڭشىتىپ قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. شۇنىڭدىن كېيىن سۇلتان، سەردارلارنىڭ «مۇبارەك، مۇبارەك بولسۇن!» دېگەن ئاۋازلىرى ئاق ئۆي ئىچىنى لەرزىگە كەلتۈردى.

## 3

كۈز پەسلىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلى ئىدى. ئىزغىرىن شامال سارغىيىشقا باشلىغان گۈل - گىياھلارنى يەلپۈندۈرەتتى. بەرگىدىن ئۈزۈلۈپ چۈشكەن غازاڭلار ئۇچۇپ يۈرەتتى. ئادەم كۆزىگە ھەممە نەرسە زەڭگەر رەڭدە كۆرۈنۈپ ئەڭ يېقىن نەرسىسىدىن ئايرىلىپ قېلىۋاتقاندەك بىر تۇيغۇدا غەمكىنلىشىپ قالاتتى. ھالبۇكى، قوي - قوزىلار، ئۆچكە - ئوغلاقلار قۇيرۇق سىلىپ سەمرىپ قېلىشقانىدى. تۆش - ساغرىسىدىكى تۈكلىرى يېڭى توقۇلغان زىلچىدەك پارقىراپ كەتكەن ئات - كالىلار تىنىماي قۇيرۇق چۆرىشەتتى. تايلار، موزايلار بىر - بىرىنى يالىشىپ، چىشلىشىپ، گاھى چاغلاردا بىر — بىرىگە ئارتىلىشىپ ئوينىشاتتى، تاقلاپ سەكرىشەتتى.

سەئىدخان پۈتۈن جانلىقلار تويۇنغان كۈزنىڭ بۇ گۈزەل چاغلىرىنى قىپچاق - قىرغىز، قازاقلارنىڭ سۇلتان، بېيى، ماناپلىرى، موڭغۇللارنىڭ تەيجىلىرى، ئۇيغۇرلارنىڭ بەگلىرى بىلەن سەيلە - ساياھەت، شىكار قىلىش بىلەن ئۆتكۈزدى. ئۇ شىمالدا بالقاش كۆلى، جەنۇبتا ئالاي ۋە كەرمە تاغلىرىغىچە ئارىلاپ چىقتى. يايلاق تالىشىپ قالغان قىپچاق - قىرغىز، موڭغۇللارنى ياراشتۇرۇپ قويدى. بۇ جەرياندا جىرلاش، ئۆلەڭ

ئېيتىش كېچىلىرىگە قاتنىشىپ، قىرغىزلارنىڭ «ماناس»، «قۇرمانبېك»، «مەختۇمسۇلا» قاتارلىق ئېپوس، قىسسەلىردىنى، قازاقلارنىڭ «ئالدار كوسا»، «قوزى كۆرپەش ۋە بايان سۇلۇ»، «قىز جىبەگ» قاتارلىق داستان، چۆچەكلىرىنى ئاڭلىدى. شارابنى تەرك ئېتىپ، غەمكىنلىشىپ قالغان سەئىدخان بۇ يەرگە كەلگەندىن بېرى كۆڭلىدە دېگۈدەك كۆپچىلىك بىلەن نارىن، تونۇر كاۋىپى يەپ، قىمىز ئىچىپ، ئوۋ ئوۋلاپ روھلىنىپ قالغانىدى.

بۈگۈن سەئىدخاننىڭ كۆزى يولدا ئىدى.

خان كېلىن ئۈچۈن قوچقار قىشلىقىنىڭ ئەڭ مەنزىرىلىك جايىغا تىكىلەن ئاق ئۆي ئالدىدىكى چىمەنلىكتە ئىسكەندەر سۇلتان، ئىبراھىم سۇلتان، مۇھەممەد سۇلتانلار، سەئىدمۇھەممەد مىرزا، مىرزا ئەلى تاغايى، ئەمىر مۇھەممەدبېك قاتارلىق دۆلەت ئەركانلىرى، ھۆكۈما مۇنەججىملەر، ياساۋۇل ـ نۆكەرلەر سەئىدخاننى چۆرىدەپ تۇرۇشاتتى. كېلىن بىلەن كۈيئوغۇلنى كۈرۈش ئۈچۈن بۇ قىشلاققا نۇرغۇن خەلقمۇ توپلانغانىدى. ئەتراپقا تىكىلگەن ئاق ئۆيلەر يىراقتىن تاش يېرىپ ئېچىلغان قار لەيلىسىدەك چىرايلىق كۆرۈنەتتى.

— كەلدى! كەلدى! — تەرگە چۆمۈلگەن ئېتىنىڭ تېزگىنى قاتتىق تارتقان ياساۋۇل توۋلاپ كۆپچىلىككە خەۋەر يەتكۈزدى.

— ئابدۇلرەشىدخان كېلىنۈپتىپتۇ، يولنى بوشىتىڭلار، قىرغا چىقىڭلار.

— خان كېلىنىنىڭ قەدىمى قۇتلۇق بولغاي ئىلاھىم...

كۆپچىلىكنىڭ تىلەكلىرى بىلەن تەڭ، بۇرغا، كانايلار، سوناي، ناغرىلار چېلىندى. يەركەن، قەشقەردىن ئالاھىدە ئېلىپ كەلگەن سازەندىلەر توي نەغمىسىنى ياڭراتتى.

قىز كۆچۈرۈپ كېلىۋاتقانلارنىڭ سېپى ئۇزۇندىن ـ ئۇزۇنغا سوزۇلغانىدى. ئەڭ ئالدىدا قىرىق بىر قارا بويۇن ئاتقا مىنگەن

بادام دوپپىلىق، بەقەسەم تونلۇق يىگىتلەر داپ ـ دۇتارلىرىنى چېلىپ، توي شادىيانىسىنى ياڭرىتىپ كېلىۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ كەينىدىن كېلىۋاتقان ساۋۇت ـ دۇبۇلغا كىيگەن قىرىق بىر يىگىت ئاق قاشقا ئات مىنگەن بولۇپ، ئون سەككىز ياشلىق ئابدۇرېشىتخاننى ئوتتۇرىغا ئالغانىدى. ئۇلارنىڭ ئىزىنى بېسىپ چىلان تورۇققا مىنگەن قىرىق بىر قىز دومبىرا چېلىپ كېلىۋاتاتتى. ئۇلاردىن كېيىن كۈمۈش ئوتۇغات قادالغان دوبۇلغا، بېلىق قاسراقسىمان ساۋۇت كىيگەن قىرىق بىر قىز ئاق ئات مىنىپ، ئۈچ ئاق ئات قوشۇلغان قىزىل يوپۇقلۇق مەپىنى ئارىغا ئېلىپ كەلمەكتە ئىدى. قىز مېلى ئارتىلغان يۈز بوز ئات، ئىگەر ـ توقۇملۇق، كۈمۈش ئۈزەڭگىلىك چىرايلىق جابدۇلغان يۈز جەدە، يۈز سالتاڭ قولان كۆتۈرگەن چاڭ ـ توزان كەينىدە ئەمىر خوجا ئەلى، مىرزا ھەيدەر كوراگان قاتارلىق سەركەردىلەر، قازاق سۇلتانى تاھىرخانغا ھەمراھ بولۇپ يۈزلىگەن ياساۋۇل، نۆكەرلەر بىلەن كەلمەكتە ئىدى.

ئۇلارنى كۈتۈپ تۇرغان خالايىق تەرەپ ـ تەرەپتە غۇلغۇلا قىلىشىپ ۋارقىرىشاتتى.

— كۈيئوغۇل كەلدى!

— خان كېلىن كەلدى!

— ئەنە قاراڭلار، ئاتتىن چۈشۈۋاتىدۇ!

ئابدۇرېشىتخان شۇنچە كۆپ كىشىنىڭ تويغا كەلگەنلىكىدىن ھاياجانلاندى. ئۇ ئىگەردىن كۆتۈرۈلۈپ قاراپ ئاتتىن چۈشتى. ئۇ ئاق ئۆي ئالدىدا ئۆزىگە كۆز تىكىپ تۇرغان سەئىدخاننى كۆرگەنىدى. ئالدى ـ كەينىدىكىلەرمۇ توختاپ ئاتتىن چۈشتى. ئابدۇرېشىتخان ئەكرەمىنىڭ ھەمراھلىقىدا پىيادە بولۇپ سەئىدخان ئالدىغا بېرىپ:

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم خان ئاتا، — دەپ سالام بەردى.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام ئوغلۇم، قۇتلۇق نىكاھلىرى

مۇبارەك بولسۇن، — سەئىدخان ئۈچ قەدەم نېرىدا قول قوشتۇرۇپ تۇرغان ئوغلىنىڭ ئالدىغا بېرىپ، پېشانىسىگە سۆيدى، — مەن ناھايىتى خۇش بولدۇم ئوغلۇم، ئانىلىرىمۇ كېلىن قىزىمىزنى كۈتۈپ تۇرۇپتۇ.

— ئەنە ئاشۇ مەيدە، — دېدى ئابدۇرېشىتخان، — سۇلتانىنىگار خېنىم ئاپام، تاھىرخان ئاغاملارمۇ كەلدى.

— بارىكاللا ـ بارىكاللا ئوغلۇم. جانابىي ئاللادىن مىننەتدارمەن. ئۇلارنىڭ ئالدىغا باراي.

سەئىدخان مىرزائەلى تاغايى باشلىق دۆلەت ئەركانلىرى بىلەن ماڭدى. بىر قانچە ياساۋۇل خىزمەتچىلەر مەپە بىلەن ئاق ئۆينىڭ ئارىلىقىغا زىلچا، ئۈستىگە كىمخاپ پايانداز سالدى. سەردار ئەكرەم باشلىق تۆت يىگىت گۈللۈك يىپەك گىلەمگە چۈچۈك سۇلتانبېكەنى ئولتۇرغۇزۇپ كۆتۈرۈپ ماڭدى. ئىسكەندەر سۇلتان، ئىبراھىم سۇلتان، مۇھسىن سۇلتانلار ئاق ئۆي ئالدىغا گۈلخان سالغانىدى. سەردار ئەكرەملەر چۈچۈك سۇلتانبېكەنى ئوتنى چۆرگىلىتىپ ئېلىپ ماڭدى. گىلەمنىڭ رەڭدار چۇچىلىرى كۆيدى. ئۇنىڭ پۇرىقى كۈيئوغۇل ۋە ئۇنىڭ قولداشلىرى ئۈچۈن تىككىلگەن ئاق ئۆيگە كېتىۋاتقان ئابدۇرىشىتخاننىڭ دىمىغىغا كىردى، ئۇ كۈلۈمسىرىدى.

— بالام سالامەت كېلىپلا، سىلىنى بەكمۇ سېغىنغانىدىم، — يان تەرەپتىكى ئاق ئۆيدىن چىقىپ كەلگەن گۈلسىما سۇلتانبېگىم ئابدۇرېشىتخان بىلەن كۆرۈشتى. ئۇنىڭ بىلەن ئايىنىگار سۇلتان بېگىم، پاتىمە سۇلتانبېگىملەر، بىرقانچە چۆرىلەر، كېنىزەكلەر بىرگە ئىدى، — بالام سۇلتانىنىگار خېنىمنى، كېلىنىمنى كۈتۈۋالاي.

ئانا شۇنداق دەپلا، گىلەمگە ئولتۇرغۇزۇپ ئېلىپ كېلىۋاتقان چۈچۈك سۇلتانبېكىگە قاراپ ماڭدى.

خان كېلىن ئۈچۈن ئالاھىدە ياسالغان ئاق ئۆينىڭ ئالدىغا

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

خۇددى ئوردا دەرۋازىلىرىدەك ھەشەمەتلىك كۆركەم ياغاچ دەرۋازا ياسالغانىدى. ئىسكەندەر سۇلتان ئىككى ئىنىسى ۋە بىرقانچە سەردار يىگىتلەر بىلەن دەرۋازىنى كېلىن يېقىنلاپ كەلگەندە ئېتىۋالدى.

— چاچالمايدۇ ھەي ـ ھەي، چاچالمايدۇ ھەي ـ ھەي، — دېيىشىپ چۇقان سېلىۋاتقان ئەللىك ـ ئاتمىشتەك ئۇسمۇر باللار ئۇستىلىرىگە يامغۇردەك چېچىلىۋاتقان سەئىدىيە خانلىقىنىڭ تەڭگە ـ تىيىنلىرىنى تېرىۋېلىش ئۈچۈن سەكرىشىپ، يەرگە ئۆزلىرىنى ئېتىپ، پومداقلىشىپ يۈرەتتى.

ئىسكەندەر سۇلتان قاتارلىق يىگىتلەر كېلىن ئۈچۈن ياسالغان ئاق ئۆينىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ بەرمىگەنسېرى چۈچۈك سۇلتانبېكە تېرىكمەكتە ئىدى. ئاخىر سۇلتاننىگار خېنىم گۈلسىما سۇلتانبېگىملەر بىلەن ئامانلىق سورىشىپ بولۇپ كۈلۈمسىرىگىنىچە دەرۋازا ئالدىغا كەلدى. ئۇ:

— ئىشىكنى ئېچىڭلار، ئىشىك تاقىغانلارغا بىردىن ئات مىندۈرىمىز، ـ دېگەندىن كېيىنلا ئىشىك ئېچىلدى.

چۈچۈك سۇلتانبېكە ئاق ئۆيگە ئېلىپ كىرىلىپ، يەتتە قات تۆشەك ئۈستىگە ئولتۇرغۇزۇلدى.

بۇ چاغدا كۈن پاتقانىدى.

توي ئۈچۈن بىر مىڭ بىر يۈز قوي، بىر يۈز بىر تاي، بىر يۈز بىر موزاي سويۇلغانىدى. يېرىم كېچىگىچە توي زىياپىتى داۋام قىلدى.

— شاھزادە، ۋاقىت بولدى، ئەمدى كېلىن ئاغىچىنىڭ يېنىغا كىرسۇنلار، — دېدى ئەكرەم بىلەن خوجائەلى.

ئابدۇرېشىتخان ئورنىدىن تۇرۇپ تاشقىرىغا چىقتى. ئاتلارنىڭ كىشنىگەن، ئىتلارنىڭ قاۋىغان ئاۋازلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ئاي بېشى بولغاچقا ئەتراپ قاراڭغۇ ئىدى. چاراسلاپ يېنىۋاتقان گۈلخانلارنىڭ، نۆكەر، ياساۋۇللار كۆتۈرۈۋالغان

ئوتقاشلارنىڭ يورۇقىدا دەل ـ دەرەخلەر سۈرلۈك تۈس ئالغانىدى. تەرەپ ـ تەرەپتىكى ئاق ئۆيلەر گىرىمسەن كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

ئابدۇرېشىتخان يۈزىگە غۇرۇلداپ ئۇرۇلغان شامالدا سەگىپ، يان ـ يېنىغا قارىغىنىچە، مېڭىپ، كىمخاپ پەردە تارتىلغان ئاق ئۆيىنىڭ ئىشىكى تۈۋىدە توختىدى. هاۋانى سۈمۈرۈپ ـ سۈمۈرۈپ دەم ئالدى. ئۇ هاياجانلىنىۋاتاتتى. ئىشىكنىڭ ئىككى يېنىدا نەيزە تۇتۇپ تۇرغان قاراۋۇل كېنىزەك ئۇنىڭغا كىمخاپ پەردىنى قايرىپ، ئىشىكنى ئېچىپ بەردى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم مەلىكە! — ئۇنىڭ ئاۋازى بوش چىقتى.

— ئەسسالام سۇلتان! ـ جاۋاب بەردى يەڭگىلەر يەرگىچە ئېگىلىپ، ئۇلار بىر ـ بىرلەپ يانتۇ مېڭىشىپ چىقىپ كېتىشتى ...

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ئونىنچى باب

# نائىپ سۇلتاننىڭ ئادالىتى

## 1

يەركەن ئاسمىنىنى بۇلۇت قاپلىغانىدى. قار ئۇچقۇنداۋاتاتتى. ئۈچ سودىگەر خورجۇنلىرىنى كۆتۈرگەن هالدا چايخانىغا كىرىپ، چايخانا خوجايىنى بىلەن سالاملاشتى. خوجايىن ئۇلارنى گۈللۈك خوتەن زىلچىسى سېلىنغان سۇپىغا باشلاپ:

— چەينەك شورپىسى ئىچىشەملا، پولو يېيىشەملا؟ - دەپ سورىۋىدى،

— ئاۋۋال بىر چۆگۈن چاي بىلەن نان كەلتۈرسىلە، بىز خېلى ئۇلتۇرىمىز، — دېدى ئوتتۇرا بويلۇق، قارا قاش، قارا بۇرۇت، يۈڭ چەكمەن تون، قاما تۇماق كىيگەن ياش كىشى يېنىدىكى چاچ - ساقىلى ئاقارغان قامەتلىك مويسىپىت بىلەن كۆز سوقۇشتۇرۇۋېلىپ.

— بولىدۇ، بولىدۇ، تارتىنىشمىسىلا، بۇ چايخانىنىڭ يەركەندە داڭقى بار. قوزى - ئوغلاقتىن قىلىنغان تونۇر كاۋىپىمىز ناهايىتى لەززەتلىك، پەرمۇدە، سامسىمىز بەك مەززىلىك، هىندىستاندىن كەلتۈرۈلگەن چاي، زەپەلىرىمىزنىڭ خۇش بويى دىماغنى يارىدۇ، دېسىلە، — چايخانا خوجايىنى ئۇلارنىڭ ئالدىغا

داستخان سالغاچ سۆزلەپلا كەتتى، — قەشقەردىن كەلگەنلەر چاي ئىچىشنى، خوتەندىن كەلگەنلەر كاۋاپ يېيىشنى ياخشى كۆرىدۇ. قارىغاندا ھەربىرلىرى خېلى يىراقتىن كېلىشكەن ئوخشايلا، — ئۇ سۆزدىن توختاپ، — ھېتەم قارى، مېھمانلارغا كاكچا بىلەن زەپەر سېلىپ دەملىگەن بىر چۆگۈن چاي كەلتۈرۈڭ، — دەپ بۇيرۇدى.

— خوپ خوجايىن، — ئاق شاپاق دوپپا، ئالدى ئوچۇق ئۇزۇن چوتا كۆڭلەك كىيگەن، ھاپا قوۋۇز يىگىت بىر چۆگۈن چاي، ئۈچ مىجىر، ئۈچ كاكچا ناننى ئېلىپ كېلىپ داستىخانغا قويدى، — قېنى مېھمانلار، چاي ئىچىشىڭلە، يەنە نېمە كەلتۈرەي، كاۋاپمۇ، پولومۇ؟

— بولدى، بولدى. مېھمانلارنىڭ كۆزىگە كىرىۋالماي، ئاۋۇ خەرىدارلارغا چاي كۆرسەت. بۇلارنىڭ خىزمىتىدە ئۆزۈم بولىمەن، — خوجايىن ناننى ئوشتۇپ قويدى، — قېنى ئېلىشىڭلا.

سالۋا تۇماق كىيگەن مېھمان چاي قۇيۇپ، قاما تۇماقلىق كىشىگە تۇتتى.

— بۇ چايخانا پاكىز، خەرىدارى كۆپ ئىكەن. بۇگۈن ئاخشام ئارامىمىزنى مۇشۇ يەردە ئالساق بولغۇدەك، جانابلىرى قانداق دەيدىلا؟ — ئۇ يەنە بىر گۈللۈك ھېجىرغا چاي قۇيۇپ مويسىپىتكە سۇندى.

— ياخشى مەسلىھەت بەردىلە بۇرادەر، بۇ چايخانىدا تەنگە كۈچ - قۇۋۋەت بولىدىغان تائاملار بار ئىكەن. ساراي ھۇجرىسىدا تىنىقلىپ ئولتۇرغاندىن كۆرە، بۇ يەردە قورساقنى توقلاپ، نەرقى ھاۋانى ئۇقۇشۇپ باققىنىمىز تۈزۈكتەك قىلىدۇ، — دېدى قاما تۇماقلىق ياش كىشى. سەر پۇش تۇماق كىيگەن ئاقساقال كىشى بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى.

بۇ چايخانا ئىككى سۇپىلىق چوڭ ئايۋان، ئاشخانا، خاس

www.uyghurkitap.com

ھوجرا، ئايۋان ئۈستىدىكى بالىخانىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئوبدان سەرەمجانلاشتۇرۇلغانىدى. ياز كۈنلىرى ئاشخانىنىڭ يولغا تۇتىشىپ تۇرىدىغان چەللە - باراڭلىق سۇپىسىغىمۇ مېھمان باشلايتتى. ئايۋاننىڭ ئالدى تەرىپى ئاشخانا بولۇپ، ئۇ يەردە قازانلار ئېسىلغان ئوچاق، پەرمۇدە، سامسا ياپىدىغان، قوزى، ئوغلاقلارنى پۈتۈن پېتى كاۋاپ قىلىدىغان تونۇر بار ئىدى. خېرىدارلار كىرىدىغان ئىشىكمۇ شۇ يەردە ئىدى.

ئوچاق ئالدىغا تارتىلغان دۆۋە - دۆۋە چوغ ئۈستىدە ئونلىغان چوڭ - كىچىك چۆگۈن - چەينەكلەر پورۇقلاپ قايناۋاتاتتى. ھەربىر قازان تۈۋدە ئاق پەشتاما تارتقان بىر ئۈستام بار ئىدى. ئوچاقلارغا بىر خىزمەتچى قارايتتى. خوجايىندىن باشقا خېرىدار كۈتكۈچى، چايچى، تاماق توشۇغۇچى ئاشپەزلەر بولۇپ سەككىز - توققۇز كىشى ئىشلەيتتى.

قاما تۇماقلىق ياش كىشى چاي ئىچكەچ چايخانىنى كۆزدىن كەچۈرۈپ چىقىپ خوجايىندىن سورىدى:

— چايخانىنىڭ خەرىدارلىرى كۆپ ئىكەن ئۈستام، بۇ چايخانىنى قاچاندىن بېرى ئېچىپ كېلىۋاتىلا؟

— بۇ چايخانا ئاتامدىن قالغان بايۋەچچە، ئەسلىدە ئاشخانا ئىدى. . .

— ئەسلىدە ئاشخانا ئىدى؟ — سالۋا تۇماقلىق كىشى سەل ھەيران بولغان ھالدا خوجايىنغا قارىدى.

— شۇنداق بايۋەچچە، ئاتامغا بوۋامدىن قاپتىكەن. ئاتام نامى چىققان دۆكەر ئاشپەز ئىدى. يەتتە قىزى، تۆت ئوغلى بولۇپ، مەن بەشىنچى بالىسى، ئوغۇللىرىنىڭ ئەڭ كىچىكى ئىدىم. ئاشخانىمىز تازا روناق تېپىۋاتقان بىر ۋاقىتتا، سۇلتان مىرزا ئابابەكرىنىڭ يارلىق چۈشۈرۈشى بىلەن ئۈچ ئاكام نۆكەرلىككە تۇتۇلۇپ، قەشقەر تەرەپكە جەڭگە ئەۋەتىلدى. كېيىن ئىز - دېرىكىنى قىلىۋىدۇق، چوڭ ئاكامنىڭ ساداق ئوقى تېگىپ قازا

قىلغانلىقىنى، ئوتتۇرانچى، كىچىك ئاكىلارنىڭمۇ قىلىچتا
چېپىلىپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلىدۇق. ئاتا - ئانام قولىغا قول،
پۇتىغا - پۇت بولغان قابىل ئاكىلىرىمنىڭ ئىچ ئاغرىقىدا سىل
بولۇپ، ئارقا - ئارقىدىن تۈگەپ كەتتى، ئائىلىنىڭ پۈتۈن
ئېغىرچىلىقى ماڭا چۈشتى، — خوجايىن سۆزىنى توختىتىپ
ئۇلۇغ - كىچىك تىندى.

— ئاشخانا تاقىلىپ قالدىمۇ، يا سىلى ئېچىۋەردىلىمۇ؟ —
سورىدى قاما تۇماقلىق كىشى.

— بايۋەچچە، ئاشخانىنى كۈيئوغۇل ۋە ئاچا -
سىڭىللىرىمنىڭ ياردىمى بىلەن ئېچىۋەردىم. ئەمما، سۇلتان
مىرزا ئابابەكرى تەختنى ئوغلى جاھانگىر مىرزىغا تاشلاپ بېرىپ
قاچتى. شۇ مەزگىلدە ئاشخانىمىز بۇلاڭ - تالاڭغا ئۇچراپ،
دەسمايىمىزدىن ئايرىلىپ قالدۇق، ئاشخانىمىز تاقىلىپ قالدى.
شۇنداق غۇربەتلىك كۈنلەردە سۇلتان سەئىدخان لەشكەرلىرى
بىلەن يەركەنگە كېلىپ تەختتە ئولتۇردى. ئون يىلغىچە باج،
ئالۋان - سېلىق ئالماسلىق توغرىسىدا يارلىق چۈشۈرۈپ، مىرزا
ئابابەكرىدىن ئولجا ئالغان ئالتۇن - كۈمۈشنى خەلققە تارقىتىپ
بەردى. بىزنىڭ ئائىلىگە بىر تىللا، يىگىرمە سەر كۈمۈش
تەگدى. بۇنى دەسمى قىلىپ، تاقىلىپ قالغان ئاشخانىنى چايخانا
قىلىپ ئاچتىم. يىلدىن - يىلغا خېرىدارىم كۆپىيىپ ، نامدار
ئۇستام بولۇپ قالدىم. ئاچا - سىڭىللىرىمنى ياتلىق قىلدىم،
ئۆيلىنىپ بالىلىق بولدۇم. ئون يىلغىچە بىزلا ئەمەس، نۇرغۇن
ھۈنەرۋەن - كاسىپلار بېيىدى بايۋەچچىلىرىم.

— ماشائاللا، — دېدى مويسىپىت كىشى ئاپئاق
ساقاللىرىنى سىلاپ، — پادىچىنىڭ نىيىتى ياخشى بولۇپ،
سەركىلەرنىڭ ئوبدىنىنى تاللىسا، قويلار خەۋپ - خەتەرگە
يولۇقماي ئاۋۇپ كېتىدۇ. پادىشاھمۇ جۈرئەتلىك، ئادىل بولسا،
ئاۋامنىڭ غېمىنى يەيدىغان ۋەزىر، ئەمىرلەرنى دوست تۇتسا،

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئاۋام بېيىپ، مەملىكەت قۇدرەت تاپىدۇ. ئەكسىنچە، پادىشاھ زالىم بولسا، قارانىيەت خۇشامەتچىلەرنى دوست تۇتۇپ، خەلقنى زىيانغا ئۇچرىتىدۇ، مەملىكەتنى خاراب قىلىۋېتىدۇ. ئاقىۋەتتە ئۆزىمۇ مىرزا ئابابەكرىدەك ھالاكەتكە دۇچار بولىدۇ، ئۇستام. مويسىپىت كىشى قاما توماقلىق ياش كىشىگە بىر قاراپ قويۇپ سۆزىنى توختاتتى.

— تەخسىر، ئىسىم - شېرىپلىرىنى بىلمەيدىكەنمەن، كەچۈرسىلە، — دېدى چايخانا خوجايىنى، — بىئەدەپلىك بولسىمۇ ھەربىرلىرىنىڭ ئىسمىنى بىلىۋالغۇم كېلىۋاتىدۇ.

قاما توماقلىق كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ دېدى:

— ئۇنداق بولسا مەن تونۇشتۇرۇپ ئۆتەي، بۇ مويسىپىت كىشىنىڭ ئىسمى خوجا ئابدۇللا، ماۋۇ يىگىتنىڭ ئىسمى شىر ئەلى، پېقىرنىڭ ئىسمى مىرغىياس، قەشقەردىن كەلدۇق. چەكمەن ماتا، كۆچار كۆرپىسى، كىمخاپ تاۋار ئېلىپ كەلدۇق. ئەگەر بۇ نۆۋەت تىجارەتتە زىيان تارتمىساقلا، ئىككىنچى قېتىم تېخىمۇ نۇرغۇن مال ئەكېلىمىز.

— ئاللا بەركەت بەرسۇن. چايخانىمىزغا قەدەم تەشرىپ قىلىشقانلىرىدىن خۇرسەنمەن، — بۇنداق چوڭ تىجارەتچىلەرنىڭ چايخانىغا كەلگىنىدىن مەمنۇن بولغان خوجايىن ئورنىدىن تۇرۇپ قۇللۇق قىلدى، — پېقىرنىڭ ئىسمى ئابدۇخېلىل، لەقىمىم كاۋاپ. كىچىك چېغىمدىن كاۋاپ پىشۇرۇپ نامىم چىققاچقا «كاۋاپ» دېگەن لەقەم ماڭا سىڭىپ قالغان، — ئۇ يەنە بىر نېمە دېمەكچى بولدىيۇ، خىيال سۈرۈپ تۇرۇپ قالدى.

— چاي ياخشى دەملىنىپتۇ ئۇستام. مانا بىز تونۇش بولۇپ قالدۇق، ئەمدى پايتەختتىن كەتكىچە بۇ يەرگە چاي، تاماققا كېلىپ تۇرىمىز، — دەپ سۆزگە كىرىشكەن مويسىپىتنىڭ كۆزى ئىشكتىن كىرىپ كەلگەن چاچ - ساقاللىرى ئۆسۈك، چىرايى خۇنۇك، كىيىملىرى كونا، مەينەت بىر كىشىگە چۈشۈپ، قاما

تۇماقلىق كىشىگە قولى بىلەن ئىشارەت قىلىپ سۆزىنى توختاتتى.

ئابدۇخېلىل ئۇستامۇ ئىختىيارسىز ئورنىدىن تۇرۇپ، مەيۈس نەزىرى بىلەن قاراپ تۇرغان كىشىنىڭ ئالدىغا باردى ۋە ئۇنى:

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ھۇسەيىن ئاخۇن، كەلسىلە، كەلسىلە، — دېدى سۇپىغا باشلاپ، ئۇ ئادەم ئېگىلىپ سالام قىلغاندەك بولدى، ئەمما ئاۋازى چىقمىدى.

— ئابدۇخېلىل ئۇستام، مېھماننى مەشەگە ئولتۇرغۇزسىلا، - دېدى ئۆزىنى مىرغىياس دەپ تونۇشتۇرغان كىشى يېنىدىن جاي كۆرسىتىپ.

خوجايىن ئىككىلىنىپ تۇرۇپ قالدى - دە، مېھماننى ئۇلارنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى. كۆزلىرى يوغان ئېچىلغان مېھمان ئۇلارغا سەپسېلىپ چىققاندىن كېيىن، بۇرۇلۇپلا ئىشىككە قاراپ ماڭدى.

— ھۇسەيىن ئاخۇن، بۇرادىرىم نەگە بارىلا؟ بۇلار قەشقەردىن كەلگەن سودىگەرلەر، ئۆزلىرىنى ئالاھىدە داستىخانغا تەكلىپ قىلىۋاتىدۇ. كەتسىلە ھۆرمەتسىزلىك قىلغان بولمامدىلا؟ — دەپ بارغىنىچە ئۇنىڭ ئالدىنى توستى ئابدۇخېلىل ئۇستام.

— ئۇلار قەشقەردىن كەلگەنمىكەن، مەن تېخى ھاكىمنىڭ ئاتارمەن، چاپارمەنلىرى ئوخشايدۇ، دەپ قاپتىمەن، — دېدى ھۇسەيىن ئاخۇن بوش ئاۋاز بىلەن خىرىلداپ سۆزلەپ ۋە مىرغىياسنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى.

— قېنى چاي ئىچسىلە، — شىر ئەلى ئۇنىڭغا بىر ھېجىر چاي سۇندى.

— ھەشقاللا ئىنىم، — ھۇسەيىن ئاخۇن چاينى ئېلىپ سۇمۇرۇپ - سۇمۇرۇپ ئىچتى، — پېقىرمۇ تىجارەتچى، ئاتام

قەشقەرلىق، ئانام يەركەنلىك. لېكىن بىنومۇس، ئاچكۆز ئەمەلدارنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچراپ، مانا شۇنداق غېرىب بولۇپ قالدىم. ماڭا يېقىنلاشقان ئادەمگە توپا ـ چاڭدىن باشقا نەرسە يۇقمايدۇ.

— بۇ نېمە دېگەنلىرى؟ — خوجا ئابدۇللا ئىچمۇاتقان چاينى قويۇپ سورىدى.

— سىزگە زىيانكەشلىك قىلغان قايسى ئەمەلدار ئۇ؟ خانلىقنىڭ ئوردا ئەمەلدارىمۇ، ياكى شەھەر ھاكىمىنىڭ باج ئەمەلدارىمۇ؟ بىز ئاڭلاپ قالايلى. ئۇنىڭدىن ئاگاھ بولۇشىمىز بەلكى زۆرۈردۇر، — دېدى مىرغىياس سەگەكلىشىپ، ئۇنىڭ ھەمراھلىرىمۇ سوئال نەزىرىدە بۇ ناتونۇش كىشىنى كۆزىتىشتى.

— ئاتامنىڭ مىرزا ئابابەكرى زامانىدا مال ـ مۈلكىدىن ئايرىلىپ خانۇ ۋەيران بولغانلىقى ئاۋامغا ئايان. سۇلتان سەئىدخان تەختتە ئولتۇرۇپ، ئەل ئىمىن تاپقاندىن بېرى ئوقىتىمىز راۋاج تېپىپ، ھاللىنىپ قالغان چېغىمىزدا، بىر پاسىق ئەمەلدار ۋەيران قىلىۋەتتى. ئۇنى ھەر بىرلىرى تونۇشمايلا، ئابدۇ خېلىل ئاخۇن تونۇيدۇ. ئىسمى جەمشىتبەگ، يەركەن شەھىرى ھاكىمىنىڭ باج ئەمەلدارى.

— ئۇ سىزگە زادى قانداق زىيان ئۇردى؟ — سورىدى خوجا ئابدۇللا، — ئېيتىڭ، بىزمۇ ئاڭلاپ قالىلى.

— ماقۇل، سۆزلەپ بېرەي، ئابدۇخېلىل ئۇستامنىڭ خەۋىرى بار. بالىلىرىمنىڭ ئۈچىنچىسى قىز ئىدى. ئۇ چىرايلىق بولغىنى ئۇچۇنلا ئەمەس، مۇلايىم، ئۇياتچان بىر تاللا قىز بولغىنى ئۇچۇن، بەك ئامراق ئىدىم. ئون بەشكە ئەمدىلا كىرگەن بۇ قىزىم مەھەللىمىزدىكى موللا خېنىمدا ئوقۇۋاتاتتى. بىر تەرەپتىن ئەرەپ تىلىنى ئۆگىنىپ، يەنە بىر تەرەپتىن «قۇرئان كەرىم»نى ياد ئېلىۋاتاتتى. مەن ئۇنى ئاق كۆڭۈل، سەمىمىي، قولىدىن ئىش كېلىدىغان كاسىپقا ياتلىق قىلىشنى ئارزۇ

قىلاتتىم. ئەمما، بىر كۈنى باج ئەمەلدارى جەمشىتبەگ ئوغلىغا قىزىمنى ئېلىپ بەرمەكچى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ ئەلچى ئەۋەتىپتۇ. «قىزىمىزنىڭ بويىنى باغلاقلىق» دەپ ئۆزرە ئېيتىپ ئەلچىنى ئۇزاتتۇق، جەمشىتبەگدەك كىشىنىڭ ھەققىگە قارا سانايدىغان، تاش يۈرەك، كاززاپ مەرەزدانىڭ ئوغلىغا زادى بەرگۈم يوق ئىدى. بىر ھەپتە ئۆتۈۋىدى، بىر كۈنى ئەتىگەندە دۇكاننى ئېچىپ تۇرسام، جەمشىتبەگ ئادەملىرى بىلەن تۇيۇقسىز بېسىپ كىردى. مېنىڭ بۇ دۇكىنىم ئادەتتىكى دۇكانلارنىڭ ئۈچ ـ تۆتى بىلەن تەڭ كېلەتتى، كەينى تەرىپى ئامبار بولۇپ، ھىندىستان، سەمەرقەنت، ئەنجاندىن ئېلىپ كەلگەن يىپەك ماللار بىلەن تولغانىدى. جەمشىتبەگ ھاكىمنىڭ دۇكىنىمنى تەكشۈرۈش توغرىسىدىكى پەرمانىنى كۆرسىتىپ، ماللارنى تىزىملاشقا كىرىشتى. چۈش بولۇپ كەتسىمۇ، تاماق يېگىلى قويماي تىزىملاشنى داۋاملاشتۇردى، پېشىن نامىزىنى ئۆتەشكىمۇ بارغۇزمىدى. ئاخىر تىزىملاپ بولۇپ، بۇ ماللارنىڭ بېجىنى تاپشۇرغان ـ تاپشۇرمىغانلىقىمنى سورىدى. «تاپشۇرغان» دېدىم. «ھۆججىتىنى كۆرسەت» دېدى، كۆرسەتتىم. ئۇ ھۆججەتنى قولىغا ئېلىپ بىردەم قاراپ تۇرغاندىن كېيىن، مېيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ، بارلىق ھۆججەتنى قويۇن يانچۇقىغا سالدى. «ماللىرىڭنىڭ ھەممىسى مۇسادىرە قىلىنىپ، خانلىقنىڭ خەزىنىسىگە ئېلىنىدى» دېدى ئۇ بىردىن ئەلپازىنى بۇزۇپ. «نېمە ئۈچۈن؟» دېسەم، «بۇ ۋاقىتقىچە باج تۆلىمەي ئالدامچىلىق قىلىپ كەلگىنىڭ ئۈچۈن بارلىق پۇل ـ ماللىرىڭ مۇسادىرە قىلىنغاندىن باشقا، ئۇچاڭغا قىرىق دەررە ئۇرۇلىدۇ»، دېمەسمۇ، تاپىنىمدىن كىرگەن ئوت چوقامدىن چىقىپ كەتتى. قاراڭلار، باج تۆلەپ كەلگەنلىكىمنىڭ ئىسپاتى بولغان ھۆججەتلەر قويۇن يانچۇقىدا تۇرغاندا، خۇدادىن قورقماي قىلىۋاتقان زورلۇقىنى! شارت قىلىپ يانپېشىمغا ئېسىغلىق

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

غىلاپتىن پىچاقنى سۇغاردىم. «قايسىڭ مالغا تىگىدىكەنسەن، جېنىڭدىن جۇدا بولىسەن!» دېگىنىمنى بىلىمەن، بېشىمغا قاتتىق بىر نەرسە تېگىپ كۆزۈم قاراڭغۇلىشىپ، زۇۋان سۇرەلمەي قالدىم. شۇ هالدا چېكەمگە بىر مۇشت تېگىپ هوشۇمدىن كەتتىم. بىر چاغدا كۆزۈمنى ئاچسام، هاكىم ئوردىسىدا چەمبەرچاس باغلانغان هالدا يېتىپتىمەن. ئەتراپىمدا قىلىچلىرىنى يالىڭاچلاپ نۆكەرلەر تۇرۇپتۇ. هاكىملىق كۇرسىدا سەللىسىگە ئۇتۇغات قادالغان مىرزا نەجمىدىن بەگ ئولتۇرۇپتۇ. ئۇ دەسلەپ باج تۆلىمەي قانۇنسىز تىجارەت قىلىپ كەلدىڭ، دەپ بۆهتان قىلىپ بىرمۇنچە جىنايەت توقۇدى. ئاندىن گەپمۇ سورىماي «پۈتۈن مال ـ مۈلكى مۇسادىرە قىلىنىپ، قىرىق دەررە ئۇرۇلسۇن» دەپ هۆكۈم قىلدى. سويىدىغان قويدەك پۇت ـ قولۇمنى چىڭ باغلاپ، يۈكۈندۈرۈپ دەررە ئۇرۇشقا باشلىدى. هەربىر دەررە ئۇرغاندا بىر قېتىم «ئاللاهۇ ئەكبەر» دەپ، پۈتۈن غەيرىتىمنى يىغىپ دەررە ئۇرۇلۇپ بولغۇچە مىدىر ـ سىدىر قىلماي ئولتۇردۇم، پۈتۈن ئەزايىم ئوتتا كۆيۈۋاتقاندەك ئېچىشىپ ئاغرىپ، هېچ نەرسىنى ئاڭقىرالماي قالدىم. شۇ هالدا بالىلىرىم كۆتە ـ كۆتە قىلىشىپ ئۆيگە ئېلىپ كېلىشىپتۇ. قۇلىقىمغا يىغا ئاۋازى ئاڭلىنىپ، كۆزۈمنى ئاچسام، بېشىمدا ئايىلىم، بالىلىرىم ياش تۆكۈپ ئولتۇرۇشۇپتۇ. شۇنداق قىلىپ ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزدىن تارتىپ ئۇزۇن يىللار داۋامىدا هالال ئەمگىكىمىز، ئېقىل ـ پاراسىتىمىز بىلەن ئېرىشكەن نۇرغۇن بايلىقتىن بىر كۈندىلا ئايرىلىپ قالدۇق، — هۇسەيىن ئاخۇن شۇنداق دەپ بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتى.

— پايتەختتىكى گۈلئىبرام ئوردىسىنىڭ ئالدىدا مەيدانى ئادالەت دېگەن كاتتا مەيدان بار ئىكەن، هەر جۈمە كۈنى سۇلتان سەئىدخان ئۇ يەردە تەختتە ئولتۇرۇپ، دادخالىق ئېيتىپ كەلگەن كىشىلەرنىڭ ئەرزىنى ئاڭلاپ، هالىغا يېتىدىكەن. يامانلارنى

جازالاپ، ياخشىلارغا خەيرخاھلىق قىلىدىكەن، دەپ ئاڭلىغانىدۇق، نېمىشقا مەيدانىي ئادالەتكە بېرىپ، سۇلتان سەئىدخانغا دادخالىق قىلمىدىڭلا؟ — سورىدى مىرغىياس.

— مىڭ بىر قېتىم دادخالىق قىلىشنى ئويلىغان يىگىت، — دېدى ھۇسەيىن ئاخۇن ئەلەم بىلەن ھەسرەت چېكىپ، — لېكىن، مەيدانىي ئادالەتكە بېرىپ داداخالىق ئېتىشىمغا جەمشىتبەگ توسالغۇ بولدى.

— قانداق توسالغۇ بولدى ئۇ ئۆزىنى بىلمىگەن ئەبلەخ!— ئەمدى ئاچچىقى كېلىپ سورىدى مىرغىياس ئىچىۋاتقان چېيىنى داستىخانغا قويۇپ.

— قانداق توساتتى بۇرادەر، بۇ دەيۈزنىڭ كاللىسى ھىيلە - مىكىر بىلەن، ئۆي - ئامبارلىرى هارام مال بىلەن توشۇپ كەتكەن، ئۇ ماڭا مەيلى سۇلتانغا، مەيلى ۋەزىر، ئەمىرلەرگە دادخالىق قىلىدىكەنسەن، قىزىڭدىن ئايرىلىپ قالىسەن. بۇزۇقچىلىق قىلدى، دەپ چالما - كېسەك قىلدۇرۇۋېتىمەن، يەركەن ھاكىمى مىرزا نەجمىدىن ھەر جۈمە كۈنى مەيدانىي ئادالەتتە، سۇلتان سەئىدخان بىلەن بىرگە بولىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن مەن بىر نەۋرە، بۇنى ئۇنتۇپ قالما، دەپ تەھدىت سالدى. مەندە نېمە ئامال؟ قىزىمنى ئامان - ئېسەن ياتلىق قىلىۋېلىشنى ئويلاپ، لېۋىمنى چىشلەپ ئۈنچىقماي يۈرۈشكە مەجبۇر بولدۇم. بۇ شور پېشانە قىزىمنى قەشقەرگە ئېلىپ كېتىپ، شۇ يەردە ياتلىق قىلدىم. يەركەنگە كەلگىنىمگە تېخى ئىككى كۈن بولدى. قارىخانىدا بىرگە ئوقۇغان، جان دوست بۇرادىرىم ئابدۇخېلىل ئاخۇن بىلەن كۆرۈشۈپ دەردىمنى تۆكۈپ، ئىچىمنى بوشۇتاي، دەپ كەلگەنىدىم، ھەر بىرلىرىگە يولۇقۇپ قالدىم.

— مۇنداق دېسىلە بۇرادەر، — خوجا ئابدۇللا ئاپئاق ساقىلىنى بىر سىپاپ قويۇپ، ئويغا چۆمگەن مىرغىياسقا

قاردى، — ئىنىم، بۇ بىر ئېچىنىشلىق سەرگۈزەشتتە ئىكەن، ئاڭلاپ قالغىنىمىز ساۋابلىق ئىش بولغۇسى، جەمشتبەگدەك سەتىمكارلاردىن پەخەس بولۇشىمىز زۆرۈرئىكەن.

— زۆرۈر بولمامدىغان مېھمانلار، بۇزادىرىم ھۇسەيىن ئاخۇن جەمشتبەگدىن كۆرمىگەننى كۆردى، ئېيتقانلىرىنىڭ ھەممىسى راست، - دېدى ئابدۇخېلىل ئۇستام ئېچىنغان ھالدا، - جەمشتبەگ قاقتى - سوقتى قىلمىغان ھۇنەرۋەن، كاسىپ، سودىگەر، ئەتتارلار يوق دېگۈدەك، ئۇ مېھمان چاقىرسا، زىياپەتكە كېتىدىغان گۆش، ياغ، قەنت - گىزەك دېگەندەك ھەممە نەرسىنى بازاردىن بىكارغا ئېلىپ كىرىدۇ، ھاكىمنىڭ ئۆيىگىمۇ توشۇيدۇ. ئون يىل باج - سېلىق تۆلىمەي ھاللىنىپ قالغان خەلقنىڭ يىلىكىنى بۇ ھارامزادە شوراۋاتىدۇ.

— بۇ چايخانىغىمۇ كېلەمدۇ؟ — چاي قۇيۇپ ئولتۇرغان شىر ئەلى سۆز قاتتى.

— ئۇنىڭ نىجىس پۇتى تەگمىگەن ئاشخانا، چايخانىلار يوق، بۇ چايخانىغىمۇ كۈن ئاشۇرۇپ كېلىپ ئىچكەننىڭ، يېگەننىڭ سىرتىدا ھاكىمغا دەپ تونۇردا ئوبدان كاۋاپ بولغان قوزى، ئوغلاقلارنى غالچىسىغا كۆتۈرتۈپ ئېلىپ كېتىدۇ.

— پۇتۇن ئالەمنىڭ ئىگىسى بولغان ئۇلۇغ ئاللا بۇنداق تاش بېغىر، نومۇسسىز زالىملارنىڭ جازاسىنى بەرمەي قويمايدۇ! — مىرغىياسنىڭ كۆزلىرىدىن غەزەپ ئۇچقۇنى چاقنىدى، — سۇلتانىمىز سەئىدخاننىڭ ئادالەتلىك زامانىدا مۇنداق ناھەقچىلىقنىڭ يۈز بەرگىنىدىن بەكمۇ ئېچىندىم ئاكا، ئاڭلاپ قالغىنىمىز بىزنى سەگەكلەشتۈردى. بىز ھۇسەيىن ئاخۇن ئاكا بىلەن يەنە بىردەم سىردىشايلى. ئۇنىڭغا يارد‍ىمىمىز تېگىپ قالسا ئەجەب ئەمەس، — ئۇ سۆزىنى توختىتىپ، باش لىڭشىتىپ ئولتۇرغان ئابدۇخېلىل ئۇستامغا كۆز تىكتى، — كاۋاپ قىلىنغان قوزىدىن بىرنى كەلتۈرسىلە، بايىقىدەك دەملەنگەن

چايدىن يەنە بىر چۆگۈن...

— خوپ بايۋەچچە، — دېدى ئابدۇخېلىل ئۇستام ۋە مۇلازىملىرىگە بۇيرۇدى، — كاۋاپ بولغان قوزىدىن بىرنى كەلتۈرۈڭلار، چايچى، بىر چۆگۈن چاي ئېلىپ كەل.

ئۇلارنىڭ پارىڭى يېرىم كېچىگىچە داۋاملاشتى.

## 2

ئابدۇرېشىتخان كۆز يۇمسىلا، جەمشىتبەگنىڭ كىشىلەرنى قاقتى - سوقتى قىلىۋاتقانلىقى، ھاكىمنىڭ بىگۇناھ ئامالسىزلارغا دەررە ئۇرغۇزۇۋاتقانلىقى خىيالىغا كىرىۋېلىپ، تاڭ ئاتقۇچە دېگۈدەك ئۇخلىيالمىدى. ئىچ كۆڭلەك بىلەنلا يېنىدا ياتقان چۈچۈك سۇلتانىبېكەنى باغرىغا بېسىش ئۇياقتا تۇرسۇن، كۆڭلىنى ياساپ، ئىككى ئېغىز سۆزمۇ قىلىپ قويمىدى. شۇڭا، بۇ ساھىبجامال مەلىكە ئېرىنىڭ ئۈن - تىنسىز خىيالىغا غەرق بولۇپ كېتىشىدىن، پات - پات ئۇ يېنىغا، بۇ يېنىغا ئۆرۈلۈپ چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىشىدىن ئالاقزادە بولۇپ، يىغلىۋەتكىلى ئاران تۇراتتى. ئۇ ئاخىر:

— نېمە بولدىلا ئالىيلىرى، يېرىم كېچىدىن ئاشقاندا كېلىپ يېتىشلىرى بۇ، سىلىنى بۇنداق مالال قىلىپ، شېرىن ئۇيقۇدىن ۋاز كەچتۈرگەن يۇرت غېمىمۇ ياكى بىر نازىنىننىڭ ئىشقىمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— يوق گەپلەرنى قىلماي، ئويلىغىلى قويۇڭ، — دەپ ئاچچىقلىدى ئابدۇرېشىتخان.

— سۇلتانىم، نېمە دەپ ماڭا ئاچچىقلايلا، سىلە خاپا بولغۇدەك نېمە قىلدىم؟ قوچقار قىشلىقىدا بىر يىل تۇرۇپ، بۇ يەرگە كەلگەن ئىككى يىلدىن بېرى، ئالىيلىرى قانداق قىلسام خۇش بولاركىن، دەپ غەم يەپ ئۆتۈۋاتىمەن. ئېغىر ئاياغ بولۇپ،

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

مىڭ بىر جاپالار تارتىپ، ئايدەك بىر ئوغۇل تۇغۇپ بەردىم، گۈلدەك چىرايىم سولدى. سىلىنى مەپتۇن قىلالمايدىغان بولۇپ قالدىممۇ يا؟ يەنە نېمە قىلىپ بەرسەم بولاتتى شاھىم؟ ئېيتسىلا، نېمىشقا ماڭا بۇنداق زۇلۇم قىلىدىلا. مەنمۇ سۇلتان ماخمۇت مىرزىنىڭ نەۋرىسى، سۇلتاننىگارخېنىم مېنىڭ ئانام، ئۆز ئېلىمدا مەلىكە ئىدىم... قوچقار قىشلىقىدىن ئۆز دىيارىمغا كەتسەم بولۇپتىكەن، زېرىككەن بولسىلىرى ھېلىمۇ كەتسەم بولىدۇ.

چۈچۈك سۇلتانبېكە ئېرىگە كەينىنى قىلىپ، ئىسسەدەپ يىغلاپ كەتتى. ئابدۇرېشىتخان بېشىنى كۆتۈرۈپ، ياستۇققا يۆلىنىپ ئولتۇردى. پادىشاھ بابۇر مىرزا تويىنى تەبرىكلەپ، ھىندىستاندىن ئەۋەتكەن ئالتۇن قاپلىق چاقماقنى ياندۇرۇپ شامنى يورۇتتى. قارا ساچلىرى ئۇچىسىغا يېيىلغان ھالدا چۆچەكلەردىكى پەرىزاتتەك ياتقان چۈچۈك سۇلتانبېكەنىڭ نازۇك بىلىكىدىن ئاستا تۇتۇپ، ئۆزىگە تارتتى.

— سۆيۈملۈك مەھبۇبەم، نېمىشقا بۇنچە خاپا بولىسىز؟ مېنىڭ غېمىم ئازمۇ ـ ھە؟ — دېدى ئۇ ئىچىدىكىنى بىراقلا تۆكۈپ، ـ خان ئاتام مېنى ئۆز ئورنىغا نائىپ پادىشا قىلىپ، ئىسسىق كۆل دىيارىغا ھۇجۇم قىلغان موغۇل تۇمەن بەگلىرىنىڭ ئەدىۋىنى بېرىش ئۈچۈن كەتكىنىگە ئۈچ ئايدىن ئاشتى. كەلگەن خەۋەرگە قارىغاندا، موغۇللارنى مەغلۇپ قىلغان خان ئاتام ئەمىر كەمىر سەئىد مۇھەممەد مىرزا ئاغامنىڭ دەۋىتى بىلەن ئوش شەھرىنى ئاپتۇ. خارەزىم پادىشاھى سۆيۈنچىلىك خان ۋاپات بولغانىكەن، ئەنجاننى ئېلىش ئۈچۈن ئاتلىنىپتۇ، مەن گەرچە ئاتام ئورنىغا تەختكە ئولتۇرۇپ يەركەندە قالغان بولساممۇ، ئاۋامنىڭ دەردىگە دەرمان بولالمايۋاتىمەن. ئاخشام كەچ قېلىشىم، زالىم ئەمەلدارنىڭ زۇلمىغا ئۇچرىغان بىر مىسكىننىڭ ھالىغا يېتىش ئۈچۈن ئىدى. خەلقنىڭ غېمى مېنى تاغدەك

بېسىۋالدى. ئۇنى دەس كۆتۈرگىنىمچە يىراق ـ يىراققا ئېرغىتىپ تاشلىيالىسام، ئاۋامنىڭ رەنجىگە شىپا بولالىسام، ئاتامنىڭ، خەلقنىڭ كۈتكەن ئۈمىدىنى ئاقلاپ، سۇلتانلىق تەختىدە بەرقارار بولالايمەن. ئۇنىڭ ئەكسىچە بولغاندا، يارامسىزلىقىم ئىسپاتلىنىپ، سۇلتانلىق تەختىدىن ئېرغىتىپ تاشلىنىمەن، كېچىچە مۇشۇ خىيال بىلەن، كۆڭلىڭىزنى ئالالماي رەنجىتىپ قويدۇم، خاپا بولماڭ.

ئۇ خوتۇننى باغرىغا بېسىپ سۆيدى.

— قىلغۇلۇقنى قىلىپ بولۇپ، خاپا بولماڭ، دەپ قويسىلا بولامدۇ سۇلتانىم؟ خىيال بوستانلىرىدىن بۇ تەن قۇشۇم ئۇچۇپ كەتكەن بولسا مەيلى. باشقا بىرى قونۇۋالار. رۇخسەت قىلسىلا، ئۆز ئېلىمگە كېتىۋالاي، — نازلىنىپ تولغاندى چۈچۈك سۇلتانبېكە ۋە شام يورۇقىدا چىرايى ئاقۇش تۈس ئالغان ئېرىنىڭ جاۋابىغا تەقەززا بولۇپ قوشۇپ قويدى، — يا سىلىگە ئېغىرلىق قىلىۋاتامدىمەن؟

— زادى ئۇنداق ئەمەس قەدىرلىكىم، — دېدى ئابدۇرېشىتخان خوتۇنىنىڭ چۈشەنمىگىنىگە جىلە بولۇپ، — بۈگۈن كېچە مۇنداق بىئارام بولۇشۇمدىكى سەۋەب ئاۋامنىڭ غېمى، سىز بىلەن پۈتۈنلەي مۇناسىۋەتسىز.

— سۇلتانىم، ئاۋام ئارىسىدا ناھەقچىلىقلەر بولۇپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭغا ئۇنچىۋالا پۇچىلىنىپ كېتىشنىڭ ھاجىتى يوق، ئاۋامنىڭ ئىشىنى دەپ مېنى ھەسرەتتە قويغىلىرى كېلەمدۇ؟

— سىز چۈشەنمەيۋاتىسىز مەلىكەم، — ئابدۇرېشىتخان قولىنى خوتۇنىنىڭ كۆكسىدىن تارتىپ، باشقا گەپ قىلماي ئېغىر تىن ئالدى.

چۈچۈك سۇلتانبېكە دەررۇ ئالدىنى ئېرىگە قىلىپ، جەينىكىنى ياستۇققا، ئالىقىنىنى ئېڭىكىگە تىرەپ يانتۇ بولدى.

— سۇلتانىم، سىلىمۇ سۆزۈمگە چۈشەنمەيۋاتىلا، ئەل

www.uyghurkitap.com

غېمىنى يېيىش زۆرۈر ئەلۋەتتە. لېكىن، بۇنداق باش قاتۇرۇپ پادىشاھلىقلىرىدىن ئايرىلىپ قالسىلا بولامدۇ؟

— ئەل دەردىگە دەرمان بولالمىغان پادىشاھنىڭ تاج كىيىپ تەختتە ئولتۇرغىنىدىن كۆلاھ كىيىپ گۆلەختە ياتقىنى ياخشى مەلىكەم.

چۇچۇك سۇلتانبېكە قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى.

— تەن ساغلىق پادىشاھلىق، دېگەن ماقالىنى بىلمىدىغانلا سۇلتانىم، — ئېرىنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلىدى چۇچۇك سۇلتانبېكە.

ئابدۇرېشىتخان ئۇنىڭ گېپىنىڭ تېگىگە يېتىپ كۈلۈمسىرىدى.

— تەن ساغلاملىقتىن ئىبارەت پادىشاھلىقتىن ئەسلا ئايرىلغۇم يوق قەدىرلىكىم. ئۇ بولمىسا مەملىكەتكە قانداقمۇ پادىشاھلىق قىلغىلى بولسۇن؟ ئەمما، — دېدى ئابدۇرېشىتخان، — ئەل بەختى ئۈچۈن سالامەتلىكىمدىن كەچسەم بولمامدىكەن؟ ئەگەر لازىم تېپىلسا جاندىن كېچىشتىنمۇ يانمايمەن.

چۇچۇك سۇلتانبېكە بۇ گەپنى ئاڭلاپ خۇددى ئوۋچى قاپقىنىغا چۈشۈپ قالغان ئاھۇدەك چۆچۈپ كەتتى، ئۇنىڭ شام يورۇقىدا ئاجايىپ گۈزەل تۈس ئالغان چىرايى تاتاردى. ئابدۇرېشىتخان سۆزىنى داۋام قىلدى.

— ئاخشامدىن بېرى خانلىقىمىزغا بولغان تونۇشۇم ئۆزگەردى، پادىشاھ ئادىل بولغان بىلەنمۇ ئەمەلدارلار قارانىيەت بولسا، ئادالەتنى ئىشقا ئاشۇرغىلى بولمايدىكەن. خان ئاتام دائىم دېگۈدەك سودىگەر، ھۈنەرۋەن ياكى دېھقان سىياقىدا بولۇپ، ئاۋام ئىچىنى ئارىلايتتى، ئۇ دائىم غەمگە چۆمگەن، ھەسرەتلەنگەن ھالدا قايتىپ كېلەتتى. ئەتىسى ئەتىگەندىن باشلاپ بەزى ئەمەلدارلارنى قىچقارتىپ قاتتىق تەنبىھ بېرەتتى، بەزىسىنى

خىزمەتتىن ھەيدەيتتى، بەزىسىنى زىندانغا تاشلايتتى. مەن بۇنىڭ تېگىگە تازا يېتەلمىگەن ئىكەنمەن. ئاخشامدىن بېرى تېگىگە يېتىۋاتىمەن. ئەمدى مەيدانىي ئادالەتكە كەلگەنلەرنىڭ دادىنى ئاڭلاپلا قالماي، بەلكى ھەرنە سەۋەب بىلەن كېلەلمىگەنلەرنىڭمۇ ھال - ئەھۋالىنى بىلىش ئۈچۈن پات - پات ئاۋام ئارىسىغا بېرىشنىڭ زۆرۈرلىكىنى ھېس قىلدىم. ئەزىزىم، خۇدا بۇيرۇسا پارىخور، زالىم ئەمەلدارلارنىڭ ئەدىۋىنى بېرىمەن.

چۈچۈك سۇلتانبېكە زۇۋان سۈرمەي يوتقان بىلەن بېشىنى چۈمكىۋالدى. ئەزان ئاۋازىنى ئىشىتكەن ئابدۇرېشىتخان ئورنىدىن دەس تۇردى.

## 3

باش ئەتىياز ئىدى. زەرەپشان دەرياسىنىڭ بويلىرىدىكى بۇغداي مايسىلىرى ئەمدىلا باش كۆتۈرگەن، غۇر - غۇر شامال يەر بېتىنى سۆيۈپ، گۈل - گىياھلارغا جان كىرگۈزۈشكە باشلىغانىدى. كۈن گاھ ئېچىلىپ، ئاپتاپ زەردەك چېچىلاتتى، گاھ تۇتۇلۇپ، سېرىق قار يېغىشقا باشلايتتى ۋە بەزىدە سېرىق قار يامغۇرغا ئايلىنىپ كېتەتتى، بەزىدە قۇيۇنتاز كۆتۈرۈلۈپ پىرقىراپ، توپا - چاڭلارنى ئادەمنىڭ باش - كۆزىگە ئۇراتتى. كونىلار «ھۇت - جۇت» دەپ بىكار ئېيتمىغان - دە.

بۈگۈن ھاۋا يېرىم تۇتۇق ئىدى. ئاستا - ئاستا كۆتۈرۈلگەن كۈن گاھ كۆرۈنۈپ، گاھ كۆرۈنمەي قالاتتى، بىر توپ بۇلۇت ئىچىدىن چىقسا، يەنە بىر توپ بۇلۇت ئىچىگە كىرىپ كېتەتتى. جۈمە نامىزىغا ئەزان چىققان چاغدا، ھاۋا گۈلدۈرلىمەيلا شارىلداپ ياغقان يامغۇر بىر دەمدىلا توختاپ، مەيدانىي ئادالەت پاللىدا نۇرغا چۆمۈلدى، خۇددى سۇ سېپىپ سۈپۈرگەندەك پارقىراپ كەتتى.

سۇلتان ئابدۇرېشىتخان جۈمەدىن چىقىپ، ئېچىلىپ

www.uyghurkitap.com

زۇمرەتتەك تىنىق رەڭگە كىرگەن ئاسمانغا شۇنداقلا كۆز سېلىپ قويۇپ، «مەيدانىي ئادالەتنىڭ گۈلزارلىقىغا قويۇلغان تەختكە قاراپ ماڭدى. ئۆتكەن ھەپتە، جەمشىتبەگنىڭ پارا ئېلىش، قاقتى - سوقتى قىلىش قىلمىشىنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن، كۈتۈۋالبەگ[1]بولۇپ كېلىۋاتقان ئوسمانبەگكە يارلىق چۈشۈرگەنىدى. ئۇ ئىككى ھەپتىدىن بېرى، سودا بېگى ۋە بازار بېگى بىلەن بىرگە جىددىي تەكشۈرۈپ، جەمشىتبەگنىڭ يەركەن شەھەر ھاكىمبېگى بىلەن بىرلىشىۋېلىپ، كىملەردىن قانچىلىك پارا ئالغانلىقىنى، كىملەرنى قاقتى - سوقتى قىلغانلىقىنى ئېنىقلاپ چىققان، بارلىق گۇۋاھچىلارغا جۈمە نامىزىدىن كېيىن مەيدانىي ئادالەتكە كېلىپ گۇۋاھلىقتىن ئۆتۈش ئۇقتۇرۇلغانىدى.

ئابدۇرېشىتخان تەختكە چىقتى. ئوڭ قول تەرىپىدە ۋەزىر قاناتبەگ، مىرزا ئەلى تاغايى، شەيخۇل ئىسلام ئوبۇلقاسىم داموللا باشلىق ۋەزىر - ۋۇزرا، قازى، مۇنەججىم، ھۆكۈمالار يۆلەنچۈكلۈك كۈرسىلاردىن ئورۇن ئالدى؛ سول قول تەرىپىدە خوجا ئەلى، ئوسمانبەگ ئىشىك ئاغىسى، خەزىنىچى، خاننى مۇھاپىزەت قىلغۇچى نۆكەرلەرنىڭ سەردارى ئەكرەمبەگ قاتارلىق ئەمىر، سەردار، بەگلەر ئورۇن ئالدى، نامازدىن يانغان نۇرغۇن جامائەتمۇ ئىككى ياندا قول قوشتۇرۇپ تۇرۇشاتتى.

ئابدۇرېشىتخان ئورنىدىن تۇرۇپ:

— جامائەت، ئاللانىڭ ئىلتىپاتى بىلەن بەرپا قىلىنغان مەيدانىي ئادالەتتە ھەر جۈمە نامازدىن كېيىن ئاتام دادخالىق قىلىپ كەلگەنلەرنىڭ دادىغا يېتىپ كەلگەنلىكى ھەممىلىرىگە ئايان، ھازىر خان ئاتام سەپەردە. بەزى ئەمەلدارلىرىمىز، پېقىرنى ياش، تەجرىبىسىز چاغلاپ، مەككارلىق قىلىپ، ھىچ رەھىم قىلماستىن خەلقنى قاقشاتماقتا، ئادالەتنى يەرگە

① كۈتۈۋالبەگ - ئامانلىقنى ساقلاش بېگى.

ئۇرماقتا، ئەگەر بۇ قارا يۈرەك جىنايەتچىلەرنى جازالىمىسام، ئاللانىڭ ئالدىدا گۇناھكار بولىمەن، ئاتامغا يۈز كېلەلمەيمەن، دېدى ۋە دەقىقە جىمتىلىقتىن كېيىن بۇيرۇدى، — گۇناھكارلار ئېلىپ كېلىنسۇن!

مىنۇت ئۆتمەي ھاكىم ۋە جەمشىتبەگلەر يالاپ ئېلىپ كېلىندى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم سۇلتانىم، — دېدى مىرزا نەجمىددىنبەگ تىزلىنىپ، — بىر قۇشۇق قېنىمدىن كەچكەيلا.

— بۇ شاپائەت مەيدانى ئەمەس، ئادالەت مەيدانى. شەرىئەت ھۆكمى بويىچە جازالىنىسەن.

— مەن خان ئاتىلىرى بىلەن ئۇزۇن يىل بىللە بولغان، بىللە جەڭ قىلغانىدىم. . .

— شۇنداق ئالىيلىرى، مىرزا نەجمىددىنبەگ سۇلتان سەئىدخان بىلەن ئەنجاندىن تارتىپ بىللە بولغان باھادىر پىشقەدەم سەركەردە، — دېدى مىرزا ئەلى تاغايى، — ئۇ خانلىقىمىزنى بەرپا قىلىشتا خىزمەت كۆرسەتكەن.

ئەمدىلا ئولتۇرغان ئابدۇرېشىتخان يەنە ئورنىدىن تۇردى. بۇ نۆۋەت ھۆرمەت يۈزىسىدىن ئەمەس، غەزەپنىڭ زورىدىن تۇرۇپ كەتكەنىدى.

— نېمە دېمەكچىسىز ۋەزىر؟

تاغايى تۇرۇپ چوڭقۇر تەزىم قىلدى.

— دېمەكچىمەنكى، ئالىيلىرى، ئەسلىنى ئۇنتۇغان مىرزا نەجمىددىنبەگنى قاتتىق جازالاش كېرەك، — تاغايى كۆڭلىدىكى گېپىنى، ئۇستىلۇق بىلەن ئۆزگەرتىۋالدى.

ئابدۇرېشىتخان تەختتە ئولتۇرۇپ دېدى:

— مىرزا نەجمىددىنبەگ بىلەن جەمشىتبەگنىڭ جىنايەتلىرى تەكشۈرۈلۈپ، يۈزلەشتۈرۈلۈپ، تىنىۋالغىلى بولمايدىغان راست دەلىل - ئىسپاتلار بىلەن ئىقرار قىلدۇرۇلدى. بۇ ۋاقىتقا قەدەر

ھېچكىم ئۇلار ئۈستىدىن ئەرز قىلمىغان، راستىنى دېگەندە ئەرز قىلىشقا جۈرئەت قىلالمىغان، ئاللانىڭ ئىنايىتى بىلەن ئۇلارنىڭ جىنايەتلىرىنى ئاشكارىلاشقا مۇۋەپپەق بولدۇم. بۇ جاۋابكارلارنىڭ قىلمىشلىرىنى ئاڭلاپ بېقىڭلار، ئۇلارنىڭ جىنايەتلىرىگە ئىسلام ئادالىتى ھۆكۈم قىلسۇن، — ئۇ غەزەپ ئۇچقۇنلىرى چاقناپ تۇرغان كۆزىنى مىرزا نەجمىدىنبەگدىن ئېلىپ ئوسمانبەگكە قارىدى، — كۆپچىلىككە بۇ ئىككى ئەمەلدارنىڭ جىنايەتلىرىنى سۆزلەپ بېرىڭ.

كۆتۈۋالبەگ ئورنىدىن تۇرۇپ ئاۋۋال خانغا، ئاندىن كۆپچىلىككە سالام بېرىپ دېدى:

— مىرزا نەجمىدىنبەگ ئون يىل بۇرۇن ھەيدەرباغنى بىنا قىلىش ۋاقتىدا ئون ئىككى چارەك يەرگە كاتتا باغ ـ ھويلا ياسىتىۋالغان. ئالتە يىل بۇرۇن، جاھانباغ ئالدىدىن يېڭى ئۆستەڭ ئالغاندا، ئون بەش چارەك يەرگە «ھاكىم بېغى» دەپ ئاتالغان خۇسۇسىي ئارامگاھنى بەرپا قىلغۇزغان. شەھەردە ئۈچ ئورۇنغا كاتتا قورۇ ـ جاي سالدۇرغان، ئورنى يۈز چارەك كېلىدۇ. بۇ باغ، قورۇلارغا كەتكەن ياغاچ ـ تاش، مەنقۇلاتنىڭ ھەممىسى ئاۋامدىن زورلۇق بىلەن ئېلىنغان، ھېچقانداق ھەق تۆلىمىگەن. خانلىقىمىزدا باج ـ سېلىقنى ئېلىش ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن بىر نەچچە يىل مابەينىدە، بۇ نەپسانىيەتچى ھاكىمبەگ مىراس تالىشىش ماجراسىدىن تۆتنى ھەل قىلىش جەريانىدىلا، ئاللانىڭ ھۆكمىگە خىلاپلىق قىلىپ، مىڭ سەر كۈمۈش، ئەللىك تىللا پارا ئالغان. سەلىمە، يۇنۇس، ھېكىم، مەستۇرە قاتارلىق تۆت نەپەر نارىسىدە يېتىم باللارغا تېگىشلىك بولغان مىراسنىڭ كۆپ قىسمىنى پارا بەرگەن مەھپۇزەخان، ياقۇپ خوجا، ئابدۇلھەمىت، نىياز خالۋاپ قاتارلىق تۆت كىشىگە ئېلىپ بەرگەن. مىرزا نەجمىدىن ھاكىم بەگلىكتىن پايدىلىنىپ، دەۋا ـ دەستۇرنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئالدىغا تارتىپ

سوراپ كەلگەن، ھەتتا قازىخاننى بىكار قىلىپ قويغان. ئۇ شۇ دەرىجىدە ئىنساپتىن چىققانكى، بۇ «سەئىدخاننىڭ پەرمانى، بۇ سەئىدخاننىڭ يارلىقى» دەپ، تىجارەتچى، كاسىپ، ھۈنەرۋەنلەردىن ئۇستى ـ ئۇستىلەپ باج ئېلىپ، ئون مىڭ سەر كۆمۈش، يۈز سەر ئالتۇن، بەش يۈز تىللا ئۇندۇرۇۋالغان. ئۇ باج ئېلىش، سېلىق سېلىشتا قاقتى ـ سوقتى قىلىشتا جەمشىتبەگكە تايانغان. جەمشىتبەگ مىرزانەجمىدىنبەگنى يانتاياق قىلىپ، ئۇنىڭ نامىنى سېتىپ، قاقشاتمىغان ھۈنەرۋەن، كاسىپ، تىجارەتچى قالمىغان، سېتىلمىغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ ئۇچۇن پۇلسىز بولۇپ، يېمەك ـ ئىچمەكتىن تارتىپ كىيىم ـ كېچەككىچە بىكارغا ئېلىپ كەلگەن. ھۇسەيىن ئاخۇن ئىسىملىك بىر سودىگەرنىڭ قىزىغا كۆزى چۈشۈپ، ئۇنى ئوغلىغا ئېلىپ بەرمەكچى بولغان، ئەمما ھۇسەيىن ئاخۇن ماقۇل بولمىغان، بۇنىڭدىن ئاچچىقلانغان جەمشىتبەگ ھاكىمبەگ بىلەن گېپىنى بىر قىلىپ، ھۇسەيىن ئاخۇنغا«باج تاپشۇرماي قانۇنسىز تىجارەت قىلدى» دەپ بۆھتان چاپلاپ، ئۇنىڭ پۈتۈن مال ـ مۈلكى مۇسادىرە قىلىندى، دەپ توشۇپ كەتكەن. بۇنىڭ بىلەنلا قالماي، ھۇسەيىن ئاخۇننىڭ مەستۇرە قىزىغا نىكاھسىز زىنا قىلدى، دەپ تۆھمەت توقۇپ، چالما ـ كېسەك قىلدۇرماقچى بولغان، بۇ ئىككى ئەمەلدارنىڭ دىنىمىزغا، ئەقىدىمىزگە يات، سەئىدىيە خانلىقىنىڭ شەنىگە نامۇناسىپ قىلمىشلىرى، خەلققە قىلغان زۇلمى، سالغان زىيىنى ئۇلارنىڭ مەككار جىنايەتچىلەردىن ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. بۇلارنىڭ جازاغا تارتىلىشى ئەلنى ئىمىن قىلىدۇ، دەردمەننى خۇش قىلىدۇ سۇلتانىم، — ئوسمانبەگ سۆزىنى تۈگىتىپ ئارقىسىچە مېڭىپ بېرىپ جايىدا ئولتۇردى.

ئوسمانبەگنىڭ سۆزى تۈگىشىلا مەيداندىكى خالايىق:

— ياشىسۇن ئادالەت!

— يوقالسۇن خەلققە جەبرى قىلغۇچى زالىملار! ـ دەپ ۋارقىراشتى.

كۆپچىلىكنىڭ ساداسى مەيدانى ئادالەتنى لەرزىگە كەلتۈردى. بۇ سادادىن ئابدۇرشىتخاننىڭ ۋۇجۇدىمۇ تىترەپ كەتتى. ئۇ، ئورنىدىن تۇرۇپ تەختتىن چۈشتى.

— جامائەت! — ئۇ ئىككى قولىنى كۆتۈرۈپ كۆپچىلىكنىڭ تىنچلىنىشىنى كۈتتى. سۇرەن ـ چۇقانلار پەسەيگەندىن كېيىن يۇقىرى ئاۋازدا سۆزلىدى، — سەئىدىيەخانلىقىنىڭ قۇرۇلغىنىغا ئون بەش يىل بولدى. بۇ جەرياندا خان ئاتام ئاللانىڭ ئىنايىتى بىلەن مۇشۇ مەيدانى ئادالەتتە نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ئەرز ـ دادىنى ئاڭلاپ، زالىملارنىڭ جازاسىنى بېرىپ، مەزلۇملارنىڭ بېشىنى سىلاپ، ئادالەتنى جارى قىلدۇرغانلىقىدىن ھەممىلىرىنىڭ خەۋىرى بار. ھالبۇكى، قوي تېرىسىگە ئورۇنۇۋالغان بۆرىلەر ئوردىمىزدا، مەھكىمىلىرىمىزدە چىشىنى بىلەپ يۈرگەنىكەن، بىز ئۇنى بىلەلمەي مەيلىگە قويۇۋېتىپتۇق، ئاۋامغا زىيان ئۇرۇپتۇق. بۇنى ئالەمنىڭ ئىگىسى ئاللا پېقىرغا بىلدۈردى. يامان ۋە ياخشىنى بىلىپ پەرق ئەتكەن ئىكەنمەن، سۇلتانلىق سۈپىتىم بىلەن ئادالەت بىلەن ئەلنى سورۇشۇم كېرەك. ئادالەت قىلىچىنى جانابىي ئاللا پېقىرغا بىكارغا تۇتقۇزغان ئەمەس، زالىملارنى، تىلى بىلەن دىلى يات مۇناپىقلارنى، خىيانەتكار ئاسىيلارنى، ۋەتەندىن، مىللەتتىن يۈز ئۆرۈگەن خائىنلارنى چاپ دەپ تۇتقۇزغان. بۇ بۇرچۇمنى ئادا قىلمىسام ئاللا ئالدىدا گۇناھكار بولىمەن، سۇلتانلىق بۇرچۇمنى ئادا قىلالمىغان، خەلقنىڭ ئۈمىد ـ ئىشەنچىگە قارا سانىغان چوڭ جىنايەتچى بولۇپ قالىمەن، ـ ئابدۇرېشىتخان كۆپچىلىكنىڭ پارىخور زالىملارغا لەنەت، ئۆزىگە ئالقىش ياڭراتقان ساداسىغا قۇلاق سالغاچ تەختكە چىقىپ ئولتۇرۇپ بۇيرۇق قىلدى، — ئۇلارنىڭ ھاكىمبەگلىك ۋە بەگلىك تونلىرى سالدۇرۇۋېلىنسۇن!

تونلىرى سالدۇرۇۋېلىنغاندىن كېيىن نەجمىدىنبەگ هوشىدىن كەتتى. ئۇنىڭ چېچى چۈشۈرۈلگىنىگە ئۇزۇن بولمىغان يوغان بېشى ئورۇۋېلىنغان بىدىنىڭكىدەك كۆككۆرۈپ تۇراتتى. جەمشىتبەگنىڭ تاز ئىكەنلىكىنى بىرىنچى قېتىم كۆرۈشكەن ئادەملەر ئۇنىڭغا لەنەت ئوقۇدى. قىشتا قاما تۇماق، يازدا بۆكنى چۆككۈرۈپ كىيىپ، تۇماقلىرىنى هېچكىمگە كۆرسەتمەي كەلگەچكە، بۇ مەككار ئەمەلدارنىڭ تاز بولۇپ چىققىنى كىشىلەرنى بىر ئاز هەيران قالدۇردى.

— جامائەت، بۇ ئىككى تۈز كور ئەمەلدارنىڭ جىنايەتلىرىنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاپ كۆرگىنىمىزدە، پارا ئېلىپ، ئالداپ، قورقۇتۇپ قاقتى - سوقتى قىلىپ، ئۆزىنىڭ دىنىي قېرىنداشلىرىنى زىيانغا ئۇچراتقانلىقى ئىسپاتلاندى، شۇنىڭ ئۈچۈن «قۇرئان كېرىم» نىڭ هۆكمى بويىچە، بۇ ئىككى هارام تاماق قىرىق دەررە ئۇرۇلغاندىن كېيىن ئۆمۈرۋايەت زىندانغا تاشلانسۇن!

ئابدۇرېشىتخاننىڭ بۇ هۆكۈمى جامائەتنى پۇخادىن چىقاردى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىن بىر تورى

# ئون بىرىنچى باب

# تىنچسىز يىللار

## 1

سەئىدخان يازنىڭ ئاخىرىدىراق ئەنجاندىن قايتىپ كەلدى. ئۇ قاتتىق چارچىغاندەك قىلاتتى. ئابدۇرېشىتخان باشچىلىقىدا قارشى ئېلىشقا چىققان مىڭلىغان خالايىق ئامانلىق تىلەپ، سالام بەرگەندە ئۇنىڭ ھاردۇقى چىقاندەك بولدىيۇ، ئائىلە تاۋابىئاتلىرى بىلەن دىدار كۆرۈشكەندىن كېيىن بىردىن قىزىتىپ يېتىپ قالدى. كونىلار «يول ئازابى ـ گۆر ئازابى» دەپ بىكار ئېيتمىغان ـ دە، ئۇ يەتتە ئايدىن بېرى ئات ئۈستىدىلا يۈردى. يەتتە سۇ دىيارىنى بېسىۋالغان قالماقلارنى ئىرتىش دەرياسىنىڭ شىمالىغا قوغلىۋەتتى، ئۇ يەردىن قايتىپ ئارا تۆپىگە، ئاندىن ئەنجانغا باردى، مومىسى ئېسەن دۆلەتبېگىم مەقبەرىسىگە چىقىپ، قۇرئان تىلاۋەت قىلىپ بىر كېچە تۈنىدى. جەيھۇن دەرياسى بويىدا قېيىنئاتا ـ قېيىنئانىلىرىنىڭ مەقبەرىسىگە بېرىپ، قاناتبەگ بىلەن بىللە پاتىھە ئوقۇدى، ئەل ـ جامائەت بىلەن كۆرۈشتى...

سەئىدخان كۆزىنى ئېچىپ، بېشىدا قاراپ ئولتۇرغان تېۋىپ نۇرىدىن ئابدۇۋاھىت زوھۇرى بىلەن قازى شەمشىدىن ئەلىنى كۆردى.

— ئالىيلىرى، ئۆزلىرىنى قانداق سېزىۋاتىلا؟ — دەپ سورىدى سەل ئېگىشكەن زوھۇرى سەئىدخاننىڭ مۇزدەك تەر تەپچىرەپ تۇرغان پېشانىسىنى تۇتۇپ تۇرۇپ.

— ئەلھەمدۇلىللا شۇكرى، ناھايىتى ئوبدان سىزىۋاتىمەن.

— قىزىتمىلىرىمۇ چۈشۈپتۇ، — زوھۇرى سەئىدخاننىڭ بېغىش تومۇرىنى تۇتتى، — تومۇرلىرىنىڭ سېلىشى ئوبدان، ساقىيىلا شاھىم. كېزىك بولۇپ قالغانلىرىنى ئاللا بىزگە بىلدۇرگەندىن كېيىن كۆپ ئەندىشە قىلغانىدۇق.

— ئاللانىڭ ئىنايىتى بىلەن ئىككىلىرى جان كۆيدۈرۈپ داۋالاشلا ئەمەسمۇ؟ — سەئىدخان بېشىنى كۆتۈرۈپ ئولتۇردى.

— شەمشىدىن ئەلى گۈل چېكىلگەن كىچىك خۇمىرىدىن نەقىشلىك كۈمۈش جامغا شاتۇتىنىڭ شەربىتىنى قۇيدى.

— خان ئالىيلىرى، بۇنى ئىچىۋەتسىلە.

سەئىدخان جامنى قولىغا ئېلىپ «بىسمىللا» دەپ سۇمۇرۇپ - سۇمۇرۇپ ئىچتى. مۇزدەك شەربەت ئۇنىڭ تېنىنى ھۇزۇرلاندۇردى.

— رەھمەت، دېدى سەئىدخان، — ئەمدى مەن ياتىۋەرمەي ئەمچىلىرىم. ئادەم بىر كۈن سالامەت بولىدىكەن، بىر كۈن ھەرىكەت قىلىشى كېرەك. خەيرلىك ھەرىكەت ئەل - يۇرتىمىزنىڭ سائادىتىدۇر. بۇ سائادەتتىن بىر مىنۇت ئايرىلىشنى زىنھار خالىمايمەن، — ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ئىككى دۆكار تېۋىپكە ساقايغانلىقىنى نامايان قىلدى، — كۆڭلۈم تاماق تارتىۋاتىدۇ، بىرگە غىزالىنايلى.

— ياخشى يېمەك ئىنسانغا كۈچ، ئەقىل ئاتا قىلىدۇ شاھىم، تائامدىن قېلىش رىزىق ئۈزۈلگەنلىكىنىڭ ئالامىتى. خۇدا ھېچ بەندىسىنى بىۋاقىت رىزقىدىن ئايرىمىسۇن، — دېدى زوھۇرى سەئىدخاننىڭ ياش يىگىتتەك تىمەن قامىتىگە نەزەر سېلىپ.

— شاھىم، سەئىد مۇھەممەد مىرزا بىلەن مىرزا ھەيدەر

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

جانابلىرى ئۆزلىرىنى يوقلاپ كەلگەنىكەن، كىرسۇنمۇ؟ — ئىشىكتىن كىرىپلا تەزىم قىلدى خاس مەھرەم ئوبۇل ئەلاخان.

— كىرسۇن! — دېدى سەئىدخان ئاسقۇدىكى يالاڭ يىپەك تونىنى ئېلىپ كىيىۋېتىپ.

سەئىد مۇھەممەد مىرزا بىلەن مىرزا ھەيدەركوراگان كىرىپ، سالام بەجا كەلتۈرۈشتى:

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، مۇبارەك بولسۇن شاھىم.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام قەدىردانلىرىم، — سەئىدخان ئاۋۋال ئەمىر كەبىر، قەشقەر دىيارىنىڭ ئالىي ھاكىمى سەئىد مۇھەممەد بىلەن ئاندىن ئۇستازى، دوستى ھەم باش ۋەزىرى بولغان مىرزا ھەيدەر كوراگان بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى، — ئۈچ كۈندىن بېرى مۇبارەك دىدارىڭلارنى كۆرۈشكە شۇنچە مۇشتاق بولدۇم، ئاخىر بۈگۈن سىلەرنى ئىزدەپ بارماقچى بولۇپ تۇرۇۋىدىم.

— رەھمەت خان ئالىيلىرى، ئىش بىلەن بولۇپ كېلەلمىگەن بولساقمۇ، ئەتىگەن — ئاخشامدا سۇلتان ئابدۇلرەشىدخاندىن سالامەتلىكلىرىنى سوراپ تۇردۇق. نەچچە كۈندىن بېرى ئالىيلىرىنى يوقلاپ كەلگەن ئالىملار، ئەدىبلەر، مۇسىقا ئۇستازلىرى، تىجارەتچى، ھۈنەرۋەنلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىگەنلىكىنى كۆرۈپ ناھايىتى تەسىرلەندۇق. ھەقىقەتەنمۇ مەيدانىي ئادالەتتە مۇبارەك جاماللىرىنى كۆرۈشكە خەلق شۇنچە تەقەززا بولماقتا. تاغام ئەمىر كەبىر سەئىد مۇھەممەد مىرزىمۇ سۇلتانلىق تەختىگە چىقىشلىرىنى كۈتۈپ، قەشقەرگە قايتماي تۇرۇۋاتىدۇ، — دېدى مىرزا ھەيدەركوراگان بىر نەۋرە ئىنىسى بولغان سەئىدخانغا مېھرى بىلەن تىكىلىپ.

— پېقىرلا ئەمەس، پۈتۈن مەملىكەت خەلقى ئۆزلىرىنىڭ سۇلتانلىق تەختىدە ئۆمۈرۋايەت ئولتۇرۇپ، يېڭىۋاتقان ئادالەت چىرىغىنى داۋاملىق ئېگىز كۆتۈرۈشلىرىنى ئۈمىد قىلىدۇ شاھ

ئالىيلىرى. شىپا تېپىپ، تەختتە بەرقارار بولغانلىقلىرى توغرۇلۇق قەشقەر ئەھلىگە خۇش خەۋەر ئېلىپ كېتەي، دەپ تۇرۇۋاتىمەن، — دېدى سەئىد مۇھەممەدمۇ ياخشى تىلەكنى بىلدۈرۈپ.

— ئاغىلار، بۇ ئۈمىدىڭلاردىن چىقىش مېنىڭ سائادىتىم، ھازىرلا چىقىپ تەختتە ئولتۇرسام بولىدۇ، ۋەھالەنكى كۆز ئېيىنىڭ بېشى كىلەر ھەپتىنىڭ چاھار شەنبە كۈنىگە توغرا كېلىدىكەن. شۇ كۈنى ئەتىگەندە تەختكە چىقسام قۇتلۇق بولغۇسى، دېگەن ئويدا تەخىر قىلغانىدىم. چۈنكى، ئۆمرۈمنىڭ باھار، يازى كەتتى كۈزى يېتىپ كەلدى. ئوغلۇم ئابدۇلرەشىدخان نائىپ سۇلتانلىقنى يەنە بىر ھەپتە داۋاملاشتۇرسۇن. ئاڭلىسام ئۇ ئادالەتنى جارى قىلدۇرۇپتۇ. بۈگۈندىن ئېتىبارەن ئاۋام ئارىسىدا بولىمەن. ھەربىرلىرى بىلەن بىرگە غىزالىنىپ، ھەيدەر باغقا باراي دەيمەن. ئالىملار، ئەدىبلەر، مۇغەننىلەر بىلەن ھەم سۆھبەتتە بولمىغىلى بىر يىلغا يېقىن بولاي دېدى، ئۇلارنى سېغىنىپتىمەن.

سەئىدخان ئوبۇل ئەلاخاننى چاقىردى ۋە ئۇنىڭغا ئەتىگەنلىك تاماق كەلتۈرۈشنى بۇيرۇدى.

سەئىدخان كېسەل بولۇپ يېتىپ قالغاندىن بۇيان بۇنداق ئىشتەي بىلەن تاماق يېمىگەنىدى. دەسلەپ ساپ ھەسەلدىن ئىككى قوشۇق سېلىپ بىر پىيالە چاي ئىچتى. ئاندىن بىر چىنە قېتىق بىلەن يېرىم ئاق نان يېدى. كۆك ماش، نوقۇت، قىرغاۋۇل گۆشى، قارا ئۆرۈك، چامغۇر سېلىپ ئەتكەن شوۋىگۇرۇچتىن بىر ھېجىر ئىچتى. ئاخىرىدا مەززىلىك دەملەنگەن چاي بىلەن سوغۇق گۆشتىن بىر پارچە يەپ، ھەمراھلىرىنى كۆپرەك ئىستېمال قىلىشقا دەۋەت قىلدى.

سەئىدخان خاس قەسرىدىن چىققاندا كۈن خېلىلا كۆتۈرۈلۈپ قالغانىدى. كۈزنىڭ خەۋەرچىسى بولغان سالقىن شامال

دېرىزىلەرنىڭ دەرپەردىلىرىنى يەلپۈندۈرۈپ، ئۇنىڭ مىسىر شايىسىدىن تىكىلگەن يەكتىكىنىڭ پەشلىرىنى قايرىدى. ئۈچ ئات قوشۇلغان شاھ ھارۋىسى قەسىر ھويلىسىنىڭ ئەگمە كۆڭگۈرلۈق دەرۋازىسى ئالدىدا تۇراتتى.

— بىز پىيادە ماڭساق دەيمەن. قايتىپ كەلگەندىن بېرى ئەتراپنى تۈزۈك كۆرگىنىم يوق، ئۇنىڭ ئۈستىگە، يۇرتداشلىرىمنى سېغىندىم.

— خوپ شاھ ئالىيلىرى، — دېيىشتى مىرزا ھەيدەر كوراگان بىلەن سەئىد مۇھەممەد مىرزا.

ئۇلار مۇھاپىزەتچى ياساۋۇللارنى قايتۇرۇشتى ۋە سەئىدخان بىلەن بىللە ئىككى قاسىنىقىدا ئارچا دەرەخلىرى كۆككۆرۈپ تۇرغان غىشلىق يولدا يۈرۈپ كەتتى. لىپمۇلىق سۇ ئېقىۋاتقان ئېرىق ئۈستىگە سېلىنغان ئەگمە كۆۋرۈكتىن، گۈلئېرام ئوردىسىنىڭ بېغى ئالدىدىكى نۆكەرلەرنىڭ مەشق مەيدانىدىن ئۆتۈپ، ھەيۋەتلىك دەرۋازىئي مەغرىبتىن چىقتى، مەيدانىي ئادالەتنىڭ چىملىرى تېخى كۆكەرمىگەنىدى. گۈلزارلار، دەل ـ دەرەخلەر ئەمدىلەتىن بىخ سۈرمەكتە ئىدى. كىشىلەر ئۇياقتىن ـ بۇياققا ئۆتۈشۈپ تۇراتتى. سەئىدخان ئۇچرىغانلا ئادەم بىلەن كۆرۈشۈپ، ئەھۋال سوراپ، ھەيدەرباغنىڭ كۆركەم ئەگمە دەرۋازىسىغا بىر دەمدە يېتىپ كەلدى. باغ ئىچى تاقىر ئىدى. تاللار بىدىشتىن ئېلىنىۋاتاتتى. قۇچقاچ، تۇمۇچۇقلار قۇرۇق شاخلاردا ۋىچىرلىشاتتى. باغ ئىچى ناھايىتى تازا بولۇپ، خىشلىق يوللىرىنىڭ ئىككى قاسىنىقىدىكى قويۇق تىكىلگەن قارىياغاچلار مۇغازاڭ تاشلاشقا باشلىغانىدى. شاھمات تاختىسىدەك تەرەپ ـ تەرەپكە كەتكەن پاكىز يوللارغا نەزەر تاشلىغان سەئىدخاننىڭ كۆز ئالدىغا سەمەرقەنت، تاشكەنتتىكى باغچىلار كەلدى، ئۇ «ئۇبدان رەتلىنىپتۇ. 3 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرى ياپىيېشىل تۈس ئېلىپ، كۆڭۈللەرنى مەھلىيا قىلغۇدەك. يوللار چېتىگە ئەنجاندىن

كەلتۈرۈلگەن قوقان گىلاس، پىستە، بادامىلار تىكىلسە تېخىمۇ گۈزەللىشىپ كەتكۈدەك» دەپ ئويلاپ، بۇ ئارزۇسىنى مىرزا ھەيدەرگە ئېيتتى.

— ياخشى ئويلاپلا شاھىم. ئارتۇچ ئەنجىرى، بەشكىرەم ئانارى، قەشقەرنىڭ ئەش شاپتۇلىدىنمۇ ئېلىپ كېلىپ كۆچۈرسەك بۇ باغ جەننەتنىڭ ئۆزى بولۇپ كېتەرئىدى. سۇلتان ئابدۇلرەشىدخان يەركەن شەھىرىگە كىمبەگ قىلىپ تەيىنلىگەن ئوسمانبەگ ناھايىتى قابىل ئادەم، ئۇنىڭغا تاپشۇرسىڭىز بۇ باغنى سەمەرقەنت باغلىرىدەك ياشنىتىۋېتىدۇ.

— پايتەختتىكى باغلار ئاۋام ئۈچۈن ئازلىق قىلىدۇ ئاغا، يەنە بىر قانچە باغ بىنا قىلىش كېرەك. پايتەختتىكى ھەربىر ئائىلىنىڭمۇ بىردىن بېغى بولسا دەيمەن، — دېدى سەئىدخان ئۆزىگە قارىغان مىرزا ھەيدەرنىڭ مۇرىسىگە قولىنى قويۇپ.

ئۇلار ئالىملار قىزىق بەس - مۇنازىرە قىلىشىۋاتقان كۆل بويىدىكى راۋاققا چىقىشتى، خاننىڭ ۋەزىر - ۋۇزرالار بىلەن ئۇشتۇمتۇت كېلىشى ئەھلى بىلىمنى چۆچۈتتى ھەم ھودۇقتۇرۇپ قويدى.

ئەھلى بىلىم مۇتالىيە قىلىۋاتقاندا، سۇلتان مىرزا ئابابەكرىنىڭ بىر قانچە قېتىم باستۇرۇپ كىرىپ، بەزىلەرنى تۇتقۇن قىلىپ، بەزىلەرنى ئۆلۈمگە بۇيرۇغانلىقى پېشقەدەم ئالىملار، ئەدىبلەر، مۇسىقا ئۇستازلىرىنىڭ ئېسىدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتمىگەنىدى، شۇڭا ئۇلار ئالمان - تالمان ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ تەزىم قىلىشىپ تىنچلىق سوراشتى. سەئىدخان ھال - ئەھۋال سوراپ:

— ۋاقىتسىز كېلىپ، ھەربىرلىرىنى بىئارام قىلغانلىقىمنى كەچۈرۈشكەيلا، ھەربىرلىرىنىڭ شېرىن - سۇخەن سۆھبەتلىرىنى سېغىنىپ كەلدىم، — دېدى.

سەئىدخان خۇش تەبەسسۇم بىلەن ئەھلى بىلىمنى

ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى. ئۆزىمۇ ھەمراھلىرى بىلەن ئۇلارنىڭ ئارىسىغا كىرىپ ئولتۇردى، سىرداشتى، پېشىن، ئەسىر نامازلىرىنى بىرگە ئوقۇپ، چۇشلۇك، كەچلىك تاماقتا ئۇلار بىلەن بىللە بولدى. ھال - مۇڭىنى تىڭشاپ، ئارزۇ - تىلەكلىرىدىن خەۋەر تېپىپ، روھى كۆتۈرۈلگەن ھالدا قەسىرگە قايتىپ كەلدى. ھەر كۇنكىدەك ئىشىك ئالدىدا ئابدۇرېشىتخان كۇتۇۋالدى.

— بالام، بۇگۇن مەن ناھايىتى خۇرسەن، ئالىملارنىڭ، مۇغەننىلەرنىڭ سۆھبىتىگە داخىل بولۇپ، روھىم كۆتۈرۈلۈپ قالدى. سىلىنىڭمۇ ياخشى تەرىپلىرىنى ئاڭلاپ ناھايىتى سۆيۇندۇم. ۋەلى ئەھدىم[1]بولۇشقا مۇناسىپ ئىكەنلا.

— رەھمەت خان ئاتا، ئىشەنچىلىرىگە داغ چۇشۇرمەيمەن. سەئىدخان شاھزادىنى قۇچاقلىدى.

## 2

سۇلتان سەئىدخان بۇ يىلقى كۇز ئېيىنىڭ دەسلەپكى كۇنى بولغان چاھارشەنبە، ئەتىگەنلىك چاينى ئىچىپلا سۇلتان سارىيىدا تەختكە چىقتى. ئۇ چۇشۇرگەن بىرىنچى يارلىق: ئابدۇرېشىتخاننى يەتتەسۇ، ئىسسىق كۆل دىيارىغا خان قىلىپ ئەۋەتىش توغرىسىدىكى پەرمان بولدى. شاھزادە شۇ كۇنى پېشىن نامىزىدىن كېيىنلا خاس نۆكەر، سىپاھلىرى بىلەن يولغا چىقىپ كەتتى. ئەمىر كەبىر سەئىد مۇھەممەد قەشقەرگە قايتتى.

ئەنجاندىن كېلىپلا ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغان قاناتبەگنىڭ كېسىلى كۇندىن - كۇنگە ئېغىرلىشىپ، ئورنىدىن تۇرالماي قالدى. ئوردا تېۋىپى ھەكىم ئابدۇۋاھىت زوھۇرى ئۇنىڭ قارا

[1] ۋەلى ئەھدى - ئىز باسار دېگەن سۆز.

كېزىك بولغانلىقىنى ئېيتىپ، جىددىي داۋالاشقا كىرىشتى. لېكىن، قاناتبەگنىڭ قىزىتمىسى زادىلا چۈشمىدى، كۈندىن - كۈنگە ياداپ، سۆزدىنمۇ قالدى. گۈلسۇرۇخ بانۇ ئۇنىڭ بېشىدا پايپېتەك بولۇپ، پۈتۈن كېيىم - كېچەكلىرىنى ئۇنىڭ بېشىدىن ئۆرۈپ سەدىقە قىلغان بولسىمۇ، ئېرىنى كەلگەن قازادىن قۇتقۇزۇپ قالالمىدى. قاناتبەگ بىر يىل يېتىپ، ئاخىر بولالماي بۇ يىل ياز قازا قىلدى. سەئىدخان بۇ شىجائەتلىك قېيناكىسىنىڭ ئۆلۈمىنى ئۆزى ئۇزاتتى. گۈلسىما سۇلتانبېگىم يەڭگىسى گۈلسۇرۇخ بانۇ بىلەن مۇسىبەت قايغۇسىغا چۆمدى. ئۇ مېھرىبان ئاكىسىنىڭ ئۆزىنى، بالىلىرىنى تاشلاپ كەتكىنىگە چىدالماي، قار - يامغۇر يىغلاۋاتقان يەڭگىسىنى ھەر قانچە جان كۆيدۈرۈپمۇ تەسەللىي تاپقۇزالمىدى. «ئۆلۈملا ئىنسانلارنى بىر- بىرىدىن مەڭگۈ ئايرىدىغان قورقۇنچلۇق تەقدىر قىسمەت. بۇ تەقدىر - قىسمەت ئىنسانلارنىڭ قەدرى - قىممىتىنى ئاشۇرۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۇلارنىڭ ھاياتقا بولغان مېھىر - مۇھەببىتىنى يىلىسىرى كۈچەيتىدىكەن...» دەپ ئويلىغان سەئىدخان ھەر پەيشەنبە سەھەر خان جەمەتى قەبرىستانلىقىغا بېرىپ، مەرھۇم قاناتبەگ بېشىدا خەتمە قۇرئان قىلىپ، دۇئا قىلىپ كىرەتتى. بۈگۈنمۇ قەبرىستانلىقتىن يېنىپ گۈلئېھرام ئوردىسىغا كىرگەندە، پۈكۈلۈپ تەزىم قىلغان مىرزا ئەلى تاغايى بىر مەكتۇپنى سۇندى.

— شاھا، سۇلتان ئابدۇلرەشىدخان ئالىيلىرى ئەۋەتىپتۇ.

سەئىدخان خەتنى دىۋانخانىدا تۇرۇپلا ئوقۇدى:

«ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللانىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم.

جانابىي ھۆرمەتلىك شاھىنشاھ پەدەر بۇزرۇكۋارىمغا:

ئاللادىن سالامەتلىك ۋە نۇسرەت تىلەپ شۇنى مەلۇم

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

قىلىمەنكى، ماڭغىتلار[①]بىلەن جەڭ قىلىپ مەغلۇپ بولغان قېيناكام تاھىرخان پاناھلىق تىلەپ ئالدىمغا كەلگەنىكەن، ئۇنى ئىززەت - ئىكرام بىلەن كۈتۈۋېلىپ، يەر، سۇ، يايلاق بەرگەندىم، ئەمىرمۇھەممەدبېك ئۆتكەن يىلى قازا قىلغاندىن بېرى، بىر بۆلۈم قىپچاق - قىرغىزلار قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ خانلىقىمىزغا بويۇنتاۋلىق قىلىپ كېلىۋاتاتتى. تاھىرخان ئەنە شۇ قىپچاق - قىرغىزلار بىلەن خۇپىيانە تىل بىرىكتۈرۈپ لەشكەر توپلاپ، قوچقار بېشىدىكى بارگاھىمىزغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلدى، مەن چېكىنىپ ئات بېشى قىشلىقىغا كەلدىم. ھازىر شۇ يەردە تۇرۇۋاتىمەن. ياردەمگە لەشكەر ئەۋەتىشلىرىنى ئۆتۈنىمەن.

ئاللا سىلىنى سالامەت قىلغاي خان ئاتا. ئانام بۇ خېتىمدىن خەۋەر تاپمىسۇن، ئەنسىرەپ، ياش تۆكۈشىنى خالىمايمەن.

خەير، ئاللاغا ئامانەت.

ھۆرمەت بىلەن

پەرزەنتلىرى ئابدۇلرەشىدخان»

سەئىدخان مەكتۇپنى ئوقۇپ بولۇپ، گەپمۇ قىلماي سۇلتان سارىيىغا كىرىپ تەختكە چىقتى ۋە:

— مىرزا ھەيدەر ئاغام كەلدىمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— قاراپ باقاي شاھىم، — دېدى پايپاسلاپ كىرگەن مىرزا ئەلى تاغايى ۋە ئارقىسىچە مېڭىپ دىۋانخانىغا چىقتى. بىردەم تۇرۇۋىدى، تاشقىرىدىن مىرزا ھەيدەر كىردى. ئېگىلىپ سالام بېرىپ، سۇلتانىنىڭ كۈتۈپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى ئېيتتى.

مىرزا ھەيدەر كوراگان بۇ سۆزنى ئاڭلاپلا سۇلتان سارىيىغا كىردى.

— خان ئالىيلىرى كېچىكىپ قالدىم، كەچۈرگەيلا.

ياق، تازا ۋاقتىدا كەلدىڭىز ئاغا، — دېدى سەئىدخان

---

① ماڭغىت - قەبىلە نامى.

مەكتۇپنى ئۇزىتىپ، — ئىسسىق كۆل دىيارىغا بىر بىرىپ كېلىشىڭىزگە توغرى كېلىۋاتىدۇ.
— لەشكەر ئېلىپ بارامدىم؟ — سورىدى خەتكە كۆز يۇگۇرتۇپ چىققان مىرزا ھەيدەر.
— ئەلۋەتتە، بىر تۇمەن.
— خوپ شاھىم. ئۈچ كۈن ئىچىدە تەييارلىقنى تۈگىتىپ يولغا چىققايمەن، ئىنشائالla، ئىجازەت بەرگەيلا.
— خۇداغا تاپشۇردۇم ئاغا.
سەئىدخاننىڭ كۆزلىرىدە ياش لىغىلدىدى، ئۇنىڭ قەيەرگە بارسا بىرگە بولىدىغان بۇ قەدىردان بۇرادىرىدىن ئايرىلىشقا كۆزى قىيماي ۋاتاتتى. ئۇ تەختتىن چۈشۈپ، ئوردا ئالدىغىچە چىقىپ ئۇزىتىپ قويدى.
سەئىدخان ئابدۇرېشىتخاندىن مەكتۇپ كۈتۈپ، بىساقەت بولۇپ تۇرغان كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئاكىسى مەنسۇرخان ئەۋەتكەن چاپارمەن كەلدى. ئۇ مەكتۇپ ئېلىپ كەلگەنىدى.
«ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، باھادىر خان ئىنىم، — دەپ يازغانىدى مەنسۇرخان، — گەرچە ئارىلىقىمىز يىراق بولسىمۇ، قېرىنداشلىق رىشتى كۆڭلىمىزنى يېقىن قىلغاندۇر. جانابىي ئاللا جەمەتىمىزگە شۇنداق كاتتا زېمىنگە ئىگىدارچىلىق قىلىشنى نەسىپ قىلغانىكەن، ئۇنى ساقلىماق، ئاسرىماق، گۈللەندۇرمەك بۇرچىمىز. بۇنى ئويلىسام سىز خان ئىنىمغا ئاپىرىن ئېيتماي تۇرالمايمەن. ھالبۇكى، گۆھەر زېمىنىمىزگە ھەر تەرەپتىن قارا قوللار ئۇزىتىلماقتا. بۇ خەتنى يېزىشىمدىكى مەقسەت، قاراقوللار يىراقتىن سوزۇلۇپلا قالماي، بەلكى زېمىنىمىزگە بېسىپ كىرىپ يايلاقلىرىمىزنى ئىگىلەپ ئالدى. خان ئىنىم، بۇلار كىم دېسىڭىز، بىزنىڭ قېرىندىشىمىز بولغان قىرغىزلاردۇر. ئۇلار ئالاتاغدىن ئۆتۈپ، كۈنەس يايلىقىغىچە بېسىپ كەلدى. ۋاقتىدا توسۇپ زەربە بەرمىسەك قازاق

قەبىلىلىرى بىلەن بىرلىشىپ، باينبۇلاق دىيارىنى بېسىپ ئېلىشى مۇمكىن. خان ئىنىم، جىددىي ھەرىكەتكە كېلىپ، خانلىقىمىز زېمىنىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن قوغدىشىڭىزنى تەۋسىيە قىلىمەن.

جانابىي ئاللا سىزگە مەدەتكار بولسۇن،

كامال ئېھتىرام ئىلە مەنسۇرخان».

سەئىدخان مەكتۇپتىن كۆزىنى ئېلىپ ئويغا چۆمدى. «ئاكام پۈتۈن كۈچىڭىز بىلەن قوغدىشىڭىزنى تەۋسىيە قىلىمەن، دەپتۇيۇ، ئۆزىنىڭ قانداق قىلىۋاتقانلىقى توغرىسىدا ھېچنىمە يازماپتۇ. بۇ نېمە ئۈچۈن؟ كۈنەس دىيارى ئاكامغا تەۋە زېمىنغۇ ۋە يا ئۇ مېنى پۈتۈن موغۇلىستاننىڭ باش خانى، دەپ ھېسابلىمىدىغاندۇ؟ ئەجەبا...»

سەئىدخان كېچىچە ئويلاپمۇ مەنسۇرخان ئەۋەتكەن مەكتۇپنىڭ تېگىگە يېتەلمىدى. ئەمما، ئۇ مەملىكەتنىڭ پۈتۈنلىكىنى قوغداشتىن ئىبارەت بۇرچىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن ئاتلىنىش قارارىغا كەلدى. ئۇ ئەمىر كەبىر، شۇنداقلا قەشقەرنىڭ ئالىي ھاكىمى بولغان سەئىد مۇھەممەد مىرزىنىڭ بىر تۈمەن نۆكەرنى سەپراس قىلىپ تۇرۇشنى ئۇقتۇرۇپ پەرمان ئەۋەتىپ، يولغا چىقىش تەييارلىقىغا كىرىشتى. ئۇرنىغا ئىسكەندەر سۇلتاننى نائىپ خان قىلىپ، باش كۆزدە بىر تۈمەن لەشكەر بىلەن يولغا چىقتى. ئۇ قەشقەرگە كېلىپ، سەئىد مۇھەممەد تەييار قىلىپ تۇرغان بىر تۈمەن نۆكەرنى ئېلىپ توختىماي ماڭدى.

مىرزا ئەلى تاغايى سەئىد مۇھەممەدنىڭمۇ سەئىدخانغا ھەمراھ بولۇپ ئاتلانغىنىدىن كۆڭلىدە نارازى بولدى. ئۇ «بۇ مىرزا خاننىڭ ئىشەنچىسىگە ئەجەب ئېرىشىۋالدى، قەيەرگە بارسام شۇ يەردە كۆشەندە بولۇپ، مېنى چەتكە قاقىدۇ، خانغا يېقىنلاشقىلىمۇ قويمايدۇ. خەپ، توختاپتۇر ئەمىر كەبىر،

دەۋران سۈرىدىغان چاغلىرىڭ كۆپ قالمىدى. . . » دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى ۋە چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ تۇرۇپ كۈلدى:

— ئەمىر كەبىر ھەزرەتلىرى، خانغا ھەمراھ بولغانلىرى نۇسرەت قازىنىدىغانلىقىمىزنىڭ ئالامىتى. ئېلىمىزدە ئۆزلىرىگە يېتىدىغان سەركەردە يوق.

— ماختاش ـ ماختىنىش — ئاللانىڭ ئۆزىگە خاس ئىشىك ئاغىسى. سەئىدخانغا ھەمراھ بولۇشنى ھەربىر سادىق نۆكەردەك بۇرچۇم دەپ بىلىمەن. ئەمىر كەبىرلىك سۈپىتىم بىلەن چېكىنىمەي جەڭ قىلالىسام ئاندىن ئەلنى رازى قىلالايمەن. ئارزۇيۇم ئەلگە ئىمىنلىك بەخش ئېتىش. سىزنىڭ ئارزۇيۇڭىزمۇ باشقىچە بولمىسا كېرەك، — دېدى سەئىد مۇھەممەد.

— ئەلۋەتتە، ئەلۋەتتە ئەمىر كەبىر، ئىككىمىزنىڭ نىيىتى ئوخشاش ئىكەن، — دېدى مىرزا ئەلى تاغايى.

— سەئىد مۇھەممەد جاۋاب قايتۇرغۇچە تاغايى «نۆكەرلەر سىپىنى ئارىلاپ كېلەي» دەپ، ئېتىنىڭ بېشىنى بۇراپ ئارقىسىغا قارىماي كېتىپ قالدى. ئاقسۇغا كەلگەندە سەئىدخاننىڭ ئالدىغا چىققان ئىمىن خوجا سۇلتانغا ئالاھىدە ھۆرمەت بىلدۈرۈپ، پۈتۈن ئامالىلار بىلەن ئۇنىڭغا يېقىنلىشىش كويىدا بولدى. سەئىدخان ئاتا ـ ئانىسىنىڭ قەبرىسىگە چىققاندا، مىرزا ئەلى تاغايى ياش تۆكۈپ قىرائەت قىلدى.

سەئىدخان ئاقسۇدا لەشكەرلىرىنى بىر ھەپتە دەم ئالغۇزۇپ ئاتلاندى. ئىمىن خوجا سۇلتانمۇ سەپراس بولغان بەش مىڭ نۆكەر بىلەن بىللە ماڭماقچى بولغاندا مىرزا ئەلى تاغايى:

— سۇلتان ئالىيلىرى، پايتەختتە تېخى بېشىدىن ئىش ئۆتمىگەن ياش شاھزادە قالدى. ئۆزلىرى ئاقسۇدا تۇرۇپ بەرسىلە، پۈتۈن ئەلگە مەدەت بەرگەن بولىلا. شاھىنشاھ

سەئىدخان ھەزرەتلىرىگە ئاۋۋال ئاللا، ئاندىن قالسا بىز ھەمراھ بولۇرمىز، — دەپ ئۈنى توستى.

ئىمىن خوجا سۇلتانىنىڭمۇ سەپەر ئازابىنى تارتقۇسى، جان قايغۇسىدا جەڭ قىلغۇسى يوق ئىدى. تاغايىنىڭ سۆزى ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى مۇددىئاسىنى ئىپادىلىگەنىدى.

— خان ئاكامغا ھەمراھ بولغۇم بار ئىدى، — دېدى ئۇ ئويلىنىپ قالغان سەئىدخانغا قاراپ. سەئىدخان:

— سىز قېلىڭ ئىنىم، دۇئاگۇي بولغاندىكىن دۇئا قىلىپ تۇرۇڭ، — دېدى - دە، ئارتۇقچە سۆز قىلماي ئېتىغا قامچا ئۇردى.

شۇ ماڭغانچە بايىنبۇلاق داۋىنىدىن ئۆتۈپ، كۇنەسكە يېتىپ كەلدى.

— بىز ھەيۋە قىلىپ، ئىلاجى بار قان تۆكمەيلى. قىپچاق - قىرغىزلار بىزگە دۇشمەن ئەمەس، قېرىنداش، بۇ سۆزۈمنى ئېسىڭلاردا تۇتۇڭلار، — دەپ سەئىدخان سەركەردىلەرگە قاتتىق تاپىلىدى.

ئاۋۋال يايلاقلارنى ئىگىلىۋالغان قىپچاق - قىرغىزلار سەئىدخاننىڭ شۇنچە كۆپ لەشكەر باشلاپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ، تېز چېكىنگىلى تۇردى. بىر تەرەپتىن جەڭ قىلىپ، بىر تەرەپتىن چېكىنگەن قىپچاق - قىرغىزلار ئون تۈمەندىن ئارتۇق قوي، ئات، كالىلىرىنى قالدۇرۇپ كەتكەنىدى.

مىرزا ئەلى تاغايى بۇ مىسلىسىز زور ئولجىنى جەنۇبقا يولغا سالماقچى بولۇۋېدى، سەئىدخان سەئىد مۇھەممەد مىرزىنىڭ مەسلىھەتى بىلەن قوي، كالىلارنىڭ كۆپ قىسمىنى يەرلىك كىشىلەرگە تەقسىم قىلىپ بېرىپ، ئازغىنا قىسمىنى يولدا ئوزۇق قىلىش ئۈچۈن ئېلىۋېلىشقا يارلىق چۈشۈردى. ئاتلارنىڭ چاپقۇرلىرىنى تاللاپ، نۆكەرلەرگە بەردى، قالغانلىرىنى يەرلىك خەلققە ئىنئام قىلىۋەتتى.

— شاھا، ئاكىلىرى مەنسۇرخان، ئىنىلىرى ئىمىن خوجا سۇلتانلارغا ئات، كالىلاردىن ئەۋەتسەك، زەپەر تاپقىنىمىزدىن ئۇلار خەۋەر تاپقان، بېشى كۆككە يەتكەن بولاتتى، — دېدى ئىچى ئېچىشىپ كەتكەن تاغايى سەئىدخاننىڭ بۇنداق كەڭ قوللۇقلىقىغا چىدالماي.

— ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام دەۋرىدىن باشلاپ، ئولجا ـ غەنىيمەت جەڭگە قاتناشقانلارنىڭ بولغان، ئاقسۇدىن بىزگە قوشۇلۇپ كەلگەنلەرگە ئات تەقسىم قىلىپ بېرىلدىغۇ، تۇرپاندىن ئادەم كەلمىدى، شۇڭا ئەۋەتىشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق ئىشلەك ئاغىسى، تېگى ـ تەكتىدىن ئالغاندا، ئولجا ئاۋام خەلققە مەنسۇپ.

— شۇنداق ئالىيلىرى، مەن خاتا ئويلاپتىمەن، — مىرزا ئەلى تاغايى ھۆپپىدە ئېسىلىپ، بارگاھتىن ئاستا يېنىپ چىقتى.

سەئىدخان كۇنەستە بىر ھەپتە تۇرۇپ، كەلگەن يولى بىلەن ياندى. ئاقسۇغىمۇ بارماي، ئۇچتۇرپان ئارقىلىق ئىسسىق كۆل دىيارىغا ئۆتتى. ئابدۇرېشتخان ئالدىغا چىقىپ ئات بېشىدىكى بارگاھىغا چۈشۈردى.

— ئوغلۇم، — دېدى سەئىدخان، — يۇرتدشلارغا، قېرىنداش قوۋمگە زورلۇق، زۇلۇم قىلىش قوساق كۆپىكى پەيدا قىلىپلا قالماستىن، نارازىلىق، قارشىلىقنىمۇ كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. تارىختا كۆپ پادىشاھلار ئۆزلىرىنىڭ زۇلمى پەيدا قىلغان قارشىلىق نەتىجىسىدە تەختىدىن ئايرىلىپلا قالماستىن، بېشىدىنمۇ جۇدا بولغان.

— بۇ ئەمىرلىرىنى ئېسىمدە تۇتىمەن خان ئاتا. بۇ قېتىمقى قىپچاق ـ قىرغىزلارنىڭ قوزغىلىڭى زۇلۇمغا ئۇچرىغانلىقتىن ئەمەس، ئۆز ئالدىغا خانلىق قۇرۇش ئىستىكىنىڭ كۈچىيىشىدىن بولغان. تاھىرخان قىپچاق ـ قىرغىزلارغا يەل بېرىپ، ئوت ئۇستىگە ياغ چاچتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

— مەرھۇم ئەمىر مۇھەممەدبېك قىرغىزلارنىڭ ھەقىقىي باشلىقى ئىدى. ئۇ ۋاپات بولغاندىن بېرى قىرغىزلار تىنجىمايۋاتىدۇ ئوغلۇم. قان تۆكۈلسىمۇ ئاۋامنى ئۆزى ئېھتىياجلىق بولغان ئىمىنلىك، ئاسايىشلىق بىلەن تەمىن ئېتىش كېرەك، — دېدى سەئىدخان، — پەرمان چۈشۈرگەن تەرزدە.

مىرزا ھەيدەر كوراگان بىلەن سەئىد مۇھەممەد مىرزا سەئىدخاننى قوللىدى.

— شاھىم، ئالىيلىرىنىڭ دەنا قارارى — ئەلنىڭ سائادىتىدۇر. دەرھال ئاتلانماق كېرەك، — دېدى تاغايى.

قىپچاق - قىرغىزلار ئىرتىش بويىغا توپلانغان. ئۇلارنى قايتۇرۇپ كېلىش ئاسانغا چۈشمەيدۇ، — ئابدۇرېشىتخان ئاۋۋال ئاتىسىغا، ئاندىن ۋەزىر — ۋۇزرالارغا «قېنى بۇنىڭغا نېمە دەيسىلەر؟» دېگەن سوئال نەزىرىدە قارىدى.

— ئوغلۇم، قىپچاق - قىرغىز قېرىنداشلىرىمىزنى ئات بېشى ۋە قوچقار بېشىنى مەركەز قىلغان ئىسسىق كۆل دىيارىغا يىغىپ ئولتۇراقلاشتۇرۇش زۆرۈر. مىرزا ھەيدەر ئاغام بىلەن دەرھال ئاتلىنىپ، بۇ ۋەزىپىنى ئورۇندىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن، — دېدى سەئىدخان.

— پەرمانلىرىنى بەجا كەلتۈرىمىز خان ئاتا.

قەتئىي ئىرادىگە كەلگەن ئابدۇرېشىتخان مىرزا ھەيدەر كوراگان بىلەن تەڭلا ئورنىدىن تۇردى.

ئۇلار بەش مىڭ نۆكەر بىلەن ئىرتىش دەرياسى بويىغا قاراپ ئاتلاندى.

## 3

ئات بېشى قىشلىقى ئىسسىق كۆل دىيارىدىكى يايلاقلىرى ئەلۋەك، سۈيى مول، گۈزەل، مۇنبەت زېمىن ئىدى. سەئىد

مۇھەممەد مىرزا ئىلى دىيارىدىكى قىپچاق - قىرغىزلارنى ئىككى ئاي ئىچىدە ماللىرى بىلەن بۇ يەرگە كۆچۈرۈپ كەلدى. ئىرتىش بويىدىن يانغان ئابدۇرېشىتخان بولسا، لەشكەرلىرىنىلا ياندۇرۇپ كەلگەنىدى.

— خان ئاتا، پېقىرنى جازالىسىلا، پەرمانلىرىنى ئورۇندىيالمىدۇق، — دېدى ئۇ قولىنى كۆكسىگە ئېلىپ.

— خان ئالىيلىرى، جازالاشقا توغرى كەلسە پېقىرنى جازالىسىلا بولىدۇ، — دېدى مىرزا ھەيدەر كوراگان قوللىرىنى كۆكسىدىن چۈشۈرۈپ، ئالدىغا بىرقەدەر چامداپ، — چۈنكى بىز ئىرتىش بويىغا بارساق قىپچاق - قىرغىزلار ئۇ يەردىن كۆچۈپ كەتكەنىكەن، بىز ئۇلارنىڭ ئىزىدىن خېلى ماڭدۇق. بىر جىرادا ساداق ئوقى، قىلىچ، نەيزە تېگىپ ئۆلگەن ئادەملەرنىڭ جەسەتلىرىنى ئۇچراتتۇق. بۇ ئېچىنىشلىق ئەھۋال يۈرىكىمىزنى ئەزدى. بىز ئۇ يەرگە چۈشۈپ، سەردار ئەكرام باشچىلىقىدا يۈز نۆكەرنى ئەھۋال ئۇقۇپ كېلىشكە ئەۋەتىپ، ئەتراپنى تەپسىلىي تەكشۈرۈۋىدۇق، قول - پۇتى يارىلانغان، ناكا ئون نەچچە ئادەمنى تاپتۇق. ئۇلار «بىز باباچاق سۇلتاننىڭ نۆكەرلىرى، قىپچاق - قىرغىزلار بىلەن جەڭ قىلىپ مەغلۇپ بولدۇق. سۇلتان بىر قىسىم نۆكەرلەر بىلەن قېچىپ قۇتۇلدى، يارىلانغان ئون نەچچىمىز ئۆلۈكلەرنىڭ ئارىسىغا يوشۇرۇنۇۋالدۇق. قىپچاق - قىرغىزلار كەتتى» دېدى. بىز جەسەتلەرنى دەپنە قىلىپ، يارىدارلارنى تېۋىپلىرىمىزغا داۋالىتىپ، بىرنەچچە كۈن تۇرۇپ قالدۇق. سەردار ئەكرەم قىپچاق - قىرغىز لەشكەرلىرىگە يېتىشىپ، يۈز بېشى باشلىق تۆت نەپەر ياساۋۇلنى تۇتۇپ كەلدى. مەن يۈز بېشىنى ئۆزۈم سوراق قىلدىم. ئۇ قىپچاق - قىرغىزلارنىڭ ئۆزبېكلەرگە قوشۇلۇش ئۈچۈن كېتىۋاتقانلىقىنى ئېيتتى. سانى ئەللىك مىڭدىن كۆپ ئىكەن. «دۈشمەن دۈشمەن بىلەن مەشغۇل بولغاندا، سەن ئارامىدا ئولتۇر» دېگەن ھېكمەتكە

ئاساسەن سۇلتان ئابدۇرېشىتخانغا قايتىش تەكلىپىنى بەردىم. دېمەك، جازالىنىشقا تېگىشلىك كىشى مەن شاھىم. ئەمما، قىلغىنىمنىڭ توغرا بولغانلىقىدىن گۇمانلانمايمەن.

سەئىدخان قاپىقىنى تۈرگىنىچە ئويلىنىپ ئولتۇرۇپ كەتتى: «تاھىرخانمۇ قىپچاق ـ قىرغىزلاردىن پايدىلىنىپ، دەشتى قىپچاق بىلەن ئىسسىق كۆل دىيارىنى ئۆز ئالدىغا سورىماقچى، ھامام ئۇنىڭغا قوشۇلمايدۇ، ئوغلىغا گەپمۇ يېگۈزەلمەيدۇ، قىپچاق ـ قىرغىزلار بولسا تاھىرخاندىن پايدىلىنىپ ئۆز ئالدىغا خانلىق تىكلىمەكچى، ئۆزبېكلەر بىلەن بىرلەشمەكچى بولۇشىدىكى غەرەزمۇ شۇ، لېكىن تاھىرخانىنى ئۆزلىرىگە خان قىلمايدۇ. باباچاق سۇلتانىنىڭ قىپچاق ـ قىرغىزلار ئۈستىگە لەشكەر تارتىپ بېرىشىدىكى مۇددىئاسى ئىسسىق كۆل دىيارىنى ئۆز قارمىقىغا ئېلىش. لەشكىرى كۈچى ئاجىز بولغانلىقىدىن ئات مىنىشكە چىۋەر بولغان قىپچاق ـ قىرغىزلاردىن يېڭىلىپ قالغان. بۇ ئىنىمنىڭ ئەقلى كوتا. ئاقىۋەتنى مۆلچەرلىيەلمەي دەككىسىنى يېگەن گەپ. مىرزا ھەيدەر ئاغام توغرا قىلغاندەك قىلىدۇ. بىز قايتىپ كېتىپ ھوشيار تۇرۇشىمىز كېرەك. . .»

سەئىدخان ئويلىنىپ مۇلاھىزە قىلىپ بىر قارارغا كەلگەندىن كېيىن دېدى:

— قىپچاق ـ قىرغىزلار ئۆزبېكلەر بىلەن بىرلىشەمدۇ ـ يوق، تاھىرخانمۇ ئۆزبېكلەر بىلەن بىرلىشەمدۇ؟ بىز ئەھۋالنىڭ تەرەققىياتىغا قاراپ ئىش كۆرىشىمىز، ئىلاجى بار بۇ قېرىنداشلىرىمىز بىلەن ياقىلاشماي، دوستانە ئۆتۈشىمىز ئاۋامنىڭ مەنپەئىتىگە ئۇيغۇن جانابلار. مىرزاھەيدەر ئاغامنىڭ دېمەكچى بولغىنىمۇ ئەلگە ئىمىنلىك بەخش ئېتىش، تىنچسىز يىللارنى راھەتبەخش، ئاسايىشلىق يىللارغا ئايلاندۇرۇش، مەن بۇنىڭغا قوشۇلىمەن، بىز قايتىپ كېتەيلى.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— ئارى شاھىم، ئەسلىدىمۇ يىللار تىنچ ئۆتمەيدۇ. يىللارنى تىنچ ئۆتكۈزۈشىمىز ئۈچۈن قايتىپ كېتىشىمىز كېرەك، قايتىپ كەتسەكلا قىپچاق - قىرغىزلار چېقىلالمايدۇ، - دېدى مىرزا ئەلى تاغايى سوغۇق ھىجىيىپ.

— دېمەك، ھەممىمىز قوشۇلغان بولساق ئەتە سەھەر يولغا چىقىش ئۈچۈن تەييارلىق قىلىشقا كىرىشەيلى، — دېدى سەئىدخان.

ئۇلار يەركەنگە قايتىپ كەلگەندە، قوغۇن شاپىقى يەرگە چۈشكەن، مىياسان، ياغلىق ئۆرۈكلەر ئاخىرلىشىپ، توغاچ، شاپتۇللار تازا پىشقانىدى.

## 4

ئابدۇرېشىتخاننىڭ ئىسسىق كۆل دىيارىدىن تۇيۇقسىز قايتىپ كېلىشى چۈچۈك سۇلتانبېكەنى غايەت خۇش قىلىۋەتتى، ئۇ ئاتىسىنىڭ ئەمرىگە بىنائەن قايتىپ كەلگەنىدى.

— سۇلتانىم! — ئىگىلىپ تەزىم قىلدى خانىش، ئۇنىڭ ئاھۇ كۆزلىرىدە سۆيگۈ شەبنەملىرى يالتىرىدى، باشقا گەپ قىلماي كەلگىنىچە ئابدۇرېشىتخاننىڭ مەيدىسىگە بېشىنى قويۇپ يىغلىۋەتتى.

تال - باراڭلىق قەسىر ھويلىسىدا ئويناۋاتقان تۆت ياشلىق ئابدۇلەتىپخان بىلەن بىر يېرىم ياشلىق ئابدۇكېرىمخان يۈگۈرۈپ كېلىشىپ ئۇلارنى ئايرىۋەتتى. ئۇلار:

— دادا! - دادا! - دېيىشىپ توۋلاپ ئېسىلغاندا، ئابدۇرېشىتخاننىڭ كۆزىگىمۇ ياش كەلدى. باللارنى قۇچاقلاپ سۆيدى.

ئابدۇرېشىتخان بىلەن چۈچۈك سۇلتانبېكە بالىلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ خاس ھۇجرىغا كىردى.

— شاھىـــم، ئەمدى بىـــر يەرگە كەتمەيدىغانلا؟ بەك ئەنسىرىگەنىدىم، كېلىپ كۆڭلۈمنى ئارامىغا چۈشۈردىلە، — دېدى خانىش قـولىنـى ئۇزاتقـان ئېرىگە ئابدۇكېرىمخاننـى بېرىپ، - بۇ بالىنى سىلىگە تارتىشىپ تولىمۇ تەسلىكتە تۇغدۇم سۇلتانىم. كېلىمەن، دەپ خەت ئەۋەتكەن بولسىـــمۇ، ئانام كېلەلمىدى. ئانام گۈلسىمابېگىم ماڭا ئوبدان قارىدى، پەقەت ئاينىگارسۇلتانبېگىم تازا خۇش بولمىدى، ھال سوراپ بىـــر قېتىملا كىردى.

— سالامەت يەڭگىۋالغىنىڭىزدىن بەكمۇ خۇرسەن بولدۇم. خان ئانامدىن خەت بارمۇ مەلىكەم؟ — ئابدۇرېشىتخان ئولتۇرۇپ خانىشتىن سورىدى.

— بار سۇلتانىم، سىلى بىر پىيالە چاي ئىـــچىـــپ، ئۇستىۋاشلىرىنى يەڭگۈشلىۋالغاندىن كېيىن ئوقۇسىلا.

چۈچۈك سۇلتانبېكە ئابدۇرېشـــتخاننىـــڭ ئالدىغا كەشتە گۈللۈك ئاق داستىخان سالدى. كېنىزەكلىرىگە چاي كەلتۈرۈشنى بۇيرۇدى. بالىلارنى ئېنىك ئانىلىرىغا بېرىپ، ئېرى بىلەن يالغۇز قالدى.

— مەلىكەم، نۇرنىساسۇلتانبېگىم سىزنى رەنجىتىـــپ قويمىغاندۇ؟ — سورىدى ئابدۇرېشىتخان خوتۇنىنىـــڭ زىلۋا قامىتىگە، ئاقىرىپ، مۇڭلۇق تۈس ئالغان چىرايىغا زەن سېلىپ.

— مېنـى رەنجىتىشكـە ئـۇ قـانداقمـۇ پېتىنالىـــسۇن سۇلتان؟ - دېدى چۈچۈكسۇلتانبېكە قەلـەم قـاشلىـــرىـــنى ئۇچۇرۇپ، چىرايىمۇ قىزىرىپ كەتتى، - لېكىـــن ئۇنـــى ئەمرىلىرىگە ئالغاندىن بېرى مېنى ئەسلىرىدىن چىقىـــرىـــپ قويۇۋاتىلا.

ئابدۇرېشىتخان بېشىنى چايقىدى. ئۇ نائىـــپ سۇلتان بولغاندا، سەئىدخاننىڭ مەسلىھەتى بىلەن مەرھۇم ئەمىرمۇھەممەد بېكىنىڭ ئۇيغۇر خوتۇنىدىن بولغان قىـزى نۇرنىـــسابېكەگە

ئۆيلەنگەنىدى. ئاتىسى ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئانىسى بىلەن قەشقەرگە قايتىپ كەلگەن بۇ ساھىبجامال قىز سەئىد مۇھەممەد مىرزىنىڭ ھامىيلىقىدا تۇرۇۋاتاتتى. كېيىن سەئىدخان ئۇنى يەركەنگە ئەكېلىۋالغانىدى.

— بۇ سۆزىڭىز ئادىل بولمىدى مەلىكەم، ئىككى ئارسلاننى تۇغۇپ بەرگەن دىلرابانى ئۇنتۇپ قالسام ئىشقى يوق ئىشەككە ئايلىنىپ قالغان بولمامدىمەن؟ ئېيتىڭا، مەن شۇنداق قارا كۆڭۈل ئادەممۇ؟ — دېدى ئابدۇرېشىتخان. كەسكىن، چوڭقۇر مەنىگە ئىگە بۇ سۆز چۈچۈك سۇلتانىبېكەنىڭ غەمكىن چېھرىسىگە تەبەسسۇم بېغىشلىدى.

— سۇلتانىم، ئالىيلىرىنى جېنىمدىن ئەزىز كۆرگەنلىكىم ئۈچۈن، بەزى گۇمانلاردىن خالىي بولالماي كېلىۋاتىمەن. دۇنيادا بىرلا خانىش بىلەن ئۆتكەن پادىشاھنىڭ يوقلۇقى ماڭا ئايان، شەرئىئەتتىمۇ كۆپ خاتۇنلۇق بولۇشنى چەتكە قاقمايدۇ، مەن بۇنى چۈشىنىمەن. يەنە ئۆيلىنىشلىرى، مەندىنمۇ گۈزەل رەناغا مەپتۇن بولۇپ قېلىشلىرى مۇمكىن سۇلتانىم، ھەرقانداق شارائىتتا مېنى ئۇنتۇپ قالماسلىقلىرىنى ئۆتۈنىمەن.

ئابدۇرېشىتخان چۈچۈك سۇلتانىبېكەنىڭ ئىككى قولىنى تۇتۇپ ئۆزىگە تارتتى:

— مەن سىزنى ئۇنتۇپ قالمايمەن ئەزىزىم، ماڭا ئىشىنىڭ. ئاللا پېقىرغا قانچە خاتۇن نېسىپ قىلغان بولسا، شۇنچە نىكاھلانماي ئىلاجىم يوق. ئەمما، خاتۇنلىرىم ئىچىدە مەلىكەم سىز ھامان كۆڭلۈم تۆرىدىن ئورۇن ئالىسىز، سىز ھامان مېنىڭ ئەڭ سۆيۈملۈك، ئەڭ ھۆرمەتلىك رەپىقەم بولۇپ قالىسىز. . . ئەمدى سىزدىن ئايرىلمايمەن، ھامان سىز بىلەن بىللە بولىمەن.

ئۇلار بىللە ئولتۇرۇپ چاي ئىچىپ مۇڭداشتى، سېغىنىشلىرىنى ئىزھار قىلىشتى.

داستىخان يىغىلغاندا كۈن قايرىلغانىدى. ئابدۇرېشىتخان

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

سەمەر قەنت بەقەسمىدىن تىكىلگەن تونى بىلەن ئالتۇن ئوتۇغات قىستۇرۇلغان سەللە ئوراقلىق بۆكىنى كىيىپ تاشقىرىغا چىقىشقا تەييارلاندى.

— سۇلتانىم، ئوردىغا چىقاملا؟ — دەپ سورىدى چۈچۈك سۇلتانبېگىم.

— ئاتام بىلەن كۆرۈشىمەن.

— سىزدىن ئايرىلمايمەن، دېگەن ۋەدىلىرىنى ئۇنتۇپ قالمىسىلا سۇلتانىم.

— ئۇنتۇپ قالمايمەن.

ئابدۇرېشىتخان خوتۇنىغا بىر پەس تىكىلىپ تۇرۇپ چىقىپ كەتتى.

ئۇ ۋەدىسىنى ئۇنتۇپ قالمىدى، لېكىن چۈچۈك سۇلتانبېكە بىلەن ھەمىشە بىللە بولالمىدى. سەئىدخان ئۇنى كەچ كۈزدە مىرزا ھەيدەر كوراگان بىلەن بىللە بىلۇجىستانغا يۈرۈش قىلىشقا يارلىق چۈشۈردى. ئابدۇرېشىتخان بىر تۈمەندىن ئارتۇق لەشكەر بىلەن يولغا چىقىپ، باھاردا قايتىپ كەلدى. ئۇنى چۈچۈك سۇلتانبېكە تاتلىق قىلىق ۋە قېيداش سۆزلىرى بىلەن قارشى ئالدى:

— دائىم سىز بىلەن بىللە بولىمەن، دېگەن ئىدىلە. بىر كېتىپ ئالتە ئايدا ئاران كەلدىلە. ئەمدى بىر يەرگە مەنسىز بېرىپ باقسىلا، خان ئاتامغا دەپ ئاتام قېشىغا كېتىمەن.

— مەلىكەم، ھەمىشە يېنىڭىزدا بولىمەن، دېگىنىم بىر يەرگە بارماي قېشىڭىزدا ئولتۇرىمەن، دېگىنىم ئەمەسقۇ، كەتسەم كېلىمەن، ئۇنتۇمايمەن دېگىنىم ئىكەنلىكىنى سىز بىلمەمسىز؟

— ئابدۇرېشىتخاننىڭ قېشى سەل كۆتۈرۈلۈپ، چېكە تومۇرلىرى

كۆپۈپ چىقتى. ئۇ ياداپ قالغانىدى.

— سىزدىن ئايرىلمايمەن، دېگەنلىرىنى پايتەختتىن كەتمەيمەن، بىر يەرگە بارسام سىزنى ئېلىپ بارىمەن، دېگىنى ئوخشايدۇ، دەپ چۈشۈنۈپتىمەن سۇلتانىم. ئۆزلىرىدىن ئايرىلىپ قېلىشنى خالىمىغىنىمدىن بولسا كېرەك، بىر يەرگە كەتسىلە چىدالماي كېتىمەن، ئەنسىرەيمەن، — چۈچۈك سۇلتانبېكە ئۆكسۈپ يىغلىدى.

— يىغلىماڭ، — ئابدۇرېشىتخان ئۇنىڭ بېشىنى سىلىدى، — مېنىڭ بۇ قېتىم نەلەرگە بارغىنىمنى بىلەمسىز؟ ئۇچيۈز ئاتمىش كۈن مۇز - قار ئېرىمەيدىغان ئاسمان پەلەك تاغ - داۋانلاردىن ئۆتۈپ، بىلوجىستان، دېگەن ياقا يۇرتقا بېرىپ، پادىشاھى بىلەن خەلقىنى بويسۇندۇرۇپ كەلدىم. شۇ قارلىق تاغلاردىن قوتازنىڭ قۇيرۇقىغا ئېسىلىپ ئۆتتۇق. مەن بىلەن بارغان بولسىڭىز بۇ دۇنياغا تۆرەلگىنىڭىزگە پۇشايمان قىلغان بولاتتىڭىز قەدىرلىكىم. يىغلىماڭ، پادىشاھ، سۇلتانلارغا بۇ دۇنيادا ئارام يوق، ئات ئۈستىدە يۈرۈپ، ئات ئۈستىدە ئۆلۈپ كېتىدۇ. چۈنكى، ھەرقانداق پادىشاھ قانائەت تاپمايدۇ. يەنە قانداق يۈرۈشلەر پېشانەمگە پۈتۈلگەن؟ بۇ خۇداغا ئايان، بىراق مەن قەيەردە بولماي سىزنى ئۇنتۇمايمەن.

ئېرىنىڭ سۆزىدىن قاتتىق تەسىرلەنگەن چۈچۈك سۇلتانبېكە ئابدۇرېشىتخانغا گىرە سالدى. ئابدۇرېشىتخان بىلو جىستاندىن ئېلىپ كەلگەن ئالماس كۆز ئورنىتىلغان زۇننارنى ئۇنىڭ بويىنغا ئېسىپ قويدى.

چۈچۈك سۇلتانبېكەنىڭ بەختىگە سەئىدخان، ئابدۇرېشىتخاننى ئورنىغا يەنە نائىپ سۇلتان قىلىپ، ئىككىنچى

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com

قېتىم بەدەخشان دىيارىغا يۈرۈش قىلدى.

— تەلپىڭىز ئىجاۋەت بولدى مەلىكەم، خۇش بولدىڭىزمۇ؟ — دېدى ئابدۇرېشىتخان سۇلتان سارىيىدىن قايتىپ كىرىپ.

— خۇش بولدۇم، — دېدى چۈچۈك سۇلتانبېكە مۇزدەك ئانار شەربىتى قويۇلغان پىيالىنى ئابدۇرېشىتخانغا سۇنۇپ تۇرۇپ، — چاڭقىغانلا سۇلتانىم.

— تەختتە ئولتۇرۇپمۇ ئادەم چارچايدىكەن، تەشنا بولىدىكەن.

— بۈگۈن ئاخشاممۇ يوللىرىغا قارامدىمەن؟ چۈچۈك سۇلتانبېكە ئۈمىد بىلەن تىكىلدى.

— بۈگۈن ئاخشام ئۇرنىسابېكەنىڭ يېنىدا بولىمەن، خەۋەرلەندۈرۈپ قويۇڭ.

چۈچۈك سۇلتانبېكە مەيۈسلىنىپ بېشىنى ئەگدى.

# ئون ئىككىنچى باب

## ئاقسۇدا كۆتۈرۈلگەن قارا قۇيۇن

### 1

— هاي مەريەمنىسا! - ئىشىكتىن ئالچاڭلاپ كىرگەن مىرزا ئەلى تاغايى ۋارقىراپ توۋلىدى.

— لەببەي ۋەزىر ئەزەم، — ئۆي ئىچىدىن هويلىغا يۈگۈرۈپ چىققان مەريەمنىسا شالاسۇنلۇق پېشايۋان ئالدىدا سەل دۇمچىيىپ تۇرغان مىرزائەلى تاغايىنىڭ تونىنى سالدۇردى، كۇمۇش ئوتۇغات قادالغان سەللىسىنى ئالدى - دە، ئايۋانغا كىرىپ قوزۇققا ئىلىپ قويدى. تاغايى مىستەك پارقىراپ تۇرغان بېشىنى سىلىدى.

— قولۇمغا سۇ بېرىڭ ئاپپىقىم.

— ماقۇل تەقسىر، — مەريەمنىسا ئېگىشىپ مىس ئاپتۇۋىدىن سۇ قۇيدى. مىرزا ئەلى تاغايى هەر قاچانقىدەك قولىنى يۇيۇۋېتىپ، چېقىر كۆزىنى ئېتەك ئاستىغا تىكتى.

مىرزا ئەلى تاغايى ئىسسىق كۆل دىيارىدىن قايتىپ كېلىپلا، چۆرىلىكتىن رەسمىي خوتۇنلۇققا كۆتۈرگەن مەستۇرە بۇۋى خانئايىم بىلەن مەلىكىزاتخېنىمنىڭ تاپا - تەنىلىرىگە چىدالماي ئاتا - ئانىسىنىڭ ئۆيىگە يامانلاپ بېرىۋېلىپ، «ئايرىم ئۆي تۇتۇپ بەرمىسە، ئۆلسەممۇ ئۇ هازازۇل ئاغىچا خېنىملار بىلەن بىللە

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

تۇرمايمەن» دەپ، كېلىشكە ئۇنىمىدى. ئۇنىڭغا كۆڭلى چۈشۈپ قالغان تاغايى چىنەباغ مەھەللىسىدىن بىر باغلىق قورۇ ئېلىپ بەردى ۋە بۇ ئىشنى مەخپىي تۇتۇپ، «مەن ئۇ مۆرىمەس، لەقۋا كاساپەتتىن مىڭ تەستە ئايرىلدىم. ئەمدى ئىككىنچى بوسۇغىمىزغا يولىمايدۇ» دەپ، چوڭ - كىچىك خوتۇنلىرىنى ئالداپ قويغانىدى.

«ياش كۇندىشىمىزنى قويۇپ بېرىپتۇ» دەپ خۇشال بولۇشقان خانئايىم بىلەن مەلىكىزات خېنىم مەستۇرە بۇۋىگە باشقا ئۆي تۇتۇپ بەرگىنىنى بىلەلمەي، بىر قورۇدا تۇرۇپ كېلىشىۋاتاتتى، پات - پات گەپ تەگىشىپ چاچلىشىپمۇ قالاتتى.

مىرزا ئەلى تاغايى ھەپتىدە بىر كېچىنى مەستۇرە بۇۋۇم قېشىدا ئۆتكۈزەتتى.

مىرزا ئەلى تاغايى مەستۇرە بۇۋۇمنى ئويلاپ، ئېڭىشىپ ئاپتۇۋا تۇتۇپ تۇرغان مەريەمنىسانىڭ ياقالچىقىنى سىلاپ قويدى. بىچارە قىز تېنىگە بەجايىكى چاققاق ئوت يېپىشىپ قالغاندەك سەسكىنىپ كەتتى.

— بېشىمغا سۇ قۇيۇڭ ئاپپىقىم، — دېدى تاغايى ۋە ئەمدىلا يۇغان قولىدا مەريەمنىسانىڭ ئاپئاق يوتىسىنى سىلىدى.

تاغايىنىڭ بېشىغا شاررىدا سۇ قۇيۇلۇپ، كۆڭلەكلىرى ھۆل بولۇپ كەتتى.

— ئاپپىقىم، سۇنى ئاستا قۇيۇڭ.

— ماقۇل ۋەزىر ئەزەم، ئۇنداق قىلمىسىلا، مەن دېگەن دېدەك تەقسىر.

— لېكىن ئاپپىقىم، سىز دېگەن ئاجايىپ لىۋەن، بولسا مېنىڭ بىلەن بىر كېچە بىللە بولسىڭىز...

— ئۈچ خاتۇنلىرى بارغۇ ۋەزىر ئەزەم؟

— سىز دېگەن غۇنچە، ماقۇل دەڭ ئاپپىقىم، نېمە دېسىڭىز قىلىپ بېرىمەن.

مەريەمنىسا سۇيى تۇگىگەن ئاپتۇۋانى يەرگە قويۇپ دېدى:
— ماقۇل ۋەزىر ئەزەم، ئەمما بۇگۇن كېچە بولمايدۇ. ئۆگۇنلۇككە يېرىم كېچىدە بالىخانىغا چىقسىلا.
مىرزا ئەلى تاغايى مەريەمنىسا سۇنغان چۇچىلىق ئاق چوتا لۆڭگىنى ئېلىپ، يۈز ـ كۆزىنى، بويۇن ـ بېشىنى ئېرتىۋېتىپ خىرىلداپ كۇلدى.
— ۋەزىر ئەزەم، خانئايىم چىقىۋاتىدۇ، ئىچكىرىكى هويلىغا كىرىپ كېتەي، — مەريەمنىسا بەدىنىنى لىغىلدىتىپ دەسسەپ، قىيا ئوچۇق ئىشىكتىن كىرىپ كەتتى.
«كاساپەت، يىلدىن ـ يىلغا خۇددى ئون تۆت كۇنلۇك ئايدەك تولۇپ، ئەجەب چىرايلىق بولۇپ كېتىۋاتىدىغۇ. مەن ئۇنىڭغا كۆيۇپ قالدىممۇ، نېمە؟ يېڭىسارىدىن ئېلىپ كەلگىنىمدە سىكىلىكى بار كىچىككىنە جىنتەك ئىدى. مانا ئەمدى يېشىمۇ يىگىرمىدىن ئۆتۇپ، قېرى قىز بولۇپ قالدى. ئەمرىمگە ئالاي دېسەم تۆت خوتۇنۇم بار، يا بىرەرسىمۇ ئۆلمىدى. ئۇنى يەنە ئىككى يىل ياتلىق قىلماي تۇراي. ئاخىر ئىندەككە كەلدىغۇ. . .» مىرزا ئەلى تاغايى شۇنداق ئويلاپ تۇرۇۋىدى، ئۆردەكتەك ئىرغاڭلاپ مېهمانخانىدىن چىققان خانئايىم ئىچكىرىكى هويلىغا كىرىپ كېتىۋاتقان مەريەمنىساغا ئالىيىپ قويۇپ، مىرزا ئەلى تاغايىغا قادالدى. . .
ئىككى كۇن ئۆتتى. مىرزا ئەلى تاغايى ئۇچىنچى كۇنى ناماز ئەسىردىن كېيىن خاس هۇجرىسىغا كىرىۋېلىپ، خوتۇنلىرىغا دىدارىنى كۆرسەتمىدى. كونا شورپىدا پىشۇرۇلغان موزاي پاچىقى، قىرغاۋۇل كاۋپى يەپ تەييارلاندى. ئۇ كۆزنەكلىرى ئېچىپ قويۇلغان دېرىزىدىن كۇنگە قاراپ خىيال سۇرۇشكە باشلىدى. «سەئىدخان بەدەخشانغا كەتكەندىن بېرى خەۋەر يوق. ۋەزىرلىك سۇپىتىم بىلەن ئابدۇرېشىتخانغا ئىلگىرىكىدىنمۇ يېقىن بولۇپ كەتتىم. ئۇنى نېمە دېسەم ئىشىنىدىغان، نەگە يېتىلىسەم

www.uyghurkitap.com

شۇ يەرگە باردىغان قىلالىسامىلا مەقسىتىمگە يېتىمەن. بۇ نۆۋەت ئابدۇرېشىتخاننىڭ يېنىدا ۋەزىر بولۇپ قېلىشىم ئىشىنىڭ ئوڭغا تارتقىنى. ئامەت قۇشى بېشىمدا ئايلىنىپ يۈرىدۇ. تېگى پەس بولسىمۇ، تۆت خوتۇنۇم، قولىـــغا سۇ قۇيۇپ بېرەلمەيدىغان نازىنىن قىزنى ئىندەككە كەلتۈردۇم...»

ئۇ ناھايىتى خۇش ئىدى. ناۋات، زەپەر سېلىپ دەملىگەن چاينى ئىچىپ، كۆزىنى يۇمۇپ يېتىپ تېخىمۇ شېرىن خىيالغا غەرق بولدى.

تاغايى كۆزىنى ئاچتى، قوللىرىنى كېرىپ ئەسنىدى. چوڭ خوتۇنى ئېلىپ كىرگەن بىر تەخسە پولۇنى تاق سالدى، دەملەنگەن چاينى ئىچتى. گۈگۈم چۈشۈشى بىلەن ئۈچ كۆزلۈك شامداندىكى شاملارنى ياندۇردى، ئۆي پاللىدا يورۇدى. ھويلىغا قارىغان دېرىزىلەرنىڭ ھىلپىرەپ تۇرغان ئاق شايە پەردىلىـــرى شام يورۇقىدا ھال رەڭگە كىرگەنــدى. يەرگە مەرۇزا گىـــلەم سېلىنغان، ئىككى يان تام ۋە ئىشىكنىڭ ئۈدۈلىدىكى توغرا تامغا لوڭقا گۈللۈك ئېران گىلىمى تارتىلغانـدى. قوش ياستۇققا يۆلەنگەن تاغايى ئۈچ قات سېلىنغان مەخمەل كۆرپىدە پۇتلىرىنى ئۇزۇن سوزۇپ ياتتى. تونچە كۆڭلىكىنىڭ پەشلىرى ئىككــى تەرەپكە قايرىلىپ، پومپىيىپ تۇرغان قورسىقى ئېچىلىـــپ قالغانىدى. شامغا ئەزان چىقتى. ئۇ تۇرۇپ تاھارەت ئېلىـپ كىرىپ ناماز- شامنى ئۆتۈۋېلىپ، خۇپتەنگىچە قۇرئان تىلاۋەت قىلدى. خۇپتەننى ئوقۇپ بولۇپ، جايىنامازدىن تۇرۇپ كەتتى. ئۇ سەمەرقەنتتىن ئېلىپ كەلگەن تام سائىتى ئۈدۈلىدىكى تامدا چىكىلداپ، ئۇنىڭ تاقىتىنى تاق قىلماقتا ئىدى. ئۇ مىنۇت - سائەتنى ساناپ چارچىغاندەك بولۇپ، كۆرپىگە ئۆزىنى تاشلىدى. ئۇياققا ئۆرۈلۈپ، بۇياققا ئۆرۈلۈپ ئاخىر كۆزى ئۇيقۇغا كەتتى.

ئۇنىڭ چېقىر كۆزى يۇمۇلا - يۇمۇلماي خورەككە كەتتى. ئۇ خورەك تارتقاندا چالا بوغۇزلانغان كالىنىڭ خارتىـــلدىغان

ئـاۋازىدەك غـەلىتە بىر ئاۋاز چىقاتتى. ئۇ بىر چاغدا «ھاي - ھاي. . . » دەپ ۋارقىرىغىنىچە ئويغىنىپ كەتتى. ئۇ ئۇندەرەپ قويۇپ، ئۇياق ـ بۇياققا قاراپ، قاپقاراڭغۇ ئۆي ئىچىدە ھېچنېمىنى كۆرەلمىدى. ياندۇرۇغلۇق شاملار ئاللاقاچان كۆيۈپ تۈگەپ ئۆچۈپ قالغانىدى. «ئەجەب بىر چۈش كۆرۈپتىمەنا، خۇدايا توۋا. مەريەمنىسا قىپيالىڭاچ كېلىپ مېنى قۇچاقلىۋاپتۇدەك، مەنمۇ ساقال ـ بۇرۇتلۇق ياش يىگىتكە ئايلىنىپ قاپتىمەن. بىر چەتتە خوتۇنلىرىمنىڭ ھەممىسى ئۆلۈك ھالدا ياتقۇدەك. كېيىن قارىسام مېنى قۇچاقلاپ تۇرغان مەريەمنىسا بولماستىن بەد ـ بەشىرە ئالۋاستى ئىمىش، كېيىن ئالۋاستى مېنى قان بىلەن تولغان ئازگالغا بوغۇزلايمەن، دەپ سۆرەۋاتقۇدەك، يائاللا. نېمە دېگەن قورقۇنچلۇق. . . »

ئۇ چۈشىنى ئەسلەپ دەھشەتكە چۆمىدى. قولى بىلەن سىپاپ يۈرۈپ كەمزۇلىنى تاپتى. يانچۇقىغا قول تىقىپ، سائەتنى ئالدى. كېيىن تەكچىدە تۇرغان چاقماقنى تاپتى، بۇ يەرلىك چاقماق بولۇپ، بىر ـ بىرىگە ئۇرسا ئوت چىقاتتى. شامنى تەستە ياندۇردى. سائىتىگە قارىۋىدى، كەچ سائەت ئون ئىككىگە ئون يەتتە مىنۇت قالغانلىقىنى بىلدى.

مىرزا ئەلى تاغايى بىر نۆكەر سىياقىدا كىيىنىپ ئۆيدىن چىقتى. ئالدىنقى ھويلىدىن ئارقا ھويلىغا ئۆتتى. كېچە ئايدىڭ ئىدى. ئارقا ھويلىدىكى ئۇجمە دەرىخى تۈۋىدە تۇرۇپ بالىخانىغا قارىدى. ئىشىك قىيا ئوچۇق بولۇپ، دېرىزىدىن چىراغ يورۇقى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. «ساقلاپ تۇرۇپتۇ كاساپەت» دەپ ئويلىدى تاغايى. ئۇ ئاستا مېڭىپ پەلەمپەيگە پۇتىنى قويدى. ۋادەكنى تۇتۇپ، بالىخانىنىڭ ئىشىكى ئالدىغا چىققاندا ھاسىراپ قالدى. بىردەم تۇرۇپ تىنىقى ئورنىغا چۈشكەندە بالىخانىغا كىردى. جىن چىراغ تەكچىدە پىلىلداپ تۇراتتى. يەرگە گۈللۈك قارا كىگىز سېلىقلىق ئىدى. ئۇدۇلدىكى تام تەرەپكە يوتقان سېلىپ

قويۇلغانىدى. ئەمما، قىز كۆرۈنمەيتتى. ئاسقۇدا دۇتار تۇراتتى. تەكچىدە «قۇرئان كېرىم»، فارابى، ئىبنى سىنا، شەيخ سەئىدى، ناۋائى، لۇتفى، ئابدىراخمان جامى قاتارلىق ئەدىب - ئالىملارنىڭ كىتابلىرى تىزىپ قويۇلغانىدى. ئۇلارنى كۆرگەن تاغايىنىڭ قوشۇمىسى تەئەججۇپ ئىلكىدە تۈرۈلدى: «مانىھ! بىر دېدەك تۇرۇپ، بىباھا كىتابلارنى ياتىقىغا ئەكىرىۋالغىنى نېمىسى؟ تووۋا - تووۋا. . . » ئۇنىڭ كۆزى تەكچىنىڭ بىر تەرىپىگە دۆۋەت - قەلەم بىلەن باسۇرۇپ قويۇلغان نەپىس كەشمىر قەغىزىگە چۈشتى. ئۇ كۆڭلى كۈتمىگەن بىر ئىشنىڭ بولغانلىقىنى تۇيغاندەك بولۇپ، ئىتتىك قەغەزنى ئالدى. قەلەم يەرگە چۈشۈپ كەتتى، دۆۋەت ئۆرۈلدى.

بۇ بىر پارچە ئاق قەغەز بولماستىن، ئۇنچە مەرۋايىتتەك تىزىپ يېزىلغان خەت ئىدى.

«جانابىي ۋەزىر، بىر دېدەك قىزنىڭ خەت قالدۇرۇپ كېتىشى خىيالىڭىزغىمۇ كەلمىگەن بولغىيتى؟ لېكىن ئۇلۇغ يارتقۇچۇم ئاللا شۇنداق قىلغۇزدى. نەزىرىڭىزدە مەن بىر ئاجىزە، قولىدىن ئىش كەلمەيدىغان دېدەك. ئەمما، ماڭىمۇ، سىزگىمۇ ئايانكى، مەن ئۇنداق تەربىيە كۆرمىگەن نادان قىز ئەمەس. سىز پېشكىسارغا ھاكىم بولغاندا، ئاتام سەرمۇنىشى ئىدىغۇ؟ مەن ئۇ چاغدا ئون ئۈچ ياشقا كىرگەنىدىم. ئەرەبچە، پارىسچە تىللارنى ئۆگىنىۋاتاتتىم. رەھمەتلىك ئاتام ياخشى كۆڭلى بىلەن سىزنى ئۆيگە چاقىرىپ مېھمان قىلغاندا، نەزىرىڭىز ماڭا چۈشتى. شۇ كۈندىن باشلاپ ئاتام غەمگە چۆمدى، تويماس نەپسى بالانى، ۋەھشىي چىل بۆرىنى ئۆيدە مېھمان قىلغانلىقىدىن قاتتىق ئەپسۇسلاندى. بۇنى ماڭا ئەيتمىسىمۇ بىلىپ تۇردۇم. سىز نومۇس قىلماي، مېنى كىچىك خاتۇنلۇققا سوراپ ئۆيىمىزگە ئەلچى ئەۋەتتىڭىز. ‹قىزىم كىچىك، ھاكىمنىڭ لايىقى ئەمەس› دەپ ئەلچىلەرگە چىرايلىق سۆز قىلغان ئاتام بىر ئايمۇ



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئۆتمەستىن، «يېڭىساردا توپىلاڭ قىلىپ خانلىقنى ئاغدۇرماقچى بولغان» دېگەن تۆھمەت بىلەن زىندانغا تاشلىنىپ ئۆلتۈرۈلدى. مېنى «سىزگە ئىچىم ئاغرىدى، كوچىدا قالسىڭىز بولمايدۇ، ئاتىڭىز ئورنىدا ئاتا بولىمەن» دەپ ئالداپ ھاكىم ئوردىسىدىكى قەسرىڭىزگە ئەكېلىۋالدىڭىز ۋە خەيرخاھلىق قىلغان بولۇپ، خاتۇنلىرىڭىزنىڭ خىزمىتىگە سېلىپ بەردىڭىز. بىچارە ئانامۇ ئاتامنىڭ ئىچ ئاغرىقى، مېنىڭ قايغۇمدا كېسەل بولۇپ ئۆلۈپ كەتتى. بۇنى ئاڭلاپ ئۆلۈۋالماقچى بولغانىدىم، مۇسۇلمان بەندىنىڭ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالسا ئىككىلا دۇنيالىق سائادىتىدىن ئايرىلىدىغانلىقىنى ئويلاپ، بۇ نىيىتىمدىن ياندىم. بىراق، كىچىككىنە كاللامدا بىر ئارزۇ پەيدا بولدى. ئۇ بولسىمۇ، باي، ئابرويلۇق بىر مەنسەپدار بىلەن تۇرمۇش قۇرۇش ئەمەس، سىزدەك قارانىيەت، نائىنساپ قانخور ئەبلەخنى ئۆلتۈرۈش...»

مىرزا ئەلى تاغايى شۇ قۇرلارنى ئوقۇپ چۆچۈپ كەتتى-دە، قولىدىكى خەت يەرگە چۈشتى. چىرايى تاتىرىپ، گېلىنى بىر كىم بوغۇۋالغاندەك بولۇپ ھالسىزلاندى. ئۇ تەكچىگە يۆلىنىپ تۇرۇۋالدى. «ئالجىپتىغۇ بۇ مەرەز، ئۆزى نەگە كەتكەندۇ، يا بۇ ئۆي ئىچىگە مۆكۈنۈۋالغاندىمۇ؟...» دەپ ئويلىغان مىرزا ئەلى تاغايى ئۇياق-بۇياققا قارىدى. كۆيۈپ تۈگەشكە ئاز قالغان جىن چىراغنىڭ پىلىكى چىراغدانىدىكى مايغا چىلىنىپ تۇراتتى. ئالاقزادە بولغان مىرزا ئەلى تاغايىنىڭ كۆڭلىگە قورقۇنچ چۈشتى. يەردىكى خەتنى ئېلىپ پۈرلاپلا قويۇن يانچۇقىغا سالدى-دە، بالىخانىدىن ئىتتىك چۈشۈپ، تاشقىرىقى ھويلىغا چىقتى. باش توخۇنىڭ چىللىشى ئاڭلاندى. ئۇ خاس ھۇجرىسىغا كىرىۋالدى. ئېگىز دۆڭگە چىققاندەك ھاسىراپ كەتكەنىدى، كۆرپە ئۈستىگە ئۆزىنى تاشلىدى. «ئۇ كاساپەت قەيەرگە كەتكەندۇ؟...» بۇ سوئال ئۇنىڭ گاراڭ كاللىسىدىن نېرى

بولمىدى. تاڭ ئاتتى، ناماز بامداتقا ئەزانمۇ چىقتى، ئۇ كۆزىنى پالىلدىلىتىپ، تورۇسقا قارىغىنىچە ياتاتتى. كۈن قىزىرىپ، شەپەق دېرىزىگە جۇلا تاشلىغاندا ئۇخلاپ قالدى.

— ۋەزىر ئەزەم، ۋەزىر ئەزەم!

ئىشىك سىرتىدىن خاس مەھرىمى تۇردىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى.

مىرزا ئەلى تاغايى ئاخىر كۆزىنى ئاچتى. تونۇلغان ئاۋازنى ئاڭلاپ تونىنى كىيدى، قاپىقى ئىششىپ، يۈزى خالتىلىشىپ قالغانىدى. ئۇ ئىشىك ئالدىغا چىقىپ خاس مەھرەمى تۇردى بىلەن ياساۋۇل قاسىم قىچىرنى كۆردى، قاسىم ئېگىلىپ سالام بەردى. مىرزا ئەلى تاغايى جاۋاب سالامنى ياندۇرماي، ئۇنىڭ قولىدىن تۇتۇپ ئۆيگە ئېلىپ كىردى.

— ئاقسۇدىن قاچان كەلدىڭ؟

— بۈگۈن، ھېچ يەردە توختىماي، ھېچكىم بىلەنمۇ كۆرۈشمەي ئۇدۇل ئالدىلىرىغا كېلىشىم، — دېدى قاسىم ئالدىراپ سۆزلەپ. ئۇنىڭ يۈزى چوقۇر بولۇپ، سوزۇنچاق ئىدى.

— ئىمىن خوجا سۇلتان بىلەن كۆرۈشتۈڭمۇ؟ — سورىدى مىرزا ئەلى تاغايى پىچىرلاپ.

— كۆرۈشتۈم. مەكتۇپنى بېرىپ، جاۋاب مەكتۇپ ئېلىپ كەلدىم.

— ناھايىتى ياخشى، — ئۇ مەكتۇپنى قولىغا ئېلىپ، قاسىمغا بەش سەر كۈمۈش بەردى.

— ئوبدان ئارام ئالغىن قاسىم. كۆزنىڭ ئاخىرىدا سېنى ئۆزۈم ئۆيلەپ قويىمەن.

— رەھمەت ۋەزىر ئەزەم، بويتاق يۈرۈپ گۇناھقا پېتىپ كەتتىم.

مىرزا ئەلى تاغايى قاسىم چىقىپ كېتىشى بىلەن مەكتۇپنى

ئېچىپ ئوقۇدى:

«ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم.

جانابىي ۋەزىر مىرزا ئەلى تاغايى، مەكتۇپىڭىزنى تاپشۇرۇپ ئالدىم، ئاللا رەھمەت قىلسۇن. ئابدۇرېشىتخاننىڭ مېنى دادىسىغا چېقىپ، كۆزدىن يوقاتماقچى بولۇۋاتقىنىدىن ۋاقىپ بولۇپ، غەپلەت ئۇيقۇسىدىن ئويغاتقانلىقىڭىز ئۈچۈن مىننەتدار بولدۇم. مەسلىھىتىڭىز بويىچە ئاكام سەئىدخاندىن ئادا — جۇدا بولۇش ئۈچۈن تەييارلىق ئىشلىرىغا كىرىشتىم. جانابىي ئاللا بىلىپ تۇرۇپتىكى، سىزنىڭلا سۆزىڭىزنى ئاڭلايمەن ۋە سىزگىلا ئىشىنىمەن. ئەگەر مەقسىتىمگە يېتىپ، مەملىكەت سۇلتانى بولسام، باش ۋەزىر سىز بولىسىز، مەن ھەرىكەتنى پات ـ يېقىندا باشلايمەن. مەدەتكار بولغايسىز.

ئىمىن خوجا سۇلتان.

ھىجرىيە 937 ـ يىلى[①]شەئىباننىڭ 4 ـ كۈنى»

— ماشا ئاللا، ماشا ئاللا، — ئۆز ـ ئۆزىگە پىچىرلىدى مىرزا ئەلى تاغايى خەتنى ئوقۇپ، — ئىمىن خوجا سۇلتان قوزغالسىلا ئابدۇلرەشىدخان تۈگىشىدۇ، سەئىدخان ئۆلگۈرۈپ كەلگۈچە پايتەخت بىزنىڭ قولىمىزغا ئۆتىدۇ.

ئۇنىڭ تاتىراڭغۇ چىرايىغا كۈلكە يۈگۈردى. «ئىپلاس، سېنى تاپماي قويمايمەن» دېگىنىچە يانچۇقىدىن مەريەمنىسانىڭ خېتىنى ئالدى، باشتىن ئوقۇپ «نائىنساپ، قانخور ئەبلەخنى ئۆلتۈرۈش. . . » دېگەن يېرىگە كەلگەندە «ھۇ مەرەز! » دەپ تىللىۋەتتى. ئۇ ئىشىككە بىر كۆز سېلىپ خەتنىڭ ئاخىرىغا كۆز يۈگۈرتتى: «جانابىي ۋەزىر، ئون ئۈچ يېشىمدىن يىگىرمە تۆت يېشىمغىچە خورلاپلا كەلدىڭىز. ئاخىر ئاللا كېرىمگە نالەم يېتىپ، ساداقەتمەن يىگىت ماڭا يار بولدى. سىز ئىپلاس

---

① ھىجرىيە 937 ـ يىلى مىلادىيە 1531 ـ يىلىغا توغرا كېلىدۇ.

ئايىغىڭىز بىلەن مۇشۇ كىچە بالىخانىغا قەدەم قويغۇچە، ئاشۇ يىگىتكە ئەگىشىپ كەتتىم. ئەمدى سىز دىدارىمنى ئىككىنچى كۆرەلمەيسىز. كۆرگەن كۈنىڭىز شۇم بېشىڭىز نىجىس تېنىڭىزدىن جۇدا بولىدۇ. ئاللا سىزگە لەنەت قىلغاي.

مەريەمنىسا»

تاغايىنىڭ چوققىسىدىن كىرگەن ئوت تاپىنىدىن چىقىپ كەتتى. كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىپ، زوڭ ئولتۇرۇپ قالدى. يۈزىنىڭ بۇلجۇڭ گۆشلىرى تارتىشىپ، بېشىغا ئاغرىق كىرىپ، كۆز ئالدى قاراڭغۇلاشتى.

— جانابىي ۋەزىر ئەزەم، — تۇردى ئىشىكنى ئېچىپ تەزىم قىلدى، — سۇلتان دەرھال ئوردىغا كەلسۇن، دەپ چاپارمەن ئەۋەتىپتۇ.

مىرزا ئەلى تاغايى چايمۇ ئىچمەي شاپاشلاپ ئوردىغا كەتتى.

## 2

«ئەسسالام شىرىن كالام!

ھەممىدىن چوڭ ھۆرمىتى، شىر، يولۋاستەك جۈرئىتى، بىغۇبار ئاق مەرمەردەك، ھۆكمى ئۆتكۈر خەنجەردەك، باتۇرلارنىڭ ئۇلگىسى، ئالىملارنىڭ ئۇلپىتى، ئەلگە غەمخور ئادالەتلىك، جەڭدە غالىب جاسارەتلىك، ئېزىز سۇلتان بالام ئابدۇلرەشىدخانغا؛

كۈن دېسە كۆزى نۇرلۇق، ئاي دېسە يۈزى يورۇق، چاچلىرى بوستان، چىھرى گۈلىستان، سەرۋى قامەتلىك، پاراسەتلىك، ئامەتلىك، يۈرىگىمنىڭ پارى، تېنىمنىڭ مادارى، جان ـ جىگەر قىزىم چۈچۈك سۇلتانبېكەگە؛ تولپارلىرىم، قاناتلىرىم ئابدۇللەتىپخان، ئابدۇلكېرىمخانغا؛ ھەر بىرىڭلار ئارقىلىق مەملىكەت ئاتىسى شاھىنشاھ سەئىدخان ئىنىمغا،

مېھرىبان ھەمشىرەم گۈلسىما سۇلتانبېگىمگە، خانىشلارغا، شاھزادىلەرگە:

كەمىنە ھەر بىرلىرىنىڭ پىراقىدا باغرى كاۋاپ، قەددى راۋاپ، ساچلىرىغا قىرو چۈشكەن، يۇلتۇزلىرى خىرەلىشىپ ئۆچكەن، موما دېسە، مومىدەك دۇئاگوي، ئانا دېسە ئانىدەك مېھرىبان غەمگۇزارلىرى ھەربىرلىرىنى سېغىنغان يۇرەكتىن ھال سورايدۇ:

— ئامان - ئېسەن تۇرۇشلىمۇ قەدىردانلىرىم؟ سالامەت دىدار كۆرۈشۈشنى ئارزۇ قىلىپ، سەھەر — كەچ ياد ئېتىپ، دۇئا قىلىپ تۇرۇۋاتىمەن قەدىردانلىرىم. ئايرىلىقنىڭ يىراقلىقى كۆپ ئىشلاردىن كىشىنى خەۋەرسىز قالدۇرۇپ، كۈتمىگەن تەقدىرگە دۇچار قىلىدىكەن. ئوغلۇم تاھىرخان قارانىيەت ئەمەلدارلارنىڭ باشلىشى بىلەن سۆزۈمنى ئاڭلىماي، سەئىدىيە خانلىقىدىن ئايرىلىپ چىقىش قەستىدە بولۇپ، ئۆزبېك خانلىرىغا بېقىنماقچى بولغانىدى، بۇ ياش، تەجرىبىسى يوق كۆرەڭ ئوغلۇم ئاخىرىدا دەشتى قىپچاق سۇلتانلىقىدىن ئايرىلىپ قالدى. ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ئەمىر، سەركەردىلەر ئۇنى تاشلاپ كەتتى. ئۇ ھازىر سۇلتان ئەمەس، سەرسان بولۇپ قالدى. مانا شۇنداق ئەھۋال ئاستىدا ھەربىرىڭلارنىڭ يېنىغا كېتىپ، ئاخىرقى ئۆمرۈمنى ئارامخۇدا ئۆتكۈزۈش نىيىگە كېلىپ سەپەر تەييارلىقىنى قىلىۋاتىمەن. ئاڭلىسام، ئىنىم سەئىدخانمۇ ئىسسىق كۆل دىيارىدىن يەركەنگە قايتىپ كېتىپتۇ. ئوغلۇم تاھىرخاندىن ماڭا ۋاپا كەلمىدى. بالام ئابدۇلرەشىدخاننىڭ مېنى ئانا ئېتىپ ۋاپا قىلىدىغانلىقىغا ئىشەنچ باغلاپ يولغا چىقىش ئالدىدا تۇرۇۋاتىمەن. ئاللا كېرىم ئارزۇيۇمغا يەتكۈزۈپ، مەرھۇم ئانام شاھبېگىمنىڭ يېنىدا يېتىشىمغا نېسىپ قىلغاي، ئامىن.

دىدار كۆرۈشكۈچە ئاللا ھەممىڭىزنى ئامان قىلسۇن.

ھەممىڭلارنى ئانىلىق باغرىمغا بېسىپ

www.uyghurkitap.com

سۇلتاننىگارخېنىم بىننى سۇلتان يۇنۇسخان ھىجىرىيە 937 ـ يىلى رەبىيىەل ئەۋۋەل» خەتنى ئوقۇپ بولغان چۇچۇك سۇلتانبېكە ھۆكرەپ يىغلىۋەتتى.

— سەۋر قىلسىلا مەلىكەم! — تەسەللىي بەردى باش كېنىزىكى شەمشىبانۇ، ـ يىغا يۈرەكنى قىرىتىدۇ، كۆلكە يۈرەكنى ياشارتىدۇ.

— سەۋر قىلسىلا مەلىكەم ـ سەۋر قىلسىلا، — دېيىشتى باشقا كېنىزەكلەرمۇ تەزىم قىلىپ.

— نېمىشقا يىغلىغىلى قويمايسىلەر؟ ياش بىلەن بىرگە دەردىمۇ تۆكۈلىدۇ. سىلەر چىقىپ كېتىڭلار. دەردىمنى تۆكۈۋالاي، — چۇچۇك سۇلتانبېكە بىر ـ بىرىگە قارىشىپ، سۆز قىلىشقا پېتىنالماي تۇرۇپ قېلىشقان كېنىزەكلەرگە يىغلامسىراپ ئاچچىقلىدى.

شەمشىبانۇنىڭ ئىشارىتى بىلەن كېنىزەكلەر چىقىپ كېتىشتى. چۇچۇك سۇلتانبېكە زالدەك چوڭ ساراي ئۆيدە ئۆزىلا قالدى. ئاۋازىنى قويۇپ بېرىپ شۇنداق ھەسرەت بىلەن يىغلىدىكى، تام تۇرۇس ئېرىپ كەتكىلى تاس قالدى. ئەگەر ئابدۇرېشىتخان كىرمىگەن بولسا ئۇنىڭ يىغىسى توختىمىغان بولاتتى.

— مەلىكەم، نېمە بولدىڭىز؟ كىمدىن سىزگە ئازار يەتتى، نېمىشقا بۇنچە ئۇۋۇلۇنۇپ يىغلايسىز؟ — ئىشىكتىن كىرىپ كەلگەن ئابدۇرېشىتخان ئۇنىڭدىن سورىدى.

— ئاھ، سۇلتانىم! — دېدى چۇچۇك سۇلتانبېكە پەرياد چېكىپ، ئۇ كىمخاپ كۆرپە ئۈستىدىن تۇرۇپ، ئابدۇرېشىتخانغا تەلمۈرۈپ قاراپ تۇردى ـ دە، بارغىنىچە ئۇنىڭ كۆكسىگە بېشىنى قويۇپ بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتى.

— مەلىكەم، زادى نېمە بولدىڭىز؟ خاس ھۇجرىڭىزغا خۇش

خەۋەر يەتكۈزگىلى كىرسەم، «سارايدا سازەندە، ئۇسسۇلچى كېنىزەكلەر بىلەن كۆڭۈل ئېچىۋاتىدۇ» دېيىشتى، مۇڭلۇق مۇسىقا، نەپىس ئۇسسۇلدىن بىرگە ھۇزۇرلىنىدىكەنمىز، دەپ بۇ سارايغا كىرسەم ياش تۆكۈپ ئولتۇرۇپسىز. كېنىزەكلەر قېنى؟

چۇچۇك سۇلتانبېكە تۆت بۇرجىكىگە گۈل ئىشلەنگەن يىپەك ياغلىقى بىلەن كۆزلىرىنى سۈرتتى.

— كېنىزەكلەرنى چىقىرىۋەتتىم.

— نېمىشقا؟

— خان ئانامدىن مەكتۇپ كەلگەنىكەن. ئوقۇپ كۆڭلۈم بۇزۇلدى. مۇسىقا مەيۈس كۆڭلۈمنى خۇش قىلالمىدى، ئۇسۇل چۈشكەن روھىمنى كۆتۈرەلمىدى.

— بۇنچە داغى ھەسرەتتە قويغان ئۇ خەتنىڭ مەزمۇنىدىن مېنى ۋاقىپلاندۇرۇڭ.

چۇچۇك سۇلتانبېكە خەتنى ئۇنىڭغا ئۇزاتتى. ئابدۇرېشىتخان خەتنى ئوقۇپ چىقىپ ئويلانغان ھالدا دېدى:

— خان ئاچام ئۆتكەنكى خېتىدە، ياخشى تۇرۇۋاتقانلىقىنى، سىزنى كۆرگۈسى كەلگەنلىكىنى ئىزھار قىلغانلىقى ئېسىمدە تۇرۇپتۇ. بۇ خېتىدە بولسا بۇ يەرگە كېلىدىغانلىقىنىڭ سەۋەبلىرىنى ئوچۇق يېزىپتىغۇ، بۇنىڭغا خۇش بولماي نېمانچە يىغلايسىز؟

— نېمىشقا يىغلىماي؟ ئەگەر مەن ئائىلىلىرىغا ياتلىق بولماي ئانام قېشىدا تۇرىۋەرگەن بولسام، تاھىرخان ئاكام دەشتى قىپچاقنىڭ خانلىقىدىن ئايرىلىپ قالمىغان بولاتتى، مەن بۇنىڭغا يول قويمايتتىم. ئاھ، مېنىڭ كىندىك قېنىم تۆكۈلگەن دالا، ئاھ، مېنىڭ يېشىل يايلىقىم... — چۇچۇك سۇلتانبېكە يەنە يىغلاپ كەتتى، — ئاھ، مېنىڭ غەمگۇزار ئانام، سەن قوغلاندى بولۇپ بۇ يەرگە كېلىدىكەنسەن. قارلىق تاغلارنى، گۈل – چىمەنلىك دالىنى، تاي – قوزىلار يايلايدىغان يېشىل يايلاقنى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

تاشلاپ بۇ يەرگە كېلىدىكەنسەن. ئاھ، مېنىڭ مېھرىبانىم ئانام. . .

— يىغلىماڭ بىكە! — ئابدۇرېشىتخان كەينىنى قىلىپ يىغلاۋاتقان خوتۇنىنى ئۆزىگە قاراتتى، - سىز ماڭا ياتلىق بولمىسىڭىزمۇ تاھىرخاندىن سۇلتانلىق تاجىنى قىپچاق - قىرغىز شاھزادىلىرى تارتىپ ئېلىۋېرەتتى. چۈنكى، ئۇ دېتىسىز، توخۇ يۈرەك، پاراسەتسىز، قورقۇنچاق كىشىلەر تەختتە ئۇزۇن ئولتۇرالمايدۇ. خان ئاچام بۇ يەرگە كەلسە يات ئەلگە قوغلاندى بولغان بولمايدۇ، بەلكى ئۆز ئېلىگە - ئانا يۇرتىغا كەلگەن بولىدۇ، سىز تېخىچە بۇنى بىلمەمسىز؟

— بىلسەممۇ كۆڭلۈم يېشىل يايلاقنى تارتىپ تۇرىدۇ سۇلتانىم، شۇنىڭ ئۈچۈن يىغلاۋاتىمەن.

— بولدى يىغلىماڭ مەلىكەم، خان ئاچام كەلسە ئانام ئۆز ئانىسىنى كۈتۈۋالغاندەك خۇرسەنچىلىك بىلەن كۈتۈۋالىدۇ. مەنمۇ ئوغۇللۇق مېھرىم بىلەن خىزمىتىدە بولىمەن، سىز ھەرگىزمۇ باشقا ئويدا بولماڭ.

چۈچۈك سۇلتانبېكىنىڭ غەم - ئەندىشىسى پەسەيدى.

— ئانامنى ئۆز ئانىلىرىدەك كۆرۈۋدىغان بولسىلا بېشىم ئاسمانغا يېتەتتى سۇلتانىم، خۇدا نىيەتلىرىنى ئارا يولدا قالدۇرمىغاي، — دېدى چۈچۈك سۇلتانبېكە چىن قەلبىدىن. ئۇنىڭ يادىدىن بىر نەرسە كەچكەندەك بولۇپ دېدى، — بابا، خۇش خەۋەر ئېلىپ كەلدىم، دېگەن ئىدىلە. بىزنى شۇنچە سۆيۈندۈرىدىغان خۇش خەۋەرنى ئېيتمامدىلا سۇلتانىم؟

— مەن سەئىدىيە خانلىقىنىڭ بىردىنبىر ۋەلى ئەھدىسى بولدۇم قەدىرلىكىم.

— راستىمۇ، خان ئاتام شۇنداق دەپ پەرمان چۈشۈردى-مۇ؟ — ھاياجانلىنىپ سورىدى چۈچۈك سۇلتانبېكە.

— راست، — دېدى ئابدۇرېشىتخان خىيالچان ھالدا، —

خان ئاتام بۇگۈن ئەتىگەن گۈلئىبهرام ئوردىسىنىڭ سۇلتان سارىيىدا مەجالىسۇن ئۆمەرا[1] ئۆتكۈزۈپ، مېنى ۋەلىي ئەھدى قىلىپ بېكىتتى. ئاندىن مەيدانىي ئادالەتتە پۈتۈن مەملىكەتكە ۋەلىي ئەھدى بولغىنىمنى تەنتەنە بىلەن جاكارلاپ، شاھانە تون ۋە تاج كىيگۈزدى، بېلىمگە ئالتۇن كەمەر باغلىدى، قولۇمغا شاھلىق ھاسىسىنى تۇتقازدى، بېلىمگە زۇلپىقار ئاستى. خان ئاتام «قۇرئان كېرىم»نى قولۇمغا تۇتقۇزۇپ، ۋەتەنگە ئاسىيلىق قىلماسلىق، جاپادا، راھەتتە ئاۋام بىلەن بىرگە بولۇش توغرىسىدا قەسەم ئىچۈرۈپ، تەختتە يېنىغا ئولتۇرغۇزدى. ئىنىلىرىم ئىسكەندەر سۇلتان، ئىبراھىم سۇلتان، مۇھسىن سۇلتانلارنىڭ ماڭا سەمىمىي بەيئەت قىلىشى ئۈچۈن ئۇلارنىمۇ قەسەم ئىچكۈزدى. بۇگۈن ھاياتىمدا يېڭى بىر كۈن باشلاندى.

— مۇبارەك بولسۇن سۇلتانىم. ئازراق سوۋغام بار، لايىقلىرىدا بولمىسىمۇ قوبۇل قىلغايلا. مەن ئېلىپ كىرەي.

چۈچۈك سۇلتانبېكە تۇرۇپ، سارايدىن خاس ھۇجرىسىغا چىقتى. كىيىم - كېچەكلەرگە مەسئۇل كېنىزىكى گۈلئايىمغا:

— ئۆتكەن يىلى كۈزدە خان ئاتام سۇلتاننىگارخېنىم ئەۋەتكەن بوخچىنى كەلتۈرۈڭ، — دەپ بۇيرۇدى.

ئۇشۇقىغا چۈشۈپ تۇرىدىغان قارا يوللۇق ئەتلەس كۆڭلەك، مانىبۇ دوپپا كىيگەن گۈلئايىم ئىتتىك چىقىپ كەتتى.

— ئات باقار ھاشىم قولانغا ئېيتىڭ. مەن تاپشۇرغان ئاق ئاتنى قەسىرگە كەلتۈرسۇن.

باش كېنىزەك شەمشىبانۇ ھاشىم قولانغا مەلىكىنىڭ سۆزىنى يەتكۈزدى.

گۈلئايىم بوغچىنى ئېلىپ كىردى. چۈچۈك سۇلتانبېكە ئۇنى ئېچىپ، چىرايلىق قاتلانغان كىيىم - كېچەككە كۆز سېلىپ

① ماجالىسۇن ئۆمەرا - دۆلەت باشلىقلىرى كېڭىشى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

يەنە يۆگەپ گۈلئايىمغا كۆتۈرگۈزدى. ئۆزى ئاق شايە ياغلىققا ئورالغان نەرسىنى ئېلىپ قەسىر هويلىسىغا چىقتى. چۈچۈك سۇلتانىبېكە ئۇ يەردىن دالان ئارقىلىق كەڭ هويلىغا چىقتى. كۆكلەم شاملى هويلىدىكى قىزىل گۈللەرنى يەلپۈندۈرەتتى. هويلا يولى تال ـ باراڭلىق بولۇپ، كۈن چۈشمەيتتى. گىلاس، ئەينۇلا، ئالما دەرەخلىرى هويلىغا سايە تاشلاپ تۇراتتى. يەرگە تۆت بۇرجەك خىش ياتقۇزۇلغان، پاكىز سۇپۇرۇلۇپ سۇ سېپىلگەنىدى. مەلىكە كېنىزەكلىرى بىلەن ئۆتتۇرىدىكى گۈللۈكنى ئايلىنىپ ئۆتۈپ، ئارامگاھ سارىيى ئىشىكى ئالدىدا توختىدى. گۈلئايىمدىن بوغچىنى ئېلىپ، كېنىزەكلەرنى هويلىدا قالدۇرۇپ، ئۆزى سارايغا كىردى.

ئابدۇرېشىتخان خوتۇنىنىڭ كىرگىنىنى كۆرۈپ:

— مەرهابا مەلىكەم، ماڭا تەييارلىغان سوۋغىلارنى دۇنيانىڭ ئۇ قېتىدىن ئېلىپ كەلدىڭىزمۇ، نېمە؟ شۇنچە ئۇزۇن ۋاقىت يوقىلىپ كەتتىڭىزغۇ قەدىرلىكىم؟ — دېدى.

— ۋىيەي سۇلتان، يانلىرىدىن چىقىپ كەتكىنىمگە ئاران چارەك سائەت بولدىغۇ، — چۈچۈك سۇلتانىبېكە كېلىپ ئولتۇرۇپ بوغچىنى ئاچتى، — كىيىپ كۆرسىلە.

ئابدۇرېشىتخان مىسىرنىڭ زەر يوللۇق ئاق يىپەك شايىسىدىن تىكىلگەن يازلىق توننى ئېلىپ ئاچتى، ئۇچىسىدىكى ئالتۇن تۈگمىلىك، ياقىسىغا ئالماس قويۇلغان شاھانە توننى سېلىپ، ئۇنى كىيدى.

— شۇنداق ياراشتى سۇلتانىم. بۇنى مۇشۇنداق قۇتلۇقلاش كۈنى ئۈچۈن ساقلاپ قويغانىدىم. بۇ مېنىڭ سوۋغىتىملا ئەمەس، خان ئانامنىڭمۇ سوۋغىتى. ئۆتكەن يىلى ئانام مىسىرنىڭ بۇ شايىسىنى دەشتى قىپچاقتىن ئەۋەتىپتىكەن، يازلىق تونلىرىغا ئوخشاش قىلىپ ئۆلچىتىپ تىكتۈرۈپ قويغانىدىم.

چۈچۈك سۇلتانىبېكە ئابدۇرېشىتخاننىڭ ئالدى ـ كەينىگە

ئۆتۈپ سىنجىلاپ قاراپ، باش لىڭشىتىپ مۇبارەكلىدى. ئۇ ياغلىققا چىگىپ ئېلىپ چىققان نەرسىنى ئېرىنىڭ ئالدىغا قويدى، ئۇ ئالتۇن سائەت ئىدى.

— رەھمەت مەلىكەم. بۇ سائەتنى ھەرۋاقىت يېنىمدىن ئايرىمايمەن، — دېدى ئابدۇرېشىتخان مىننەتدارلىق نەزىرى بىلەن

خاس مەھرەم كىرىپ چۈشلۈك تاماققا داستىخان سالدى. كېنىزەكلەر پەتنۇس ـ پەتنۇستا چىنە، تەخسىلەردە قېتىق، سۈزمە، مېۋە شەربەتلىرىنى ئەكىرىپ داستىخانغا تىزىۋەتتى، نان، مەزە قويدى.

— كۆكلەم كىرگەندىن بۇيان شىكارغىمۇ ئېلىپ چىقمىلا سۇلتانىم، دالىنى، بۆك ـ باراقسان جاڭگالنى، دەريا ۋادىلىرىنى سېغىنىپ قالدىم، — دېدى چۇچۇك سۇلتانىبېكە شاتۇت شەربىتىنى پىيالىغا تولدۇرۇپ ئېرىگە سۇنۇۋېتىپ، — ۋەلى ئەھدى بولغان چاغلىرىدا، خاتۇنلىرى بىلەن شىكارغا چىقسىلا بولمامدۇ يا؟

ئابدۇرېشىتخان شەربەتنى ئىچىپ ھۇزۇرلاندى. خوتۇنىغا قاراپ باش لىڭشىتتى:

— بىر ئۇستازلار، خاتۇنلەر شىكارغا چىقسا نامەھرەم بولىدۇ، دەپ ماڭا بىر قانچە قېتىم ئېيتتى قەدىرلىكىم، شۇڭا بۇ يىل شىكارغا ئېلىپ چىقمىغانىدىم. ئەگەر شىكارغا چىققىڭىز كەلگەن بولسا، ئالدىمىزدىكى شەنبە ئېلىپ چىقاي. شەرت شۇكى، بۇ شىكارغا مەندىن، ئوغۇللىرىمدىن باشقا ئەرلەر چىقماسلىقى كېرەك.

— بۇ شەرت ئادا قىلىنىدۇ سۇلتانىم، شەنبىگە يەنە تۆت كۈن بار ئىكەن، — دېدى چۇچۇك سۇلتانىبېكە ۋە دېرىزىدىن سىرتقا قارىدى، — مانا، شىكارغا مىنىپ چىقىدىغان ئاتنى ئېلىپ كەپتۇ.

ئابدۇرېشىتخان ھەيران بولۇپ، دېرىزە ئالدىغا باردى. قازاقچە ئىگەرلەنگەن ئاق ئات گۈللۈك يېنىدا قۇيرۇق چۆرۈپ تۇراتتى.

— بۇمۇ ۋەلى ئەھدى بولغانلىرىنى قۇتلۇقلاپ قىلغان سوۋغىتىم، بۇ ئات ئۆتكەن يىل دەشتى قىپچاقتىن ئېلىپ كېلىنگەندە تاي ئىدى، شۇنچە چوڭ بولۇپ كېتىپتۇ. چىقىپ كۆرۈپ باقامدىلا، يارامدىكىن؟

ئابدۇرېشىتخان سارايىنىڭ ئىشىكىدىن مەلىكە بىلەن چىقىشىغا ھاشىم قۇلان ئاتنىڭ تىزگىنىنى شەمشىبانۇغا بېرىپ ئۆزىنى دالدىغا ئالدى.

ئابدۇرېشىتخان كېلىپ ئويناقشىپ تۇرغان ئاتنىڭ تىزگىنىنى ئېلىۋىدى، ئات ياتسىرىغاندەك تېپچەكلەپ كىشنىۋەتتى. ئۇ بىرلا سەكرەپ ئاتقا مىنىۋالدى، ئەمما ئات يۇلقۇنۇپ تاقلاپ، تاشلىۋەتكىلى قىل قالدى. ئابدۇرېشىتخان ماھىر چەۋەنداز بولغىنى ئۈچۈن ئالدىغا ئېڭىشىپ تىزگىنىنى چىڭ تارتىپ، ھەرەم ھويلىسىنى ئىككى قېتىم ئايلاندى. ئۈچىنچى قېتىمدا بىر ئاز ياۋاشلىغان ئاق قۇلان شۇنداق چىرايلىق يورغىلىدىكى، چۆچۈك سۇلتانبېكە كېنىزەكلەر بىلەن چاۋاك چېلىشىپ كەتتى.

ئابدۇرېشىتخانىنىڭ ۋەلى ئەھدى بولغانلىقىنى ئىككىنچى خوتۇنى نۇرنىسا سۇلتانبېگىممۇ مۇبارەكلىدى. ئۇ ئالتۇن ساپلىق خەنجەر بىلەن ئاجايىپ نەپىس تىكىلگەن بادام دوپپا سوۋغا قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئېغىر ئاياغ بولۇپ قالغانلىقىنىمۇ بىلدۈردى، بۇ سوۋغا ھەممە سوۋغىدىن ئېشىپ چۈشتى. ئانىسى گۈلسىما سۇلتانبېگىم بىر ئالتۇن كەمەر تەقدىم قىلدى. باشقا خانىشلارمۇ ئۆزلىرىگە تون كىيگۈزۈشتى. بۇ قۇتلۇق دەملەر ئۇزۇنغا سوزۇلمىدى. ئاقسۇدىن شۇم خەۋەر كېلىپ، گۈلئىرام ئوردىسى ئەنسىزلىك ئىچىدە قالدى.

## 3

ئاسمان گىرىمسەن، كۈننىڭ نەۋاخ بولغىنىنى بىلىپ بولمايتتى. ھاۋا تىنجىق، شامالدىن ئەسەر يوق ئىدى، گۈلئىرام ئۆردىسىدىكى دەل ـ دەرەخلەر سالپىيىپ قىمىر قىلمىشمايتتى. گۈل ـ گىياھلارمۇ سولۇشۇپ، گويا ئاتىسىدىن تىل ئىشىتكەن قىزدەك مۈگدىلىنىپ قالغانىدى. سۇلتان سارىيىنىڭ دەر پەردىلىك دېرىزىلىرى پۈتۈنلەي ئېچىۋېتىلگەن بولسىمۇ، لېكىن ساراي ئىچىمۇ تىنجىق ئىدى.

ۋەزىر ـ ۋۇزرالار، ئەمىر ـ سەركەردىلەر، قازى ـ قۇززاتلەر، ئالىم، ئەدىبلەر، مۇنەججىم ـ ھۆكۈمالار قوللىرىنى كۆكسىگە ئالغان ھالدا، تەختتە ئۆرە تۇرغان سەئىدخانغا تىكىلگەنىدى. ئۇلار قورققانلىقى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئەقىدە باغلاپ ئىخلاس قىلغانلىقى تۈپەيلىدىن ئۆز پادىشاھىغا ئەنە شۇنداق ھۆرمەت ـ ئېھتىرام بىلدۈرۈشنى ئۆزلىرىنىڭ ئۆتەشكە تېگىشلىك بۇرچى، دەپ بىلەتتى.

بۈگۈن سۇلتان سارىيىغا خوتەن، قەشقەر، يېڭىسار، ئىسسىق كۆل، ئۆرە تۆپە، بىلوجىستان، كەشمىر، تاڭغۇت دىيارلىرىنىڭ ئالىي ھاكىملىرى يىغىلغانىدى. ھىندىستان، ئافغانىستان، خۇراسان، خارەزىم، پەرغانە، ئىران، ئىراق، تۈركىيە، ئەرەبىستان قاتارلىق ئەللەرنىڭ ئەلچىلىرىمۇ كەلگەنىدى. بۇنىڭدىن بۈگۈن ناھايىتى مۇھىم پەرماننىڭ جاكارلىنىدىغانلىقىنى بىلگىلى بولاتتى.

سەئىدخان يەنە بىر قېتىم كۆپچىلىكنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى. سەئىد مۇھەممەد مىرزا، مىرزا ھەيدەركوراگانغا باش لىڭشىتىپ قويۇپ ئاۋۋال ئۆزى ئولتۇردى، ئاندىن بىر ـ بىرلەپ باشقىلار ئولتۇرۇشتى، ئابدۇرېشىتخانلا ئولتۇرمىدى.

— يارلىق! — سەئىدخاننىڭ لەرزان ئاۋازى سارايدا

www.uyghurkitap.com

ياگرىدى، — قەستەن ئادەم ئۆلتۈرگەن، ۋەتەنگە، خانلىقىمىزغا ئاسىيلىق قىلغان گۇناھكارلاردىن باشقا ھەممە مەھبۇسلار بۇ يىل رامىزان ئېيىنىڭ ئاخىرىغىچە قويۇپ بېرىلسۇن. بۇ يارلىقنىڭ يازمىسى ھەرقايسى جايلاردىن كەلگەن ئەمىر، ھاكىملارغا بۇگۈنلا تارقىتىپ بېرىلسۇن.

— ئاللانىڭ مەدىتى بىلەن بۇ يارلىقنى جارى قىلغايمىز شاھىم، — دېيىشتى ئورنىدىن تۇرغان كۆپچىلىك.

— ئاللا سىلەرگە رەھمەت قىلسۇن، ئولتۇرۇڭلار جانابلار.

ھەممەيلەن ئولتۇرۇشتى. ئابدۇرېشىتخانلا سەئىدىخاندىن بىر قەدەم ئارقىدا، تەختنىڭ ئوڭ تەرىپىدە قول باغلاپ تۇرىۋەردى.

— يارلىق! — سەئىدخاننىڭ ئاۋازى بايقىدىن لەرزانىراق چىقتى، — ئېلىمىز پۇقرالىرى مەيلى يەككە، مەيلى كارۋان بولۇپ باشقا ئەللەرگە مال ئېلىپ تىجارەتكە چىقسا، مېلىدىن باج ئېلىنمىسۇن، باشقا ئەللەردىن ئېلىپ كەلگەن ماللارنىڭ پايدىسى بازار نەرخى بويىچە ئادىل ھېسابلىنىپ، نەخ پايدىنىڭ ئوندىن ئۈچ قىسمى باجگىر بەگ ئارقىلىق خانلىقىمىز خەزىنىسىگە تاپشۇرۇلسۇن. چەت ئەللىك سودىگەرلەر ئېلىپ كېتىش ئۈچۈن بازارلىرىمىزدىن سېتىۋالغان ھەرقانداق مال، لازىملىق نەرسە - كېرەك ئۈچۈن باج ئېلىنمىسۇن. ئۇلارنىڭ ھاياتى، مال - مۈلكى ئېلىمىزگە كەلگەن كۈندىن باشلاپ تاكى تۇپرىقىمىزدىن چىقىپ كەتكۈچە مۇھاپىزەت قىلىنسۇن، قوغدالسۇن.

— ئاللانىڭ مەدىتى بىلەن بۇ يارلىقنى جارى قىلغايمىز، — دېيىشتى يەنە ئورنىدىن تۇرغان كۆپچىلىك.

— جانابلار، كۈن ئىسسىپ، تىنجىق بولۇپ كەتتى، ئاللا قەھرىتاندا ئىسسىق ئارامگاھ ئاتا قىلغاندەك، تومۇزدا باغۇ بوستانلىق سەيلىگاھ ئاپىرىدە قىلىپ بەرگەندۇر، ھەربىرىڭلارنى جاھانباغدا سالقىنداشقا تەكلىپ قىلىمەن. ئىككى يارلىق ھەققىدە

قانداق پىكىر، تەكلىپىڭلار بولسا ئاڭلاپ، مۇلاھىزە قىلىپ باقساق بولىدۇ، — سەئىدخان شۇنداق دەپ سۇلتان سارىيىدىن چىقتى. كەينىدىن ئابدۇرېشىتخان، ۋەزىر - ۋۇزرالار قەدەم بېسىشتى.

جاراڭلاپ تۇرغان سۇلتان سارىيى بوشاپ قالدى. مىرزا ئەلى تاغايى سەئىد مۇھەممەد مىرزا، مىرزا ھەيدەر كوراگانىنىڭ ھەمراھلىقىدا ئوغلى بىلەن كېتىۋاتقان سەئىدخانغا نەچچە قېتىم يېقىنلاشماقچى بولۇپ، ئالدىغا بۆسۈپ ئۆتۈشكە جۈرئەت قىلالمىدى. ئۇنىڭ چىرايىدىن جىددىيلىك چىقىپ تۇراتتى.

گۇلئىبرام ئوردىسىنىڭ نۆكەرلەر مەشق قىلىدىغان سەيناسىغا ئونلىغان ئاتلار كەلتۈرۈلگەنىدى. سەئىدخان ئاتلارغا يېقىن بېرىپ، ئاق قاشقا، قارا گىر ئېتىغا مىنمەكچى بولۇپ تۇرغىنىدا، مىرزا ئەلى تاغايى كېلىپ ئۇنىڭغا شىۋىرلاپ دېدى.

— خان ئالىيلىرى، ئاقسۇدىن شۇم خەۋەر كەلدى. ئىمىن خوجا سۇلتان سەئىدىيە خانلىقىغا بويسۇنمايدىغانلىقىنى جاكارلاپ، ئالىيلىرىغا سادىق سەردار، بەگلەرنى قىرغىن قىلىپتۇ.

— بۇ خەۋەرنى كىم ئېلىپ كەلدى؟ — ئۆكتۈپ سورىدى سەئىدخان.

— رۇستەمبەگ.

— ئۇ قېنى؟

— ئالىيلىرى يارلىق جاكارلاۋاتقان چاغلىرىدا، دىۋانخانىغا كىرىپ كەلگەنىدى، ئۇستۈېشى ناھايىتى جەرىدە ئىكەن. ماڭا ئەھۋالنى دېدى. ئالىيلىرى بىلەن ئۇچراشتۇرۇشنى مۇۋاپىق كۆرمەي، پاتمە سۇلتانبېگىم قەسرىگە ئارام ئېلىپ تۇرۇشقا ئەۋەتكەنىدىم.

سەئىدخان تۇرۇپ كېتىپ ئابدۇرېشىتخانغا قارىدى:

— ئوغلۇم، سىلى بېرىپ رۇستەمبەگكە ھەمراھ بولسىلا،

كەچقۇرۇن ئۇنىڭ بىلەن ئۆزۈم كۆرىشىمەن.
سەئىدخان ناماز شامنى جاھانباغنىڭ مەسچىتىدە مېھمانلار بىلەن بىللە ئوقۇپ، پاتىمە سۇلتانبېگىم قەسرىگە كىرگەندە خۇپتەن بولغانىدى. ئابدۇرېشىتخان بىلەن رۇستەمبەگ ئۇنى قەسىر مېھمانخانىسىنىڭ ئىشىكى ئالدىدا كۇتۇۋالدى. رۇستەمبەگ خانغا سالام بەجا كەلتۈردى، سەئىدخان ئۇنى باغرىغا باستى.
رۇستەمبەگ بوي تارتىپ، ياداپ قالغاندەك كۆرۈنەتتى. يول ئازابىنىڭ قاتتىقلىقىدىن بولسا كېرەك، قارىداپ، لەۋلىرىگە گەز باغلاپ كەتكەنىدى، پەقەت قوي كۆزلىرىلا چاقناپ تۇراتتى.
سەئىدخان ئابدۇرېشىتخاننى ئىسسىق كۆل ۋە دەشتى قىپچاق سۇلتانى قىلىپ ئۇزاتقاندا، رۇستەمبەگنى بەگ ئەتكىلىرى ۋە خاس يىگىتلىرى بىلەن ئىمىن خوجا سۇلتان يېنىغا دۆلەت ئىشلىرىنى ئۆگەنگىلى ئەۋەتكەنىدى. شۇنىڭدىن بېرى ئۇ`شۇ يەردە ئىمىن خوجا سۇلتاننىڭ خاس نۆكەرلىرىنىڭ سەردارى سۈپىتىدە تۇرۇپ كېلىۋاتاتتى.
— ئوغلۇم، بايا ئىشىك ئاغىسىدىن قايتىپ كەلگەنلىكىڭىزنى ئاڭلاپ كۆپ بىئارام بولدۇم. قېنى ئېيتىڭ، ئاقسۇ دىيارىدا نېمە ئىشلار يۈز بەردى؟ — دېدى سەئىدخان خاس ھۇجرىغا كىرىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن.
رۇستەمبەگ دەس تۇرۇپ سۆزلەشكە تەمشىلىۋىدى، سەئىدخان ئۇنى يېقىندىن تارتىپ ئولتۇرغۇزۇپ قويدى. ئۇچ كۆزلۈك شامدانلاردىكى شام ئۆيىنى سۈتتەك يورۇتۇۋەتكەنىدى.
— شاھ ئاتا، — دەپ باشلىدى گېپىنى يۈكۈنۈپ ئولتۇرغان رۇستەمبەگ، — مەن ئاقسۇغا بارغاندىن كېيىن ئىمىن خوجا سۇلتان ئاغام ئوبدان كۇتۇۋالدى، رەپىقەم بىلەن ئوردا قەسرىگە چۈشۈردى. خىزمىتىمىزنى قىلىشقا غۇلام ۋە كېنىزەكلەرنى بەردى. مەنمۇ بەجاندىل ئۇنىڭ خىزمىتىدە بولدۇم. خاس

مۇھاپىزەتچى نۆكەرلەرنىڭ سەردارى سۈپىتىدە ھاكىم ئوردىسىنىڭ ھەممە ئىشلىرىغا قاتناشتىم. ئىككى يىل مۇقەددەم كۈزدە، نۆكەر دېسە نۆكەر ئەمەس، چىرايى سۆرۈن بىر ئادەم ئوردىغا كىرىپ كەلدى. ئۇ ئەتراپىغا ئالاقزادىلىك بىلەن قاراپ، «سۇلتان ئالىيلىرى، مەن مۇھىم بىر خەۋەر ئېلىپ كەلدىم. خاس سورۇندا سۆزلەشسەك» دېدى. ئىمىن خوجا سۇلتان مەندىن باشقا ھەممە بەگ، سەردارلارنى چىقىرىۋەتتى ۋە «بۇ مېنىڭ خاس مۇھاپىزەتچىم، سۆزلەۋەر» دېدى يوچۇن كىشىگە. «ئالىيلىرى بۇ خەتنى ئۆزلىرى ئوقۇپ كۆرسىلە» دېدى ئۇ كىشى ماڭا شۈبھە بىلەن قاراپ. ئىمىن خوجا سۇلتان خەتنى بىر قۇر ئوقۇپ چىقتى، چىرايى ئۆزگىرىپ قاپقى تۇرۇلدى. «سىزمۇ چىقىپ تۇرۇڭ رۇستەمبەگ» دېدى زەردە بىلەن.

ئۇ بۇ ۋاققا قەدەر ماڭا بۇنداق تەلەپپۇزدا قوپاللىق قىلمىغانىدى. ئەجەبلىنىپ ھەم غەزەپلىنىپ گەپمۇ قىلالماي چىقىپ كەتتىم، ئۇلارنىڭ نېمە دېيىشكىنى خۇداغا مەلۇم. مانا شۇ كۈندىن باشلاپ ئىمىن خوجا سۇلتان ماڭا پۈتۈنلەي سوغۇق مۇئامىلىدە بولدى، مېنى ئوردا دەرۋازىۋەنلەر بېگى قىلىپ قويدى.

— سىز مېنىڭ ئوغلۇم ئىكەنلىكىڭىزنى، بۇ خىزمەتنىڭ مۇناسىپ كەلمەيدىغانلىقىنى دېمىدىڭىزمۇ؟ — سورىدى سەئىدخان غەزەپكە كېلىپ.

— دېگۈم كەلمىدى، خان ئاتا. ئۇ چاغدا توغرى ئويلىيالمايتىمەن، يوچۇن ئادەم ئېلىپ كەلگەن خەتنى سىلىنى ئەۋەتكەن ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپ يۈرىۋەرگەنىدىم. تۆت - بەش ئايدىن كېيىن يەنە شۇ يوچۇن ئادەم كەلدى. مەن ئۇنىڭ ئوردا دەرۋازىسىدىن كىرگىنىنى، ئەتىسى چىقىپ كەتكەنلىكىنى كۆردۈم. ئۆگىنى ئىمىن خوجا سۇلتان نۇرغۇن سوۋغا - سالاملار بىلەن ئاتلىنىپ يولغا چىقىپ كېتىپ، ئىككى ئايدا يېنىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كەلدى. ئۇنىڭ بىلەن بارغانلاردىن ئۇقسام، ئىمىن خوجا سۇلتان كۇچارغا، تۇرپانغا بارغانىكەن. ئۇ يەردە سۇلتان مەنسۇرخان، باباچاق سۇلتانلار بىلەن كۆرۈشۈپتۇ. ئۇ كەلگەندە ناھايىتى ھاكاۋۇرلىشىپ كەتكەنىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئۆزلىرىگە سادىق ئەمىر، سەردارلانى ئارقا ـ ئارقىدىن زىندانغا تاشلىدى. مەن شۇ چاغدىلا ئىمىن خوجا سۇلتاننىڭ ئاسىيلىق قىلىش يولىغا ماڭغانلىقىنى، بۇنىڭ بىلەن خەت ئېلىپ كەلگەن يوچۇن ئادەمنىڭ سىرلىق مۇناسىۋىتى بارلىقىنى بىلىپ يەتتىم ئۆزۈمنى ناھايىتى ھوشيار تۇردۇم. ئىمىن خوجا سۇلتان سەردار، بەگلەرنى زىندانغا تاشلاپلا قالماستىن قەتلى قىلغىلى تۇردى، ئاقسۇ ئاسمىنىنى قارا بۇلۇت قاپلىدى. بىر كۈنى كېچىسى ئۆيدە قۇرئان تىلاۋەت قىلىپ ئولتۇراتتىم، ئىشىك قېقىلدى. چىقىپ قارىسام، خەزىنە بېگى مۇھەممەد ئابدۇللا بارلاس ئىكەن، دەرھال ئۆيگە باشلىدىم. ئۇ: «رۇستەمبەگ، ئەتە ئەتىگەن ئۆزلىرىنى ئىمىن خوجا سۇلتان قەتلى قىلماقچى. ئۇ ئۆزىگە سادىق دەپ بىلگەن تۆت نەپەر ئوردا ئەمەلدارلىرىغا بۇ سۆزنى ئېيتتى. مەن سۇلتان سەئىدخاندىن كۆپ ياخشىلىق كۆرگەنىدىم، ئۇنىڭغا ھەرگىز ئاسىيلىق قىلمايمەن. شۇڭا، سىلىنى ئاگاھلاندۇرۇپ قوياي، دەپ كەلدىم. مىنۇت كېچىكمەي ئاقسۇ شەھىرىدىن چىقىپ كەتسىلە. مەندىن شاھەنشاھ سەئىدخان ئالىيلىرىغا سالام ئېيتسىلا. ئاللاغا ئامانەت، خوش» دەپ ئىتتىك ئۆيدىن چىقىپ كەتتى. قانداق قىلىشىم توغرۇلۇق دەرمەھەل ئويلاندىم خان ئاتا.
تۈن يېرىم بولغاندا رەپىقەمنى كېنىزەك سىياقىدا ياساندۇردۇم، دەرۋازىۋەنلەر بېگى، دېگەن ئەمىلىمدىن پايدىلىنىپ، ئاۋۋال ئايىلىمنى ئىككى بالام بىلەن دەرۋازىدىن چىقىرىۋەتتىم، ئۇلار كۆز يېتىم يەرگە بارغاندا ئېتىمنى مىندىم-دە، ئۇلارغا يېتىشىپ، رەپىقەمنى قۇچاقتىكى بالام بىلەن ئارقامغا مىنگەشتۈردۈم، ئالدىمغا ئۈچ ياشار ئوغلۇمنى ئالدىم. ئاتنى

ئۆچقانده‌ك چاپتۇرۇپ بازاردىكى بىر چايخانىچىنىڭ ئۆيىگە كەلدىم. بۇ ئادەم ئاق كۆڭۈل، سەمىمىي كاسىپ ئىدى، مەن كۆپ قېتىم چايخانىسىغا بېرىپ، يېقىن تونۇشلاردىن بولۇپ قالغانىدىم. ئۇنىڭغا راست ئەھۋالنى ئېيتىپ، خاتون، بالىلىرىمنى ئۇنىڭ ئۆيىدە قالدۇردۇم. ئۇ خۇدا نامى بىلەن قەسەم ئىچىپ، ئوبدان مۇھاپىزەت قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. مەن خوشلىشىپ ئاقسۇ شەھىرىدىن چىقتىم. چۈش بولغاندا قاتتىق هارغان ئېتىم چۆلدە يىقىلىپ جايىدا ئۆلدى. ئۇنى ناھايىتى تەستە بىر يۇلغۇن دەرىخىنىڭ يېنىغا سۆرەپ ئېلىپ بېرىپ كۆمۈپ قويدۇم. ئېلىۋالغان ناننى يەپ، قاپاقتىكى سۇدىن ئىچىپ، پىيادە يولنى داۋاملاشتۇردۇم خان ئاتا. كەلپىن ئاچىلىغا كەلگەندە ئون بەش تىللاغا بىر ئات سېتىۋالدىم، مارالبېشىغا كەلگەندە بۇ ئاتمۇ ئۆلدى، ئون بەش تىللاغا يەنە بىر ئات ئالدىم. سېرىق بۇيىدىن ئۆتۈپ مەكىتكىمۇ يەتتىم، بىر كېچە ئۇخلاپ يولغا چىقتىم. بىر كۈن ماڭدىم، ھەممە ئەتراپ قۇم ـ تاشلىق چۆلگە چىقىپ قالدىم. سۈيۈم تۈگەپ كەتتى، نامازدىگەر ۋاقتى بولغاندا ئات مۇدۇرۇپ يىقىلىپ شۇ يەردىلا جان بەردى. ئۇنىمۇ جايىغا كۆمۈپ قويۇپ يولنى داۋاملاشتۇردۇم، كېيىن بىر چۆللۈككە يەتتىم، يولنى پەرق قىلغىلى بولمايتتى، شۇنچە مېڭىپمۇ چۆلنىڭ چېتىگە چىقالمىدىم. كۈن ئولتۇرۇۋىدى، چۆلنى زۇلمەت باستى. قاپاقتىكى سۇ بىلەن بىر ئاز نان يەپ شۇ يەردىلا ئۇيقۇغا كېتىپتىمەن. ئەزان ئاۋازى ئاڭلانغاندەك بولۇپ ئويغىنىپ كەتتىم، تاڭ سۈزۈلۈشكە باشلىغانىكەن. تاش ـ قۇمدىن باشقا ھېچنىمىنى كۆرگىلى بولمايتتى. تەيەممۇم قىلىپ، ئىككى رەكەت شۈكرى نامىزى ئوقۇپ، مىڭبىر قېتىم «ئاللا» دەپ ئىلتىجا قىلدىم. بامداتنىڭ سۈننەت پەرزىنى ئادا قىلىپ، ئاللادىن ئامان ـ ئېسەن مەنزىلىگە يەتكۈزۈشنى تىلەپ دۇئا قىلدىم. قاپاقتا سۇ ئاز قالغانىكەن، ناننى قۇرۇق يەپ يولغا

چۈشتۇم. شۇنداق قىلىپ، تۆت كېچە ـ كۈندۈز چۆلدە يۈردۈم، ئىككى كۈن نان، سۇسىز مېڭىپ، ئاخىر يەركەنگە كېلىپ قالدىم خان ئاتا.

— بارىكاللا ئوغلۇم، بارىكاللا، هايات سىنىقىدىن بىر ئۆتتۈڭىز بالام. تارتقان جاپا، سىڭدۈرگەن ئەجرىڭىز ئۈچۈن ئاللا رەھمەت قىلسۇن.

ئابدۇرېشىتخان شام يورۇقىدا رۇستەمبەگكە قاراپ ئولتۇردى، ئۇنىڭغا ھەۋەسى كەلدى. لېكىن، ئۇنىڭ تاغىسىنىڭ قىلمىشلىرىدىن غەزەپلەنگەنلىكىنى ماڭلىيىدىكى تومۇرلارنىڭ كۆپۈپ چىققانلىقىدىن، قوشۇمىسىنىڭ تۈرۈلگەنلىكىدىن بىلگىلى بولاتتى.

— خان ئاتا، قارانىيەت تاغامنىڭ ئەدىۋىنى بېرىشكە مېنى ئەۋەتسىلە، — ئورنىدىن دەس تۇرغان ئابدۇرېشىتخان قوللىرىنى كۆكسىگە ئالدى.

— خان ئاتا، دەرھال لەشكەر ماڭدۇرۇلمىسا، ئىمىن خوجا سۇلتان ھەددىدىن ئېشىپ كېتىدۇ. پېقىرنى ئابدۇلرەشىدخان ئاكامغا ھەمراھ قىلىپ ئەۋەتىشلىرىنى ئۆتىنىمەن.

سەئىدخان باش سىلىپ جىم ئولتۇرۇپ كەتتى. بىر قارارغا كەلدى ئەتىمالىم، بېشىنى كۆتۈرۈپ ئابدۇرېشىتخانغا، ئاندىن رۇستەمبەگكە قارىدى.

— ئۈچ كۈنگىچە سەپەر تەييارلىقىنى ياخشى ئىشلەپ، بەش مىڭ لەشكەر بىلەن يولغا چىقىڭلار. سىلى ئوغلۇم، — سەئىدخان ئابدۇرېشىتخانغا كۆز تىكتى، — ئاقسۇغا، ئىمىن خوجا سۇلتان ئورنىغا سۇلتان بولۇپ بارىلا. سىزمۇ ئوغلۇم، — ئۇ رۇستەمبەگكە نەزەر تاشلىدى، — ئەمىر لەشكەر بولۇپ بارىسىز. مەن ئەتە يارلىق چۈشۈرىمەن.

يان ئۆيدە ئىشىكنىڭ يوچۇقىدىن قاراپ تۇرغان پاتىمە سۇلتانبېگىم «خۇدا، ئوغلۇم ئۆلۈمدىن ئاران قۇتۇلۇپ كېلىپ،

يەنە بۆرە ئۇۋىسىغا كەتسە مەن قانداق قىلارمەن؟ ئۇنى ئۆز پاناھىڭدا ساقلاپ، دىدار كۆرۈشكىلى نېسىپ قىلغىن» دەپ يىغلاپ كەتتى.

## 4

ھاۋا قاتتىق گۈلدۈرلەپ، ئوردىنىڭ ئۈستىدىلا چاقماق چېقىلدى. پاللىدا قىلغان يورۇقتا دېرىزىنىڭ زەڭگەر پەردىلىرى ھال رەڭ تۈسكە كىردى ۋە لەپپەڭشىپ كەتتى.

— مەن جانابىي ئاللانىڭ ئىزى بىلەن ئاقسۇ دىيارىغا سۇلتان بولغاندىن بېرى، ئاكام سەئىدخاننىڭ ھۆرمىتىنى قىلىپ كەلگەنىدىم. بىراق، ئۇ ماڭا رىئايە قىلمىدى. يىلدىن - يىلغا سېلىقنى كۆپەيتىپ، ئاقسۇ خەلقىنىڭ نارازىلىقىنى قوزغىدى، بۇنىڭ بىلەنلا قالماي ئۆگەي ئوغلىنى پېيمىنى قىرقىش ئۈچۈن ئاقسۇغا ئەۋەتىپ، سۈيىقەست بىلەن شۇغۇللاندۇردى. مەن ئۇنى ئىشەنچلىك بىلىپ، خاس نۆكەرلىرىمنىڭ سەردارى قىلىپ قويغىنىمنى قارىمامسىلەر، پايتەخت يەركەندىكى قەدىردان دوستىمىز مېنى ۋاقتىدا ئاگاھلاندۇرمىغان بولسا، ئۇ دەيۈزنىڭ قولىدا نابۇت بولار ئىكەنمەن. ئۇنىڭ قوينىغا پىچاق يوشۇرۇپ يۈرگەن دۈشمەن ئىكەنلىكىنى بىلگىنىمدىن كېيىن، ئۇنى ئۆزۈمدىن يىراقلاشتۇرۇپ، كەينىگە پايلاقچىلارنى سېلىپ قويغانىدىم، ئاخىر ئۆزىنى ئاشكارا قىلىپ خاتۇن، بالىلىرىنى ئېلىپ قېچىپتۇ. پايلاقچىلىرىممۇ بىلمەي قاپتۇ، نان قېپىلار! ئىمىن خوجا سۇلتان سۆزدىن توختاپ چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ كۆپچىلىككە قادالدى. ئۇ تەختتە ئىككى پۇتىنى كېرىپ ئولتۇراتتى. بېشىدىكى ئالتۇن تاجىنىڭ شولىسى تىزىغا چۈشكەنىدى. ئالتۇن سۈيىدە ھەل بېرىلگەن شاھلىق ھاسىسىنى توككىدا بىر ئۇرۇپ ئورنىدىن قوپقاندا، چىرايى سۇرلۇك تۈس

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئالدى. بۇ پاكار ئادەمنىڭ پۈلتايغان كۆزلىرى چانىقىدىن چىقىپ كەتكىدەك چەكچىيىپ تۇراتتى. ئۇ ئىككىلىك ئۆسكەن ساقىلىنى بىر سىپاپ سۆزىنى داۋام قىلدى، — ۋەزىر - ۋۇزرالار، ئەمىر، سەردار، بەگلەر، مۇنەججىم - ئۆلىمالار ھەربىرلىرىنىڭ ماڭا سادىق ئىكەنلىكلىرىدىن گۇمانلانمايمەن. ئەمما، بۇ دۇنيادا ۋاپا - ساداقەت قالمىغاندۇر، پاكلىق، گۈزەللىك ئۇ دۇنياغا مەنسۇپ، ئاسىيلىق، خىيانەتكارلىق ھەممە دىللارنى قاپلاپ كەتكەندۇر. مەن بۇگۇن ئەنە شۇنداق گۇناھكارلارنى جازالاپ، ئاللاغا ھەمدۇ - سانا ئېيتماقچىمەن، جاللات!

يۈزىگە نىقاپ تارتىپ، ئايپالتا كۆتۈرگەن قارا كىيىملىك، گەۋدىلىك بىر ئادەم تەخت ئارقىسىدىن:

لەببەي شاھىم، — دەپ چىققاندا، سارايىنى قورقۇنچلۇق ۋەھىمە باستى.

— مۇھەممەد ئابدۇللا بارلاس! — قەھرى بىلەن توۋلىدى ئىمىن خوجا

— لەببەي! — ئورتا بويلۇق، چاچ - ساقاللىرى ئاقارغان، كۆرۈنۈشى خۇش پېئىل بىر ئادەم ۋەزىرلىك كۇرسىسىدىن تۇردى.

— سەن مېنىڭ ئۆز ئالدىمغا سۇلتان بولۇشۇمنى خالامسەن؟

— سەئىدىيە خانلىقىغا تەۋە ئاقسۇ دىيارىنىڭ سۇلتانى بولۇشلىرىنى خالايمەن.

— سەئىدخاندەك ئۆز ئالدىمغا خان بولۇشۇمنى خالامسەن؟

مۇھەممەد ئابدۇللا بارلاس مىيىقىدا كۇلدى:

— ئۇنداق ئىستىدات، پەزىلەت ئۆزلىرىدە كەم سۇلتان.

— جۆيلىمە، ئاكام بۇ ئالەمنى دوست تۇتقان بىلەن، مەن بۇ ئالەمنى دوست تۇتمايمەن. ئەمما، ئۆز ئالدىمغا سۇلتان بولۇپ، يانى ئالەمدىكى گۇناھكارلارنى جازالىماقچىمەن.

— «بۆلۈنگەننى بۆرى يەيدۇ» دېگەن ھېكمەتلىك تەمسىل بار سۇلتان، كەم ئەقىللىق قىلىپ ئۆز ئالدىمغا خان بولىمەن،

دېسىلە ئاللامۇ راۋا كۆرمەيدۇ، جازاغا ئۆزلىرى ئۇچراپ قېلىشلىرى مۇقەررەر.

ئىمىن خوجا سۇلتان تەختتىن چۈشۈپ بارغىنىچە مۇھەممەد ئابدۇللا بارلاسنىڭ كانىيىدىن ئالدى.

— ئەيتە! رۇستەمبەگنى قاچۇرۇۋەتكىنىڭ راستمۇ، نېمىشقا قاچۇرۇۋەتتىڭ؟

— راست، — ئۇنلۇك جاۋاب بەردى مۇھەممەد ئابدۇللا بارلاس، — سۇلتان، سىز رۇستەمبەگنى قەتلى قىلىدىغانلىقىڭىز توغرىسىدا تۆت ۋەزىرگە ئۇقتۇردىڭىز، شۇلارنىڭ بىرى مەن ئىدىم. گۇناھسىز بەندىنى قۇتقۇزۇش مۇسۇلمان ئەھلىنىڭ بۇرچى. شۇڭا، ئەلپازىڭىزنىڭ يامانلىقىنى ئەيتىپ ئۇنى قاچۇرۇۋەتتىم.

— ئۇنىڭ ئورنىغا سەن ئۆلتۈرۈلىسەن. جاللات، بۇ ئاساسي مەلئۇننى چېپىپ ئۆلتۈر.

ئىككى جەللات مۇھەممەد ئابدۇللا بارلاسنىڭ مۇرىسىنى قاماللاپ تۇتقىنىچە سۆرەپ ماڭدى.

— پېقىر جانابىي ئاللانىڭ كۆڭلۈمگە سېلىشى بىلەن بىر گۇناھسىز كىشىنى بالا - چاقىلىرى بىلەن ئۆلۈمدىن قۇتقۇزدۇم. سەن بولساڭ بىر سەمىمىي سادىق، ياخشى نىيەتلىك بەندىنى ئۆلۈمگە بۇيرۇۋاتىسەن. ئاساسي مەلئۇننىڭ مەن ئەمەس، سەن ئىكەنلىكىڭنى ئاللا مانا شۇ سائەتتە كۆپچىلىككە بىلدۈردى. مانا بۇنىڭ ئۆزى ساۋاق، — دېدى بارلاس تىرەجەپ توختاپ. ئاندىن كۆپچىلىك بىلەن ۋىدالاشتى، — قېرىنداشلىرىم، سىلەرنى ئاللاغا تاپشۇردۇم، نائۇمىد بولماڭلار...

جاللاتلار ئۇنىڭ ئاخىرقى سۆزىنى دېگىلى قويماي سۆرەپ ئېلىپ چىقىپ كەتتى.

ئىمىن خوجا سۇلتان ئاچچىقلانغىنىدىن پوكاندەك قىزىرىپ كەتكەنىدى. ئۇ ئۆز ۋەزىپىسىنى ئادا قىلالمىغان ئالتە پايلاقچىنى

(ئۇلار ئەسلىدە ئوردا ئەمەلدارلىرى ئىدى) زىندانغا تاشلاشقا بۇيرۇدى. ۋەھىمە ئىسكەنجىسىدە جىم - جىم ئولتۇرۇشقان ۋەزىر، ئەمىر، سەردار، بەگلەرنىڭ ئۆزىگە سادىقلىقىدىن ئۇ گۇمانلىنىپ قېلىۋاتاتتى. ئۆلارنىڭ ھەممىسىگە ئۆلۈم جازاسى بېرىش كېرەكمۇ ياكى زىندانغا تاشلاش كېرەكمۇ؟ بۇنداق قىلسا ئۇ سۇلتانلىقنى كىملەرگە تايىنىپ ئېلىپ بارىدۇ؟ ئىمىن خوجا سۇلتان نېمە دېيىشنى بىلمەي، تەختكە چىقىپ ئولتۇردى.

— شاھىنشاھ ئالىيلىرى!

ئىمىن خوجا سۇلتان «كىمنى دەۋاتىدۇ؟» دېگەندەك قىلىپ ئىككى يېنىغا قاراپ قويدى. ئۇ بىر ئاي بۇرۇن ئاتا ۋەزىر قىلىپ تەيىنلىگەن ئەمىر سەيپىدىنبەگنىڭ ئورنىدىن تۇرغىنىچە قوللىرىنى كۆكسىگە ئالغانلىقىنى كۆرۈپ، «بىر نېمە دېمەكچى بولسا كېرەك» دېگەن ئويدا ئۇنىڭغا تىكىلدى.

— شاھىنشاھ ئالىيلىرى، — دېدى ئۇ ئىگىلىپ، — بېشىغا قونغان ئامەت قۇشىنى ئۇچۇرۇۋەتكەن مۇھەممەد ئابدۇللا بارلاسقا ئۆلۈم جازاسى بەرگەنلىرى ناھايىتى ھەق بولدى. مېنىڭچە، ئۇنىڭ بارلىق مال - مۈلكىنى ئاقسۇ خانلىقىنىڭ خەزىنىسىگە ئېلىپ، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنى زىندانغا تاشلاش كېرەك.

سەيپىدىنبەگ بويلۇق، كېلىشكەن ئادەم ئىدى. ئۇنىڭ سۆزى ئىمىن خوجا سۇلتاننى خۇشال قىلدى.

— توغرى دېدىڭىز ۋەزىر، مۇھەممەد ئابدۇللا بارلاس كەبى كىشىلەرگە رەھىم قىلماسلىق لازىم. ئۇنداق ھارامزادىلەرنىڭ ئورنى ئوردا ئەمەس، گۆر بولۇشى كېرەك، شۇنداق ئەمەسمۇ؟ — ئىمىن خوجا سۇلتان سوئال نەزىرى بىلەن كۆپچىلىككە قارىدى.

— شۇنداق ئالىيلىرى، ئۇنداقلارنىڭ ئۇرۇغ - جەمەتىنىمۇ قۇرۇتۇۋېتىش كېرەك، — دېدى سەيپىدىنبەگ دەرھال ئېغىز

ئېچىپ.

— شۇنداق ئالىيلىرى، شۇنداق ئالىيلىرى، ئاتا ۋەزىر توغرا دېدى. . .

بىر قانچە ۋەزىر، ئەمىر، بەگلەر ئاتا ۋەزىرنىڭ سۆزىنى قوللاپ، ئىمىن خوجا سۇلتاننى مەدھىيلەپ، ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي سۆزلەپ كېتىشتى. شۇنىڭغا يارىشا ئاتا ۋەزىر، ۋەزىر، ئەمىرلەرگە تون كىيگۈزۈشنى ئەمىر قىلغان ئىمىن خوجا سۇلتان سەردار، بەگلەرگە ئون سەردىن بەش سەرگىچە كۈمۈش تەقدىم قىلىشنى يېڭى خەزىنە ۋەزىرى ھاشىمبەگكە بۇيرۇدى.

— تەشەككۇر ئاتا ۋەزىر، ھەممىڭلارغا تەشەككۇر، — دېدى روھى كۆتۈرۈلگەن ئىمىن خوجا سۇلتان. ئۇنىڭ چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرۈپ، كۆزلىرى قىسىلىپ كەتتى، — ھەممىڭلارنى چاھار باغقا بېرىپ، بىر جامدىن مۇسەللەس ئىچىشكە تەكلىپ قىلىمەن.

ئىمىن خوجا سۇلتان چاھارباغدىن نامازشامدىن يانغاندا قايتتى. ئۇنى خاس مەھرەملىرى ئىككى قولتۇقىدىن يۆلەپ، ھەرەم قەسرىگە ئېلىپ كىرىشتى، ئەمما قايسى خانىشنىڭ ئىشكىنى قېقىشنى بىلمەي تۇرۇپ قېلىشتى. ئەگەر شۇ چاغدا كۆن چىقىش تەرەپتىكى قورۇنىڭ ئىشىكى ئېچىلىپ، بىرىنچى خانىش سەلتەنەت سۇلتانبېگىم كېنىزەكلىرى بىلەن چىقمىغان بولسا، ئۇلار خېلى ۋاقىتقىچە گاڭگىراپ تۇرۇپ قېلىشاتتى.

— سىلەر كىملەر، ھەرەم قەسرىنى نېمە دەپ مالىمان قىلىسىلەر؟ — دەپ توۋلىدى ئېگىز بويلۇق، قەلەمقاش سەلتەنەت سۇلتانبېگىم ئاچچىقلاپ. ئۇ ۋەزىر سەيپىدىنبەگنىڭ ئاغىچىسى نىساخېنىمنىڭ قەسرىگە كېچىلىك ئولتۇرۇشقا ماڭغانىدى. ئۆتكەن ئايدىن بېرى ئىسمىغا سۇلتانبېگىم قوشۇلغان بۇ خېنىم ئىمىن خوجا سۇلتاننى سىزغان سىزىقىدىن چىقارمايتتى.

شامالدا سەكسەن سەل ھوشىنى تاپقان ئىمىن خوجا سۇلتان قولتۇقىدىن يۆلەپ تۇرغان مۇلازىملارنى ئىتتىرىۋېتىپ،

ئالچاڭلاپ ماڭغىنىچە خوتۇنىنىڭ ئالدىغا كەلدى.

— بۇ كېچىدە نەگە بارىسىز ئاغىچا؟ — دېدى ئۇ دۇدۇقلاپ.

سەلتەنەت سۇلتانبېگىم ئېرىنىڭ سوئالىغا جاۋاب بەرمەي ئوتقاش ۋە شامدانلارنى كۆتۈرۈپ تۇرغان مۇلازىملارغا غەزەپ بىلەن قارىدى.

— نېمە قاراپ تۇرۇشىسەن، كۆزۈمدىن يوقىلىش.

بۇ خانىشنىڭ كۆزىگە سەت كۆرۈنۈپ قالغان مۇلازىملارنىڭ ئورنىدىن ھەيدىلىدىغانلىقىنى بىلگەن مەھرەملەر دەرھال چىقىپ كېتىشتى. سەلتەنەت سۇلتانبېگىم ئېرىنىڭ بىلىكىدىن تۇتۇپ ئۆز خانىسىغا ماڭدى، ئىمىن خوجا سۇلتان:

— توختاڭ سۇلتانبېگىم، بۇگۈنكى نۆۋەت بۇۋى ئەسما خېنىمنىڭ، — دەپ داجىپ تۇرۇۋالدى.

— ئۆز قەدەملىرى بىلەن ئىشىكىم ئالدىغا كېلىپ، قايتىپ كېتەمدىلا؟ يۇرسىلە، دەيدىغان گەپ بار ئىدى. ئوبدان ئۇچراپ قالدىلا، — دېدى سەلتەنەت سۇلتانبېگىم، — مەنمۇ سىلى كەچ قالغانسېرى دىققەت بولۇپ ئالدىلىرىغا چىقىپ باقاي، دەپ ئورنىدىن ماڭغانىدىم، يۇرسىلە سۇلتانىم.

ئىمىن خوجا سۇلتان «يەنە نېمە گېپى باردۇ بۇ خوتۇننىڭ؟ . . .» دەپ ئويلاپ، ئاستا قەدەم يۆتكىدى. شېشە چىراغدان كۆتۈرۈۋالغان كېنىزەكلەر ئۇلارنىڭ ئالدى ـ كەينىدە پايپېتەك بولۇشۇپ، بىللە ھويلىغا كىرىشتى.

ھەرەم قەسىرلىرى ئىچىدە سەلتەنەت سۇلتان بېگىمنىڭ بۇ قەسرى ناھايىتى كۆركەم ئىدى. ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدا كۆل بار ئىدى. كۆل ئەتراپىدا مەجنۇن تاللار سايە تاشلاپ تۇراتتى. شالاسۇنلۇق پېشايۋاننىڭ نەقىشلىك تۈۋرۈكلىرىگە ئورنىتىلغان ئەينەكلىك شامدانلاردا رەڭگارەڭ شاملار يېنىپ تۇراتتى.

سەلتەنەت سۇلتانبېگىم كېنىزەكلەرنى پېشايۋاندا قالدۇرۇپ، ئېرىنى سول تەرەپتىكى خاس مېھمانخانىسىغا ئېلىپ

كىردى ۋە ئۇنىڭ بېشىدىن ئالتۇن ئوتۇغات قادالغان سەللە بۆكىنى ئېلىپ، شاھانە تونىنى سالدۇردى. ئىمىن خوجا سۇلتان سېلىنغان كۆرپە ئۈستىگە ئولتۇرۇپ، تەكى بىلەن پەر ياستۇققا يۆلەندى. ئۇنىڭ مەستلىكى خېلى يېشىلىپ، ئايالىنىڭ بايا دەيدىغان گېپىم بار ئىدى» دېگىنىنى ئەسلەپ:

— خاتۇن، مۇھىم گەپ بار، دېگەندەك قىلىۋىدىڭلار، نېمە گەپ ئىدى؟ — دەپ سورىدى.

— نېمە گەپ بولاتتى، پايتەختتىن ئادەم كەپتۇ، — دېدى سەلتەنەت سۇلتانبېگىم ئاچچىقلىغاندەك قىلىپ.

— قاچان؟

— سىلى چارباغدا ئىچىپ ئولتۇرغاندا كەلگەنىكەن، قورسىقىنى ئوبدان تويغۇزۇپ ئۇخلىتىپ قويدۇق.

— نەدە؟

— تەكىيخانىدا.

— مەن ھازىرلا كۆرۈشەي، — ئىتتىك ئورنىدىن تۇرغان ئىمىن خوجا ئىشىككە قاراپ ماڭدى.

— مۇشۇنداق يەكپاي چىقىپ كۆرۈشەملا، سۇلتان غوجام؟ سىلىنى بۇ ھالدا كۆرسە، ئىمىن خوجا سۇلتان ئۆلۈپ كېتىپ، بىر سوپى ئورنىغا ئولتۇرغان ئوخشايدۇ، دەپ قايتىپ كېتىپ قالارمىكىن ئۇ ئادەم. تاج، تون، مەسلىرىنى كىيىۋالسىلا.

ئىمىن خوجا سۇلتان ئۆزىگە قاراپ كۈلۈپ سالدى. ئۇ تۇرۇپ بېرىۋىدى، خوتۇنى كىيىملىرىنى كىيگۈزۈپ قويدى. ئايالى ئۆزى سەللە ئوراقلىق تاجىنى كىيىپ، ئېرىگە ھىلھىلە رومىلىنى ئارتىپ قويۇپ قاقاھلاپ كۈلدى:

— ۋاي خۇدايىم، سىلى مەن، مەن سىلى بولۇپ قالسام ئوڭ بولار ئىكەن. ئالدىمدا چېنىپلا قاللا.

— نېمە دەپ ئالجىۋاتىسىز؟ مەلىكە بولۇپ بۇنچە كۆرەڭلەپ كەتمەڭ. ئەگەر مەن ئۆز ئالدىمغا خان بولمىغان بولسام، سىزمۇ

مەلىكە بولالمايتىڭىز.

— «تۆگىنىڭ يوتىسى بولغۇچە، قۇچقاچنىڭ ئاغزى بولغان ئەۋزەل» دەپ مەسلىھەت بەرگەن باشقا بىر كىشى ئەمەس، مەن بولغىيتىم تەقسىر؟

— بولدى خاتۇن، بولدى. مەن چىقاي، — ئىمىن خوجا سۇلتان شاپاشلاپ مېڭىپ تەكىخانىغا كىردى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم خان ھەزرەتلىرى، — بەدەشقان قۇرۇپ ئولتۇرۇپ پولو يەۋاتقان قارا قۇمچاق، تەمبەل ئادەم ئىمىن خوجا سۇلتاننى كۆرۈپ ئىتتىك ئورنىدىن تۇرۇپ تەزىم قىلدى.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام قاسىم ياساۋۇل، قانداق خۇش خەۋەر ئېلىپ كەلدىڭىز، ۋەزىر ئەزەم ئامان - ئېسەن تۇرغاندۇر ئولتۇرۇپ سۆزلەڭ، — دەپ سورىدى ئىمىن خوجا سۇلتان ئۆرە تۇرغان پېتى. قاسىمنىڭ مېيىقىدىكى تەبەسسۇم ئۆچتى، چىرايى سۆرۈن تۈس ئالدى، يۈزىدىكى چوقۇرلىرى تېخىمۇ ئېنىق كۆرۈندى.

— ۋەزىر ئەزەم ئۇستىلىرىگە لەشكەر تارتىپ كېلىۋاتىدۇ خان ھەزرەتلىرى.

— نېمە، مىرزا ئەلى تاغايىمۇ؟ ئۇ ئۆز ئالدىمغا خان بولۇشىنى قوللىمىغان بولسا، ئالدىراپ - سالدىراپ شاھىنشاھ تاجىنى كىيمىگەن بولاتتىم، ئۇنىڭ لەشكەر تارتىپ كەلگىنى نېمە قىلغىنى؟ — تال - تال بولۇپ سورىدى ئىمىن خوجا سۇلتان.

— خان ھەزرەتلىرى، لەشكەر تارتىپ كېلىۋاتقىنى راستىنى دېسەم، ۋەزىر ئەزەم ئەمەس، سۇلتان ئابدۇلرەشىدخان، ئەمىر رۇستەمبەگ، ۋەزىر ئەزەم ئۇلارغا ھەمراھ بولۇپ كېلىۋاتىدۇ.

— سېنى نېمە دەپ ئەۋەتتى؟ — ئىمىن خوجا سۇلتان ئۆزىنى سەل بېسىۋېلىپ، سەنلەپ سورىدى. ئۇ ئاچچىقى كەلگەندە كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر سەنلەپ گەپ قىلاتتى، — ئەيتقىنا،

قانچىلىك لەشكەر بىلەن كېلىۋاتىدۇ؟
— ۋەزىر ئەزەم مانا شۇنى خەۋەر قىلغىلى مېنى ئەۋەتتى. ئۇلار پايتەختتىن بەش مىڭ لەشكەر بىلەن چىققانىدى. قەشقەرگە كەلگەندە بەش مىڭ لەشكەر قوشۇلدى.
— بىر تۈمەن لەشكەر دېگىنە، — ئىمىن خوجا سۇلتاننىڭ بېشىغا بىر قاپاق سوغۇق سۇ قۇيۇلغاندەك بولدى.
— بىر تۈمەن ئالىيلىرى. ۋەزىر ئەزەم ئېيتتىكى، خان ھەزرەتلىرى قورقۇپ كەتمىسۇن. ئىككى تۈمەن لەشكەرنى سەپكە تۇرغۇزۇپ، كەلپىن ئاچىلىنىڭ جاڭگىلىدا مۆكۈنۈپ تۇرۇپ، ئابدۇلرەشىدخان لەشكەرلىرى بارغان ھامان ئىككى تەرەپتىن قورشاپ ھۇجۇم قىلسۇن. ئۇنى ئەسىرگە ئېلىپ كاللىسىنى تېنىدىن جۇدا قىلغاندا، ئۆزۈمنى ئاشكارىلايمەن. ئاندىن بەش تۈمەن لەشكەر توپلاپ قەشقەر، يەركەنگە يۈرۈش قىلىمىز.
— بۇ گېپىڭ راستمۇ؟ — پۈت - قولىغا قايتىدىن جان كىرگەن ئىمىن خوجا سۇلتان قاسىمنىڭ جاۋابىنىمۇ كۈتمەي، سەلتەنەت سۇلتانبېگىمدىن مەسلىھەت ئېلىش ئۈچۈن، تەكىخانىدىن ئىتتىك چىقىپ كەتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# ئون ئۈچىنچى باب

## ئۆكەر تىكلەشكەندە

### 1

مەريەمنىسا چۆچۈرە تۈگۈۋاتاتتى. سېلىمخان ئاچا جىلىت ئېچىۋاتاتتى. بۇلار ئولتۇرغان پېشايۋانغا تېخى كۈن چۈشمىگەنىدى. چاچلىرى ئاقىرىشقا باشلىغان قېيىنانىسىنىڭ قامىتىنى تىك تۇتۇپ چۆچۈرە تۈگۈۋاتقىنىغا مەسلىكى كەلگەن مەريەمنىسا ئۇنىڭ چىرايلىق يۈزىدىكى مەڭگە قاراپ، ئانىسىنى ئەسلەپ قالدى - دە، قارا كۆزلىرىدىن تۆكۈلگەن ياش مەڭزىنى بويلاپ ئېتىكىگە چۈشتى. بىردىن كۆڭلى ئېلىشقاندەك بولۇپ، ئۇنى ھۆ تۇتتى. كېلىنىنىڭ يىغلاۋاتقىنىغا كۆزى چۈشكەن سېلىمخان ئاچا:

— قىزىم، نېمە بولدىلا، بىر يەرلىرى ئاغرىۋاتامدۇ؟ - دەپ سورىدى، مەريەمنىسا:

— ياق، ھېچ يېرىم ئاغرىمىدى، ھۆ تۇتۇپ، كۆزۈمدىن ياش چىقىپ كېتىۋاتىدۇ، — دەپ كۆڭلىدىكىنى ئېيتمىدى.

— سىزىكلىرى قاتتىق ئوخشايدۇ قىزىم، تاماقلىرى ئازلاپ قالدى. نېمە يېگۈلىرى كەلسە، تارتىنماي دېسىلە. كۆزۈمگە قارىمىسىلا، بۇنداق كېتىۋەرسىلە ئاجىزلاپ كېتىلا. ئوغلۇم كېلىپ قالسا، ئانام بىخىللىق قىلىپ سىقىپ قويغان ئوخشايدۇ،

دەپ قالامدۇ جىنىم بالام، يا مەندىن خاپا بولۇپ قالدىمۇ؟ — دېدى چۆچۈرىنى ئىتتىك تۇگۇۋاتقان قېيىنائانىسى، ئۇنىڭ قوللىرى كەشتە توقۇۋاتقاندەك ھەرىكەتلىنەتتى.

— ئانا، ماڭا ئۆز قىزلىرىدەك قاراپ بېشىمنى سىلاۋاتسىلا، خاپا بولسام، خۇدا راۋا كۆرەرمۇ؟ ئۆزلىرىدىن بەك رازىمەن. بىلمىدىم، ئېغىر ئاياغ بولغىنىمدىن بېرى ئىشتىھايىم تۇتۇلۇپ قالدى، بىر نەرسە يېگۈم كەلمەيدۇ.

— ئوغلۇم بەھرام ئاقسۇغا كەتمەستە، قىزىلگۇلدەك ئېچىلىپ يۈرەتتىلە، ئۇ ئاقسۇغا كەتكەندىن كېيىن بويلىرىدا قالغانلىقى مەلۇم بولدى. سىلىمۇ غەمكىنلىشىپ قالدىلا. قانداق قىلسام كۆڭۈللىرى ئېچىلاركىن بالام، ھېچ بىلەلمىدىم.

مەريەمنىسا قېيىنانىسىنىڭ تىزىغا باش قويۇپ يىغلاپ تاشلىدى. ئۇ بۇ مېھرىبان ئانىغا قايىل ئىدى. ئۇ ھېلىقى كۈنى يېرىم كېچىدىن ئۆتكەندە، مىرزا ئەلى تاغايىنىڭ ئۆيىدىن بەھرام بىلەن قېچىپ چىقىپ، باشقا يەرگە كەتمەي مۇشۇ ئۆيگە كېلىپ ئۇنىڭغا نىكاھلانغانىدى. مەريەمنىسا نىكاھى ئوقۇلۇپ، تويى بولمىغانلىقىدىن زادى ئەپسۇسلانمىدى. بىمەھەل قازاغا ئۇچرىغان ئاتا ـ ئانىسى ئۈچۈن قانچە قايغۇرغان بولسا، قوۋۇ، نومۇسسىز تۇلكىنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتۇلغانلىقى، ئۆز ئاشىقى بىلەن بىر تەكىگە باش قويغانلىقى ئۈچۈن شۇنچە سۆيۈندى.

ھەممە قىزلاردا بولىدىغان قېيىنانىسىدىن ياتسىراش، خۇدۇكسىرەش، ۋەھىمە قىلىشقا ئوخشاش چۈشكۈن تۇيغۇلار بارا ـ بارا ئۇنىڭ كۆڭلىدىن كۆتۈرۈلۈپ، كۈنسېرى خۇشاللىقى ئېشىپ باردى. سېلىمخان ئاچا ئۇنى ئەسلا ئىشقا بۇيرۇمايتتى، ئۇ ئۆزى تېپىپ قىلاتتى. «نانىنى مەن ياقاي، كىرىنى ئۆزۈم يۇيۇۋېتەي، ئاشنى مەن ئېتەي، سىلى دەم ئالسىلا» دەپ تۇرۇۋالاتتى. لېكىن، قېيىنانىسى «تېخى كۈچۈمدىن قالغىنىم يوق بالام، ئەمدى ئەللىكتىن ئۆتتۈم، بىكار ئولتۇرۇپ

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

قانداق چىدايمەن؟ » دەپ ھەممە ئىشنى بىللە قىلىشاتتى. ئۈچ كۈندە بىر قېتىم كېلىنىنىڭمۇ، ئۆزىنىڭمۇ چېچىنى تارايتتى، ھەر كۈنى پېشىندىن كېيىن بۇ قېيىنانا بىلەن كېلىن بىر ـ بىرىنىڭ بېشىنى بېقىپ سىردىشاتتى. مەريەمنىسا مانا شۇنداق سىردىشىش ئارقىلىق، قېيىنانىسى قەشقەرلىق ئەتتارنىڭ قىزى ئىكەنلىكى، قېيىناتىسى بەھرامنىڭ خەتنە تويى بولغان يىلى، مىرزا ئابابەكرىنىڭ زۇلۇمىغا قارشى كۆتۈرۈلگەن خەلق قوزغىلىڭىغا قاتنىشىپ قازا قىلغانلىقى، شۇنىڭدىن كېيىن ئانا ئوغلى بەھرامنى تەربىيەت قىلىشقا پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن كىرىشكەنلىكى، ئون ئالتە ياشتىن ئاشقان بەھرام ئۆز ئىختىيارى بىلەن نۆكەر بولغانلىقى، كېيىن خاس نۆكەرلىككە تاللىنىپ يەركەنگە ئەۋەتىلىپ، ئابدۇرېشىتخاننىڭ خاس نۆكىرى بولۇپ قالغانلىقى، ئۆزىمۇ ئىككى يىل ئىلگىرى يەركەنگە ئوغلىنىڭ يېنىغا كۆچۈپ كېلىپ بۇ قورۇغا ئورۇنلاشقانلىقىنى بىلدى. ئومۇ بېشىدىن ئۆتكەنلەرنى قالدۇرماي سۆزلەپ بەردى. شۇنداق قىلىپ ئىككى ـ ئۈچ ئاي ئىچىدە بۇ قېيىنانا بىلەن كېلىن ئامراق ئانا ـ بالا بولۇپ قالغانىدى.

— ئانا، بەھرام كۆزۈم يورۇغۇچە كېلەرمۇ؟ — سورىدى مەريەمنىسا ئويغا چۆمۈپ ئولتۇرۇپ قالغان قېيىنانىسىدىن. ئۇنىڭ ئېرىنى كۆرگۈسى كېلىپلا تۇراتتى، ھېچنېمىگە كۆڭلى تارتمايتتى:

— خۇدا بۇيرۇسا كېلىدۇ، مەن چۈشەپ قاپتىمەن. بەھرام لەگلەكتەك ئۇچۇپ مۇشۇ پېشايۋانغا چۈشتى قىزىم، — دېدى ئانا گويا ئوغلى كىرىپ كېلىۋاتقاندەك ئىشىككە قاراپ.

— خۇدايىم ئېيتقانلىرى كەلسۇن ئانا. جۇۋايىنىمەك مىرزا ئەلى تاغايى مېنى ئىزدەپ تېپىۋالامدىكىن، دەپ يۈرىكىم سۇ.

— قورقمىسىلا بالام، ئۇ دەيۈزمۇ ئابدۇلرەشىدخان بىلەن ئاقسۇغا كەتكەن. سىلىنىڭ بۇ ئۆيدە ئىكەنلىكلىرىنى خۇدادىن

باشقا ئىنس - جىن بىلمەيدۇ.

— ئىلاھىم شۇنداق بولسۇن ئانا، ئۇ بەك مەككار، كۆز - قۇلاقلىرى كۆپ. جىنايەتلىرىنى ئاشكارىلاپ، رەسۋايى شەرمەندە قىلىشمىدىن قورقۇدۇ. شۇڭا، ئاقسۇغا مېڭىش ئالدىدا، ئىز - دېرىكىمنى قىلىش ئۈچۈن ئادەم تەيىنلىمەي قويمايدۇ، — مەريەمنىسا ئەندىشىسىنى ئوچۇق ئېيتتى.

چۆچۈرىنى تۇگۈپ بولغان سىلىمخان ئاچا چىم - چىم قايناۋاتقان ئاش سۈيىدىن بىر قوشۇق ئېلىپ ئىچىپ، تېتىپ بېقىپ دېدى:

— خۇدا پاناھىدا ساقلىغان بەندىسىگە شەيتانمۇ زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ قىزىم، غەم قىلمىسىلا، ئۇ دەيۈزنىڭ جازاسىنى ئاللا ئىگەم ئۆزى بېرىدۇ.

— تۇزى تېتىپتىمۇ ئانا. چۆچۈرىنى سالايمۇ؟

كۆڭلىنى توختاتقان مەريەمنىسا قېيىنانىسىنىڭ باش لىڭشىتىشى بىلەن تەلەڭگىگە چىرايلىق تىزىلغان چۆچۈرىنى بىردىن - بىردىن قازانغا سالغىلى تۇرۇۋىدى، ئىشىك قېقىلدى. مەريەمنىسانىڭ يۈركى ئاسقىپ، گۈپۈلدەپ سېلىپ كەتتى. سىلىمخان ئاچا:

— بالام، چۆچۈرىنى سېلىۋەرسىلە، ئىشىكنى مەن ئاچاي، — دەپ تېز مېڭىپ پېشايۋاننىڭ پەلەمپىيىدىن چۈشكىچە يىقىلىپ كەتكىلى تاس قالدى. ئىتتىك بېرىپ ئىشىكنى ئاچتى. ئاق قۇلان ئېتىنىڭ تىزگىنىنى تۇتۇپ تۇرغان ئوغلىنى كۆرۈپ ۋارقىراپ سالدى، — ئوغلۇم، جان بالام.

— ئانا! ساق تۇرىلىمۇ؟

بەھرامنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغان مەريەمنىسانىڭ پۇت - قوللىرى بوشىشىپ، ئولتۇرۇپ قالدى.

بەھرام ئېتىنى ھويلىنىڭ ئارقىسىدىكى ئېغىلغا ئەكىرىپ قويۇپ چىقتى. ئۇ خوتۇنىنىڭ پەلەمپەيدىن چۈشۈۋاتقىنىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كۆرۈپ، بىرىپ قۇچاقلىۋالغۇسى كەلگەن بولسىمۇ، كۆڭۈل تىزگىنىنى تارتىپ، ئانىسى ئالدىدا ئەدەپ ساقلىدى.

مەريەمنىسا ئىرىگە ئۈن - تىنسىز سالام بەردى، ئۇنى كۆرۈپ ئاقىرىپ قالغان چىرايىغا قان يۈگۈردى. بەھرام سەل ئېگىلىپ جاۋاب سالام قىلدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى خوتۇنىغا تىكىلدى. مەريەمنىسانىڭ چىرايى ئاقىرىپ، ياداپ قالغانلىقى قامىتىدىن بىلىنىپ تۇراتتى. ئەتلەس كۆڭلەك يوشۇرغان قورسىقى سەلگىنە يوغىناپ قالغانىدى. بېشىدا چىمەن دوپپا، كاتەكچە رومال، پۇتىدا سەندەل كەش بار ئىدى.

— ئوغلۇم، ساڭا خۇش خەۋەر يەتكۈزەي، قىزىم مەريەمنىسا ئېغىر ئاياغ، سەن كېتىپ يىگىرمە كۈن بولغاندا بىلىندى. بەھرامنىڭ ئاغزى قۇلىقىغا يەتتى.

— شۇنداقمۇ، شۇنداقمۇ ئانا؟ خۇدايىم تىلەكلىرىگە يەتكۈزۈپتۇ.

ئىزاتارتىپ كەتكەن مەريەمنىسا ئىتتىك ئاشخانىغا كىرىپ، كۈپتىن ئاپتۇۋىغا توشقۇزۇپ سۇ ئېلىپ چىقتى. بەھرام ئاقسۇدىن قەشقەرگە كەلگۈچە تۈمەن دەرياسىدا چۈمۈلۈپ يۇيۇنغاندىن بېرى يۇيۇنالمىغان، يەركەنگە كەلگۈچە يۈز - كۆزى، ئۈستىۋېشى توپا - چاڭ بولۇپ كەتكەنىدى. ئۇ ئايالى قۇيۇپ بەرگەن سۇدا يۈز - كۆزلىرىنى راسا يۇدى - دە، داستىخانغا كەلدى.

بەھرام كۆرپە ئۈستىدە بەداشقان قۇرۇپ ئولتۇردى. مەريەمنىسا قېيىنانىسى ئۇسۇپ بەرگەن بىر چىنە چۆچۈرىنى ئېرىنىڭ ئالدىدا قويدى. سۇيىگە چامغۇر، سەۋزە سېلىپ، يۇمغاقسۇت چېچىۋېتىلگەن ئاشنىڭ مەززىلىك ھىدى ھويلىنى بىر ئالدى.

— بۇنداق مەززىلىك ئاشنى ئىچمىگىنىمگە خېلى كۈنلەر بولغانىدى. ئادەمنىڭ ئۆز ئائىلىسى بولۇشى چوڭ راھەت

ئىكەن، — دېدى چۆچۈرىدىن بىر تال يەپ، سۈيىدىن بىر قوشۇق ئىچكەن بەھرام، ئۇنىڭغا ئاش بەك تېتىپ كەتكەنىدى. بىردەمدىلا چىنىنى بىكار قىلىپ، ئىككىنچى چىنە ئاشنىمۇ ئىچىپ بولدى.

پېشايۋانغا كۈن چۈشتى. دۇئادىن كېيىن سېلىمخان ئاچا پېشىن ئوقۇش ئۈچۈن ئۆيگە كىرىپ كەتتى، مەريەمنىسا ئېرىنى ئارام ئالسۇن، دەپ بالىخانىغا① چىقىپ، كۆرپە سېلىپ، ياستۇق قويۇپ بەردى.

بۇ بالىخانا چاققانغىنا بىر ئۆي، بىر قازناقتىن ئىبارەت بولۇپ، بەھرام ئىسسىق كۆل دىيارىدىن قايتىپ كەلگەن يىلى ئۆزى سالغانىدى. دېرىزىسى هويلىغا قارايتتى. ئارقا تېمىدىكى كۆزنەك ياز كۈنلىرى ئېچىپ قويۇلسا، هاۋا ئۆتۈشۈپ هاسىل بولغان ئارامبەخش سالقىندىن ئادەم تېنى يايراپ كېتەتتى.

## 2

مىرزا ئەلى تاغايىنىڭ چوڭ خوتۇنى خانئايىم پۈتۈن يۇگۇر - يېتىم ئىشلىرىغا مەريەمنىسانى بۇيرۇيتتى. ئۇنى قەيەرگە بارسا بىللە ئېلىپ باراتتى ۋە شۇنداق چىرايلىق دېدىكى بارلىقى بىلەن مەغرۇرلىناتتى. ئۆتكەن يىل نوۋرۇز بايرىمى كۈنى، ئېرى خانغا هەمراھ بولۇپ هەيدەر باغدا ئۆتكۈزۈلگەن شېئىرلار مۇشائىرىسىگە قاتنىشىش ئۈچۈن كەتكەندە، ئىككى قىزى، ئىككى دېدىكى بىلەن مەريەمنىسانىمۇ ئېلىپ نەۋرۇز دۆڭدە بولىدىغان ئاممىۋى مەرىكىگە چاشكا ۋاقتىدا بارغانىدى. رەسىدە بولغان قىزلىرى بىلەن باشتىن - ئاياغ پەرەنجىگە پۈركەنگەن خانئايىم مەريەمنىسانى دېدەك ساناپ، ئۇنىڭ بەلگە چۈشىدىغان زەيتۇنە يىپەك رومال ئارتىشىغا يول قويغانىدى. ئۇلار

---

① بالىخانا - ئۆي ئۈستىگە سېلىنغان ئۆي.

www.uyghurkitap.com

ئۇن ئىككى مۇقامنى ئاساس قىلغان ئەلنەغمىلەرنى ئاڭلاپ، ئۇسسۇللارنى كۆردى، ئوقيا ئېتىش، نەيزە تاشلاش، قىلىچلىشىش، مۇشتلىشىش، كەكلىك، بۇدىنە، خوراز سوقاشتۇرۇش، ئىت تالاشتۇرۇش سورۇنلىرىنى ئارىلاپ يۈرۈپ چېلىش بولۇۋاتقان مەيدانغا كېلىپ توختاشتى، خانئايىم قىزلىرىنى ئالدىدا ئولتۇرغۇزۇپ، مەريەمنىسانى يېنىدا تۇرغۇزۇپ چېلىشىۋاتقانلارغا زەن سالدى، ئوتتۇز ياشلارنىڭ قارىسىنى ئالغان، ئاقپىشماق، شاپ بۇرۇت پەتھۇللا ئىسىملىك پالۋان ئارقا ـ ئارقىدىن يەتتە ـ سەككىز غەيۇر يىگىتنى يانپېشىغا ئېلىپ ئېتىۋەتتى. مەيداننى قىقاس ـ سۈرەن قاپلىدى. شۇ چاغدا بۇغداي ئۆڭ، ئورتا بويلۇق بىر يىگىت مەيدانغا كىرىپ پەتھۇللا بىلەن بەل تۇتۇشتى. پەتھۇللا قاتتىق كۈچەپ ئىككى قېتىم يانپېشىغا ئالغان بولسىمۇ، ئۇنى ئاتالمىدى، ئۇ يەرگە دەسسىۋالدى. بۇغداي ئۆڭ يىگىت بىر ئۆرىدەپ پەتھۇللانى دەس كۆتۈرۈۋىدى، مەيدان تەۋرەپ كەتتى. پەتھۇللا جان ـ جەھلى بىلەن لەنگەر سېلىپ تېپچەكلەپمۇ، يەرگە پۇتىنى قويالمىدى. بۇغداي ئۆڭ يىگىت ئۇنى «يا ئاللاھۇ ئەكبەر!» دەپ بېشىدىن ئايلاندۇرۇپ ئېتىۋەتتى.

— يارايسەن ئەزىمەت.

— بارىكاللا! — دەپ تۇۋلاشتى كۆپچىلىك.

يەركەن شەھىرىنىڭ ھاكىمبېگى ئوسمانبەگ بۇ پالۋان يىگىتنىڭ ئىسمى بەھرام ئىكەنلىكىنى جاكارلاپ، ئۇنىڭغا تون كىيگۈزۈپ، ئات مىندۈردى.

«ئاللا ئامان قىلسۇن» دەپ پىچىرلىدى بەھرامغا تىكىلىپ قالغان مەريەمنىسا ۋە ئىختىيارسىز ھالدا يانچۇقىدىن ياغلىقنى ئېلىپ يىمىرىپ ـ يىمىرىپ يۆگەپ، ئۇنىڭغا قارىتىپ كۈچەپ تاشلىدى. مانا شۇ چاغدا بەھرامنىڭ كۆزى ئۇنىڭغا تىكىلىپ قالدى ۋە ئۆزىدىن يىگىرمە قەدەمچە نېرىغا چۈشكەن ياغلىقنى

كۆردى، بىر پەس قاراپ قېلىپ ئۇنى ئالدى. . .

— نېمە قىلىۋاتىسەن جۇۋاينىمەك؟ — خانئايىم ئاچچىقلىنىپ ئۇنىڭغا گۈلەيدى، — ئىزا تارتماي ئۇ يىگىتكە ياغلىق تاشلاۋاتىسەنا! ھۇ نومۇسسىز، ماڭ، كېتىمىز.

خانئايىم مەريەمنىسانى تارتقۇشلاپ، قىزلىرى بىلەن سورۇندىن ئېلىپ چىقتى ۋە ئۆيگە قايتىپ كەلدى.

مەريەمنىسا يىللاردىن بېرى خىيالىدا بىر غەيۇر، مەردانە يىگىت بىلەن تۇرمۇش قۇرۇشقا ئىنتىلىپ كەلگەنلىكى ئۈچۈنمۇ، بەھرامنى كۆرۈپلا ئاشىق بولدى. تەلمۈرگەن كۆزلىرىدە مۇھەببەت ئىزھار قىلدى. لېكىن، جاۋاب ئالغۇچە ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قالدى. گويا تاتلىق چۈش كۆرۈۋاتقاندا، ئىت قاۋاپ ئويغىتىۋەتكەندەك ئىش بولدى.

خانئايىم ئۇنى ئۈچ كۈنگىچە تاشقىرىغا چىقارمىدى. تۆتىنچى كۈنى ئېرىنى ئوردىغا ئۇزىتىپلا، شەكلىنى ئۆزگەرتىشكە بەرگەن بىلەزۈكنى ئەكېلىشكە مەريەمنىسانى زەرگەرنىڭ يېنىغا ئەۋەتتى.

مەريەمنىسا سۇ سېپىپ، پاكىز سۈپۈرۈلگەن چوڭ كوچىدا كېتىۋاتاتتى. كۆڭلىدە ئاشۇ پالۋان يىگىت ئۇچراپ قالسىدى، دەپ، رومال ئىچىدىن ئەتراپىغا سىنچىلاپ قاراپ، ئاستا قەدەم يۆتكەيتتى. ئۇ گەزمال رەستىسىدىن ئۆتۈپ زەرگەر بازىرىغا كەلدى. دۇكانلاردا پارىلداپ تۇرغان ئالتۇن بۇيۇملار كۆزنى چاقاتتى، ئۇ تونۇش زەرگەرنىڭ دۇكىنىغا كەلگەندە، ئۇستام كىچىك بولقا بىلەن ئالتۇننى سوقۇپ ياپىلاقلاۋاتاتتى. سوۋۇپ قاتقان ئالتۇننى قىسقۇچ بىلەن تۇتۇپ ئوتقا سالدى ـ دە، كۆيۈكنى باستى. ئوت يېشىل ئۇچقۇن چىقىرىپ پاراسلاپ كۆيۈپ، لوقىراپ يالقۇنلاندى. ئۇستام بېشىنى كۆتۈرمىگەندىن كېيىن مەريەمنىسا ئېغىز ئاچتى.

— ئەسسالام ئۇستام، بىلەزۈككە كېلىۋىدىم.

زەرگەر باش كۆتۈرۈپ قاراپ ئالدىدا بىر نازىنىن قىز

www.uyghurkitap.com

تۇرغانلىقىنى كۆردى ـ دە، يۈزلىرىدىكى قارا ـ قۇرۇلارنى چاپىنىنىڭ يېڭى بىلەن سۈرتۈپ، ئۆزىچە ئورنىدىن تۇرۇپ يەنە ئولتۇردى ۋە:

— ۋەزىر ئەزەمنىڭ ئاغچىسى ئەۋەتتىمۇ؟ ئۇلۇشكۇن ئېتىپ قويغانىدىم. سىمكا پۇلنى ئېلىپ كەلگەنلا؟ — دەپ سورىدى.

— ئېلىپ كەلدىم.

مەريەمنىسا ئىزمە بىلەن ئېتىلىدىغان قارا تاۋار كەمزۇلىنىڭ قويۇن يانچۇقىدىن تەڭگە پۇلنى ئېلىپ زەگەرنىڭ ئۇزاتقان قولىغا بەرمەي يېنىدا قويدى.

— رەھمەت خېنىم.

مەريەمنىسا بىلەزۈكنى قويۇن يانچۇقىغا سېلىپ، ئارقىسىغا قارىماي مېڭىپ كەتتى.

مەريەمنىسا جوۋا①، يەل يىمىش بازىرىنى ئايلىنىپ، دوپپا بازىرىغا چىقتى. ھەر خىل دوپپىلارنى باشلىرىغا دەستىلەپ كىيىۋالغان خوتۇن ـ قىزلار مىغىلدايتتى. ئەسلىدە ئۇ كەلگەن يولى بىلەن كەتمەكچىدى، ئەمما پالۋان يىگىتنى ئۇچرىتىپ قالارمەنمىكىن، دەپ مېڭىشقا تېگىشلىك بولمىغان يوللار بىلەن كېتىۋاتاتتى. ئۇ مىسكەرلىك، تۆمۈرچىلىك قىلىۋاتقان كاسىپ يىگىتلەرنىڭ كۆزلىرىنى ئالاچەكمەن قىلىپ ئۆتۈپ كەتتى. ئوردا ئالدىغا كېلىپ، داغدام ئېچىلغان ھەيۋەتلىك دەرۋازىغا قارىغىنىچە بىر ھازا تۇردى. دەرۋازىدىن ئات مىنگەن سەربازلار، نۆكەر، ياساۋۇللار، بەگلەر، ئەمىرلەر، موپسىپىت ئۆلىمالار كىرىپ ـ چىقىپ تۇراتتى، لېكىن بەھرام كىرگەنلەرنىڭمۇ، چىققانلارنىڭمۇ ئارىسىدا يوق ئىدى. ئۇ كۈننىڭ قىيام بولغىنىنى بىلىپ يولغا چۈشتى، «ئۇ چۈشۈم ئىكەن، ماڭا ئۇنداق نادىر يىگىت نېسىپ بولمايدىغان ئوخشايدۇ» دەپ كۆزىگە ياش ئالغىنىچە ۋەزىرنىڭ

① جوۋا ـ ئاشلىق بازىرى.

ئىشىكى ئالدىغا كەلدى.

— خېنىم!

چۆچۈپ كەتكەن مەريەمنىسا ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ، داڭ قېتىپ قالدى. ئالدىدا يىلىڭ بەقەسەم تون كىيگەن بەھرام تۇراتتى. بېلىگە چىڭ باغلانغان بەلبېغىغا غىلاپقا سېلىنغان خەنجەر ئېسىلغانىدى.

— خېنىم، قورقمىسىلا، بىر ئېغىزلا گېپىم بار، دەپلا كېتىمەن، — دېدى يىگىت دەل ھولۇقۇپ، — خېنىم، مەن سىلىگە ئاشىق. نەۋرۇز دۆڭدە دىدارلىرىنى كۆرگەندىن بۇيان، ئەس - ھوشۇمنى يوقاتتىم. شۇ چاغدا ئارقىلىرىدىن مېڭىپ ۋەزىر ئەزەمنىڭ ئۆيىگە كىرىپ كەتكەنلىرىنى كۆردۈم. ھەر كۈنى دىدارلىرىنى كۆرۈش ئۈچۈن ئىشىك ئالدىلىرىدىن ئۆتىدىغان بولدۇم. بۈگۈن خۇدايىمنىڭ رەھمى كەلگەنىكەن، كۈتۈپ تۇرسام ئۆيدىن چىقماي بازاردىن كەلدىلە. كۆزلىرىگە سەت كۆرۈنگەن بولسام مەن كېتەي. خېنىم مەن سىلىگە ئاشىق.

يۈرىكى ئورنىغا چۈشكەن مەريەمنىسا دىدارىغا مۇشتاق بولغان يىگىتنىڭ ئالدىدا تۇرغانلىقىغا ئىشەندى ۋە ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا، نېمىشقىدۇر:

— مەن بىر دېدەك تۇرسام ، — دەپ سالدى.

— مەن ئۈچۈن سىلى بىر مەلىكە.

— ئاتا - ئانىسى يوق قارا يېتىممەن.

— ھەر ئىككىلىمىزگە خۇدايىم بار.

— مەن قەپەستىكى تۇتى قۇش.

— ھاۋادا ئەركىن پەرۋاز قىلدۇرۇشقا جېنىم پىدا.

— بۇ گەپلىرىدە تۇرالامدىلا؟

— دار ئالدىدىمۇ بۇ گېپىمدىن يانمايمەن.

— ئەتە كېچە ھوكەر تىكلەشكەندە بۇ ئىشىك ئالدىغا كېلەملا؟

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

— كېلىمەن.
— خەير، خۇدايىم بۇيرۇسا ئىشىك ئالدىدا كۈتۈۋالىمەن.
— خەير، مەشۇقۇم.
بەھرام كەتتى.

## 3

مەريەمنىسا ھەم يېقىلىق ئىشىكنى ئاستا ئېچىپ ھويلىغا كىردى. خانىشىم مېھمانخانىسىدا پولۇ يەۋاتقانىكەن.

مەريەمنىسا كىر يۇيۇۋېتىپمۇ، ئۆي - ھويلىلارنى سۈپۈرۈۋېتىپمۇ، مىرزائەلى تاغايىنىڭ بىزەك قىلىقلىرىغا چىداپ، باش، قولىغا سۇ قۇيۇۋېتىپمۇ بەھرامنى، بۇ قەپەستىن قۇتۇلۇشنى ئويلىدى. كېچىچە ئۇيقۇسى كەلمىدى. يېرىم كېچىدىن ئۆتكەندە تۇرۇپ تاھارەت ئېلىپ تەھەججۇت نامىزى[1] ئوقۇپ، خۇداغا مۇناجات قىلىپ دۇئا قىلدى.

ئۇ بالىخانا دېرىزىسىدىن قارىۋىدى، ئاسمان قەھرىدە تىكلەشكەن ئۈكەر يۇلتۇزىنى كۆردى ۋە «ئەتە كېچە مۇشۇ ۋاقىتتا بەھرام بىلەن كۆرۈشىمەن. خۇدا ئۇنى ئۆز پاناھىدا ساقلا» دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى.

مەريەمنىسا بامدات نامىزىنى ئوقۇپ بولۇپ جايىنامازدىلا ئۇخلاپ قالدى.

ئۇ بۇ كۈنىمۇ ناھايىتى تەستە كەچ قىلدى. خۇپتەن نامىزىنى ئوقۇپ بالىخانىغا چىقىپ، «ئۇھ» دەپ ئورنىغا ئۆزىنى تاشلىدى. ئۇيقۇسى كەلمىدى. قانداقمۇ ئۇيقۇسى كەلسۇن؟ قوپۇپ جىن چىراغنى يېقىپ، بۇلۇڭدىكى بوپىنى ئېچىپ، ئانىسىدىن تەۋەررۈك قالغان كۆڭلەكنى، كۆك مارجاننى، باشقا

① تەھەججۇت نامىزى — كېچىدە ئوقۇيدىغان نەپلە ناماز.

كىيىم ـ كېچەكلىرىنى ئېلىپ بوغچىغا يۆگىدى. كۆڭلەك ـ تامبىلىنىمۇ[1]يۆتكىۋالدى. ئۇ بۇ ئىشلارنى ۋاقىتنى ئۆتكۈزۈش ئۈچۈنلا قىلدى.

ئۇ دېرىزىنى ئېچىپ ئۇكەرگە قارىۋىدى، كۆرۈنمىدى. ئاسماندا ئاق ـ قارا بۇلۇتلار لەيلەپ يۈرەتتى، يۇلتۇزلار يوق دېگۈدەك ئىدى. كۆڭلى بىر قىسما بولۇپ قالدى. دەسلەپ قۇلىقى قىزىپ، كېيىن يۈزى ئوت ئېلىپ كېتىۋاتقاندەك قىزىپ كەتتى. يەنە دېرىزىدىن ئاسمانغا قارىدى. ئاسمان باغرىدا قاتار يەتتە يۇلتۇز كۆرۈندى، ئۇلار تېخى تىكىلەشمىگەنىدى. ئۇ ئوننىچى قېتىم . . . ئون بەشىنچى قېتىم قارىدى. تىكلىشىپ قالغان يەتتە چۆمۈچ ناھايىتى ئوچۇق كۆرۈندى. ئۇ دېرىزىنى ئەتتى ـ دە، پەسكە شەپە چىقارماي يالاڭ ئاياغ چۈشتى. هويلا، ئۆي ئىچى جىمجىت بولۇپ، كىشىلەر ئۇلۇكتەك ئۇخلاپ كەتكەنىدى. مەريەمنىسا ئىچكىرىكى هويلىدىن تار دەھلىز ئارقىلىق تاشقىرىقى هويلىغا ئۆتتى. ئۇ يەرمۇ تىمتاس ئىدى. ئۇ ئىشىككە يېقىنلاپ كېلىپ:

— كىم؟ — دەپ سورىدى.

— مەن بەھرام.

مەريەمنىسا ئىشىكنى ئاچتى ۋە يىگىتنى بالىخانىغا باشلاپ چىقىپ مۇڭداشتى، ئۇنىڭغا بېشىدىن ئۆتكەنلەرنى قالدۇرماي سۆزلەپ بەردى. ھاياجانلانغان بەھرام يەنە ئۈچ كۈندىن كېيىن بۇگۈنكىدەك ئۇكەر تىكلەشكەندە كېلىپ، ئۇنى مىرزائەلى تاغايى تاپالمايدىغان جايغا ئېلىپ كېتىپ، ئەمرىگە ئېلىش ئۈچۈن ۋەدە بەردى. ئۈزۈلگەن ئۈمىدى ئۇلانغان مەريەمنىسا كۆزى قىيمىغان هالدا ئۇنى ئۇزىتىپ، بالىخانىغا ئاستا چىقىۋالدى. لېكىن، بەھرام ئەتىسى، سەئىدخاننىڭ پەرمانى بىلەن نۇرغۇن سوۋغا ـ

---

① تامبال ـ ئىشتان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

سالام ئېلىپ، مەشۇقىغا دەپمۇ قويالماي ھىندىستانغا — پادىشاھ بايۇرمىرزا يېنىغا كېتىپ، قىشنى شۇ يەردە ئۆتكۈزۈپ، باش ئەتىيازدا قايتىپ كەلدى. مەريەمنىسانىڭ كۆزىدىن ئاققان يېشى كۆكلەم يامغۇرىدىنمۇ كۆپ ئىدى. بەھرامنىڭ نەچچە قېتىم كېچىسى كېلىپ، ئېتىكلىك ئىشىك ئالدىدا ساقلاپ تۇرۇپ قايتىپ كەتكەنلىكىنى ئۇ نەدىنمۇ بىلسۇن.

كۈندە نەچچە قېتىم كېلىپ ئەتراپىنى تازا كۆرۈۋالغان بەھرام يەنە كېچىسى ئۇكەر تىكلەشكەندە كېلىپ، ئىككى قولىغا ئىككى خەنجەرنى ئېلىپ، بالىخانىنىڭ كوچا تەرەپتىكى تېمىغا ياماشتى. خۇددى سېپىلغا چىقىش مەشىقى قىلغاندەك، خەنجەرنى تام ئاراچىلىرىغا سانجىپ، بالىخانا ئۆگزىسىگە يالاڭ ئاياغ چىقتى. ئاي يەتتە چۈمۈچتىن ئۈستىگە نۇر تۆكتى. ئۇ بالىخانىنىڭ قىيا ئوچۇق دېرىزىسىدىن ئۇيقۇغا كەتكەن مەريەمنىسانى ئاستا توۋلىدى. قىز ئاشىقىنىڭ ئۈنىنى چۈشىدە ئاڭلىغاندەك قىلىپ، ئۇيىقىغا، بۇيىقىغا ئۆرۈلۈپ، كۆزىنى ئۈچىنچى قېتىم ئاچقاندا بەھرامنىڭ كەلگەنلىكىنى بىلدىيۇ، ئۆز كۆزىگە ئىشەنمەي قالدى. سۆيۈنگىنىدىن يىغلاپ تاشلىدى. ئۇ بەھرامنى يۈز ئۆرۈگەن ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپ، دۇنياغا تۆرەلگىنىگە پۇشايمان قىلغانىدى. ئىككىيلەن يەنە ئۈچ كۈندىن كېيىن بىرگە قېچىشقا ۋەدىلەشتى.

مەريەمنىسا ئەتىسى، ئىككى كۈندىن كېيىن يېرىم كېچىدىن ئۆتكەندە بالىخانىغا چىقىشقا قوشۇلۇپ، مىرزا ئەلى تاغايىنىمۇ خۇش قىلىۋەتتى. تاغايى بالىخانىغا چىققاندا، بەھرام مەريەمنىسانى ئېلىپ كەتكەنىدى...

مانا شۇنداق تەقدىرى قىسمەت ئۇلارنى ئۆمۈرلۈك ئەر ـ خوتۇن قىلىپ قويدى...

مەريەمنىسا كەچۈرمىشلىرىنى ئويلاۋاتقاندا بەھرام ئۇيقۇغا كەتكەنىدى. ئۇ ئۇندەرەپ ئويغانغاندا گوگۇم چۈشكەنىدى. دەرھال

قويۇپ كەمزۇلىنى كىيىپ، هويلىغا چۈشتى. ئاشخانا ئۆيدىن پولۇنىڭ مەززىلىك هىدى چىقىپ تۇراتتى. ئوغلىنى كۆرگەن سىلىمخان ئاچا:

— بالام، پولۇ دەم يېگىلى خېلى بولدى. ئۇخلىۋالسۇن دەپ ئويغاتمىدۇق. قورسىقىڭمۇ ئاچقاندۇ؟ — دېدى پېشايۋانغا داستىخان سېلىپ.

مەريەمنىسا ئېرىنىڭ قولىغا سۇ قۇيۇپ بەردى.

— سۇلتان ئابدۇلرەشىدخاندىن مەكتۇپ ئېلىپ كەلگەنتىم ئانا، ئەتىگەن يەركەنگە قەدەم قويۇپ ئۇدۇل ئوردىغا بارسام، خان شىكارغا چىقىپ كەتكەنىكەن. مەكتۇپنى بېرەلمەي، ئانامنىڭ دىدارىنى چاپسانراق كۆرەيچۇ، دەپ ئۆيگە كېلىپ ئۇخلاپ قاپتىمەن. چۈشۈمدە تېخى تۇغۇلغان ئوغلۇمنى كۆرۈپتىمەن، — دېدى بەهرام قولىنى لۆڭگە بىلەن ئېرتىۋېتىپ.

— ئانا دېگەن شۇنداق ئۇلۇغ، ئەتىگەن ئۆيىنى بېسىپ ئۆتۈپ ئوردىغا بارماي، ئۇدۇل ئانام ئالدىغا كەلگەن بولسىلا ئىشلىرى ئوڭغا تارتقان بولاتتى، — دېدى ئاشخانىغا كىرىپ كېتىۋاتقان مەريەمنىسا.

بەهرام ئەپسۇسلانغاندەك قىلىپ بېشىنى لىڭشىتىپ كۈلدى.

دۆۋۈلەپ ئۇسۇلغان بىر چوڭ تەلەڭگىدىكى ئاشنى كۆتۈرۈپ چىققان مەريەمنىسا داستىخانغا قويدى.

پولۇغا چامغۇر، بېهى، ئىككى پارچە قىلىنغان ئالما، قوي گۆشى بېسىلغانىدى. زىرىنىڭ مەززىلىك هىدى، ئالمىنىڭ خۇش بويى تاراپ تۇرغان پولۇ بىر كاپام، بىر كاپامدىن يېيىلىپ تۈگىدى.

— ئانا، دۇئا قىلىپ بەرسىلە، — دېدى بەهرام قولىنى ئېرتىۋېتىپ، — ئوردىغا بېرىپ شاهقا مەكتۇپنى تاپشۇرۇپ بېرىپ كېلەي.

دۇئادىن كېيىن، بەهرام تۇرۇپ، مەريەمنىسا سۇنۇپ

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

بەرگەن كۆزلۈك بەقەسەم تونىنى، بادام دوپپىسىنى كىيىپ، ئېغىلدىن ئاتنى ئېلىپ چىقتى.

سېلىمخان ئاچا كېلىنى بىلەن ئىشىك ئالدىغا چىقىپ ئوغلىنى ئۇزىتىپ قويدى.

— خۇدايىمغا ئامانەت، هايال قالمىغىن ئوغلۇم.

— خوش ئانا، خۇپتەندىن يانغىچە كېلىمەن.

ئاتقا مىنگەن بەهرام قارا پەرەنجىلىك ئىككى ئايالنىڭ تام تۈۋى بىلەن كېلىۋاتقانلىقىغا مۇنداقلا قاراپ قويۇپ،قامچىسىنى كۆتۈردى. . .

ئۇ سەئىدخان هۇزۇرىدا ئۇزاق ئولتۇرۇپ قېلىپ، يېرىم كېچىگە يېقىن قايتىپ كەلگەندە، ئىشىكى داغدام ئوچۇق ئىدى. ئاتتىن چۈشكەن بەهرام هەيران بولۇپ تۇرۇپ قالدى. كۆڭلى ئۆيۈپ، ئاتنى يېتىلىگەن پېتى هويلىغا كىرىپ، تۈۋرۈككە باغلىدى، ئاشخانىغا كىرىپ شامنى يورۇتۇپ، ئايۋانغا، ئىچكىرىكى ئۆيلەرگە كىردى. نەچچە قېتىم:

— ئانا! ـ دەپ توۋلىدى. ئەمما، جاۋاب بولمىدى.

— مەريەمنىسا! — ئۇ تېخىمۇ ئەنسىرەپ توۋلىدى.

بىر قارا مۇشۇك مىياۋلاپ ئالدىغا كەلدى. بەهرام ئۆيدە ئادەم يوقلۇقىنى كۆرۈپ هويلىغا يېنىپ چىقتى. كۆزى بالىخانىغا قادالدى. ئەمما، هېچ نەرسىنى كۆرەلمىدى. پەلەمپەينىڭ يېنىغا كېلىپ چۆچۈپ كېتىپ، قولىدىكى ساپال چىراغ يەرگە چۈشۈپ كەتتى. چۈنكى، ئۇ پەلەمپەينىڭ دالدىسىدا قانغا مىلىنىپ ياتقان ئانىسىنى كۆرگەنىدى. يۈرىكى ئاغزىغا كەپلەشكەن هالدا ئاشخانىغا كىرىپ چىراغنى ياندۇرۇپ چىقىپ سۈپىغا قويدى. پەلەمپەيگە يېقىنلاپ كېلىپ:

— ئانا! — دەپ توۋلىدى.

جاۋاب بولمىغاندىن كېيىن، ئىتتىك بېرىپ يۈكۈندى ـ دە، سېلىمخان ئاچىنىڭ بېشىنى تىزىغا ئالدى، ئۇنىڭ رومىلىمۇ

قانغا بويالغانىدى. بەھرام قاراپ، ئانىسىنىڭ باغرىغا پىچاق تىقىلغانلىقىنى كۆردى.

— ئانا! ئانا! ئانا!

ھەسرەتلىك ئاۋازىنى ئۆزىدىن باشقا ھېچكىم ئاڭلىمىدى.

بەھرام توۋلاپ تۇرۇپ سېلىمخان ئاچىنىڭ كۆكسىگە قۇلاق ياقتى، يۈرىكى سېلىشتىن توختىغانىدى. ئاغزىنى ئاغزىغا باستى، نەپسى ئۈزۈلگەنىدى. يىغلىغىنىچە ئانىسىنى كۆتۈرۈپ ئايۋانغا ئېلىپ كىرىپ، كۆرپىگە ياتقۇزدى. جايناماز ئۈستىدىكى ئاق رومالنى ئېلىپ ئۇنىڭ يۈزىگە ياپتى.

— مەريەمنىسا! — ئۇ توۋلىغىنىچە بالىخانىغا چىقتى، لېكىن خوتۇنىنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمىدى. ئۆگزىگە تېگىپ تۇرغان ئۇجمە شاخلىرى مۈڭلۈق شىلدىرلاۋاتاتتى.

مەريەمنىسا نەگە كەتكەندۇ، قايسى تاش يۈرەك بۇ غەمگۈزار ئانىنىڭ باغرىغا پىچاق سالغاندۇ؟

بەھرام بالىخانىدىن چۈشۈپ، قولىدىكى چىراغنى سۇپىغا قويدى. تۈۋرۈككە باغلاپ قويغان ئېتىنى يېتىلەپ تاشقىرىغا چىقتى. ئۇ ئاتقا مىنگەندە خورازنىڭ چىللىغىنى ئاڭلاندى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

# ئون تۆتىنچى باب

# جازا ھۆكۈم قىلىش

## 1

كەچ كۈز، تېرەكلەرنىڭ سارغايغان ياپراقلىرى تۆكۈلۈپ، يول ياقىسى، ئۆستەڭ ـ ئېرىقلارنىڭ گىرۋەكلىرى، ئېتىزلارنىڭ قىرلىرى غازاڭ بىلەن توشۇپ كەتتى. سېرىق ـ قارا سۆگەتلەرنىڭ ياپراقلىرى بولسا ئەمدىلەتىن سارغىيىشقا باشلىغانىدى. چۆلدىكى توغراقلارنىڭ ياپراقلىرى، سەلكىن ئۇرىسىلا يىلدىرلاپ يەرگە چۈشەتتى. ئىسسىق ياقلارغا كېتىۋاتقان قۇشلارنىڭ بىر توپى ئاقسۇ ئاسمىنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا، ئابدۇرېشىتخان ھەرەم قەسرىدىن ئوردىغا چىقتى. مىرزا ئەلى تاغايى دىۋانخانا ئىشىكى ئالدىدا تەزىم قىلدى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم سۇلتان ئالىيلىرى، ئاللا دۈشمەنلىرىنى ئاياغلىرى ئاستىدا خار قىلغاي.

— ئىنشائاللا ۋەزىر، ئەمىر ـ ئەركانلاردىن يەنە كىملەر كەلدى؟

— بىرىنچى بولۇپ مەن كەپتىمەن ئالىيلىرى. باشقىلار ھەمىشە ئالىيلىرىدىن كېيىن كېلىدۇ. بۇنىڭ ھۆرمەتسىزلىك بولىدىغانلىقىنى ئۇلارغا بىلدۈرۈپ قويۇشنىڭ ۋاقتى كەلدى، — خۇشامەتكويلۇق بىلەن ئىگىلدى ۋەزىر.

— ھاجىتى يوق. ئەمىر - ئەركانلىرىمىزنىڭ ھەممىسى ساداقەتمەن كىشىلەر، ئۇلار توغرى قىلىۋاتىدۇ. سۇلتان بولغىنىم ئۈچۈن ئوردىغا بىرىنچى بولۇپ كېلىشىم زۆرۈر ۋەزىر، لېكىن يېقىندىن بېرى دائىم سىز بىرىنچى بولۇپ كېلىۋاتىسىز، — ئابدۇرېشىتخان سوغۇق نەزەر بىلەن ئۇنىڭغا باقتى.

— شاھىنشاھ سەئىدخان ئالىيلىرى ئۆزلىرىنى ياخشى مۇھاپىزەت قىلىشىمنى تاپىلىغان. ئوردىغا ئەتىگەندە كېلىشىممۇ، دائىم يانلىرىدا پەرۋانە بولۇپ يۈرۈشۈممۇ شۇنىڭ ئۈچۈن سۇلتانىم. ۋاللاھۇ[1] ئەتراپىمىزدا يوشۇرۇن دۈشمەن يوق ئەمەس، پەخەس بولمىسام، بىرەر ئىش يۈز بەرسە، خانغا نېمە دەپ جاۋاب بېرىمەن، ئۆزلىرىگە قانداق يۈز كېلەلەيمەن؟ پېقىردىن گۇناھ ئۆتكەن بولسا، بوينۇم قىلدا باغلاغلىق.

ئابدۇرېشىتخان تاغايىنىڭ بېشىنى گىلدىڭشىتىپ ئېيتقان سۆزلىرىنى ئاڭلاپ «ساداقەتمەنلەر ئىچىدە بۇ ۋەزىرىمنى بىرىنچى ئورۇنغا قويسام بولىدىكەن. ئۇزۇن يىللاردىن بېرى بىللە بولۇپ كەلدى، سەممىيەتسىزلىكىنىڭ بىرەر ئىپادىسى كۆرۈلمىدى. ئۇنىڭغا ئىشەنسەم بولىدۇ. بۈگۈن كېلىپلا قاتتىق تېگىپ قويدۇم» دەپ ئويلاپ:

— رەھمەت ۋەزىر، مەن سىزدىن رازى، — دېدى.

— ئاللا ئالىيلىرىدىن رازى بولسۇن سۇلتانىم، — مىرزائەلى تاغايىنىڭ خالتىلىشىپ قالغان ياداڭغۇ يۈزىدە تەبەسسۇم پەيدا بولدى، — ئاقسۇغا كېتىۋاتقىنىمىزدا، ئۆزىمىزدىن ئەنسىرىگەنىدىم. ئالىيلىرىنىڭ پىلانى بىلەن لەشكەرلىرىمىزنى ئۈچكە بۆلۈپ، ئاتلىق چەۋەنداز، سىپاھلارنى يېتەكلەپ ئالدىدا ئۆزلىرى ماڭدىلا. سول تەرەپتە توپچى،

---

① ئالەم، ۋاللاھۇئالەم - ئاللا بىلىدۇ، بىلگۈچى ئاللا دېگەن مەنىدە.

ئوقياچـــى مەرگەنلەر، ئوڭ تەرەپتە ھۆجۈمچــى قەيسەرلەر يوشۇرۇنۇپ ماڭدى. تېرىسىگە سىغماي قالغان ئىمىــن خوجا سۇلتان لەشكەرلىرى بىلەن قانداق قورشاۋدا قالغىنىنى بىلمەي قالدى. شۇنىڭ بىلەن ھەيۋىسى ئالەمگە تارالغان ئاقسۇ يېغىلىقى تېزلا تىنجىدى. بۇنى ئويلىسام، ئالىيلىرىنىڭ تەڭداشسىــز سەركەردە ئىكەنلىكلىرىگە قايىل بولماي تۇرالمايمەن.

— ئاللا مەدەتكار بولمىسا غەلىبە قىلالمايتتۇق ۋەزىر، جەڭ شىددەتلىك بولدى. كۆپ قان تۆكۈلدى، — دېدى ئابدۇرېشىتخان چىرايى قايغۇلۇق تۈس ئېلىپ، — خان ئاتام مەكتۇپىمنى كۆرۈپ نېمە دەپ قالاركىن؟ دۈشمەن سېپىـــگە بۆسۈپ كىــرگەن رۇستەمبەگنىڭ پارە ـ پارە قىلىۋېتىلىشىمۇ، بىزگە ئەنە شۇنداق رەھىمسىزلىك قىلغان تاغام ئىمىن خوجا سۇلتاننىڭ غايىب بولۇشىمۇ خان ئاتامنى داغى ھەسرەتتە پۇچىلايدۇ. ئۇ بۇنداق بولۇشنى ئۈمىد قىلمايتتى. مەن ئاتامنىڭ كۆتكىنىــدەك قىلالمىدىم، ئاتام ياشانغان چېغىدا بۇ مۇسىبەتنى كۆتۈرەلمەي قالامدىكىن، دەپ ئەنسىرەيمەن. چەۋەنداز بەھرام جاۋاب ئېلىپ كەلمىگۈچە خاتىرجەم بولالمايدىغاندەك تۇرىمەن.

تاغايى سۇلتان سارىيىغا قاراپ ماڭغان ئابدۇرېشىتخاننىڭ سۆزىگە سەما بولۇپ تەخت يېنىغا كەلدى. ئۇ ناھايىتــى ھەسرەتلەنگەن قىياپەتتە مەڭزىدىكى ياش يۇقىنى سۈرتۈپ دېدى:

— سۇلتان ئالىيلىــرى، ئەلمىــساقتىــن بېرى قان تۆكۈلمىگەن جەڭ بولۇپ باقمىغان، رۇستەمبەگ باھادىرلىــق بىلەن دۈشمەن سېپىگە يېرىپ كىرىپ، قۇربان بولۇشتىــن قورقماي غەلىبىگە يول ئاچتى. ئالىيلىرىنى يول ئۈستىــدىلا مەغلۇپ قىلىپ، ئەزىز باشلىرىنى مۇبارەك تەنلىــرىدىن جۇدا قىلماقچى بولغان ئىمىن خوجا سۇلتاننى تىرىك پېتى ئەسىرگە ئېلىپ، ئالدىلىرىغا ئېلىپ كېلەلمىگىنىم ئۈچۈن قاتتىــق ئۆكۈنىمەن.

ئارقا ـ ئارقىدىن سالام بېرىپ كىرىپ كەلگەن ئەمىر ـ ئەركانلەر سۆھبەتنى بۆلۈۋەتتى.

«ئىمىن خوجا سۇلتان غايىب بولدى، ئۆلدىمۇ، بىر يەرگە قېچىپ كەتتىمۇ؟ نامەلۇم. ئۇنى ياساۋۇللار ئىزدەۋاتىدۇ، تۇتۇپ كەلسە ئوبدان بولاتتى. . .» ئابدۇرېشىتخان خىيال سۈرگەن پېتى تەختكە چىقتى. ئىمىن خوجا سۇلتاننىڭ توپىلىڭىدا، تالاپەتكە ئۇچرىغان ئاممىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئىككى يارلىق چۈشۈردى.

ئاقسۇ شەھەر ئاھالىسى ۋە تارىم ۋادىسىدىكى دېھقانلاردىن ئۈچ يىل باج ـ سېلىق ئالماسلىق توغرىسىدىكى بىرىنچى يارلىق ۋەزىر، ئەمىرلەرنى ئويلاندۇرۇپ قويدى. ئىمىن خوجا سۇلتاننىڭ ئوردا خەزىنىسىنى قۇرۇقداپ قويغانلىقى ھەممىگە مەلۇم ئىدى.

— جانابلار، سۇلتانىمىزنىڭ يارلىقى ئاقسۇ دىيارىدىكى ئاۋامغا خاتىرجەملىك، پاراغەت ئاتا قىلىدۇ، ھەربىرلىرى قوللاپ، ئىجرا قىلىشلىرى لازىم. گەرچە خەزىنىدىكى دۆلەت مۈلكىنى ئىمىن خوجا سۇلتان نابۇت قىلىۋەتكەن بولسىمۇ، سەئىدىيەخانلىقى قۇدرەتلىك ھەم بايدۇر. بىز باج ـ سېلىق ئالمايمۇ ئاقسۇ دىيارىنى گۈللەندۈرەلەيمىز، لەشكەرلىرىمىزنى باقالايمىز. بۇ يارلىقنى ئىجرا قىلىشقا ئۆزۈم مەسئۇل بولىمەن.

باش ۋەزىر يارلىقنى قوللىغاندىن كېيىن، ۋەزىر، ئەمىرلەرمۇ قوللاشتى. ئابدۇرېشىتخان ئۇلارنىڭ كۆڭلىدە يامانلىق يوقلۇقىدىن، نىيەتلىرىنىڭ ياخشى ئىكەنلىكىدىن مەمنۇن بولدى، باش ۋەزىرنىڭ باشلامچىلىق بىلەن قوللىغىنىدىن سۆيۈندى. ئۇ ئەتە تارىم ۋادىسىغا شىكارغا چىقىدىغانلىقىنى جاكارلاپ، ۋەزىر، ئەمىرلەرگە تەييارلىق قىلىشنى تاپشۇرۇپ، سۇلتان سارىيىدىن ھەرەم قەسرىگە ماڭغاندا، كۈن قىيام بولغانىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مىرزا ئەلى تاغايى ئوردىدىن ئەڭ ئاخىرىدا چىقتى. ئۇ تۇرغان قورۇ ھەرەم قەسرىگە يانداش بولۇپ، ئالدىدا چوڭ ئۆستەڭ بار ئىدى. يەركەندىكى قورۇسىغا ئوخشاش ئىچكىرى، تاشقىرى ھويلىسى بولمىسىمۇ، مېۋىلىك بېغى، كۆلى بار ئىدى. چوڭ خوتۇنى خانئايىم بىلەن تۆتىنچى خوتۇنى مەلىكىزات دەھلىزلىك ئىككى ئۆيگە ئورۇنلاشقانىدى. ئۇلارنى ئابدۇرېشىتخاننىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى بىلەن بىللە يېقىندا ئېلىپ كەلگەنىدى. تاغايى يەركەندىكى چېغىدا ئىككىنچى، ئۈچىنچى خوتۇنلىرىنى تالاق قىلىپ خېتىنى بېرىۋەتكەن، مەريەمنىسانىڭ ئۇن - تىنسىز يوقىلىپ كېتىشى تاغايىنىڭ ئۇنىڭغا ئۆيلىنىش ئارزۇسىنى بەربات قىلغان بولسىمۇ، بىر قىزنى خوتۇنلۇققا ئېلىش خىيالىدىن ۋاز كەچمىگەنىدى.

تاغايى ياساۋۇللىرى بىلەن ياپراقلىرى سارغىيىشقا باشلىغان سۆگەت شاخلىرى ئېگىلىپ تۇرغان ئۆستەڭ بويىغا كەلدى. ئۆستەڭ بويىدا ئادەم يوق دېگۈدەك ئىدى. ئۆستەڭدىكى سۇزۇك سۇنى كۆرۈپ ئۇنىڭ ئويىغا مەريەمنىسا كېلىپ، «كاساپەت ئەجەب قىلدىڭ — ھە، سېنى تاپماي قويمايمەن، ئاسمانغا چىقىپ كەتكەن بولساڭ پۇتۇڭدىن تارتىپ چۈشۈرەلەيدىغان، يەرگە كىرىپ كەتكەن بولساڭ كوكۇلاڭدىن تارتىپ چىقىرالايدىغان ئادەملىرىم بار. چاھقا① تاشلاپ، ئۆلۈكىڭنى قۇرت - قوڭغۇزغا يەم قىلىۋېتىمەن...» دەپ ئويلىدى.

تاغايى ئاچچىقلانغان ھالدا، بىر ياساۋۇل كۆزەتتە تۇرغان يوغان تۇچ ھالقىلىق ئىشىكتىن كىردى. ياساۋۇللار دالاندا قالدى. ھويلىدىكى سۇپىدا دېدەكلىرى بىلەن ئولتۇرۇشقان خوتۇنلىرى تۇرۇپ تەزىم قىلىشتى. ئۇ خوتەن زىلچىسى سېلىنغان سۇپىنىڭ ئالدىغا كېلىپ، قوللىرىنى ئىككى يانغا كېرىپ

---

① چاھ - پارسچە سۆز بولۇپ، قۇدۇق دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ، كۆچمە مەنىسى زىندان.

تۇردى. ئەمدىلەتىن يىگىرمىنىڭ قارىسىنى ئالغان مەلىكىزات خېنىم يۈگۈرۈپ كېلىپ تونىنى سالدۇردى، بېشىدىن كۈمۈش ئۇتۇغات قادالغان ئاق شايە سەللىسىنى ئالدى.

خانئايىمنىڭ خۇيى تۇتۇپ، كەينىنى قىلىپ ئولتۇرغىنىچە ئېرىگە قارىمىدى. يەركەندىن ئېلىپ كەلگەن قىز دېدەك ئاپتۇۋۇدا سۇ ئېلىپ كېلىۋىدى، ئۇنىڭ قولىدىن ئاپتۇۋىنى مەلىكىزات خېنىم ئالدى ۋە خانئايىمغا بىر قارىۋېلىپ:

— ۋەزىر ئەزەم، ئۆيدە مېھمان بار، — دېدى.

— نېمە مېھمان. نەدىن كەپتۇ؟ — سورىدى مىرزا ئەلى تاغايى قول - يۈزىنى ئالدىراپ يۇيۇپ.

— نەدىن كەلگەنلىكىنى دېمەپتۇ.

— دېمەپتۇ؟ — مەلىكىزاتنىڭ قولىدىن لۆڭگىنى يۇلۇپ ئالغان تاغايى دەلدۇگۇنۇپ كەتكەن بۇ ياش خوتۇنىدىن دوق قىلىپ سورىدى، — دېمەپتۇ، كىمگە دېمەپتۇ؟

— بۇ ئامراق خېنىملىرى بىلمەيدۇ، — خانئايىم ئورنىدىن تۇرۇپ، ئىرغاڭلاپ مېڭىپ ئېرىنىڭ يېنىغا كەلدى.

— كىم كەلدى ئەيتىڭ ئاغىچا، — دەپ سورىدى تاغايى،— مېھماننىڭ ئۆزى نەدە؟

— مېھمان ياساۋۇللار ئۆيىدە. نەدىن كەلگەنلىكىنى، كىم ئىكەنلىكىنى كۆرسىلە بىلىلا تەقسىرىم، مەن ھازىر دېمەيمەن.

— دەستار[①]بىلەن تونۇمنى ئېلىۋېتىڭ كىچىك ئاغىچا.

مىرزا ئەلى تاغايى كىچىك خوتۇنىغا بۇيرۇۋىدى، خانئايىم تون بىلەن سەللە ئوراقلىق بۆكنى «ئەكەلسىلە!» دەپ مەلىكىزاتتىن ئېلىپ، تاغايىغا كىيگۈزدى ۋە مەنىلىك كۈلۈمسىرەپ قويدى:

— ئاقسۇغا كەلگەندىن بېرى ھەميانىنى ئۇتتۇرۇۋەتكەن

---

① دەستار ـ سەللە.

قىمارۋازدەك سەپرا بولۇپ قالدىلا. ماڭا ئۇنداق مۇئامىلە قىلىشلا بولمايدۇ تەقسىرىم، مېھمان ئالدىغا ئۆزلىرىنى تۇتۇۋېلىپ چىقسىلا.

مىرزا ئەلى تاغايى دالاندىكى ياساۋۇللار ئۆيىگە كىرىپ، يوغان سەللە ئورىغان چاساقال ئادەمنىڭ بەدەشقان قۇرۇپ ئولتۇرۇپ چاي ئىچىۋاتقانلىقىنى كۆردى. ئەمما، ئۇنى تونۇيالمىدى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ۋەزىر ئەزەم، — مېھمان ئورنىدىن تۇرۇپ سالام بەردى، — ئوبدان تۇرلىمۇ؟ مەن نامانگەندىن كەلدىم.

مىرزا ئەلى تاغايى مېھماننىڭ ئاۋازىدا ياسالمىلىق بارلىقىنى سېزىپ قالدى. قولىنى بېرىپ كۆرۈشۈۋېتىپ ئۇنى تونۇدى. «قاسىم خېچىرغۇ بۇ، يەركەندىن كېلىپتۇ ـ دە. . .»

— مېھمان، جانابلىرىنى ساقلىتىپ قويۇپتىمەن. مېھمانخانىغا چىقايلى، — دېدى تاغايى تەكەللۇپ بىلەن.

مېھمان ئۇنىڭ كەينىدىن مېڭىپ هويلىنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى مېھمان كۈتىدىغان ئۆيگە كىردى.

— ئولتۇرغىن قاسىم. ئۆزۈڭنى ئوبدان نىقاپلاپسەن، — مىرزا ئەلى تاغايى ئۇنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلىپ خىرىلداپ كۈلدى.

— جانابلىرى، ئۆزۈڭنى مەندىن باشقا ھېچكىمگە بىلدۈرمە، دەپ تاپىلىغان ئىدىلە. شۇڭا، مۇشۇنداق سودىگەر سىياقىغا كىرىۋالغانىدىم.

— سەن تەدبىرلىك ئادەم قاسىم، بۇ ۋاقىتتا قەدەر خىزمىتىمنى قۇسۇرسىز قىلىپ كەلدىڭ، سەندىن رازىمەن، سېنىمۇ ئوبدان رازى قىلىمەن. خوش ئېيتقىنا، قانداق خەۋەرلەرنى ئېلىپ كەلدىڭ؟ بۇيرۇغانلىرىمنى قانداق ئادا قىلدىڭ؟

مىرزا ئەلى تاغايى ئۇنىڭغا جىندەك توختاپتۇر، دېگەن مەنىدە، تىزىنى بېسىپ قويۇپ، ئۆيدىن چىقىپ كەتتى، قاسىم «ۋەزىر ئەزەمنى بىر خۇش قىلىۋېتەي، قانچىلىك ئىلتىپات قىلاركىن؟» دەپ ئويلاپ تۇرۇۋىدى، مىرزا ئەلى تاغايى قايتىپ كىردى. ئۇ قويۇن يانچۇقىدىن بىر يامبۇ، ئىككى تىللانى ئېلىپ قاسىمغا سۇندى.

— قېنى، سۆزلە قاسىم.

— جانابلىرىغا يەتكۈزىدىغان بىرىنچى خەۋىرىم، خان ھەزرەتلىرى ئىككىنچى ئوغلى ئىسكەندەر سۇلتانغا يېڭىسارنى، ئۈچىنچى ئوغلى ئىبراھىم سۇلتانغا خانئېرىقنى، تۆتىنچى ئوغلى مۇھسىن سۇلتانغا قاغىلىقنى سۇيۇرغال قىلىپ بېرىپتۇ.

— كىمدىن ئاڭلىدىڭ؟ — مىرزا ئەلى تاغايى پىسەنت قىلمىغاندەك سوراپ قويدى.

— جاكارچىدىن.

— شاھزادىلار ئۆزلىرىگە سۇيۇرغال قىلىپ بەرگەن جايلارغا كەتتىمۇ؟

— ئاڭلىشىمغا قارىغاندا، خان ھەزرەتلىرى يارلىق چۈشۈرۈپ ئەتىسى، شاھزادىلەرنىڭ ماھارىتىنى كۆرۈش ئۈچۈن شىكارغا ئېلىپ چىققانىكەن. ئۇلارغا ئوقيا ئاتقۇزۇپتۇ، ئاندىن ئۇلارنى يالغۇز ئوۋ ئوۋلاشقا قويۇۋېتىپتۇ. ئىسكەندەر سۇلتان شۇ كۈنى قايتىپ كېلىپ، يېڭىسارغا كېتىپتۇ. ئىبراھىم سۇلتان بىلەن مۇھسىن سۇلتان شىكاردا ئېزىپ قېلىپ، ئەتىسى كەچقۇرۇن ئوردىغا يېنىپ كەپتۇ. ئىبراھىم سۇلتان ئۆگۈنى خانئېرىققا كېتىپتۇ، مۇھسىن سۇلتان ئاغرىپ يېتىپ قالغىنى ئۈچۈن يولغا چىقالماپتۇ.

ئىككىنچى خەۋەر، خان ھەزرەتلىرى تىبەت ۋە كەشمىر دىيارلىرىغا يۈرۈش قىلىش ئۈچۈن تەييارلىققا كىرىشىپتۇ. چۈنكى، ئۇ يەرلەردىكى خان ـ سۇلتانلار سەئىدىيە خانلىقىدىن

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

يۈز ئۆرۈپ، ئۆز ئالدىغا بولۇۋالغانىكەن.

— بۇ خەۋەرنى كىمدىن ئاڭلىدىڭ؟ — جىددىي سورىدى مىرزا ئەلى تاغايى.

— ئوردىدىكى ئالائىدىن ماھمۇد مىرزىدىن جانابلىرى، يەركەنگە يولغا چىقىش ئالدىدا مېنى ئۇنىڭغا تونۇشتۇرۇپ قويغان ئىدىلە.

— بىلدىم، ئۇ ئىشەنچىلىك ئادەم. بۇ مۇھىم خەۋەر ئىكەن. قارىغاندا پايتەختتە خانسىز قالىدىغان ئوخشايدۇ، — مىرزا ئەلى تاغايى ھىجايدى، — ئىمىن خوجا سۇلتان ئالدىراپ كېتىپ ئەدىپىنى يېدى، ئەمدىلەتىن ھەرىكەت قىلغان بولسا ئۇنداق ئاقىۋەتكە قالمايدىكەن، خەير ... — تاغايى ساقالسىز ئېڭىكىنى بىر سىلاپ قويۇپ سورىدى، — مەريەمنىسا دېگەن بۇزۇقنىڭ دېرىكىنى ئالالىدىڭلارمۇ؟

— بۇ ئۈچىنچى خەۋەر، — دېدى، قاسىم قولىدىكى تىللانى تىرنىقى بىلەن چۆرۈپ، — ئۇ ھازىر قۇم ئېرىقتىكى باغلىرىغا قېزىلغان چاھ ئىچىدە.

— نېمە دېدىڭ؟ — مىرزا ئەلى تاغايى ئورنىدىن تۇردى. ئۇنىڭ يۇمۇق كۆزلىرى يوغان ئېچىلىپ، يۈز گۆشلىرى لىپىلداپ كەتتى.

— ئۇ جۇمباق باغلىرىدىكى چاھ ئىچىدە دەۋاتىمەن.

— ئۇنى قەيەردىن تاپتىڭلار؟

— ئابدۇلرەشىدخاننىڭ خاس نۆكىرى بەھرامنىڭ ئانىسى تۇرۇۋاتقان ئۆيدىن.

— ھە، ئۇ پاسكىنىنى بەھرام ئېلىپ قېچىپتىكەن - دە؟

— شۇنداق، ئېلىپ قېچىپلا قالماي، ئۇنى ئەمرىگە ئالغانىكەن.

— ماۋۇ ئەبلەخنى، ئۇ رەسۋانىڭ بەھرامنىڭ ئۆيىدە ئىكەنلىكىنى قانداق بىلدىڭلار؟

قاسىم ھېجىيىپ بېشىنى قاشلىدى.

— بۇ، ئۆزى...

— ئەزمەڭنى ئەزمەي، گەپنىڭ پوسكاللىسىنى تېپىپ قىل.

— خوپ ۋەزىر ئەزەم، — قاسىم تىللانى تىرنىقى بىلەن چېكىپ سۆزىنى داۋام قىلدى، — پېقىر قۇللىرىنىڭ بويتاقلىقى ئۇ جۇمباقنى تېپىشتا ئەسقېتىپ قالدى دېسىلە. شۇ بويتاقلىقىمدىن تىللاخان دېگەن گۇلباغ مەھەللىسىدىكى تىككۈچى چوكان بىلەن تونۇشۇپ قالغانىدىم. تۇردى ئاخۇن ئىككىمىز تاپشۇرۇقلىرى بويىچە يەركەن شەھىرىنى قېزىۋەتكەن بولساقمۇ، ئۇنىڭ ئىز - دېرىكىنى ئالالمىغاندىن كېيىن ئاشۇ تىللاخاننى ئىشقا سالدىم. مەن مەريەمنىسانىڭ بوي - تۇرقىنى ئۇنىڭغا سۇرەتلەپ بەردىم ھەم ئۇنى كەينىمگە سېلىپ، ئىككى ھەپتە ئىچىدە ھەرقايسى كوچىلاردىكى ئۆيلەرگە كىرگۈزۈپ، شۇنداق بويىغا يەتكەن قىز بارمۇ، يوق، دەپ تەكشۈرتكۈزدۇم. ئۇ «مەن چاچ تارىغۇچى بولىمەن، چاچلىرىنى تاراپ قويغىلى كىرىۋىدىم خېنىم» دەپ، كىشىلەرنىڭ ئۆيلىرىگە بىمالال كىرىپ، ئايال، قىزلارغا ئوبدان سەپسېلىپ چىقىپ مېنى خەۋەرلەندۇردى. ئۇچىنچى ھەپتىگە قەدەم قويغاندا شەھەر چېتىدىكى چىنەباغ مەھەللىسىنى قېدىرىشقا كىرىشتۇق. بالىخانىلىق ئۆينىڭ ئىشىكىدىن تىللاخان كىرىپ كەتتى. مەن سەل نېرىراق بېرىپ، سۆگەتنىڭ دالدىسىدا ئولتۇرۇپ تۇردۇم. تىللاخان ناھايىتى ئۇزاقتىن كېيىن چىقتى. جايىمدىن مىدىرلىماي ئولتۇرۇپ، كۆز سېلىۋىدىم، تىللاخاننى ئۇزىتىپ چىققان ئىككى ئايالنى كۆردۈم، قارىسام، ئۇلارنىڭ بىرى ياشانغان موماي، يەنە بىرى بولسا مەريەمنىسا ۋەزىر ئەزەم، ئۇ دېدەكنى ئەنە شۇنداق تەستە تاپتۇق. ئۇقساق، بۇ ئۆي بەھرامنىڭ ئۆيى بولۇپ، ئۇ مەريەمنىسانى نىكاھىغا ئالغانىكەن.

— ئۇ شەرمەندىنى بەھرامنىڭ ئۆيىدىن قانداق ئېلىپ

www.uyghurkitap.com

چىقتىڭلار؟ — مىرزا ئەلى تاغايىنىڭ كۆڭلى ئارامىغا چۈشكەندەك بولۇپ سورىدى.

— تۇردى ئاخۇن بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، پۇختا تەييارلىق قىلىپ، ئۈچ كۈن ئۆتكەندىن كېيىن پەيشەنبە ئاخشىمى چىنەباغ مەھەللىسىگە باردۇق، ھەر ئىككىمىز ئايالچە ياسىنىپ، قارا پەرەنجىگە پۈركىنىۋالغانىدۇق، ئۇلارنىڭ ئىشىكى ئالدىغا يېقىن بېرىشىمىزغا بەھرام ئۆيدىن ئات يېتىلەپ چىقتى ۋە مىنىپ يېنىمىزدىن ئۆتۈپ كەتتى. بىز تام ياقىلاپ كېتىۋەردۇق. مەن بەھرامنىڭ ئاقسۇغا كەتكەنلىكىنى بىلەتتىم، قايتىپ كەلگىنىدىن خەۋىرىم يوق ئىدى. ئۇنىڭ شۇ تاپتا قەيەرگە بارىدىغانلىقىنى خۇدا ئۆزى بىلەتتى. تۇداخۇن ئىككىمىز جامائەت خۇپتەندىن يانغىچە يىراقتىراق كۈتۈپ تۇردۇق. جامائەت ئۆيلىرىگە تارقاپ، كوچىدا بالىلار قالماي، ئەتراپ تىمتاس بولغاندا بەھرامنىڭ ئۆيى ئالدىغا كەلدۇق. مەن ئىشىك ھالقىسىنى قاقتىم.

«بالام، كەلدىڭمۇ؟ مانا ھازىر ئاچىمەن» دېگىنىچە بىر موماي ئىشىكنى ئاچتى. مەن مومايىنىڭ ئاغزىنى قولۇم بىلەن بېسىپ، سۆرەپ ھويلىغا ئېلىپ كىردىم. تۇردى ئاخۇنمۇ ئىشىكنى ئېتىۋېتىپ كەينىمدىن كىرىشىگە ئۆيدىن چىراغ كۆتۈرگەن مەريەمنىسا چىقتى. «بالام، بولاڭچىلار» دەپ ۋارقىرىدى موماي. ئۇنىڭ چېكىسىگە بىر مۇشت ئۇرۇۋىدىم، يىقىلىپ ھوشىدىن كەتتى. مەريەمنىسا: «ۋاي ئانام! . . .» دەپ ۋارقىرىغانچە مومايغا ئۆزىنى ئېتىۋىدى، ئۇنى قۇچاقلاپ تۇتۇۋالدىم، توۋلاپ قولۇم - قوشنىلىرىنى ئويغىتىۋەتمەسلىكى ئۈچۈن، ئاغزىغا رومىلىنى كەپلەپ، كۆتۈرۈپ مېڭىۋىدىم، تېپچەكلەپ زادى بوي بەرمىدى. تۇردى ئاخۇن قويىنىدىن تانىنى ئېلىپ ئۇنى چەمبەرچاس باغلاپ، قولتۇقىغا چىڭ قىسىۋالدى. تۇردى ئاخۇننىڭ بويىنىڭ ئېگىزلىكى، كۈچتۈڭگۈرلىكىنىڭ پايدىسى بولدى. پەرەنجىنىڭ بىر پېشى بىلەن ئۇنىڭ بېشىنى

يۆگىۋالدى. ھوشىدىن كېتىپ ياتقان موماي ئۆرۈلۈپ كۆزىنى ئېچىپ: «قىزىمنى نەگە ئېلىپ بېرىشىسەن؟ توختاش!» دەپ ۋارقىراپ، ئۆمىلەپ كەلگىنىچە پۇتۇمغا ئېسىلىۋالدى. بىر تېپىۋىدىم، دومىلاپ پايىنىڭ ئاستىغا كىرىپ كەتتى، بېلىمگە ئېسىقلىق غىلاپتىن پىچاقنى سۇغۇرۇپ ئالدىم ـ دە، بېرىپ مومايىنىڭ قورسىقىغا تىقىپ قوچىۋەتتىم. «خۇدايىم جازاڭنى بىرەر جۇۋاينىمەكلەر!» ئۇنىڭ دېگەن سۆزى شۇ بولدى ۋەزىر ئەزەم. بىز بەھرام كېلىپ قالمىسۇن، دەپ مومايىنىڭ ئۆلگەن ـ ئۆلمىگىنىگە قارىماي ھويلىدىن يېنىپ چىقتۇق. قاراڭغۇ كېچىدە بىزنى ھېچكىم كۆرمىدى. ئىز قالدۇرماي ئايلىنىپ يۈدۈپ سەھەرگە يېقىن قۇم ئېرىقتىكى باغقا ئېلىپ كەلدۇق، ئۇنى ئۆزلىرى كولىتىپ قويغان چاھقا چۈشۈردۇم.

ئۇنىڭغا تۇردى ئاخۇن قاراپ قالدى. مەن شەھەردىكى ئۆيلىرىگە قارىغاچ كوچا ـ كويلاردا يۈرۈپ گەپ تىڭشىدىم. ھەممە يەرگە ئابدۇلرەشىدخاننىڭ خاس نۆكىرى بەھرامنىڭ ئانىسى ئۆلتۈرۈلۈپ، خاتۇنىنىڭ ئىز ـ دېرەكسىز يوقاپ كەتكەنلىكى توغرىسىدىكى سۆز تاراپ كېتىپتۇ، بۇ ۋەقە پايتەختنى زىل ـ زىلىگە كەلتۈردى. سەئىدخان پەرمان چۈشۈرۈپ يەركەننىڭ ھاكىمبېگى ئوسمانبەگ بىلەن كۇتۇۋالبەگكە ئون كۈن ئىچىدە قاتىلنى تۇتۇپ، بەھرامنىڭ خاتۇنىنى تېپىشنى بۇيرۇپتۇ. قانداقمۇ تاپالىسۇن ئۇنى، مەريەمنىسانى چاھقا تاشلىغاننىڭ ئون بەشىنچى كۈنى ئاقسۇغا قاراپ يولغا چىقتىم. ئەمدى خۇش بولغانلا؟

— نېمىگە خۇشال بولىمەن، ئۇنى خەق ئەمرىگە ئېلىپ بولغان تۇرسا؟ — مىرزا ئەلى تاغايى ساقالسىز ئېڭىكىنى سىقىمدىدى، كېيىن قوشۇپ قويدى، — ئۇنى تۇتۇپ چاھقا تاشلىغىنىڭ ئوبدان بولۇپتۇ. ئەمدى بەھرامنىمۇ ئاشۇ چاھقا تاشلاپ چىرىتىۋەتمىسەم كۆڭلۈم ئارامىغا چۈشمەيدۇ.

مىرزا ئەلى تاغايى قاسىمنىڭ ئالىقىنىغا يەنە ئىككى تىللانى قويدى. ئۇ: «بەھرام مەريەمنىسانى مېنىڭ ئۆيۈمدىن ئېلىپ قاچقانلىقىنى يوشۇرۇپتۇ، بۇ ئىشنىڭ ئوڭغا تارتقىنى. يېپىقلىق قازان يېپىقلىق پېتى تۇرىۋەرسۇن. ئەمدى ئابدۇلرەشىدخاننى قولغا كەلتۈرۈپ، دۈشمەنلىرىمنى ئۇنىڭ ئۆزىگە جازالىتىمەن. بۇ ياش پادىشاھ ھەرقانچە ئەقىللىق، غەيۇر بولسىمۇ، ئىندەككە كەلمەي قالمايدۇ» دەپ ئويلاپ كۈلۈمسىرىدى. قاسىم:

— رەھمەت ۋەزىر. بەھرامنى بويىندىن باغلاپ، ئىتتەك سۆرەپ ئالدىلىرىغا ئۆزۈم ئېلىپ كېلىمەن. پېقىرغا ئىشەنسىلە، — دېدى تىللانى قويۇن يانچۇقىغا سېلىپ. ئۇ خۇشامەت قىلىپ ۋەزىر بىلەن تەڭ كۈلدى.

— قاسىم، سەن ئاقسۇدا بىر مەزگىل تۇرغىن، سېنى ئۆيلەپ قويىمەن.

— ھىممەتلىرىگە رەھمەت ۋەزىر ئەزەم، ئەمدى بىر سوئالىم بار، سورىسام بولامدۇ؟ — دېدى قاسىم كۆڭلىگە بىر ئوي كېلىپ.

— بولىدۇ، سورا، — تاغايى قىزىقىپ ئۇنىڭغا قارىدى.

— تۇردى ئاخۇن ماڭا بوش، لامزەللە كۆرۈندى. ئۇ مەريەمنىسانى ساقلىيالارمۇ؟

— غەم قىلما، — مىرزا ئەلى تاغايى كۈلۈپ كېتىپ سۆزىنى داۋام قىلدى، — تۇردى ئاخۇننى ئۆزۈم ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇرۇپ قالغان. بۇ ئون نەچچە يىل بۇرۇن بولغان ئىش، ئۇ چاغدا مەن سۇلتان سارىيىنىڭ ئىشىك ئاغىسى ئىدىم، سەئىدخاننىڭ ئەمرى بىلەن خوتەن دىيارىغا يىغىلغان سېلىقنى تاپشۇرۇۋېلىش ئۈچۈن بارغانىدىم. ئون نەپەر ئوغرى، قاتىل قاتارلىق گۇناھكارنى خوتەننىڭ ھاكىمبېگى چالما ـ كېسەك قىلىشقا، بەزىلىرىنىڭ قوللىرىنى كېسىشكە بۇيرۇپ، مېنى بۇ جازانى كۆرۈشكە تەكلىپ قىلدى. قارىسام، بويى ھەممىدىن

ئېگىز، شاپ بۇرت بىر يىگىت ھەدەپ ھاكىمبەگنى تىللاپ، باغلاقتىن قۇتۇلالايدىغاندەك يۇلقۇنۇپ تۇرىدۇ. مەن ئۇنى كۆرسىتىپ: «گۇناھى نېمە؟» دەپ سورىۋىدىم، «بۇ ئوغرى ئۇچ نارىسىدە دېھقان قىزىغا باسقۇنچىلىق قىلغان. شۇڭا، چالما - كېسەك قىلىنىدۇ» دېدى ھاكىمبەگ. مەن ئويلاپ تۇرۇپ ئۇ يىگىتنى ئۆي مۇلازىمى قىلىشنى كۆڭلۇمگە پۇكتۇم -دە، «گۇناھى بەك ئېغىر ئىكەن، پايتەختكە ئېلىپ كېتىپ، شۇ يەردە چالما - كېسەك قىلىپ، ئاۋامغا ئىبرەت قىلسام قانداق دەيلا؟» دېدىم. ھاكىمبەگ تەلىپىمنى رەت قىلالمىدى. ئۇ كوتۇۋالبەگنى چاقىرىپ: «گۇناھكار تۇردىنى دەرھال قايتۇرۇپ كېتىپ، زىندانغا تاشلا، ئۇ پايتەختتە جازالىنىدۇ» دېدى. شۇنداق قىلىپ، ئۇنى يەركەنگە ئېلىپ كېلىپ ئۆي مۇلازىمى قىلىۋالدىم، ئىككى خاتۇن ئېلىپ بەردىم. ئون نەچچە يىل ئۆتۇپ كەتتى. ساداقەتمەنلىك بىلەن خىزمىتىمنى ئادا قىلىپ كەلدى. ئۇ سەن دېگەندەك مۆڭ، لامزەللە، بوش ئەمەس، قورام تاشتەك چىڭ، ھەرگىز ئۇنىڭدىن خاۋاتىرلەنمە، مەزيەمنىسانى ئوبدان ساقلىيالايدۇ.

— چۇشەندىم ۋەزىر ئەزەم، — قاسىم ئاغزىدا شۇنداق دېسىمۇ كۆڭلىدە تۇردىغا ھەسەت قىلىپ لېۋىنى چىشلىدى.

— سەنمۇ ئاتا - ئاناڭدىن كىچىك تۇرۇپ يېتىم قالغان تىلەمچى ئىدىڭ، كۆزۈم چۇشۇپ ئۆيگە ئەكېلىۋالغان، خىزمىتىمنى قىلىپ چوڭ بولدۇڭ. سەندىنمۇ رازىمەن قاسىم. كاجلىقىڭ ماڭا يارايدۇ. ئەگەر پايتەختكە بېرىپ باش ۋەزىر بولسام سېنى بىر يۇرتقا بەگ قىلىپ قويىمەن.

— رەھمەت ۋەزىر ئەزەم، رەھمەت، — قاسىم ئورنىدىن تۇرۇپ ئېگىلىپ تەزىم قىلدى.

— ئولتۇر قاسىم. سەن مۇشۇ سودىگەرچە سىياقىڭ بىلەن ئابدۇلرەشىدخاننىڭ ئالدىغا بارىسەن، نامانگەندىن كەلدىم، دەپ

مىسىرنىڭ يوللۇق شايىسىدىن بىر توپ، ئەنجان بەقەسىمىدىن بىر توپ، چاڭئەنىنىڭ كىمخاپ تاۋارلىرىدىن بىرنەچچە توپىنى ئالدىغا قويۇپ قويىسەن. مەن سېنى يېقىن بۇرادىرىمنىڭ ئوغلى، ئۆزلىرىدىن باشقا ئەللەرگە چىقىپ تىجارەت قىلىش ئۈچۈن يول خېتى سوراپ كېلىپتۇ، دەپ تونۇشتۇرىمەن، شۇنداق قىلىپ، يەركەنگە نامانگەندىن كەلگەن بولىسەن، ھېچكىم سەندىن گۇمانلانمايدۇ. چۈشەندىڭمۇ؟ — دېدى مىرزا ئەلى تاغايى دېدەك ئايال ئېلىپ كىرگەن داستىبخاننى قاسىمنىڭ ئالدىغا سېلىپ.

— چۈشەندىم ۋەزىر ئەزەم. سىلى بەك تەدبىرلىك ئىكەنلا. ۋەزىر ئەمەس، خان بولۇشقا قۇربىلىرى يېتىدىكەن، — قاسىم ئۇنىڭغا قايىل بولۇپ ماختاپلا كەتتى.

— ئەگەر ئامەت قۇشى بېشىمغا قونۇپ سۇلتان بولۇپ قالسام، سەن ۋەزىرىم بولىسەن قاسىم. بۇگۈن، ئەتە مۇشۇ ئۆيدىن چىقماي دەم ئال. ئۆگۈنلۈككە ساڭا بىر قىزنى نىكاھ قىلىپ ئۆي تۇتۇپ بېرىمەن.

— سۇلتان ئابدۇلرەشىدخان ئوردىسىغا قاچان ئېلىپ بارىلا ۋەزىر ئەزەم؟

— ئاشنى يەپ بولۇپ.

## 2

كەچ كۈز پەسلىدە شىكارغا ئاتلانغان ئوۋچىلار بامدات نامىزىدىن كېيىنلا، ئاقسۇ شەھەر دەرۋازىسىدىن دەبدەبە بىلەن چىقتى. يەركەن سەئىدىيەخانلىقىنىڭ نوقۇت رەڭ ئاي - يۇلتۇزلۇق تۇغ - ئەلەملىرىنى كۆتۈرگەن توققۇز سەركەردە ئاق ئاتقا مىنىپ ئالدىدا كېتىۋاتاتتى. كەينىدىن بىر يېتەكچىنىڭ باشچىلىقىدا چىلان تورۇقا مىنىشكەن، سەككىز سەپ بولۇپ ماڭغان قىرىق بىر شادىيانچىلار بار ئىدى. ئۇلاردىن كېيىن

سەللىسىگە ئالتۇن ئوتۇغات قادالغان، ئوق ئۆتمەس، قىلىچ كار قىلماس پولات دوبۇلغا ـ ساۋۇت، تۆمۈر ھالقىلىق ئۆتۈك كىيگەن ئابدۇرېشىتخان قارا بوييۇن ئاق ئاتقا مىنىپ كېتىۋاتاتتى، ئۇچىسىغا ئارتىۋالغان نوقۇت رەڭ يوپۇق ھىلپىرەپ تۇراتتى. بېشىغا تۇماقە كىيگۈزۈلگەن بۈركۈتنى سول بىلىكىگە قوندۇرۇپ، ئوڭ قولىدا تىزگىننى تۇتۇۋالغانىدى. كۈمۈش باشلىق ئېگىرىگە قىرىق بىر تال ساداق ئوقى غانجۇغىلانغانىدى. خۇددى ئۇنىڭدەك ئاق ئاتقا مىنىپ، بىلىكىگە بۈركۈت قوندۇرۇۋالغان ئەكرەم ئىز بېسىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ كەينىدە توققۇز بۈركۈتچى ئوۋچىلار ئۈچتىن سەپ تۈزگەنىدى. بۇلارنىڭ ئارقىسىدا قاراگىر ئاتقا مىنگەن مىرزا ئەلى تاغايى توماقە كىيگۈزۈلگەن قارچىغىنى سول بىلىكىگە قوندۇرۇۋالغانىدى، بويى پاكار بولسىمۇ جەڭ كىيىمى كىيىۋالغاچقا خېلى سالاپەتلىك كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭ كەينىدىمۇ ئۈچتىن سەپ تۈزۈپ، قوللىرىغا قارچىغا قوندۇرۇۋالغان توققۇز نەپەر ئوۋچى بار ئىدى. بۇلار ئارقىسىدىن بەشتىن سەپ تۈزۈپ، بىرى ئالدىدا تۇغ كۆتۈرگەن قىرىق بىر مەرگەن مىلتىقلىرىنى مۈرىسىگە ئاسقان ھالدا قارا تورۇققا مىنىپ كەلمەكتە ئىدى. ئۇلاردىن كېيىن خۇددى شۇنداق سەپ تۈزگەن قىرىق بىر ئوقياچى ئاق قاشقا يورغىغا، قىرىق بىر سالمىچى بېغىررەڭ جەدىگە مىنىپ كېلىشمەكتە ئىدى. ئاخىرىدا چېدىر ـ بارگاھ قۇرغۇچىلار، ئاشپەز، ناۋاي، كاۋاپچى قاتارلىق ھۈنەرۋەن ـ كاسىپلار، بىلىقچىلار لازىملىق نەرسىلەرنى باسقان ھارۋىلاردا كېلىۋاتاتتى.

ئابدۇرېشىتخاننىڭ شىكارچىلىرى توقسۇ، شايار ناھىيىلىرىدىن ئۆتۈپ، تۆتىنچى كۈنى كەچقۇرۇن تارىم بويىغا يېتىپ كەلدى. چېدىر ـ بارگاھ قۇرۇلدى. ئوۋچىلار ئاتلىرىنى باغلاپ ئارام ئېلىشتى.

تۈن قارا چېدىرنى تارىم بويىغا يايغانىدى. ھاۋا ناھايىتى

ئوچۇق بولۇپ، ئون يەتتە، ئون سەككىز كۈنلۈك بولغان ئاي كۆكتە نۇرلىنىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ شولىسى تارىم دەرياسىدا كۈمۈشتەك پارىلدايتتى. ئابدۇرېشىتخان بارگاھىدىن چىققاندا پاقىلارنىڭ كۇرۇلداشلىرى ئەۋجىگە چىققانىدى. ئۇ دەريا بويىغا كېلىپ تاھارەت ئالدى.

ئابدۇرېشىتخان قىرغاقتا چىقىشى بىلەن توغراق تۈۋىدىكى غازاڭغا كۆمۈلۈپ ياتقان بوز توشقان پەرت قىلىپ قاچتى. ئۇ «ئەتتىگىنە، ئوقيانى ئېلىپ چىققان بولسام ئېتىۋالاتتىم» دەپ ئويلاپ، چېدىرغا كىرىپ ئوقياسىنى ئالدى. تۇماقە كىيگۈزۈپ، قونداقتا قوندۇرۇپ قويغان بۈركۈتنى بېلىككە قوندۇرۇپ چېدىردىن چىقتى. خۇددى گېپىنى بىر قىلىشىۋالغاندەك چېدىرلاردىن چىققان ئوۋچىلار باغلاپ سوۋۇتۇپ قويغان ئاتلىرىنى يېشىپ رەتلىك تىزىلدى. ئابدۇرېشىتخان كۆز يۈگۈرتۈپ چىقتى. ئۇ شىكارنىمۇ جەڭ ھېسابلايتتى. يۈرۈش - تۇرۇشنىڭ رەتلىك، تەرتىپلىك بولۇشىنى، ئاز گەپ قىلىپ، كۆپ ھەرىكەت قىلىشنى تەلەپ قىلاتتى. بۇيرۇق چۈشۈرمەيتتى، ئۆز ھەرىكىتى بىلەن قوماندانلىق قىلاتتى. ئۇ ئاتقا مىنىۋىدى، ھەممەيلەن ئاتلىرىغا مىنىشتى. كېچىلىك شىكارغا ئاتلاندى. ئوۋچىلارنىڭ بىر قىسمى قورال ئورنىغا ئوتقاش، مەشئەل كۆتۈرۈۋېلىشتى. خاس نۆكەر ئابدۇللا جاڭگال ئىچىگە بۆسۈپ كىرىپ كەتكەن ئابدۇرېشىتخان كەينىدىن مەشئەلنى كۆتۈرگىنىچە چاپتى. ئۇنىڭغا ئاخىر يېتىشىۋالدى.

بۇ تارىم بويلاپ كەتكەن قەدىمكى توغراقلىق ئىدى. غازاڭلىرى چۈشۈپ، قاقشال بولۇپ قالغان توغراقلار ۋەھىملىك شىلدىرلاپ تۇراتتى. ئابدۇرېشىتخان يىقىلىپ قالغان يوغان توغراق غولىدىن ئېتىنى سەكرىتىپ ئۆتۈشىگە ئالدىدىن بىر تۈلكە چىقىپ قالدى. مەشئەل يورۇقىدا مەڭدەپ ھەيران بولۇپ تۇرۇپ قالغان تۈلكە كۆزلىرىنى تىكىپ قاراپ، ئالدىدىكى ھېچقانداق

ئۇلجا ئەمەس، بەلكى ئادەم ئىكەنلىكىنى تونۇپ، قۇيرۇقىنى شىپاڭشىتىپ قويدى. ئۇ قېچىشقا ئىلاجىسىز قالغاندەك سوزۇلۇپ ياتقان بولۇۋېلىپ، ئوڭ تەرەپكە بەدەر قاچتى. ئابدۇرېشىتخان بۈركۈتنىڭ تۇماقىسىنى ئېلىۋەتتى، ئېچىرقاپ كەتكەن قوش ئۆتكۈر كۆزلىرىنى قاراڭغۇلۇققا تىكىپ، تۈلكىنىڭ ئالا بالداق قۇيرۇقىنى كۆرۈپ قالدى ۋە قاناتلىرىنى كېرىپ پەرۋاز قىلدى. ئابدۇرېشىتخان ئېتىنى بۈركۈت پەرۋاز قىلغان تەرەپكە بۇرىدى. بىر چاغدا بۈركۈتنىڭ شىددەت بىلەن شۇڭغۇغانلىقىنى كۆردى ۋە كۆپ ئۆتمەي تۈلكىنىڭ غىڭشىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. ئات قۇلاقلىرىنى دىڭ قىلىپ، كۆزلىرىنى سول تەرەپكە تىكتى. ئابدۇرېشىتخان ئاتنى شۇ تەرەپكە چاپتۇرۇۋىدى، ئەللىك، ئاتمىش قەدەم مېڭىپ، بىر ئوچۇقچىلىققا چىقىپ قالدى. ئوچۇقچىلىق تاقىر يەردىكى تەبىئىي كۆلگە ئوخشايتتى، تۆت ئەتراپى توغراقلار بىلەن قورشالغان بوز يەر ئىدى، شور ئۆرلەپ تۇراتتى. تۈلكە قېچىپ توغراقلىققا تۆت قەدەمچە قالغاندا ئوقتەك شۇڭغۇغان بۈركۈت ئۇنىڭ ئۈستىگە قونۇپ، چىشلىمەكچى بولۇپ سوزغان تۇمشۇقىغا چاڭگال سېلىۋالغانىدى. ئۇنىڭ ئۆتكۈر تىرناقلىرى تۈلكىنىڭ بوغۇزى، ياڭپىقىغا پېتىپ كەتكەنىدى، كۆزلىرىنى چوقۇلاپ قان قىلىۋەتكەنىدى. ئابدۇرېشىتخان بۈركۈتنى تۈلكىدىن ئاجرىتىۋالدى. ئېچىرقاپ كەتكەن بۈركۈت بىرەر پارچە لوقما بىرەرمىكىن، دەپ خوجىسىغا تەلمۈردى. ئابدۇرېشىتخان ئۇنىڭغا تۇماقىنى كىيگۈزۈپ قويدى. بۈركۈت ئاچ پېتى قالدى.

ئاي نۇرى توغراقلار ئۈستىگە تۆكۈلۈپ تۇراتتى. چېكەتكىلەر چىرىلدىماقتا ئىدى. ئۆركەشلەپ ئېقىۋاتقان تارىمنىڭ مۇڭلۇق شارقىرىشى ئۇۋۇچىلارنى روھلاندۇراتتى. ئاتتىن چۈشكەن ئابدۇللا مەشئەلنى يەردە توختىتىپ قويۇپ، جان تالىشىپ ياتقان تۈلكىنى سويدى. تېرىسىنى ئېلىپ،

ئابدۇرېشىتخاننىڭ ئېتىغا غانجۇغىلاپ قويدى. ئۇ مال سويۇشقا ناھايىتى ماھىر ئىدى. قوي، قوتازنىلا ئەمەس، ئات، تۆگىنىمۇ شۇنىداق ئۇستىلىق بىلەن سويۇپ، سۆڭەك ـ گۆشلىرىنى يولى ـ يولى بىلەن پارچىلىۋېتەتتى. تۈلكىنىڭ گۆشىنى غازاڭلار بىلەن كۆمۈپ قويدى.

— كىيىك، جەرەن ئۇچرىمامدۇ، نېمە؟ — دېدى ئابدۇرېشىتخان ئەتراپىغا قاراپ.

— توشقان، يا قىرغاۋۇل ئۇچرىسىمۇ مەيلى ئىدى. قورساق كۆركىراۋاتىدۇ، — دېدى ئابدۇللا راستىنى ئېيتىپ.

— ئالدىمىزغا مېڭىپ كۆرەيلى.

ئابدۇرېشىتخان ئاتنى مىنىپ توغراقلىق ئىچىگە كىردى. توغراقلار شالاڭ بولغاچقا ئاتنى چاپتۇرۇپ يۈرۈشكە بولاتتى ۋە ئۇلار پات ـ پات ئوچۇقچىلىققا چىقىپ قالاتتى. ئۇلارنىڭ تەلىيى بار ئىكەن، غازاڭ يەۋاتقان بىر توپ جەرەن ئۇچرىدى. ئاي يورۇقىدا، توساتتىن چىقىپ كەلگەن ئاتلىق ئادەملەرنى كۆرگەن جەرەنلەر پىتىراپ قېچىشتى. ئابدۇرېشىتخان تۇماقەنى ئېلىۋېتىپ بۈركۈتنى قويۇۋەتتى ـ دە، ساداقنى ئېلىپ ئارقا ـ ئارقىدىن ئۈچنى ئاتتى. جەرەندىن ئىككىسى يىقىلدى. ئابدۇللا بىر قولىدا نەيزە ئېتىپ بىر جەرەننى يىقىتتى، ئابدۇرېشىتخان يىقىلغان جەرەنلەرگە قارىماي قۇش كەينىدىن كەتتى. ئاسمان قەھرىگە كۆتۈرۈلگەن بۈركۈت تۆۋەنگە شۇڭغۇپ، سەكرەپ قېچىۋاتقان جەرەنگە چاڭگال سالماي، يۇلغۇن شېخىغا قونۇپ ئۇيقۇغا كەتكەن قىرغاۋۇلنى باسماداپ كانىيىدىن ئالدى. پالاقشىپ قاقىلدىغان قىرغاۋۇل بۈركۈت بىلەن يەرگە چۈشتى. ئۇنىڭ تۆمۈر تىرناقلىرى بىچارە قىرغاۋۇلنىڭ كانىيىنى يىرتىۋەتكەنىدى. ئابدۇرېشىتخان كېلىپ كۆرۈپ ھەيران قالدى. بۈركۈت جەرەننى ئالماي قىرغاۋۇلنى باسماداپ تۇراتتى. ئۇ قۇشنى قىرغاۋۇلدىن ئاجرىتىپلا تۇماقەنى كىيگۈزۈپ قويدى ۋە قىرغاۋۇلنى

غانجۇغىلاپ، كەينىگە ياندى. ئاي تىكلەشكەنىدى. جاڭگال ئىچى يورۇق ئىدى، ھەتتا قۇرۇت - قوڭغۇزلارنىمۇ ئىلغا قىلغىلى بولاتتى. ئابدۇرېشىتخان بايىقى ئوچۇقچىلىقتا كەلگەندە ئابدۇللانىڭ جەرەنلەرنى بوغۇزلاپ قويۇپ، كۈتۈپ تۇرغانلىقىنى بىلدى، ئۇ ئاتتىن ئىرغىپ چۈشۈپ:

— ئەمدى قايتايلى، بۆركۈتنىڭ قورسىقى ئېچىپ ئۆتۈپ كەتتى، — دېدى

ئابدۇللا بوغۇزلانغان جەرەننىڭ ئىككىسىنى ئۆز ئېتىغا، بىرىنى ئابدۇرېشىتخاننىڭ ئېتىغا غانجۇغىلاپ باغلاپ قويدى.

ئابدۇرېشىتخان بارگاھقا يېقىنلاپ كەلگەندە شادىيانە ئاۋازى ئاڭلاندى. «ئوۋچىلارنى چاقىرىۋېتىپتۇ» دەپ تىزگىنىنى قويۇپ بېرىۋىدى، ئات پۇشقۇرۇپ قەدىمىنى تېزلەتتى.

شادىيانە - ناغرا، سۇناي، دۇمباق، بوغىرىلاردىن ئىبارەت ئىدى. شىكارغا شادىيانىنى ئېلىپ چىقىش ئابدۇرېشىتخاننىڭ تەدبىرى ئىدى. شىكارغا ماڭغاندا شادىيانە چېلىش غەلىبە - نۇسرەتتىن دېرەك بېرەتتى، شىكار ۋاقتىدا شادىيانە چېلىش، ئۇچار قۇشلارنى ئۇۋىسىدىن، ھايۋاناتنى ئورنىدىن قوزغاش، شۇنداقلا ئوۋچىلارنىڭ جاسارەت - غەيرىتىنى ئۇرغۇتۇش ئۈچۈن ئىدى. ئوۋچىلارنى بىر يەرگە يىغىش ئۈچۈنمۇ شادىيانە چېلىناتتى. ئوۋدىن قايتقاندا شادىيانە چېلىش ئامان - ئېسەنلىكنى بىلدۈرەتتى.

ئابدۇرېشىتخان كېلىپ، كېچىلىك شىكارنىڭ ئوتتۇقلۇق بولغانلىقىنى كۆردى. ئوۋلانغان ھايۋانلار ئىچىدە جەرەن كۆپ بولۇپ، يۈزدىن ئاشاتتى. قۇشلار ئىچىدە قىرغاۋۇل كۆپ ئىدى. يىرتقۇچ ھايۋانلاردىن يەتتە ياۋا توڭگۇز، تۆت بۆرە، توققۇز تۈلكە ئوۋلانغانىدى. تارىم دەرياسىغا تور سالغانلارنىڭ ئولجىسى تېخىمۇ كۆپ بولۇپ، ئۇلار تورغا چۈشكەن چوڭ، كىچىك بېلىقلارنى تازىلاپ تۇزلاشقا، بىر قىسمىنى گۈلخان يېقىپ كاۋاپ

قىلىشقا كىرىشكەنىدى. يۇلغۇن شېخىدىن ياسىـــۋالغان زىققا ئۆتكۈزۈلگەن قىرغاۋۇل، كەكلىكلەر، كولاپ ياسالغان تونۇردا پۇتۇن پىتى پىشۇرۇلۇۋاتقان، جەرەن، كىيىكلەرمۇ ئاز ئەمەس ئىدى.

ئابدۇرېشىتخان ھەممىدىن يۇمشاق بولغان توشقان گۆشىدىن ئالىقاندەك ئۇچ پارچە كېسىۋېلىپ، تۇماقەسىنى ئېلىـــۋەتكەن بۇركۈتكە بەردى. سەردار ئەكرەم باشچىلىقىدىكى ئوۋچىلارمۇ بۇركۈت، قارچىغىلىرىنى ئوزۇقلاندۇردى. ئۆزلىـــرىمۇ ئوۋ مەشئەتلىرى بىلەن ئاچقان قورساقلىرىنى توقلىدى...

ئابدۇرېشىتخان تارىم بويىدا يەتتە كۈن ئوۋ ئوۋلىـــدى. ئوۋلىغان ئوۋلىرى شۇنچە كۆپ بولدىكى، يېقىن ـ يىراقتىكى يېزا ـ قىشلاقتا ياشىغۇچى دېھقانلارغا تارقىتىپ تۈگىتەلمىدى. ئۇلار سەككىزىنچى كۈنى يولغا چىقىپ تۆت كۈن يول يۈرۈپ، شادىيانە بىلەن ئاقسۇغا كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ ئالدىغا بەھرام ئابدۇلىتىپخان شاھزادە بىلەن ئابدۇكېرىمخان شاھزادىنى ئېلىپ چىققانىدى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم سۇلتان ئالىيلىرى! — بەھرام ئېگىلىپ سالام بەردى. ئۇنىڭ ئاۋازى ناھايىتى بوش چىقتى. كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ، ياداپ قالغان بەھرامنىڭ چېكە چاچلىرى ئاقىرىپ كەتكەن، ياڭاق سۆڭىكى بۇرتۇپ چىققانىدى. جاپا چەككەنلىكى، دەرد تارتقانلىقى سۇلغۇن چىرايىدىن كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۇ ئېغىر تىن ئالدى. ئابدۇرېشىتخان سەپسېلىـــپ دېدى:

— بەھرام، نېمە بولدىڭىز، نېمىشقا چىرايىڭىز شۇنچە سۇلغۇن؟ بېشىڭىزغا نېمە كۈن كەلدى؟

— پېقىر خان ئاتىمىز شىكارغا چىقىپ كەتكەن كۈنى پايتەختكە يېتىپ بارغانىدىم. ئاقسۇغىمۇ ئالىيلىرى شىكاردىن يانغان كۈنى كەلدىم، ماڭا كەلگەن دەردى بالانى سىـــلى

يىنىكلىتەمەيلا سۇلتانىم، ئوردىغا بارغاندا سۆزلەپ بېرەي.

ئابدۇرېشىتخان باش لىڭشىتىپ، ئېتىنىڭ تىزگىنىنى تارتىپ ماڭدى. يېنىدا كېلىۋاتقان مىرزا ئەلى تاغايىنىڭ چىرايى نېمىشقىدۇر ئۆڭۈپ كەتتى.

## 3

ھاۋارەڭ يىپەك پەردىنى قايرىپ دېرىزىدىن قارىغان چۇچۇك سۇلتانبېگىم ئىككى ئوغلىنىڭ ئىككى كېيىكنى قەسىر ھويلىسىغا يېتىلەپ كىرگەنلىكىنى كۆردى. شاھزادە ئابدۇلىتىپخان قولىدا تۇلكە تېرىسى، شاھزادە ئابدۇكېرىمخان قولىدا قارا كۆپە بار ئىدى. ئۇ كەچكى شەپەق جۇلا تاشلىغان ئۆيىدىن چىقتى.

— ئانا، دادام كەلدى! — ئابدۇلىتىپخان كېيىكنى يېتىلىگىنىچە يېقىن كەلدى. ئۇ ناھايىتى خۇش كۆرۈنەتتى.

— بۇ ئاھۇنى كىمگە ئېلىپ كەپتۇ؟ — دەپ سورىدى چۇچۇك سۇلتانبېگىم.

ئۇ تېنىق بۇلاقتەك كۆزلىرى بىلەن مۆلدۈرلەپ تۇرغان كېيىكنىڭ ماڭلىيىدىكى قارا قاشقىسىنى سىلىدى. كېيىك چۆچۈپ قۇلاقلىرىنى دىڭ قىلدى، ئۇياق ـ بۇياققا قاراپ يېشىل جاڭگاللىقتا ئوخشىمايدىغان ئاجايىپ بىر دۇنياغا ئېلىپ كېلىنگەنلىكىدىن ئەجەبلىنىپ خورسىنىپ قويدى. بۇ كېيىكنىڭ رەڭگى ئاقۇش كۆككە مايىل بولۇپ، تۇرقىدىن مۇلايىملىقى چىقىپ تۇراتتى. ئۇنىڭغا قارىغان چۇچۇك سۇلتانبېگىم بالىلىق دەۋرىنى ئەسلەپ قالدى: يەلپۈنۈپ تۇرغان يېشىل يايلاق، ئوقچۇپ ئاققان تاغ سۈيى، تۇتى ئاتقا مىنىپ چېپىپ يۈرگەن چۇچۇك بىكە. . .

— بۇ ئاھۇنى دادام سىزگە ئېلىپ كەپتۇ ئانا، ماۋۇ تۇلكە

تېرىلىرىنىمۇ.
— بەك جۇلالىق ئىكەن ئوغلۇم. ئاۋۇ ئاھۇنچۇ؟ - چۇچۇك سۇلتانبېگىم ئابدۇكېرىمخان تۇتۇپ تۇرغان بوزرەڭ كېيىكنى كۆرسەتتى.
— ئۇنى نۇرنىسا سۇلتانبېگىمگە ئېلىپ كەپتۇ، — سەل ئوڭايسىزلانغان ھالدا جاۋاب بەردى شاھزادە.
— ئۇنداق بولسا، نېمىشقا بۇ يەرگە ئېلىپ كەلدىڭلار؟ ھاي گۇلئايىم، — توۋلىدى خانىش، «لەببەي» دېگىنىچە يان تەرەپتىكى كېنىزەكلەر ياتىقىدىن كۆزلىرى كۈلۈپ تۇرىدىغان، تومىلاقىنا، قوي كۆز كېنىزەك ئىتتىك چىقىپ كەلدى، — ئاۋۇ ئاھۇنى قارا كۆرپە بىلەن نۇرنىسابېگىمگە ئاپىرىپ بېرىڭ.
گۇلئايىم قارا كۆرپىنى قولتۇقىغا قىسىپ، كېيىكنى يېتىلەپ، نۇرنىسا سۇلتانبېگىمنىڭ قەسرىگە چىقىپ كەتتى.
«سۇلتان بۇ ياش خوتۇننى زادى ئۇنتۇپ قالمايدۇ. ئىسسىق كۆل بويىدا ئۆسكەن قىرغىز قىزى - دە، ئۇمۇ ماڭا ئوخشاش ئاھۇنى ياخشى كۆرسە كېرەك...» دەپ ئويلىدى چۇچۇك سۇلتانبېگىم چىرايىنى قارا بۇلۇت قاپلاپ، ئابدۇرېشىتخان نۇرنىسا سۇلتانبېگىمنى ئالغاندىن بۇيان كۆندەشلىكى كۆچىيىپ كەتكەنىدى. ئۇ ھەرقانچە قىلغان بىلەن ئابدۇرېشىتخاننى يەنە خوتۇن ئېلىشتىن توسۇپ قالالمايتتى. چۈنكى، شەرئەت ھۆكمىنى ئۆزگەرتىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى.
— سۇلتان ئوردىدىمۇ؟ — سورىدى چۇچۇك سۇلتانبېگىم.
— دادام ئۆزىنىڭ ئارامگاھ سارىيىدا، — جاۋاب بەردى ئابدۇلەتىپخان.
— يېنىدا مېھمان بارمۇ؟
— بار ئانا
— شىكاردىن ھېرىپ قايتقاندا بالىلىرىنىڭ يېنىدا

ئولتۇرۇپ ئارام ئالسا يامان بولارمىدى؟ شۇنچە تەييارلىق قىلىپ ئولتۇرسام كەلمىگىنىنى ...

چۇچۇك سۇلتانبېگىم تېخىچە قورقۇمسىراپ تۇرغان ئاھۇنىڭ بېشىنى سىلىدى.

— دادامنى چاقىرىپ كېلەيمۇ؟ — ئابدۇلىتىپخان ئانىسىنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلىپ سورىدى. بۇ بالا ھوشيار ئىدى. ئۆتكەن يىل كۈز ئىنىسى بىلەن بىرگە خەتنە تويىنى قىلىپ قويغاندىن كېيىن ئاتا ـ ئانىسىدىن ئايرىلىپ، باشقا قەسىردە بەگ ئەتكىلىرى، خاس نۆكەرلىرى بىلەن بىللە تۇرۇۋاتاتتى.

— ياق بالام. ئاھۇنى ئۇكاڭ ئوردا بېغىغا ئېلىپ چىقىپ باغۋەنگە تاپشۇرۇپ بەرسۇن، قەسىر ھويلىسىغا جاي راسلىتىپ ئەتە، ئۆگۈن قايتۇرۇپ كېلىپ ئۆزۈم باقىمەن. سەن مەھرەملەر بىلەن ئاتاڭغا چاي، ھاردۇق ئېشى ئاپىرىپ بەرگىن.

ئابدۇكېرىمخان ئانىسىنىڭ گېپى تۈگىشىگىلا كېيىكنى ئېلىپ ماڭدى. ئابدۇلىتىپخان بىر قانچە مەھرەملەر بىلەن ئارامگاھ سارىيىغا كەلدى.

ئارامگاھ سارىيى سۇلتان سارىيىغا يانداش سېلىنغان، دېرىزىسى ئوردا بېغىغا قارايدىغان بىر چوڭ ئۆي، دەھلىز ۋە كىتابخانىدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، سۇلتاندىن باشقا ھېچكىم ئۆز ئىختىيارىچە كىرەلمەيتتى. بۇ سارايىنى مەرھۇم سۇلتان ئەخمەتخان ئاقسۇدا تۇرغان مەزگىلدە ياساتقانىدى. ئىمىن خوجا سۇلتان بۇ سارايىنى قايتىدىن گەج خاك قىلدۇرۇپ، ناۋات بىلەن پاتلىتىپ، سىرلىتىپ يېپيېڭى قىلىۋەتكەن، ئەمما نىيىتىنىڭ يامانلىقىدىن بۇ ئارامگاھ سارىيىدا ئارزۇسىدەك راھەتلىنەلمەي نامەلۇم جايغا كېتىپ قالغانىدى. تەقدىرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى شۇنداق بولسا كېرەك، مانا ھازىر ئابدۇرېشىتخان بۇ سارايغا ئىگە بولغانىدى. ئۇ يەركەندىن ئېلىپ كەلگەن ساتىراش ھاپىز ئاكىنى بۇ سارايغا قاراشقا قويۇپ، خىزمەتكە سېلىشقا ئىككى مەھرەم

بەرگەنىدى. ھاپىز ئاكا بۇ سارايىنىڭ ئىشىكىدىن نېرى بولمايتتى. كۈن ئاشۇرۇپ ئابدۇرېشىتخاننىڭ چاچ ـ ساقاللىرىنى ياساپ تۇراتتى، شاھزادىلارنىڭمۇ چاچلىرىنى ئالاتتى، قالغان ۋاقىتتا ئىشىكتە كۆزەتچىلىك قىلاتتى.

ھاپىز ئاكا ئابدۇلەتىپخاننىڭ مەھرەملەر بىلەن بىللە تاماق ئېلىپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۇلارنى دەھلىزگە باشلاپ تۇرۇۋىدى، ئابدۇرېشىتخان بىلەن كۆرۈشكىلى كەلگەن ئەمىر، سەردارلار ئۇزاپ چىقتى.

— سۇلتان ئالىيلىرى، شاھزادە تاماق ئېلىپ كەپتىكەن، — دېدى ھاپىز ئاكا كىرىپ.

ئابدۇرېشىتخان چۈچۈك سۇلتانبېگىمنىڭ خاپا بولۇپ تاماق ئەۋەتكەنلىكىنى بىلدى. ئۇ ھېلى دەھشەتلىك خەۋەر ئاڭلىغانىدى: رۇستەمبەگنىڭ چايخانا خوجايىنىنىڭ ئۆيىدە قويۇپ كەتكەن خوتۇنى، بالىلىرىنىڭ سەيپىدىنبەگ ئادەملىرى تەرىپىدىن تۇتۇلۇپ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى كۇتۇۋالبەگ يەتكۈزگەنىدى. ئابدۇرېشىتخان ئاقسۇ شەھىرىگە بېسىپ كىرگەندە بۇ مەككار ۋەزىر يوشۇرۇنۇۋالغان، ئەمما ئۇ سۇلتاننىڭ ئاساسلىق ئەمىر، سەردارلارنى ئېلىپ شىكارغا چىقىپ كەتكەنلىكىدىن پايدىلىنىپ قاچماقچى بولغاندا، كۇتۇۋالبەگنىڭ پايلاقچىلىرى تەرىپىدىن تۇتۇلغانىدى.

ئابدۇرېشىتخاننىڭ تۇتۇلغان چىرايىدىن قاتتىق غەزەپلەنگەنلىكىنى بىلگىلى بولاتتى. ئۇ ئالدىغا سېلىنغان داستىخانغا قويۇلغان يېمەكلىكلەرنىمۇ كۆرمىگەندەك پەردىلىرى چۈشۈرۈلگەن دېرىزىگە تىكىلىپ قالغان، مۇشتۇملىرى چىڭ تۈگۈلگەنىدى.

— سۇلتان ئالىيلىرى، كۆڭۈللىرىنى يېرىم قىلمىسىلا، شىكار ناھايىتى ئۇتۇقلۇق بولغانىدى. بۇنداق شۇم خەۋەرنىڭ بولۇشىنى كىممۇ ئويلىغان، بۇمۇ تەقدىر، بىر ئاز نەرسە

يەۋالسىلا، ھېلىمۇ ئەتىگەندىن بېرى تۈزۈك بىر نەرسە يېمىلە، — دېدى ھاپىز ئاكا.

ئابدۇرېشىتخان ئۈنچىقمىدى. قېتىق، سۈزمىگە كۆزى چۈشتى، ئۇ نەچچە كۈندىن بېرى كاۋاپ، پىششىق گۆشلا يەپ، تاماق سېغىنىپ قالغانىدى، ھېلىقى شۇم خەۋەرنى ئاڭلاپ غىققىدە بولۇپ، بىر نەرسە يېگۈسى كەلمەيۋاتاتتى. ئۇ قېتىقتىن بىر قوشۇق - بىرقوشۇقتىن ئىچىپ بىر پىيالىنى تۈگەتتى، ئىسسىق تۇتۇپ كەتكەن تېنى بەك ھۇزۇرلاندى. سۈزمىدىن ھەم بىر پىيالە يېدى، ئاندىن كۆڭلى ئېچىلغاندەك بولۇپ مەززىلىك پۇراپ تۇرغان ئۇگرىدىن بىر پىيالە ئىچتى. پىشۇرۇلغان گۆش، گىزەكلەرگە ئېغىز تەگمىدى، مېۋىلەرنىمۇ يېمىدى، ئەمما مىرزا ئەلى تاغايى بىلەن بەھرامنى تاماققا زورلاپ، خېلى يېگۈزدى، دۇئا قىلىپ، داستىخاننى ئېلىپ چىقىپ كېتىشنى ئېيتتى. ھاپىز ئاكا ئابدۇلتىپخان بىلەن داستىخاننى يىغىشتۇرۇپ چىقىپ كەتتى.

— ئەمدى سۆزلەڭ بەھرام، سىز مېنى بەك بىئارام قىلىپ قويدىڭىز — دېدى ئابدۇرېشىتخان.

بەھرام يەركەنگە بارغاندىن كېيىن كۆرگەنلىرىنى ئېيتىپ، بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتى.

— بۇ بىر سۇيىقەستتەك قىلىدۇ. خاتۇنىڭىزدىن زادى دېرەك بولمىدىمۇ؟ — ئويغا چۆكۈپ سورىدى ئابدۇرېشىتخان.

— بولمىدى سۇلتان. خان ئاتىمىز سەئىدخان بۇ پاجىئەنىڭ سىرىنى ئېچىشقا بەك كۆڭۈل بولدى، يەركەن شەھىرىنىڭ ھاكىمبېگى ئەمىر ئوسمانبەگ بىلەن خانلىقنىڭ كۆتۈۋالبەگلىرىگە يارلىق چۈشۈرۈپ، گۇناھكارلارنى دەررۇ تۇتۇشنى ئەمىر قىلغان بولسىمۇ، ئون بەش كۈنگىچە نەتىجە چىقمىغاندىن كېيىن، خاننىڭ رۇخسىتى بىلەن ئاقسۇغا كەلسەم، ئالىيلىرى شىكارغا چىقىپ كەتكەن ئىكەنلا. ئانامنى ئۆلتۈرۈپ، خاتۇنۇمنى تۇتقۇن

قىلغان يىلاننىڭ بېشى ياكى قۇيرۇقى ئاقسۇدىمىكىن، دەپ گۇمان قىلىمەن، — بەھرام كۆز ياشلىرىنى ئېرتىپ، چىشلىرىنى غۇچىرلىتىپ سۆزدىن توختىدى.

مىرزا ئەلى تاغايىنىڭ چىرايى بىر ئۆڭۈپ شۇ ھامان ئەسلىگە كەلدى.

— سىز ھېچكىمدىن گۇمانلانمامسىز؟

ئابدۇرېشىتخاننىڭ بۇ سوئالى تاغايىنى چۆچۈتىۋەتتى، بەھرامنى ئويلاندۇرۇپ قويدى. ئۇ «ياق، مەريەمنىسا تاغايىنىڭ دېدىكى ئىكەنلىكىنى، ئۇنى ئېلىپ قېچىپ ئەمرىمگە ئالغىنىمنى ئېيتسام بولمايدۇ» دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى — دە:

— گۇمانلانمايمەن سۇلتان، ئاساسىم يوق، — دېدى يۈرىكى ئېچىشقان ھالدا.

مىرزائەلى تاغايىنىڭ كۆڭلى ئىمىن تاپتى ۋە: «راستىنى ئېيتىشقا جۈرئەت قىلالمىدىڭ بەدبەخ. ئېيتساڭمۇ، سۇلتان ساڭا كايىمىتى. ئەمما، ئاناڭنىڭ ئۆلۈمى بىلەن خوتۇنۇڭنىڭ غايىب بولۇشىنى ماڭا ئارتىپ قويالمايتتىڭ...» دەپ ئويلىدى.

— بەھرام، خان ئاتامنىڭ سالامەتلىكى ياخشىدۇ؟ — سورىدى ئابدۇرېشىتخان.

— ياخشى سۇلتان ئالىيلىرى. رۇستەمبەگنىڭ قازا قىلغانلىقى خان ئاتىمىزنى قايغۇغا چۆمدۈردى، لېكىن ئۆزى تىمەن.

— پاتىمە سۇلتانبېگىم ئوغلىنىڭ قازا قىلغانلىقىنى ئاڭلىغاندۇ؟

— ئوردىدىكىلەرنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، خان ئاتىمىز ئۇنىڭغا ئاڭلاتقانىكەن، ھوشىدىن كېتىپ يىتىپ قالغانچە ئورنىدىن تۇرالماپتۇدەك.

— ئاق كۆڭۈل، مېھرىبان ئانا ئىدى، ماڭىمۇ بەك كۆيۈنەتتى، — دېدى ئابدۇرېشىتخان ئېچىنىپ

— ھە، ئەس — ھوشۇم تازا جايىدا ئەمەس سۇلتان، خان ئاتىمىز ئالىيلىرىغا ئېيتىپ قوي، دەپ تاپىلىغان يەنە بىر مۇھىم ھەم قايغۇلۇق خەۋەرمۇ بار.
— ئەيتىڭ بەھرام، قانداق قايغۇلۇق خەۋەر ئىكەن ئۇ؟ — ئابدۇرېشىتخاننىڭ يۈرىكى قارتتىدا قىلىپ سورىدى.
— ھىندىستان موغۇل پادىشالىقىنىڭ شاھىنشاھى بابۇر مىرزا ھىجرىيە 931 - يىلى شەئبانىنىڭ 7 - كۈنى ۋاپات بولۇپتۇ. خەۋەر كېچىكىپ كەلگەنىكەن، خان ئاتىمىز ئۇنىڭ ۋاپاتىغا ناھايىتى قايغۇرغان ئوخشايدۇ. يەتتە كۈن خەتمە قۇرئان ئوقۇتۇپ، ئۇنىڭ روھىغا دۇئا قىلىپتۇ. قىشنىڭ يېقىنلاپ قالغىنىغا قارىماي شەيخۇلئىسلام خوجا كالان ھەزرەتلىرىگە ئىسكەندەر سۇلتاننى قوشۇپ، ھىندىستانغا دۇئا - تىلاۋەت قىلىشقا ئەۋەتىدىكەن.
— خان ئاتام پادىشاھ بابۇر مىرزىنى بەك ھۆرمەتلەيتتى، بەدەخشانغا يۈرۈش قىلىپ، ئۇنى ئۆز ئىلكىگە ئالماي شاھزادە ھىندال① مىرزىغا ئۆتۈنۈپ بېرىپ قايتىپ كېلىشىمۇ پادىشاھ بابۇر مىرزىغا بولغان يۈكسەك ھۆرمىتىنىڭ ئىپادىسى ئىدى. مەنمۇ بوۋاملارنىڭ مەقبەرىسىدە يەتتە كۈن قۇرئان ئوقۇتۇپ، ئۇنىڭ روھىغا دۇئا قىلسام بولغۇدەك ۋەزىر. مۇشۇ ھەپتە ئىچىدە مەن قىرىق بىر قارى ئېلىپ چىقىپ، ئالتۇنلۇقۇمدا قۇرئان تىلاۋەت قىلىپ كىرىمەن، مەرھۇم ئىنىم رۇستەمبەگنىڭ روھىنىمۇ يوقلايمەن. ئەمما، ئۇنىڭدىن بۇرۇن ئاساسىي قاتىللارنى جازالاپ، ئەلگە ئىبرەت قىلىشىم كېرەك. بەھرام، سىز ھازىردىن باشلاپ كۆتۈۋالبەگ بولۇپ، ئاقسۇ دىيارىدىكى ئاساسىي قاتىللارنى تۇتۇشقا ئاتلىنىسىز، بۇ يارلىق. ۋەزىر بۇ يارلىقىمنى ئەتە ئەتىگەن مۇنشىلارغا يازغۇزۇپ، ئەمىر، سەردارلارغا تارقىتىپ

① ھىندال مىرزا - بابۇر مىرزىنىڭ ئوغلى.

بېرىڭ، جاكارچى ئاۋامغا يەتكۈزسۇن.

— خوپ ئالىيلىرى، — مىرزا ئەلى تاغايى بىلەن بەھرام تەڭلا ئورنىدىن تۇردى.

— ئەتە جۈمە نامىزىدىن كېيىن سەيپىدىنبەگنى زەپەر مەيدانىدا ئۆزۈم سوراق قىلىپ، جازا ھۆكۈم قىلىمەن. ۋەزىر، كۆتۈۋالبەگ تەييارلىق قىلىپ قويۇڭلار.

— خوپ ئالىيلىرى، — بۇ قېتىم بەھرامنىڭ ئاۋازى چىڭ، تاغايىنىڭ ئاۋازى بوش چىقتى.

ئابدۇرېشىتخان كېچىنى چۈچۈك سۇلتانبېگىم قېشىدا ئۆتكۈزدى. ئۇلار باش كېنىزەك شەمشىبانۇنى سۇلتاننىگار خېنىمنى ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن، دەشتى قىپچاققا ئەۋەتىشنى مەسلىھەتلەشتى. چۈچۈك سۇلتانبېگىم بۇنىڭدىن ناھايىتى مىننەتدار بولۇپ، ئابدۇرېشىتخاننى ئوتلۇق باغرىغا تاڭدى. ئۇنىڭ خاپىلىقى خۇشلۇققا ئايلانغانىدى.

## 4

ئابدۇرېشىتخان شىكاردىن غەيرەت، جاسارىتى ئۇرغۇپ قايتىپ كەلگەنىدى. ئاڭلىغان پاجىئەلىك خەۋەر ئۇنىڭ غەزەپ - قەھرىنى تاشتۇرۇپ، بۇ شېرىن كېچىمۇ ئۇنىڭ قاتقان باغرىنى يۇمشىتالمىدى. سەھەردە ھامامدا يۇيۇنۇپ چىقىپ، بامدات نامىزىنى ئۆتىگەندىمۇ، ئەتىگەنلىك تاماقنى يەپ، سۇلتان سارىيىغا چىققاندىمۇ، ئەمىر - ئۆلىمالارنىڭ سالام سۆزلىرىنى تىڭشىغاندىمۇ كۆزلىرىدىن غەزەپ ئۇچقۇنلىرى چاقناپ تۇردى. ئاقسۇ جامەسىدە جۈمە نامىزىنى ئوقۇپ چىققاندا، سانسىز خالايىقنىڭ زەپەر مەيدانىغا توپلانغىنىنى كۆردى. تەخت مەيداننىڭ شەرق تەرىپىگە قويۇلغانىدى.

ئابدۇرېشىتخان خەلقنىڭ تىلەك، سادالىرى ئىچىدە تەختكە

چىقتى. ئوڭ تەرىپىدە ئاتا ۋەزىر مىرزا ئەلى تاغايى، شەيخۇلئىسلام ۋە قازى كالان نۇرىدىن داموللا، ئاقسۇ شەھىرىنىڭ ھاكىمبېگى قىلىپ تەيىنلەنگەن خوجا ئەلى باھادىر قاتارلىق ۋەزىر - ۋۇزرالار، سول تەرىپىدە ئەمىر سەردار ئەكرەم، بەگلەر، مۇنەججىم، ئۆلىما، ھەكىملەر ئورۇن ئالدى.

كۆتۈۋالبەگ بەھرام سەيپىدىنبەگ قاتارلىق گۇناھكارلارنى يالاپ زىنداندىن ئېلىپ كەلدى.

سەيپىدىنبەگ ئېگىز بويلۇق، ئاق يۈزلۈك، قويۇق قارا قاشلىق، كەكە ساقال ئادەم ئىدى. خۇنى كەتكەن كۆزلىرى مۆلدۈرلەپ تۇراتتى. قوللىرى باغلىنىپ، بوينىغا تاقاق سېلىنغانىدى. كەينىدە قارا پەرەنجە يېپىنغان ئىككى خوتۇنى، بىر ئوغۇل، ئۈچ قىزىمۇ باغلانغان ھالدا تۇراتتى. ئىمىن خوجا سۇلتان ۋاقتىدا ھۆكۈم سۈرگەن ئىككى ۋەزىر، كۆتۈۋالبەگ، ئاقسۇنىڭ ھاكىمبېگى، بازاربېگى، باجگىربەگ قاتارلىق گۇناھكارلارمۇ باغلىنىپ، بويۇنلىرىغا تاقاق سېلىنغانىدى. ئىمىن خوجا سۇلتاننىڭ تۆت خوتۇنى، ئوغۇللىرى، قىزلىرىمۇ گۇناھكارلار ئارىسىدا ئىدى.

— زالىمغا ئۆلۈم!

— سەيپىدىنبەگ دارغا ئېسىلسۇن!

— زالىملاردىن تويۇپ كەتتۇق!

كۆپچىلىكنىڭ غەزەپ ساداسى مەيداننى لەرزىگە كەلتۈرەتتى. ئابدۇرېشىتخان تەختتىن چۈشۈپ، ئىككى قولىنى ئالدىغا سوزغان ھالدا خەلقنىڭ تىنجىشىنى كۈتتى. چۇقان - سۈرەن بېسىلدى.

— جامائەت، — دەپ خىتاپ قىلدى ئۇ، — پۈتۈن ئالەم ئاللانىڭدۇر، ئەل - يۇرتمۇ ئاللانىڭدۇر. ئاللا ئالدىدا ھەممە بەندە باراۋەر، قانۇن ئالدىدا، پادىشاھ ئالدىدا ھەممە پۇقرا باراۋەردۇر. بۇ قانۇنىيەتكە ئەمەل قىلمىغان، بۇ قانۇنىيەتنى بۇزغان پادىشاھ

ياكى ۋەزىر، ئەمىر ياكى ھاكىم ئاقىۋەت ئاللانىڭ جازاسىغا ئۇچرايدۇ. پېقىر ئاقسۇ دىيارىدىكى ئاۋامنى جەبىر - زۇلۇمدىن قۇتقۇزۇش ئۈچۈن كەلگەنلىكىم ئاللاغا مەلۇمدۇر. بۈگۈن ئۇلۇغ جۈمە كۈنى ئاۋامغا زۇلۇم قىلغان، قۇتراتقۇلۇق قىلىپ، ئارىنى بۇزۇپ ئۇرۇش قوزغاپ، قان تۆكۈلۈشكە سەۋەبچى بولغان، گۇناھسىز كىشىلەرنى خورلاپ ئۆلتۈرگەن ئاساسىي، مۇناپىق قاتىللارنى ئوچۇق سوراق قىلىپ، جازا ھۆكۈم قىلىشىمنى خالىمايدىغان كىشىلەر يوق ھېسابتا بولسا كېرەك.

ئابدۇرېشىتخان خەلقىنىڭ ئالقىش، تەبرىك سادالىرىغا قۇلاق سالغان ھالدا گۇناھكارلارنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— ئوتنى كىم تۇتسا شۇنىڭ قولى كۆيىدۇ. ئايال ۋە باللارنى قويۇۋېتىڭلار، — دەپ بۇيرۇدى.

قىلىچ ۋە نەيزىلىرىنى كۆتۈرۈپ گۇناھكارلارنى تەقىپ قىلىپ تۇرغان ياساۋۇللار ئاياللار ۋە باللارنى باغلاقتىن بوشاتتى. بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ تۇرغان كۆتۇۋالبەگ بەھرام ئىتتىك كېلىپ ئابدۇرېشىتخان ئالدىدا قوللىرىنى كۆكسىگە ئېلىپ دېدى.

— سۇلتان ھەزرەتلىرى، بۇ ئاساسىي گۇناھكارلار ئانا، باللارغا رەھىم قىلغان ئەمەس. رۇستەمبەگنىڭ خاتۇن، باللىرىنى ناھەقتىن - ناھەق ئۆلتۈرۈۋەتكەن تۇرسا ئۇلارغا رەھىم قىلامدۇق؟ چايانىنىڭ بالىسى چايان، ئىلاننىڭ بالىسىمۇ ئىلاندۇر. مەن شۇڭا، جازالاش ئۈچۈن ئۇلارنى تۇتۇپ كەلگەن.

— بولدى، بەس كۆتۇۋالبەگ. ئۇلۇغ ئاللا بىزگە كۆز سېلىپ تۇرۇپتۇ، ئاۋام بىزدىن ئادىل ھۆكۈم قىلىشىمىزنى كۈتمەكتە. بىز ئاساسىي زالىملار قىلغاندەك ياۋۇزلۇق قىلساق ئۇلاردىن نېمە پەرقىمىز قالىدۇ؟ پەقەت ئادەملەر ئىچىدە چايانغا، ئىلانغا ئايلانغانلىرىنى يانجىپ تاشلىشىمىز، ئەمما ئاجىزە، نارەسىدە ئانا - باللارنى ناھەق جازالىماسلىقىمىز، شەرىئەت

ھۆكمىگە مۇخالىپ ئىش قىلماسلىقىمىز لازىم. ياساۋۇللار بۇلارنى ئۆيلىر ، ئاپىرىپ قويسۇن.

— خوپ ئالىيلىرى.

يۈزلىرى قىزىرىپ، ئېسىلىپ كەتكەن بەھرامنىڭ يۈرىكى قىساس ئېلىش ئوتىدا ئۆرتىنىۋاتاتتى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا قانغا مىلىنىپ ياتقان ئانىسى كەلدى. ئۇ گۇناھكارلارنىڭ ئايال، باللىرىنى بىرنىمۇ قويماي ئۆلتۈرسە پۇخادىن چىقاتتى. ئۇ سۇلتاننىڭ ئەمرىگە «خوپ» دېگەندە لەۋلىرىنى قاتتىق چىشلىدى.

ئابدۇرېشىتخان تەختكە قاراپ مېڭىۋىدى، گۇناھكارلار توپىدىن چىققان بىر پەرەنجىلىك ئايال:

— توختىسىلا سۇلتان، — دەپ تۋۋلىدى.

ئابدۇرېشىتخاننىڭلا ئەمەس، پۈتۈن ئەھلى سورۇننىڭ نەزىرى ئۇنىڭغا ئاغدى.

قارا پەرەنجىگە پۈركەنگەن بەستلىك ئايال يېنىدا خۇددى شۇنداق پەرەنجە ئارتقان ساھىبجامال قىزمۇ بار ئىدى. ئابدۇرېشىتخان كەينىگە ئۆرۈلۈپ قاراپ ئەجەبلەندى بولغاي، تۈرۈپ قېلىپ سورىدى:

— سىز كىم بولىسىز ئاغىچا؟

— مەن مەرھۇم ئىمىنخوجاسۇلتاننىڭ رەپىقىسى سەلتەنەت سۇلتانبېگىم، بۇ قىزىم دىلداربېكە، — دېدى يىغلامسىراپ بەستلىك ئايال، — ئېرىم دېرەكسىز غايىب بولغاندىن كېيىن، تۇرپانغا كەتمەكچى بولىۋىدۇق، بىراق يولدا تۇتۇلۇپ قېلىشتىن قورقۇپ، بۇ ۋاقىتقا قەدەر يوشۇرۇنۇپ كۈن ئۆتكۈزۈپ كەلدۇق. تۈنۈگۈن كېچىدە بىز تۇرغان قورانى ياساۋۇللىرىڭىز قورشىۋېلىپ، بىزنى تۇتقۇن قىلدى، كېچىچە زىنداندا ياتتۇق. بۈگۈن بۇ مەيدانغا يالاپ كېلىندۇق.

— سىز ئاتامغا ئۇۋال قىلىپ، بىزنى سەرگەردان

www.uyghurkitap.com

قىلىۋەتتىڭىز سۇلتان. قېچىپ يۈرۈپ جاندىن جاق تويدۇق. بىزنى جازالاش ئۈچۈن ئېلىپ كېلىپ، قايتۇرۇۋېتىشىڭىزدا نېمە سىر بار؟ ئاۋام ئالدىدا ئادىللىقىڭىزنى نامايان قىلىپ، بىزنى پىنھاندا ئۆلتۈرمەكچىمۇ، يا سەرگەردانچىلىقتا جاپاغا قويماقچىمۇ؟ بىزنىمۇ ئۆلتۈرۈڭ. بىز ئەمدى كەتمەيمىز، — دېدى ئانىسىنىڭ سۆزىدىن كېيىن دىلدارىبېكە. ئۇنىڭ ھەسرەتلىك ئاۋازى ئابدۇرېشىتخاننىڭ يۈرىكىنى تىترەتتى. ئۇ ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ تەمكىن ھالدا دېدى:

— دارغا ئاس، دېسەم ھازىرلا كوكولاڭلاردىن تۇتۇپ سىلەرنى دارغا ئېسىۋېتىدۇ، بېشىنى كەس، دېسەم جاللاتلەر بېشىڭلارنى كېسىۋېتىدۇ. لېكىن، مەن ئۇنداق نامەرد سۇلتان ئەمەس، سىلەر بۇنىڭدىن كېيىن ئۇنداق سەرگەردان بولۇپ خورلىنىپ يۈرمەيسىلەر، ھەرەم قەسرىدە تۇرىسىلەر. ئەگەر تۇرپانغا كېتىمىز، دېسەڭلار ئىززەت - ھۆرمىتىڭلار بىلەن ئۇزىتىپ قويىمەن، — دېدى ئابدۇرېشىتخان ۋە كۆتۈۋالبەگنى چاقىردى، بەھرام «لەببەي سۇلتان» دەپ يېقىن كەلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭغا بۇيرۇدى - بۇ خانىش، مەلىكىنى ئوبدان مۇھاپىزەت قىلىپ، ھەرەم قەسرىگە ئاپىرىپ قويۇشقا ئادەم بەلگىلەپ، سەيپىدىنبەگنى ئالدىمغا ئېلىپ كېلىڭ.

ئابدۇرېشىتخان كۈن نۇرىغا چۆمۈلۈپ تۇرغان تەختكە چىقتى. ئۇ ھال رەڭ گۆھەر قادالغان تاجىغا ئاق سەللە ئوراپ، ئاق يىپەك تون كىيگەنىدى. بەھرام سەيپىدىنبەگنى يالاپ تەخت ئالدىغا ئېلىپ كەلدى.

— بىر قوشۇق قېنىمدىن كەچسىلە سۇلتان ئالىيلىرى، — دېدى سەيپىدىنبەگ تىزلىنىپ. ئۇنىڭ ۋۇجۇدى لاغىلداپ تىترەپ تۇراتتى.

— سىنى ئاللا كەچۈرمەيدۇ، ئاۋاممۇ كەچۈرمەيدۇ. قېنى جاۋاب بەر: ئىمىنخوجاسۇلتان بىز بىلەن جەڭ قىلىش -

قىلماسلىق توغرىسىدا سەندىن مەسلىھەت سورىغانمۇ؟ — ئابدۇرېشىتخان كەسكىن سورىدى.

— سو - سورىغان ئالىيلىرى.

— سەن قانداق مەسلىھەت بەرگەن؟

— مەن - مەن، — سەيپىدىنبەگ دۇ - دۇقلاپ، جاۋاب بەرمىدى.

— سۇلتان ئالىيلىرى، رۇخسەت قىلسىلا، ئاتا ۋەزىر سەيپىدىنبەگنىڭ قانداق مەسلىھەت بەرگەنلىكىنى مەن دەپ بېرەي، — دېدى ئەينى چاغدا ئىمىنخوجاسۇلتانىنىڭ ئىشىك ئاغىسى بولغان ئابدۇغەنىبەگ، ياشانغان بۇ ئادەم ھازىرمۇ ئىشىك ئاغىسى ئىدى. ئۇ تەخت ئالدىدا قول باغلاپ تۇردى.

— مەن دەپ بېرەي.

— مەن دەپ بېرەي، — دېيىشىپ تەخت ئالدىغا كەلگەن ئىمىن خوجا سۇلتان دەۋرىدىكى ئەمىر - بەگلەر تەزىم قىلىپ تۇرۇشتى.

— ياق - ياق، ئۆزۈم دەي، — سەيپىدىنبەگ پۇشۇلداپ تىنىپ زۇۋان سۈردى، — مەن ئۇ چاغدا ئۆز نەپسىمگە چوغ تارتىپ، جەڭ قىلىش توغرۇلۇق مەسلىھەت بەرگەنىدىم.

— ئەيت، كۆپچىلىك ئاڭلىسۇن، نېمە دەپ مەسلىھەت بەرگەنىدىڭ؟

— مەن - مەن، — دېدى سەيپىدىنبەگ راستىنى دېمىسە، غەزەپلەنگەن خەلقنىڭ چەيلەپ مىجىقىنى چىقىرىۋېتىشىدىن قورقۇپ، — «شاھىنشاھ ئالىيلىرى، سىلى سەئىدخاندىن ئەقىللىق ۋە باتۇر، ئۆز ئالدىلىرىغا خان بولۇش ئارزۇلىرى - ئاۋامنىڭ مۇددىئاسى - تىلىكىگە ئۇيغۇن. ئالىيلىرى ئاتلىنىپ چىقسىلا ئاقسۇ دىيارىدىكى پۈتۈن ئەھلى مۇسۇلمان قوزغىلىپ كېتىدۇ. ئابدۇلرەشىدخاننى مەغلۇپ قىلىپ نۇسرەت قازىنىلا»، دەپ مەسلىھەت بەرگەنىدىم. ئەقىلسىزلىق

www.uyghurkitap.com

قىلىپتىكەنمەن.

— ئاقسۇ دىيارىدىكى مۇسۇلمانلار سەن ئېيتقاندەك، تاغام ئاتلىنىپ چىقىش بىلەن تەڭ قوزغىلىپ، ئۇنىڭغا ئەگەشتىمۇ؟

— ياق سۇلتان ئالىيلىرى، ئىمىن خوجا سۇلتان بىلەن بىز ئاتلىنىپ چىققاندا، ئاۋام ئەگەشمەيلا قالماستىن ھەرقايسى يېزا، قىشلاقلاردىن نۆكەرلىككە مەجبۇرى تۇتۇپ كېلىنگەنلەر جەڭ باشلىنا ـ باشلانمايلا قېچىشقا يۈزلىنىپ، شېرىن خىيالىمىزنى كۆپۈككە ئايلاندۇرۇۋەتتى. ئىشنىڭ چاتاق ئىكەنلىكىنى بىلگەن ئىمىن‌خوجاسۇلتان خاس نۆكەرلىرى بىلەن جەڭگاھتىن ئايرىلدى. مەنمۇ ئۆزۈمگە سادىق ياساۋۇللىرىم بىلەن قېچىپ ئاقسۇغا كەلسەم، خالايىق مەسچىتلەردە سىلىنىڭ نۇسرەت قازىنىشلىرىنى، سەئىدخاننىڭ تېخىمۇ قۇدرەت تېپىشىنى تىلەپ، دۇئا ـ تەكبىر ئوقۇۋاتقانىكەن. پۇتۇنلەي خاتا ئويدا بولغىنىمنى چۈشىنىپ ئۆزۈمنى پىنھانغا ئالدىم، ئاخىر ئايالچە ياسىنىپ بالا ـ چاقىلىرىم بىلەن قاچماقچى بولۇپ، ئاقسۇ دەرۋازىسىدىن چىقىپ كېتىۋاتقاندا تۇتۇلدۇم.

سەييىدنىبەگ كۆزلىرىدىن نەپرەت ئوقىنى ياغدۇرۇپ تىكىلىپ تۇرغان ئابدۇرېشىتخانغا شۇنداق بىر قاراپ، تېنى جۇغۇلداپ، يەنە بېشىنى سىلىپ تۇردى.

— مەن، داغدۇغا بىلەن يەتتە چاقىرىم يەرگە چىقىپ بىزنى كۈتۈۋالغان ئاقسۇلۇق قېرىنداشلىرىمغا چىن قەلبىمدىن رەھمەت ئېيتىمەن، — دېدى ئابدۇرېشىتخان كۆزىنى سەييىدنىبەگدىن ئېلىپ، خەلققە ئىللىق نەزەر تاشلاپ، — تاغام خانلىقىمىزغا خىيانەت قىلىپ، ئۆز ئالدىغا خانلىق تىكلەش قەستىدە بولۇپ مەغلۇپ بولدى. سەييىدنىبەگدەك ئالىم ـ ئۆلىما بولغان كىشى ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلماي قۇتراتتى، نەتىجىدە نۇرغۇن ئادەمنىڭ جەڭدە قازا قىلىشىغا سەۋەبچى بولدى. مانا بۇ ئۇنىڭ جىنايىتى، — ئابدۇرېشىتخان سۆزىنى توختىتىپ، لاغىلداپ

تىترەپ تۇرغان سەيپىدىنبەگدىن سورىدى، — ئىمىن خوجا سۇلتان ئىنىم رۇستەمبەگنى قەتلى قىلىش توغرىسىدا سەن باشلىق تۆت ۋەزىر بىلەن مەسلىھەتلەشكەنمۇ؟ سەن قانداق مەسلىھەت بەرگەن؟

— مەسلىھەتلەشكەن ئالىيلىرى، — سەيپىدىنبەگ بىر دەقىقە جىم تۇرۇۋېلىپ، گېلىغا سۆڭەك كەپلىشىپ قالغاندەك، تامىقىنى قىقىپ خىرىلدىدى، — مەن، مەن ئۇ چاغدا ئازغان ئىكەنمەن.

— جاللات! — غەزەپ بىلەن توۋلىدى ئابدۇرېشىتخان.

— لەببەي ئالىيلىرى.

قىزىل قالپاق، قىزىل تون، قىزىل ئۆتۈك كىيىپ، يۈزىگە نىقاپ تارتىۋالغان ئىككى جاللات ئايپالتا، قىلىچلىرىنى يالىڭاچلاپ سەيپىدىنبەگنىڭ يېنىغا كەلدى.

— راستىنى ئېيتمىغان تىلىنى كېسىڭلار.

— سۇلتان، سۇلتان ئالىيلىرى، راستىمنى دەي، بىر قوشۇق قېنىمدىن كەچسىلە، — دەپ يېلىندى سەيپىدىنبەگ.

— توختاڭلار.

ئابدۇرېشىتخاننىڭ ئەمرى بىلەن جاللاتلار سەيپىدىنبەگ يېنىدىن بىر قەدەم چېكىندى.

— مەن، مەن، — دېدى سەيپىدىنبەگ كىكەچلەپ، — رۇستەمبەگنى يوشۇرۇن قەتلى قىلىشقا دەۋەت قىلغانىدىم، قالغان ئۈچ ۋەزىرمۇ مېنى قوللىغانىدى. ئەمما، رۇستەمبەگنى خۇپىيانە كۆزىتىۋاتقان پايلاقچىلىرىم كېچىدە خەزىنە ۋەزىرى مۇھەممەد ئابدۇللا بارلاسنىڭ رۇستەمبەگنىڭ ئۆيىگە ئالدىراپ كىرىپ كېتىۋاتقىنىنى، ئۇزۇن ئۆتمەي يېنىپ چىقىپ تېز كېتىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپتۇ. مەن بۇ ئەھۋالنى ئىمىن خوجا سۇلتانغا ئەيتىپ، رۇستەمبەگنى دەرھال ئۇجۇقتۇرۇۋېتىشكە دالالەت قىلدىم. سۇلتان ئەۋەتكەن ياساۋۇل - نۆكەرلەر

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

رۇستەمبەگنىڭ ئۆيىدە خىزمەتچى دېدەكلەردىن باشقا ھېچكىمنىڭ يوقلۇقىنى كۆرۈپ قايتىپ كەلگەنىكەن، مەن ئۇلارنى قايتا ئەۋەتىپ خىزمەتچى دېدەكلەرنى تۇتقۇزۇپ كېلىپ، زىندانغا تاشلىدىم. مۇھەممەد ئابدۇللا بارلاسنى سۇلتانغا چىقىپ، ۋەزىر، ئەمىرلەر ئالدىدا چاپتۇرۇۋەتتىم.

— بەس! سىنىڭ بۇنداق چاپتۇرۇۋەتكەن ئادەملىرىڭ ئاز ئەمەس. سەن راستچىللىق بىلەن جاۋاب بەر! رۇستەمبەگنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتىغا نېمە ئۈچۈن زىيانكەشلىك قىلدىڭ؟

— ئىمىنخوجاسۇلتانغا ياخشى كۆرۈنۈش ئۈچۈن، — دېدى نادامەت بىلەن سەيپىدىنبەگ.

— مۇددىئايىڭ روشەن بولدى. ئەمدى ئاۋامغا رۇستەمبەگ-نىڭ خاتۇن - بالىلىرىنى قانداق تۇتقانلىقىڭنى، قانداق زىيانكەشلىك قىلغانلىقىڭنى سۆزلەپ بەر، — دېدى ئابدۇرېشىتخان بارغانسېرى غەزىپى كۈچىيىپ.

سەيپىدىنبەگ يەنە جىم تۇرۇۋالدى. يۈز گۆشلىرى لىپىلدەپ، ساقاللىرى تىترەپ، پۇت - قولىدا جان قالمايۋاتاتتى.

— جاللات، ئۇنىڭ سۆز قىلغۇسى كەلمەيۋاتقان تىلىنى كەس! — بۇيرۇدى ئابدۇرېشىتخان.

— مەن، مەن سۆزلەي، — دېدى سەيپىدىنبەگ كېكەچلەپ.

— سۆزلە مۇناپىق، تىلىڭ بەك ئۇزۇن ئىدىغۇ.

— مەن سۆزلەي، مەن سۆزلەي سۇلتان ئالىيلىرى، — دېدى سەيپىدىنبەگ ئىككى يېنىدا قىلىچ يالىڭاچلاپ تۇرغان جاللاتلارغا قورقۇمسىراپ قاراپ.

— سۆزلە، — ئابدۇرېشىتخان قولىنى سىلكىۋىدى، جاللاتلار قىلىچلىرىنى تۆۋەن چۈشۈرۈشتى.

— رۇستەمبەگنى خاتۇن، بالىلىرى بىلەن قېچىپ كەتكەن، دەپ بىلەتتىم. ئۆزى كېتىپ خاتۇن، بالىلىرىنىڭ ئاقسۇدا قالغانلىقى خىيالىمغا كىرىپ چىقمىغانىدى. بىر كۈنى ئوردىدىن

كەلسەم، زۇلەيخان ئىسىملىك چاچ تارىغۇچى خاتۇن پېشايۋاندا ئولتۇرۇپتۇ. بۇ خاتۇن ۋەزىر، ئەمىرلەر ئائىلىسىدىكى خاتۇن - قىزلارنىڭ چاچلىرىنى تاراپ قوياتتى. ئۇنىڭغا كۆز سالماي ئارامگاھ ھۇجرامغا مېڭىۋېدىم، رەپىقەم «سىزگە بۇ ئايالنىڭ گېپى بار ئىكەن» دېدى. توختاپ ئۇنىڭغا قارىدىم. «ۋەزىر ھەزرەتلىرى، مەن ئەمىر رۇستەمبەگنىڭ خاتۇن، بالىلىرىنى كۆردۈم» دېدى. «نەدە؟» دەپ سورىسام «جۇۋا يېنىدىكى چايخانا خوجايىنىنىڭ ئۆيىدە» دېدى. مەن دەرھال تۆت ياساۋۇلنى بۇ ئايالغا قوشتۇم، ئۇلار ئۇزۇن ئۆتمەي رۇستەمبەگنىڭ خاتۇنى، قۇچاقتىكى قىزى ۋە ئۈچ ياشار ئوغلىنى ئېلىپ كەلدى، ئۇلارنى زىندانغا تاشلاشنى بۇيرۇدۇم. ئەتىسى ئىمىن‌خوجا سۇلتانغا ئۇلارنى تۇتقىنىمنى ئېيتىپ، قەتلى قىلىش توغرۇلۇق پەرمان بېرىشنى ئۆتۈندۇم. «نارەسىدە بالىلارنى قەتلى قىلساق خۇدا راۋا كۆرەرمۇ؟» دېدى. «شۇمبۇيىنى يىلتىزى بىلەن يوق قىلىش لازىم سۇلتان، بۇلارنى قەتلى قىلساق رۇستەمبەگنى خاتۇن، بالىلىرىدىن ئايرىپلا قالماي، جاسارىتىدىن، مېھىر - مۇھەببىتىدىنمۇ ئايرىيمىز. ئۇ تىرىك مۇردا بولۇپ قالىدۇ» دېۋىدىم، شۇ ھامان قەتلى قىلىشقا پەرمان چۈشۈردى، ئۇلار زىنداندا قەتلى قىلىندى. رۇستەمبەگنىڭ ئايالى، بالىلىرى ئەنە شۇنداق ئۆلتۈرۈلدى. مەن بۇلارنى تۇتۇپ بەرگەن چاچ تارىغۇچى ئايالغا ئۆلتۈرۈلگەن مەرھۇمەنىڭ ئالتۇن زۇننارىنى بەردىم.

— خۇدا سەندەك قانخورنىمۇ ئادەم قىلىپ يارىتىپتىكەن، بوي - تۇرقىڭغا لەنەت.

— بۇ قانخورنى تاپىنىدىن - بېشىغىچە چاناپ ئۆلتۈرۈش كېرەك.

— سۇلتان، ئۇ نىجىسنى بىزگە تاپشۇرسىلا، چالما - كېسەك قىلىمىز، — دەپ چوقان سېلىشتى خالايىق.

ئابدۇرېشىتخان ئورنىدىن تۇردى.

— گۇناھكار سەيپىدىنبەگ قىلمىشلىرىغا ئىقرار قىلدى. ئادىل ھۆكۈم قىلىش — سۇلتانلىق بۇرچۇم. شەرىئەت قانۇنى بويىچە ھۆكۈم قىلىمەنكى، سابىق ئاتا ۋەزىر سەيپىدىنبەگكە قىرىق دەرە ئۇرۇلۇپ، قىلىچ بىلەن چاناپ يەتتە پارچە قىلىپ ئۆلتۈرۈلسۇن!

يۈزلىرىگە نىقاپ تارتقان ئىككى جاللات سەيپىدىنبەگنى سۆرەپ بىر چەتكە ئېلىپ چىقتى.

ئابدۇرىشىتخان يەنە ئون بىر گۇناھكارنى سوراق قىلىپ جىنايىتىگە ئىقرار قىلدۇردى. ئۈچىنى دارغا ئېسىشقا، ئىككى باسقۇنچى زىناخورنى چالما ـ كېسەك قىلىشقا، ئۈچ نەپەر ئالدامچى مەككارنى يىگىرمىدىن دەرە ئۇرۇشقا، ئادەم چېقىپ، ئۆلارنىڭ ئۆلۈشىگە سەۋەب بولغان ئۈچ كىشىنى يىگىرمىدىن دەرە ئۇرۇپ ئۆمۈرلۈك زىندانغا تاشلاشقا ئەمىر قىلدى. بۇ ئۈچ كىشىنىڭ بىرى ئايال بولۇپ، ئىسمى زۇلەيخان ئىدى.

ئانىسىنى ئۆلتۈرگەن قاتىلنىمۇ تۇتۇپ، مانا شۇنداق جازاغا ھۆكۈم قىلدۇرۇشنى كۆڭلىگە پۈككەن بەھرام تامدەك تاتىرىپ كەتكەن مىرزا ئەلى تاغايىغا سوغۇق نەزەر تاشلىدى. ئۇ تەخت يېنىغا قويۇلغان كۇرسىدا ئولتۇراتتى. قارىغاندا، سەيپىدىنبەگنىڭ قىلىچ بىلەن چاناپ ئۆلتۈرۈلۈشى قاتتىق تەسىر قىلغاندەك ئىدى. ئۇ بەھرامنىڭ قاراۋاتقانلىقىنى تۇيۇپ تېنى جۇغۇلدىدى، يۈزىنى تەخت تەرەپكە قىلىۋالدى. ئۇ «سېنى كۆزدىن يوقاتمىسام، بېشىمغا چىقىدىغاندەك تۇرىسەن بەدبەخت، پەخەس بولمىسام قاپقىنىڭغا چۈشۈپ قالغۇدەكمەن...» دەپ ئويلاپ تەختتىن چۈشۈپ ماڭغان ئابدۇرېشىتخان كەينىدىن ئاستا قەدەم تاشلىدى. مىڭلىغان ئاۋام ئابدۇرېشىتخاننى ھۆرمەت بىلەن ئۇزىتىپ قالدى.

# ئون بەشىنچى باب

# مەقبەرە ئالدىدا تۆكۈلگەن قان

## 1

پايتەخت ئاسمىنىدا كۈل رەڭ، ئاقۇش بۇلۇتلار لەيلەپ يۈرەتتى. لەپىلدەپ چۈشۈۋاتقان قار يەردە ئېرىپ كەتمەكتە. پەقەت گۈلئىبرام ئوردىسىنىڭ يوللىرى بويىغا رەتلىك تىكىلگەن ئارچا، قارىغايلارنىڭ شاخلىرىدا توختاپ قالغان قارلار يېڭى ئېچىلغان غوزىدەك غۇژمەك - غۇژمەك بولۇپ قالغانىدى ۋە يىراقتىن كۆكلەم چېچەكلىرىدەك بىلىنەتتى. ئوردا مۇنارىسىغا قادالغان نوقۇت رەڭ ئاي، يۇلتۇزلۇق بايراقنىڭ بۈرجەكلىرىدىمۇ قار تۇرۇپ قالغانىدى، خۇددى ئاق ئەتىر گۈل كەشتىلەپ قويۇلغاندەك كۆرۈنەتتى. ئايپالتا، نەيزە تۇتۇپ، ئوردا دەرۋازىسى ئالدىدا تۇرغان قاراۋۇللارنىڭ بۆكى ۋە يەلكىلىرىگىمۇ قار قونغانىدى. گۈلئىبرام ئوردىسىنىڭ ئۆگزە، تام، پەشتاقلىرىغا چۈشكەن قار شۇ پېتى ئاقىرىپ تۇراتتى، پۇرۇلداپ ئۇچۇپ قونۇپ، يورغىلاپ يۈرگەن قۇچقاچلارمۇ تامغا چۈشكەن قاردا ئاق قەغەزگە يېزىلغان خەتتەك كۆركەم ئىز قالدۇرغانىدى.

ئوردا دەۋرازىسىدىن ئات چېپىپ كىرگەن شاھزادە ئىسكەندەر سۇلتاننىڭ ئۇستۇبىشىغا ئارچا شاخلىرىدىكى قار توزغاقتەك تۆكۈلدى. ئۇ پىسەنت قىلماي بارغىنىچە سۇلتان

سارىيى دىۋانخانىسىنىڭ مەرمەر پەلەمپىيى ئالدىدا ئاتتىن چۈشتى. خاس نۆكەرلىرىمۇ ئاتلىرىدىن چۈشۈپ شۇ يەردە قالدى. ئىسكەندەر سۇلتان دىۋانخانىغا كىرگەندە سەرمۇنشى، شەيخۇلئىسلام، ۋەزىر، سەردارلار تۇرۇشۇپ، شاھزادە بىلەن سالاملاشتى.

— مەن سۇلتان ئالىيلىرىغا كەلگىنىڭىزنى مەلۇم قىلاي شاھزادە، — دېدى ئىشىك ئاغىسى ۋە سۇلتان سارىيىغا كىرىپلا يېنىپ چىقتى، — كىرىڭ شاھزادە، سۇلتان ئالىيلىرى ساقلاپ قالدى.

ئىسكەندەر سۇلتان پارقىراپ تۇرغان سۇلتان سارىيىغا كىرىشىگە تەختتىن چۈشكەن سەئىدخان غۇلچىنى كېرىپ ئۇنى باغرىغا تاڭدى.

— خان ئاتا، ئوبدان تۇرۇۋپلا.

— خۇداغا شۈكرى ئوغلۇم، سىنى بەك كۆرگۈم كەلگەنىدى، — سەئىدخان شاھزادىنىڭ پېشانىسىگە بىرنى سۆيۈپ قويدى، — ئەمدى مىرزا ھەيدەر ئاغام بىلەن كۆرۈشكىن.

ئىسكەندەر سۇلتان كۈلۈمسىرەپ تۇرغان مىرزا ھەيدەرگە سالام قىلدى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ئۇستاز.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام شاھزادە، يېڭىسارىدىن ھازىر كېلىشلىرىمۇ؟

— شۇنداق ئۇستازىم، ئاتامنىڭ مەكتۇپىنى تاپشۇرۇپ ئېلىپلا يولغا چىققانىدىم، ئۇدۇل ئوردىغا كەلدىم.

— ئوبدان ۋاقىتتا كەلدىڭ بالام. مىرزا ھەيدەر ئاغام بىلەن بىر قارارغا كېلىپ بولدۇق. خانلىقىمىزغا بويۇنتاۋلۇق قىلىپ، ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل بولۇۋالغان تىبەت، كەشمىرگە يۈرۈش قىلماقچىمىز. ئەسلىدە بۇ يۈرۈشنى ئۆتكەن يىل كۈزدە باشلىماقچىدۇق، قىش چۈشۈپ كېتىپ ئاتلىنالمىغانىدۇق. مانا

بۇ يىل ئەتىيازدا يولغا چىقماقچىمىز. مەكتۇپىمدا بۇ توغرۇلۇق يازغانىدىم.

— ئەمىرلىرىگە بىنائەن كەلدىم خان ئاتا. خىزمەتلىرىگە تەييارمەن، — دېدى ئىسكەندەر سۇلتان قوللىرىنى كۆكسىگە ئېلىپ. جەڭ كىيىمىنى كىيگەن شاھزادە سەئىدخانغا ناھايىتى روھلۇق كۆرۈندى.

— ئاكام ئابدۇلرەشىدخانمۇ بۇ يۈرۈشكە بىز بىلەن بىللە ئاتلىنامدۇ؟ ـ سورىدى ئىسكەندەر سۇلتان.

— ياق ئوغلۇم، ئاكاڭ ئاقسۇ دىيارىغا بېرىپ ئىمىن خوجا سۇلتاننىڭ توپىلىڭىنى تىنجىتتى، ئازاپ چەككەن خەلقنى پاراۋان تۇرمۇشقا يېتەكلىدى. گەرچە ئىمىنخوجاسۇلتان غايىب بولۇپ، رۇستەمبەگ قازاغا ئۇچراپ، باغرىم زىدە بولغان بولسىمۇ، خانلىقىمىز پارچىلانمىدى. مەن شۇنىڭ ئۈچۈن ئاكاڭدىن رازى بولدۇم. ئۇ ئاقسۇدا تۇرۇپ، خانلىقىمىزغا باش پاناھ بولۇپ بەرسە، ئەمىر كەبىر سەئىد مۇھەممەد مىرزا نائىپخان بولۇپ ياركەندە تۇرسا، بىز خۇدا بۇيرۇسا بۇ مۇشكۇل سەپەرگە ئاتلانساق، ئۇلۇغ ئېلىمىزگە ئىمىنلىك بېغىشلىيالايمىز ئوغلۇم.

— چۈشەندىم خان ئاتا. قاچان يولغا چىقىمىز؟

— ئىنىڭ مۇھسىن سۇلتان ئېغىر كېسەل، قاغىلىقتىن يېقىندا قايتۇرۇپ كەلدۇق. بىر ئاز ياخشىلانسا ئاندىن يولغا چىقىمىز.

سەئىدخاننىڭ چىرايى قايغۇلۇق تۈس ئالدى. ئۇنىڭ چېكە چاچلىرىدىكى ئاق كۆپىيىپ قالغانىدى. رۇستەمبەگنىڭ قازاغا ئۇچرىغانلىقىنى ئاڭلىغان پاتىمە سۇلتانبېگىم بۇ يالغۇز ئوغلىنىڭ ئىچ ئاغرىقىدا كېسەل بولۇپ يېتىپ قېلىپ، قارا سوغۇقتا ۋاپات قىلغانىدى. سەئىدخان بۇ خوتۇننى باشقىچە ياخشى كۆرەتتى. ئۇنىڭ ساتار چېلىپ ئېيتقان ناخشىلىرى ئوردىدىن چارچاپ

قايتقان سەئىدخانغا ئارام بېغىشلايتتى، ناز - كەرەشمىلىرى كۆڭلىنى ئاچاتتى. . .

مىرزا ھەيدەر سەئىدخاننىڭ ئويلىنىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ:

— خان ھەزرەتلىرى، ئەمدى ئەمىر - ئۆمەرالارغا قارارلىرىنى بىلدۈرەمدىلا؟ — دەپ سورىۋىدى، سەئىدخان بېشىنى چايقىدى.

— يەنە بىر نەچچە كۈن سەۋر قىلايلى ئاغا، ئوغلۇم مۇھسىن سۇلتان بىر ئاز ياخشىلانسۇن. بالا كېسەل پېتى قالسا، قانداقمۇ خاتىرجەم بولالايمەن؟ ئەمىر - ئۆمەرالارغا ئېيتىڭ، بۇگۈن ئاۋام ئارىسىغا بېرىپ دەردمەن يېتىم - يېسىرلارنىڭ ھالىغا يېتىپ كەلسۇن.

— خوپ ئالىيلىرى.

مىرزا ھەيدەر چىقىپ، ئەمىر - ئۆمەرالارغا خاننىڭ پەرمانىنى يەتكۈزدى.

سەئىدخان ئاييىشى، پەسىل بېشىدا دۆلەت ئەربابلىرىنى خەلقنىڭ ھالىغا يېتىشكە ئەۋەتەتتى. ئۆزى بولسا كۆپىنچە كەچ تەرەپلەردە، سودىگەر، كاسىپ ياكى دېھقان سىياقىدا ياسىنىپ خەلقنىڭ دەرد - ئەھۋالىنى، ئوردا ئەمەلدارلىرىنىڭ خەلق ئارىسىدىكى ياخشى - يامان تەسىرلىرىنى ئىگىلەش ئۈچۈن بازار، كوچا ئارىلايتتى. مۇشۇ سەۋەبتىن بولسا كېرەك، ۋەزىر، ئەمىردىن تارتىپ، مەھەللە ئاقساقاللىرىغىچە خەلققە غەمخورلۇق قىلىش، ئاممىغا كۆيۈنۈشتەك پەزىلەتنى يېتىشتۈرگەنىدى. خەلققە جەبىر قىلغانلار، قاقتى - سوقتى قىلغانلار، خىيانەتچىلەر ۋاقتىدا پاش قىلىنىپ ئەدىۋىنى يەيتتى. پۇقرالار سەئىدخاندىن ناھايىتى رازى ئىدى، ئۇنى ئۆزلىرىنىڭ غەمخار ئاتىسىدەك كۆرەتتى.

سەئىدخان ۋەزىر، ئەمىرلەر ئۇزىغاندىن كېيىن، مىرزا

ھەيدەرنىڭ ھەمراھلىقىدا، ئىسكەندەر سۇلتان بىلەن پادىشاھ شىپاخانىسىدا داۋالىنىۋاتقان مۇھسىن سۇلتاننى يوقلىغىلى باردى، ئۇلارنى مۇھسىن سۇلتان ئورنىدىن تۇرۇپ كۇتۇۋالدى. ئۇ خېلىلا ياخشىلىنىپ قالغاندەك كۆرۈنەتتى. ئەمما، چىرايىدىكى سېرىقلىق تۈگىمىگەنىدى. ئۇنى داۋالاۋاتقان شىپاخانىنىڭ باش تېۋىپى زوھۇرى:

— خان ھەزرەتلىرى، شاھزادە يۇقۇملۇق جىگەر كېسىلىگە گىرىپتار بولغانىكەن. ئاللانىڭ شىپالىق ئاتا قىلىشى بىلەن ياخشىلىنىپ قالدى. يەنە بىر ھەپتىدىن كېيىن ئورنىدىن قايتسا بولىدۇ، — دەپ مۇھسىن سۇلتاننىڭ داۋالىنىش ئەھۋالىنى تەپسىلىي بايان قىلدى.

— رەھمەت، ناھايىتى خۇش بولدۇم تېۋىپ، — دېدى سەئىدخان كەنجى ئوغلىنىڭ بېشىنى سىلاپ، — ئەمدى سەپەرگە ئاتلانساق بولغۇدەك.

— قەيەرگە بارىلا ئاتا، ئەتە يولغا چىقامدىلا؟ — سورىدى مۇھسىن سۇلتان بالىلىق مېھرى بىلەن ئاتىسىنىڭ قولىنى سىلاپ.

— بۇ قېتىمقى سەپىرىمىزنىڭ مەنزىلى ئۇزۇن ئوغلۇم. يەنە بىر ھەپتىدىن كېيىن سەن شىپاخانىدىن چىقىسەن، خۇدا بۇيرۇسا بىز شۇ كۈنى ماڭىمىز.

— ياق ئاتا. مېنى دەپ سەپەرلىرىنى كېچىكتۈرسىلە پەرزەنتلىك بۇرچۇمنى ئادا قىلالمىغان بولىمەن. ھازىرمۇ شەھەر سىرتىغا يەتتە چاقىرىم يەرگىچە بېرىپ ئۇزىتىپ قويالايمەن. سەپەرگە ئاتلىنىۋەرسىلە ئاتا.

سەئىدخان بۇ كەمسۆز، قەتئىي پىكىرلىك ئوغلىغا قاراپ، ئۇنىڭدىن ئۇزۇنغىچە كۆزىنى ئۈزەلمىدى، سەپەرگە كەتسە ئۇنى ئىككىنچى قېتىم كۆرەلمەيدىغاندەك تۇيغۇدا كۆڭلى بۇزۇلدى.

— ئاللا رەھمەت قىلسۇن ئوغلۇم. تىلىكىڭ شۇ بولسا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئۆگۈنلۈككە يولغا چىقىپ كېتەيلى. سەن ئورنۇمدا نائىپ سۇلتان بولۇپ قالىدىغان ئەمىر كەبىر سەئىد مۇھەممەد مىرزىنىڭ سۆزىدىن چىقمىغىن بالام. ئۇ ماڭا ئاغا، ساڭا ئاتىدۇر.

— سۆزلىرىنى ئەستە تۇتىمەن خان ئاتا. ئەمىر كەبىر قەشقەردە تۇرامدۇ، پايتەختتە تۇرامدۇ؟ — سورىدى شاھزادە.

— بۈگۈن ياكى ئەتە پايتەختكە يېتىپ كېلىدۇ. بىز سەپەردىن كەلگۈچە گۈلئىبرام ئوردىسىدا تۇرىدۇ بالام. چوڭ ئاكاڭ ئابدۇلرەشىدخان ئاقسۇدا تۇرىدۇ. ئۇ ناھايىتى تەدبىرلىك ۋە قەيسەر، خانلىقىمىزنىڭ ۋەلى ئەھدى. خەت ئارقىلىق دىدار كۆرۈشۈپ تۇرغىن. تېۋىپ رۇخسەت قىلمىغۇچە قاغىلىققا كەتمىگىن، — دېدى سەئىدخان ئوغلىغا ۋەسىيەت قىلىۋاتقاندەك يۈرەك باغرىنى تۆكۈپ. ئۇنىڭ ئاستا چىققان ئۈنىمۇ شۇنچە تەسىرلىك ئىدى.

كۆزلىرىگە ياش كەلگەن مىرزا ھەيدەر:

— خان ئالىيلىرى، شاھزادە ئۈمىدلىرىنى يەردە قويمايدۇ، ـ دېدى.

— خان ئاتا، ئېيتقانلىرىنى بەجا كەلتۈرىمەن، — ۋەدە بەردى مۇھسىن سۇلتان ۋە ئاتىسىنى شىپاخانا ئىشىكىگىچە ئۇزىتىپ چىقتى، ئۇ ئايرىلىشقا قىيىمىغان ھالدا كۆزىگە ياش ئالدى، — ئۆگۈنلۈككە ئۇزىتىپ قويىمەن. خۇداغا شۈكرى، ئەھۋالىم خېلى ياخشى خان ئاتا. مىسكىن بالىلىرىنى دۇئالىرىدىن ساقىت قىلمىغايلا.

— ئەلۋەتتە بالام. ئۇزاتقىلى شۇنچە كەلگەن بولسا، مۇبارەك قەدىمىڭ ئامان ـ ئىسەنلىككە يول ئېچىپ بەرگەي. شامۇ ـ سەھەر ياد ئېتىدىغىنىم سەن ۋە ئاكىلىرىڭدۇر، ئاللا مۇرادىڭغا يەتكۈزگەي.

دېگەندەك، ئۈچىنچى كۈنى ئەتىگەن بامداتتىن كېيىن بالاۋاقىلىرى بىلەن ھەرەم قەسرىدە ناشتا قىلغان سەئىدخان

تۇنۇگۇن كەچ يېتىپ كەلگەن نائىپ سۇلتان سەئىد مۇھەممەد، ئاتا ۋەزىر مىرزا ھەيدەر كوراگان بىلەن ئوردا دەرۋازىسى ئالدىغا پىيادە چىقتى. ئارقىسىدىن ئىسكەندەر سۇلتان، ئىبراھىم سۇلتان، مۇھسىن سۇلتانلار ماڭغانىدى. گۈلسىما سۇلتانبېگىم، ئايىنگار سۇلتانبېگىم، پەخرىنىسا سۇلتانبېگىملەر كېنىزەكلىرى بىلەن، شەيخۇل ئىسلام، قازى، مۇنەججىم، ئالىم، ھۆكۈمالار مۇلازىملىرى بىلەن، ۋەزىر، ئەمىر - سەردارلار ياساۋۇللىرى بىلەن ھەيۋەتلىك دەۋازا ئالدىغا چىقىشتى. يەركەن شەھىرىنىڭ ھاكىمبېگى ئوسمانبەگمۇ يېتىپ كەلدى.

سەئىدخان ئۇزاتقۇچىلارنى دەرۋازا ئالدىدا قېلىشقا شۇنچە ئۇندىسىمۇ ئۇناشماي، يەتتە چاقىرىم يەرگىچە باردى. پايتەخت ئاھالىسىدىن نەچچە مىڭ كىشىمۇ قەدىردان پادىشاھىنى ئۇزاتقىلى چىققانىدى، ئۇلارمۇ ئاق يول تىلەشتى.

قوللىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ئاممىغا ھۆرمەت بىلدۈرگەن سەئىدخاننىڭ كۆزلىرى ياشلاندى، ۋۇجۇدى لەرزىگە كەلدى.

— خەير - خوش قېرىنداشلىرىم، ئاللا سىلەرنى ئۆز پاناھىدا ساقلىسۇن!

— خان ئاتا! — مۇھسىن سۇلتان ئېتىلىپ كېلىپ سەئىدخاننى قۇچاقلىدى. ئىبراھىم سۇلتانمۇ ئۇنىڭ باغرىغا تاشلاندى.

— بالىلىرىم، ئايرىلىش — ئىنساننىڭ قەدرى — قىممىتىنى ئاشۇرىدۇ. ئىرادىسىنى چېنىقتۇرىدۇ. سىلەرنى خۇداغا تاپشۇردۇم. ئاناڭلارنى ئىشىككە قارىتىپ قويماڭلار، يوقلاپ تۇرۇڭلار، بىر - بىرىڭلارغا كۆيۈنۈڭلار، يۆلەك بولۇڭلار، ئاراڭلارغا دۈشمەن كىرىۋېلىشتىن ھوشيار بولۇڭلار.

— ھوشيار بولۇمىز ئاتا. سىلىنىڭ ھەر ئېيتقان سۆزلىرى بىزگە كۈچ - غەيرەت بېغىشلايدۇ.

ئىسكەندەر ئىككى ئىنىسىنى تەڭ قۇچاقلاپ خوشلاشتى.

ئۇمۇ دادىسىغا ئوخشاش دوبۇلغا ـ ساۋۇت كىيىپ، قەيسىرانە روھ بىلەن ئاتلىنىش ئالدىدا تۇرغان بولسىمۇ، قېرىنداشلىق مېھرى شۇتاپ قوي كۆزلىرىدىن تامچىۋاتاتتى.

سەئىدخان ئىسكەندەر بىلەن بىللە بىر چەتتە ئۇنسىز ياش تۆكۈپ تۇرۇشقان خانىشلارنىڭ ئالدىغا باردى، ئۇلار ئىچىدە مىرزا ھەيدەر كوراگاننىڭ رەپىقىلىرى گۆلنىگارسۇلتانبېگىم بىلەن ئەفروزە سۇلتانبېگىممۇ بار ئىدى.

— سۇلتان ئاكا، خۇداغا ئامانەت، — دېدى ئەفروزە سەئىدخاننىڭ پېشىنى كۆزلىرىگە سۈرتۈپ.

— يىغلىماڭ سىڭلىم. بالىلىرىڭىزغا ياخشى قاراڭ، ئۆزىڭىزنى ئوبدان ئاسراڭ.

سەئىدخان ئەفروزە بىلەن خوشلىشىپ، يېپەك پەرەنجىلەرگە ئورالغان خانىشلارغا قارىدى. گۆلسىماسۇلتانبېگىم ئىچىدە ئۇنسىز يىغلاۋاتاتتى، ئاينىگارسۇلتانبېگىم ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي قالغانىدى. ئۇنىڭ يىغىسى يۈرەك بېغىشىدىن بۇقۇلداپ چىقىۋاتاتتى. ئۇ سەئىدخانغا تەلپۈنگەن ھالدا، ئوغلى ئىسكەندەر سۇلتاننىڭ مۈرىسىگە باش قويۇۋالدى. پەخرىنىسا سۇلتانبېگىم ئۈنلۈك يىغلاۋاتاتتى:

— ئاتامدىن ئايرىلغانىدىم، ئانامدىن ئايرىلغانىدىم، ئەمدى سىلى كەتسىلە، يېتەرمۇ سەۋر ـ تاقىتىم؟

— يىغلىماڭلار، يىغلىماڭلار، يىغلىماي دۇئا قىلىڭلار. بالىلارغا ئوبدان قاراڭلار، ئۆزۈڭلارنى ئاسراڭلار، — دېدى سەئىدخان قەدىردانلىرىغا يانتۇ قاراپ، كۆز پېشىنى سۈرتۈپ.

خانىشلار ئۆزلىرىنى قەدىرلەيدىغان، ئوخشاش مۇئامىلە قىلىدىغان، ھالىغا يېتىپ دەردىگە دەرمان بولالايدىغان مەردانە ئېرىنى سەپەرگە ئۇزىتىۋاتقانلىقى ئۈچۈن، بىر كۈن ئەمەس، بىر سائەتكىمۇ ئايرىلىشقا قىيمايدىغان مېھرىبان، غەمخار سۇلتان ئېرىدىن مەلۇم ۋاقىت ئايرىلىپ قېلىۋاتقانلىقى ئۈچۈن

يىغلىشاتتى.

سەئىدخان بىلەن بىرگە يولغا چىققۇچى ۋەزىر، ئەمىر، سەردار، بەگلەرنىڭ، پېشقەدەم نۆكەر، ياساۋۇللارنىڭ بالا ـ چاقىلىرىمۇ خوشلىشىپ ياش تۆكۈشمەكتە ئىدى.

شەيخۇل ئىسلام مۇھەممەد ئابدۇللاداموللا ئامانلىق تىلەپ دۇئا قىلدى. سەئىدخان ئامىنىنىڭ «ئامىن!» دېگەن ياڭراق ساداسىغا قۇلاق سالغان هالدا بەش مىڭ خىللانغان لەشكەر بىلەن يۈرۈپ كەتتى.

## 2

بامدات نامىزىغا ئەرزان چىقىش بىلەن تەڭلا ئاقسۇ شەھىرىنىڭ دەرۋازىلىرى ئېچىلدى. غۇرۇلداپ سوققان دالا شامىلى بىلەن بىرگە، باشتىن ـ ئاياغ قارا كىيىم كىيگەن بىر ئاتلىق ئادەممۇ دەرۋازىدىن كىردى. يولدا تېخى يولۇچى كۆرۈنمەيتتى. تېز كېتىۋاتقان بۇ ئاتلىق ئىشىك ئالدىلىرىدا شاهادەت ئېيتىپ، تاهارەت ئېلىۋاتقان كىشىلەرنىمۇ ئىلغا قىلالمىدى. دەريادىن كۆتۈرۈلگەن تۇمان ئاقسۇ شەھىرىنى قاپلىغانىدى.

ئۇن سەككىز، ئۇن توققۇز كۈنلۈك بولغان ئاي شەرقتىن تۇرۇلۇپ كېلىۋاتقان قارا بۇلۇتلار ئىچىدە گاھ كۆرۈنۈپ ـ گاھ كۆرۈنمەي مەنزىلىگە كېتىۋاتقاچقا، تاڭ سۈزۈلگەن بولسىمۇ، يەر يۈزى قاراڭغۇ ئىدى. ئاتلىق ئوردا ئالدىغا كەلگەندە، دەرۋازىۋەنلەر نەيزىلىرىنى توغرىسىغا تۇتۇپ ئۇنى توستى:

— سەن كىم، بۇ سەھەردە ئوردىغا نېمە دەپ كىرىسەن؟

— مەن سۇلتان سەئىدخاننىڭ خاس نۆكىرى، چەۋەنداز ئابدالقۇل سەردار بولىمەن، سۇلتان ئابدۇلرەشىدخانغا خوتەندىن مەكتۇپ ئېلىپ كەلگەنىدىم.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

— سۇلتان ھازىر ئوردا مەسچىتىدە.

— ئالىيلىرى بىلەن دەرھال كۆرۈشمىسەم بولمايدۇ، مېنى كىرگۈزۈۋېتىڭلار.

— شاھ ئوردىسى دەرۋازىۋەنلەر بېگىگە مەلۇم قىلايلى. ئۇ رۇخسەت قىلمىغۇچە ئوردىغا كىرەلمەيسىز، توختاپ تۇرۇڭ.

ئابدالقۇل ئىچى تىت ـ تىت بولۇپ، دەرۋازىدىن ئىچكىرىگە كۆز سالدى. سۇلتان سارىيىنىڭ پەشتاق، گۈمبەزلىرى پارىلداپ تۇراتتى. ئۇزۇن ئۆتمەي دەرۋازىۋەنلەر بېگى ھەسەنبەگ چىقىپ ئۇنىڭ بىلەن قىزغىن كۆرۈشتى:

— كىم ئىكەن، دېسەم ئابدالقۇل سەردار ئىكەنلىغۇ، كەلسىلە، كەلسىلە. مۇھىم بىر خەۋەر ئېلىپ كەلگەن ئوخشىماملا؟

ھەسەنبەگ پايتەختتە ئۆزى بىلەن بىللە ئوردا نۆكىرى بولغان، كېيىن سەئىدخانغا خاس نۆكەر بولۇپ خىزمەت قىلغان ئابدالقۇل سەردارنى تونۇغانىدى.

— بامدات ۋاقتى بولۇپ قاپتۇ. ئوردا مەسچىتىگە سىلى بىلەن بىللە بېرىپ ناماز ئوقۇۋالاي، ئۇ يەردە سۇلتان بولسا كۆرۈشۈپ خەتنى بېرەي، — دېدى ئابدالقۇل ئېغىر تىن ئېلىپ.

ئۇنىڭ چىرايىدىن ھەسرەت ـ نادامەت چېكىۋاتقانلىقى چىقىپ تۇراتتى، يىغلامسىرىغاندەك ئاڭلانغان ئاۋازى ھەسەنبەگنىڭ دىققىتىنى قوزغىدى. چىراغ يورۇقىدا ئۇنىڭ قارا چەكمەندىن تىكىلگەن لىباسىغا قاراپ ئالدىراپ سورىدى:

— سەردار، كىيگەن لىباسلىرى قارا، چىرايلىرى، گەپ ـ سۆزلىرىدىن ئوخشاشلا قايغۇ ـ ھەسرەت تۆكۈلۈپ تۇرۇپتۇ، پايتەختتە بىرەر ئەھۋال بولمىغاندۇ ـ ھە! ؟

— بۇنى كېيىن ئۇقىلا بەگ، ئاۋۋال مېنى سۇلتان بىلەن كۆرۈشتۈرسىلە.

ھەسەنبەگ گەپ قىلماي دەرۋازىۋەنلەر ئۆيىدىن بىر ئىشىرىق

سۇ ئېلىپ چىقتى.
تاھارەت ئېلىپ بولغان ئابدالقۇل ھەسەنبەگ بىلەن پەشتاق ـ گۇمبەزلىرى يېشىل كاھىشتىن قىلىنغان مەسچىتنىڭ كۇمۇش ھالقىلىق كۆركەم دەرۋازىسىدىن كىردى. بامدات نامىزىنىڭ پەرزىگە تەكبىر ئېيتىلىۋاتاتتى. ئۇلار ئىككى رەكەت سۈننەتنى ئىتتىك ئۆتىدى ـ دە، ئىمامغا ئىقتىدا قىلىپ پەرزگە تۇرۇشتى. دۇئاغا قول كۆتۈرگەن ئابدالقۇل «... بۇ نامازنىڭ ساۋابىنى جۇملىدىن مەرھۇم سۇلتان سەئىدخانغا بېغىشلىدىم...» دېگىنىدە كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش ئاققانلىقىنى ئۆزىمۇ سەزمەي قالدى.
بۇ ئوردا مەسچىتىنىڭ جامائىتى بولغان سۇلتاندىن تارتىپ ۋەزىر، ئەمىر، بەگ، سەردار، نۆكەر، ياساۋۇل، ئات باقار، باغۋەن، گۈلچى، يول تازىلىغۇچى مەھرەملەرگىچە ھەممەيلەن مەسچىتتىن يېنىشتى، تۇرار جايلىرىغا تارقاشتى. ھەرەم قەسرىنىڭ ئىشىكى ئالدىغا كەلگەن ئابدۇرېشىتخان
— سۇلتان ھەزرەتلىرى، — دېگەن ئاۋازنى ئاڭلاپ كەينىگە قارىدى، خاس نۆكەرلىرى قاتارىدا تۇرغان قارا كىيىملىك، بويلۇق كەلگەن تەمبەل يىگىتنى كۆردى.
— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم سۇلتان ئالىيلىرى، — دېدى ئۇ يىگىت چوڭقۇر تەزىم قىلىپ، — ئەدەپسىزلىك قىلىپ تۇۋلاپ توختىتىپ قويغانلىقىم ئۈچۈن جازاغا لايىقمەن.
جاۋاب سالام بەرگەن ئابدۇرېشىتخان ئۇنىڭ قايغۇلۇق چىرايىغا زەن سېلىپ تونۇۋالدى.
— سىز خان ئاتامنىڭ خاس نۆكىرى ئابدالقۇلغۇ، قانداق بولۇپ ئاقسۇ دىيارىغا كېلىپ قالدىڭىز؟
— ھەزرەتلىرىگە مەكتۇپ ئەكېلىۋىدىم، — دېدى ئابدالقۇل لىپاپىنى سۇنۇپ. سارغۇچ قاشلىرى ئاستىدىكى كۆزلىرىدىن ھەسرەت ئۇچقۇنى چېچىلدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئابدۇرېشىتخان ئۇنى ھەرەم ھەسرىنىڭ تەكچىنىسىغا باشلاپ كىردى.

سۇبھى قۇياشى ئۇپۇقتىن باش كۆتۈرگەندى، قىزىل ياقۇتتەك جۇلالانغان تاڭ شەپىقى تەكچىنىنىڭ دەر پەردىلىرى يېرىم قايرىقلىق دېرىزىلىرىگە جۇلا تاشلىدى. نەپىس توقۇلغان چوڭ ئىران گىلىمى ئۆيگە لىق كەلگەندى. رەڭگارەڭ قاپارتما نەقىش ئويۇلۇپ، كۆڭگۈرلۈق ئويۇق چىقىرىلغان تام بويلاپ، ئىككى قەۋەت گۈللۈك مەخمەل كۆرپە سېلىنغان، ھەربىر كىشىلىك ئورۇننىڭ تام تەرىپىگە بىردىن پەر ياستۇق يۆلەپ قويۇلغانىدى. قەسىر ھويلىسىغا قاراقلىق ئوتتۇرىدىكى دېرىزىگە ئۇدۇل تامغا قۇببىلىق كىچىك گۈمبەز چىقىرىلىپ، ئاستىغا ئوچاق ياسالغان، ئۆينىڭ تۆرى بولغان ئوچاقنىڭ ئوڭ تەرىپىگە ئېرىتىلگەن ئالتۇندا ھەل بېرىلگەن كىچىك تەخت قويۇلغانىدى. دېرىزىلەردىن جۇلا تاشلىغان شەپەق شولىسى تەختنىڭ كۈمۈشتىن ياسالغان شارچىلىرىدا چاقناپ تۇراتتى.

ئابدۇرېشىتخان تەختە ئولتۇردى.

— قېنى ئولتۇرۇڭ ئابدالقۇل، نېمە خەۋەر ئېلىپ كەلدىڭىز؟ سۆزلەڭ.

— سۇلتان ئالىيلىرى، ئاۋۋال مەكتۇپنى ئوقۇپ، مەزمۇنىدىن ۋاقىپلانسىلا، ئاندىن مەن...

ئۇ گېپىنىڭ ئاخىرىنى قىلالماي، يەكەندازدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرغىنىچە بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتى. ئۇنىڭ يىغىسىدىن ئەندىشىدە قالغان ئابدۇرېشىتخان مەكتۇپنى ئېچىپ ئوقۇدى:

«ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم! خانلىقىمىزنىڭ ۋەلى ئەھدى، تاجدارى بولغان ئاكام سۇلتان ئابدۇلرەشىدخانغا؛ ئاتا ۋەزىر مىرزا ئەلى تاغايىغا، ئەمىرخوجائەلى باھادىر باشلىق ۋەزىر، ئۆمەرالارغا، قازى ـ قۇززات، مۇنەججىم، ئۆلىمالارغا:

يېتىپ مەلۇم بولسۇنكى، تەقدىر ئىلاھىنىڭ ئىرادە قىلىشى

بىلەن، بۇلتۇر ھىجرىيەنىڭ 938 ـ يىلى زۇلھەججە[1] ئېيىدا خان ئاتىمىز سۇلتان سەئىدخان پايتەختتە قۇربان ھەيتنى ئۆتكۈزۈپ، بەش مىڭ كىشىلىك خىللانغان لەشكەر بىلەن كەشمىر، تىبەتلەرگە يۈرۈش قىلغانىدى. يولدا مىرزا ھەيدەر كوراگان بىلەن مېنى ئىككى مىڭ كىشىلىك قوشۇن بىلەن سانجۇ تۇپراخار[2] يولى ئارقىلىق كەشمىرگە يۈرۈش قىلىشقا يارلىق چۈشۈرۈپ، ئۆزى ئۈچ مىڭ كىشلىك قوشۇننى باشلاپ، خوتەن ئالى داۋىنىدىن ئۆتۈپ، تىبەتنىڭ دۇلبە قەبىلىسىدىيارىغا قاراپ كەتتى.

مەن مىرزا ھەيدەر ئاغام بىلەن خەتەرلىك لاداخ تاغ ـ داۋانلىرىدىن ئۆتۈپ، كەشمىر لەشكەرلىرىگە ئىككى ياقتىن قورشاپ ھۇجۇم قىلىۋىدۇق، ئۇلار قاچتى. بىز قوغلاپ جەڭ قىلىپ، پايتەخت سىرىنگىر شەھىرىنى پەتھى قىلدۇق. كەشمىر سۇلتانلىرىدىن ئابدال مەكرى، لوھۇر مەكرى، كاجى جەك، رىگى جەكلەر سەردارلىقىدىكى كەشمىر قوشۇنلىرى لاي قەلئەسىگە قېچىپ بېرىۋالدى. بىز سىرىنگىر شەھىرىدىكى راجىدان ئوردىسىدا يىگىرمە تۆت كۈن ئارام ئېلىپ، كەينىمىزگە ياندۇق. لاي قەلئەسىدىكى كەشمىر لەشكەرلىرى بىزنى چېكىندى، دەپ ئويلاپ، ئارقىمىزدىن قوغلاپ كېلىپ زەربە بەرمەكچى بولدى. كەينىمىزگە يېنىشىمىز دۈشمەننى بېكىنىۋالغان مۇستەھكەم قەلئەدىن چىقىرىش ئۈچۈن قىلغان ھىيلىمىز ئىدى. بىز ئاتلارنىڭ بېشىنى بۇراپ، قەلئەدىن چىققان كەشمىر لەشكەرلىرىنى تۆت تەرەپتىن ئارىغا ئېلىۋالدۇق. ئەلى مىر باشلىق كەشمىر لەشكەرلىرىنىڭ بىر قانچە سەردارلىرى نۆكەرلىرى بىلەن ئەسىرگە چۈشتى. قالغانلىرى قېچىپ كەتتى.

---

① ھىجرىيەنىڭ 938 ـ يىلى زۇلھەججە ئېيى (ھەج ئېيى) ـ مىلادىيە 1532 ـ يىلى 4 ـ ئاي.

② سانجۇ تۇپراخار ـ يەر ناملىرى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۇلارنى ئارقىسىدىن ئىز بېسىپ قوغلاپ، جادۇ دېگەن يەرگە كەلگەندە قاتتىق قارشىلىققا ئۇچرىدۇق. مېنىڭ ئوڭ تەرەپ تاغىقىمغا ساداق ئوقى تەگدى. مىرزا ھەيدەر ئاغامنىڭ ئېتى نەيزە تېگىپ ئۆلدى. ئەمما، بىز قەتئىي نىيەت بىلەن چېكىنمەي جەڭ قىلدۇق. ئاخىر مەغلۇپ بولغان ئابدال مەكرى باشلىق كەشمىر سۇلتانلىرى سۈلھى تەلەپ قىلدى. بىز ئۇلارنىڭ ئەلچىلىرى بىلەن سۆھبەتلىشىپ، سۈلھى تۈزۈشكە قوشۇلدۇق. سۆھبەت لاي قەلئەسىدە ئېلىپ بېرىلىپ، تۆۋەندىكىچە سۈلھى كېلىشىمى ھاسىل قىلىندى:

بىرىنچى، كەشمىر دىيارى سەئىدىيە خانلىقىنىڭ تەۋەلىكىدە بولۇش، ئەمما كەشمىرلىكلەر ئۆزىنى ئۆزى باشقۇرۇش.

ئىككىنچى، كەشمىردە يەركەن سەئىدىيە خانلىقى نامىدىن پۇل چىقىرىش.

ئۈچىنچى، ھەر يىلى كەشمىرنىڭ يىللىق خەزىنە كىرىمىنىڭ بىر ئۈلۈشىنى سەئىدىيەخانلىقىنىڭ خەزىنىسىگە تاپشۇرۇش.

تۆتىنچى، كەشمىر پادىشاھى مۇھەممەد سۇلتاننىڭ قىزىنى سەئىدىيە خانىنىڭ ئوغلى ئىسكەندەر سۇلتانغا ياتلىق قىلىش.

سۇلتان ئاكا، مەن ۋە مىرزا ھەيدەر ئاغام بۇ سۈلھىنامىگە ئاتىمىز سەئىدخان نامىدىن قول قويدۇق. ئابدال مەكرى، لوھور مەكرى سۇلتانلار پادىشاھ مۇھەممەد سۇلتان نامىدىن قول قويدى، بۇنىڭ نەتىجىسىدە جەڭ توختىدى. توي باشلىنىپ قىرىق بىر كۈن داۋام قىلدى. كەشمىر شاھى مۇھەممەد سۇلتاننىڭ قىزى قەمەربانۇنى نىكاھىمىزغا ئېلىپ، پىل بىلەن مەنزىلگاھىمىزغا كۆچۈرۈپ كەلدىم. ئۇ يەردە يەتتە كۈن توختاپ، پۇختا تەييارلىق بىلەن سەپەرگە ئاتلىنىپ، بالتىستاندا[1] قىشلاۋاتقان خان ئاتامنىڭ

---

[1] بالتىستان ـ تىبەتنىڭ بىر ۋىلايىتى.

يېنىغا باردۇق. كەشمىردە سەئىدىيە خانلىقى نامىدىن چىقىرىلغان ئالتۇن، كۈمۈش پۇللارنى، ئېسىل كەشمىر ماللىرىنى سوۋغا قىلغىنىمىزدا، ئاتام غەلىبىمىزدىن ناھايىتى خۇش بولدى، كەشمىر شاھىنىڭ قىزىغا ئۆيلەنگىنىمنى مۇبارەكلىدى. كۈمۈش سايلىق قىلىچىنى ماڭا، ئالماس كۆزلۈك بىر ئۈزۈكنى كېلىنىگە تارتۇق قىلدى. تىبەت دىيارىنى تولۇق فەتىھ قىلىشىمىز ئۈچۈن داۋاملىق يۈرۈش قىلىشىمىزغا ئەمىر قىلىپ، ئۆزى لاداخقا قايتتى.

بىز تىبەتنىڭ ئۈرساڭ، دۆلبە، كۈكۈ[1] ئۆلكىلىرىنى ئىشغال قىلىش ئۈچۈن ئاتلاندۇق. لېكىن، ئۇزۇن ئۆتمەي ئاتام يېنىدىن ياساۋۇل ئابدالقۇل دېگەن چاپارمەن كەلدى. ئۇ ماڭا خان ئاتامنىڭ يەركەنگە قايتىش ئۈچۈن لاداختىن يولغا چىقىپ، كۆكئارت[2] داۋىنىغا كەلگەندە، تۆتەك ئېلىپ كېتىپ، توساتتىنلا سالامەتلىكى يامانلىشىپ كەتكەنلىكىنى، ئۇ يەردىن تېز يۆتكىلىپ ھاۋاسى ياخشى جايغا بارغان بولسىمۇ، ياخشىلىنىپ كېتەلمەيۋاتقىنى يەتكۈزدى. مەن مىرزا ھەيدەر ئاغامغا لەشكەرنى تاپشۇرۇپ، خاس نۆكەرلىرىم بىلەنلا دەررۇ يولغا چىقتىم. ئۈچقاندەك يۈرۈپ كۆكئارت داۋىنىغا كەلدىم. خۇدادىن ئاتام بىلەن سالامەت دىدار كۆرۈشتۈرۈشنى تىلەپ، بۇ ئېگىز، سۈرلۈك داۋاندىن ئامان ـ ئېسەن ئۆتتۇم. ئاتنى قامچىلاپ، شۇنداق ئىلدام يۈردۈمكى، ئۈچ كۈن ئىچىدە ئۈچ ئات يىقىلىپ ئۆلدى. تۆتىنچى كۈنى چاشكا ۋاقتىدا يىراقتىن چېدىر ـ بارگاھ كۆرۈندى. چېپىپ بارسام، خان ئاتىمىزنىڭ بارگاھى ئىكەن. ھەتتا ۋەزىر، ئەمىرلار بىلەن سالاملىشىشنىمۇ ئۇنتۇپ، بارگاھقا ئېتىلىپ كىردىم. كىمخاپ تۆشەكتە قەدىردان ئاتىمىز كۆزىنى يۇمۇپ ياتاتتى. سالام بېرىۋىدىم، كۆزىنى ئاستا ئاچتى. ‹ كەللىمۇ

---

① ئۈرساڭ، دۆلبە، كۈكۈ ـ يەر ناملىرى.
② كۆكئارت ـ تاش قورغان ناھىيىسىدىكى چېگرىغا يېقىن جايدىكى داۋان.

بالام〉؟ دېدى ماڭا مۆلدۈرلەپ سەپسېلىپ، 〈كەلدىم ئاتا〉 دېدىم قىزىق مەڭزىگە يۈزۈمنى يېقىپ. 〈ئانىلىرى تىنچلىقمۇ〉؟ دەپ سورىدى خان ئاتام. ئۇ مېنى پايتەختتىن كەلگەن ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپ قالغانىدى. مەنمۇ دەرھال: 〈ئانام يوللىــــرىغا قاراپ قالدى. ئۆزى ناھايىتى تىــمەن〉 دېدىم. 〈بالام بۇ سەپەرگە

چىقمىسام بولۇپتىكەن〉. شۇنداق دەپلا خان ئاتامنىڭ چىرايى ئىچىنىــشلىــق تۇس ئالدى، ئۇنىـــڭ نېمە ئۈچۈن شۇنچە ئەپسۇسلانغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى بىلەلمىدىم. 〈ئاكىـــلىـــرى ئابدۇلرەشىدخان كەلدىمۇ〉؟ دەپ سورىدى خــان ئــاتام. 〈كەلمىدى〉 دېسەم كۆڭلى يېرىم بولمىسۇن، دەپ 〈كېلىۋاتىدۇ〉 دېدىم ئاكا، ئاتامنىڭ ھالى پەسلەپ قالغانىدى، ئەتراپىدا ھەكىم نۇردىدىن ئابدۇۋاھىد زوھۇرى، تېۋىپ قازى شەمشىددىن ئەلى، مۇنەججىم بابا سادىق مىرزا، ئەمىر مىرزا ئەلى، ئالائىــددىن ماھمۇد بارلاس كەبى ھۆكۈما، ئالىم، سەردارلار باش سېلىپ ئولتۇرۇشاتتى.

〈ھەزرەتلىرىنىڭ لاداخ يولىدا دىمى سىقىلىپ، يۈرىكىنىڭ سوقۇشى ئېگىز - پەس بولۇپ، مىجەزىدە ئۇشتۇمتۇت ئۆزگىرىش بولغانىدى. بىز جىددىي داۋالىدۇق. ئاللانىڭ شىپالىــق ئاتا قىلىشى بىلەن بىرنەچچە كۈن ئىچىدە سالامەتلىكى ئەسلىـــگە كەلدى، يولنى داۋاملاشتۇرۇپ بالتىستانغا كەلدۇق، خان ئاتىمىز كۈز، قىشنى شۇ يەردە ئۆتكۈزدى؛ شاھزادە ئۆزلىرىنىـــڭ خەۋەرلىرى بار. يەركەنگە قايتىش ئۈچۈن يولغا چىققاندىمۇ تىمەن ئىدى، كۆكئارت داۋىنىدىن ئۆتكەندە مىجەزى يەنە ئۆزگىرىپ قالدى، چاپسان يۈرۈپ مانا شۇ ھاۋالىق يەرگە كەلگىنىمىزگە ئون كۈندىن ئاشتى. ئەسلىگە كېلەلمەيۋاتىدۇ〉 دېدى ھەكىم نۇرىدىن ئابدۇۋاھىد زوھۇرى ماڭا ئاستا پىچىرلاپ.

〈يۇنۇسخان بوۋام كەلدى، ئەخمەتخان ئاتام كەلدى، قاناتبەگ ئاكام كەلدى. ئالدىغا چىقىڭلار〉 دەپ پىچىــرلىـــدى ئاتام

كۆزلىرىنى چىدىرىنىڭ تورۇسىغا تىكىپ. تۈڭلۈكتىن چۈشكەن يورۇق ئۇنىڭ سارغىيىپ كەتكەن چىرايىنى بىزگە نامايان قىلدى. بىر كۆزى ئوچۇق بولۇپ، يەنە بىر كۆزى قىسىلىپ قالغانىدى، ئاتام شۇ ھالدا قولۇمنى چىڭ تۇتۇۋالدى. ئۇ: 〈قارا، ئاناڭ يىغلاپ كېلىۋاتىدۇ بالام. ئاكاڭ ئابدۇلرەشىدمۇ كەلدى، ئىبراھىم، مۇھسىنلەرمۇ كەلدى. ھەممەيلەن يىغلىشىۋاتىدۇ. ئايىنىگارسۇلتانبېگىم، پاتىمە سۇلتانبېگىم، پەخرىنىسا سۇلتانبېگىملەرمۇ يىغلاپ كېلىۋاتىدۇ. ئۇلارغا ئېيتقىن، يىغلىمىسۇن، يىغىنى خۇدا راۋا كۆرمەيدۇ،〉 دېدى بىردىن ئىشىككە تىكىلىپ. سۆزلىرى شۇنداق ئوچۇق ئىدى. كېيىن: 〈سىلەر بىلەن يەركەنگە بېرىۋالسام بولاتتى. ئوغلۇم ئابدۇلرەشىد ماڭا ئاق تورۇقنى ئىگەرلەپ بەرسۇن، بىز دەررۇ يولغا چىقىپ كېتەيلى،〉 دېدى ۋە ئاۋازى پەسلەپ، ئىشىكتىن كۆزىنى ئېلىپ تورۇسقا تىكىلدى، 〈ئۇكاڭ مۇھسىن ئاق قولانىنى ئىگەرلەپ كەپتۇ، مېنى ئېلىپ كېتىمەن دەيدۇ. نېمىشقا ئابدۇلرەشىدخان كەلمەيدىغاندۇ؟ چاپسانراق كەلسە بولاتتى〉...

شۇ ئارىدا قولۇمنى سىقىپ تۇرغان بارماقلىرى مۇزلاپ كەتتى، كۆزىنىڭ قارىقى تارتىلىپ كېتىۋاتاتتى. پېشانىسىدە مارجاندەك تەر پەيدا بولدى. يۈزلىرى لىپىلداپ تىنىقى ئىتتىكلەشتى. تېۋىپ قازى شەمشىدىن ئەلى سۈرە〈ياسىن〉نى ئوقۇپ قىلغان دېمىدە سۈيىنى ئىچۈردى.

〈ئۇھ! ئاجەب مۇزدەك سۇ ئىكەن. يۈرىكىمگە بەك ياقتى〉 دېدى ئاتام دىمىدىدىن ئىككى يۇتۇم ئىچىپ، ئۈچىنچى يۇتۇم سۇ گېلىدىن ئۆتمەي جاۋغىيىدىن ئېقىپ كەتتى، كۆزلىرى يوغان ئېچىلدى، سارغىيىپ قالغان كۆز چانىقى ياشقا تولغانىدى. مۆلدۈرلەپ ماڭا قارىدى، شۇ قارىغىنىچە قېتىپ قالدى، بۇ چاغدا كۈن قىيام بولغانىدى.

بىزنىڭ ھۆرمەتلىك، قەدىردان، غەيۇر، دانىشمەن خان

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئاتىمىز ئەنە شۇ تەرىقىدە دۇنيادىن ئۆتتى. يەركەنگە مېڭىش ئالدىدا بۇ خەتنى يىغلاپ تۇرۇپ يازدىم ۋە ئابدالقۇل ياساۋۇلدىن يولغا سالدىم. ئاكا، قوللىرىغا تەككەن كۈنى ئاتلىنىپ يولغا چىققايلا. ئۆزلىرى خان ئاتىمىز ئۆزى ئەلگە جاكارلاپ بېكىتكەن ۋەلى ئەھدى، ھەممە دۆلەت ئەركانلىرى سىلىنى كۈتمەكتە، ئاۋام خەلق سىلىنى كۈتمەكتە. لەشكىرى ئىسلام سىلىنى كۈتمەكتە، تېز يېتىپ كەلسۇنلار.

ئالىي ئېھتىرام بىلەن غەمگۇزار ئىنىلىرى ئىسكەندەر سۇلتان.

ھىجرىيە 939 - يىلى زۇلھەججىنىڭ 14 - كۈنى»

خەت سەمىمىي ۋە تەپسىلىي يېزىلغانىدى. ئابدۇرېشىتخاننىڭ چىرايى بىردىن ئاقىرىپ، شۇنداق ھەسرەتلىك تۇس ئالدىكى، ئابدالقۇل ياساۋۇل ئۇنى ئايلىنىپ كېتىدىغان بولدى، دەپ يۆلىۋېلىش ئۈچۈن تەييار تۇردى. ئەمما، ئۇ يىقىلمىدى، كۆز چاناقلىرى لىپمۇلىپ شەربەت قۇيۇلغان پىيالىدەك چوڭقىيىپ كەتكەن بولسىمۇ بىر تامچە ياش ئاقمىدى، كۆز ئالدىغا ئاتىسىنىڭ ئۆزىنى ئاقسۇغا ئۇزاتقان چاغدىكى مەنزىرە كەلدى: ئانىسى، خانىشلار يىغلىشىپ خوشلىشىۋاتقاندا، سەئىدخان مۇنداق دېگەنىدى:

— ئاللانىڭ ئىرادىسىنى يىغلاپ قايغۇرۇش بىلەنمۇ، كۈلۈپ مەغرۇرلىنىش بىلەنمۇ ئۆزگەرتكىلى بولمايدۇ. تەمكىن بولۇشىمىز، جۇدالىققا بەرداشلىق بېرىشىمىز لازىم. مەملىكەت دېگەن ۋەتەن، ۋەتەن دېگەن بىر چوڭ ئائىلە. ۋەتەننىڭ قەيىرىگە بارما، ئائىلىدىن ئايرىلغان بولمايسەن، مۇساپىر سانالمايسەن. ئاقسۇ چوڭ ئائىلىمىزنىڭ بىر ھويلىسى. ئوغلىمىز ئۇ ھويلىدا تۇرسا نېمىشقا بولمايدىكەن؟ بەندە ئۈچۈن يىغلاش ھاجەتسىز. يىغلىساڭلار ئاللادىن قورقۇپ، ئاللادىن تىلەپ يىغلاڭلار، — سەئىدخان سۆزىدىن توختاپ، ئابدۇرېشىتخاننىڭ بېلىدىكى

كەمىرىنى تارتىپ كۆرۈپ، چىڭىتىپ قويغان، ئاندىن، — بالام، سىلى ئوغۇللىرىمنىڭ چوڭى، تايانچىم، ئىز باسارىم، سىلىنى قەيەرگە يولغا سالسام، شۇ يەرنىڭ ئىمىن، ئەلۋەك بولۇشىدىن ئۈمىدۋارمەن. دىللىرىدا ئاللاغا سېغىنىپ، قوللىرىدا ئادالەت تۇغىنى چىڭ تۇتسىلا، نەزەرلىرىنى ئەلگە سالسىلا، ناھەق قان تۆكۈشتىن ساقلانسىلا، ئاۋام پايدا كۆرسۇنكى، زىيان تارتمىسۇن، — دەپ بۇ بېيىتنى ئوقىغانىدى:

تەلەپ قىلمىغىل ياخشى نامدىن بۆلەك،
كوھنارمايدۇ بۇ نام بىلمەك كېرەك.
پۇقرانىڭ ئىسلاھىنى سەن كۆزەت،
بولسۇن مەندىن ئول ساڭا يادىكار..[1]

...

مانا بۇنىڭغا ئۈچ يىل بولغانىدى. ئابدۇرېشىتخان «مەن ئاتامنىڭ ئۈمىدىنى ئاقلىيالىدىممۇ، ئۇ ھايات چېغىدا پېقىرنى كۆرسە خۇرسەن بولارمىدى يا ئاچچىقلىنارمىدى؟ ئى خۇدا! پېقىر قۇلۇڭنى ھەسرەتتە قويما، بۇ دۇنيادا ئاتامغا يۈز كېلەلىگۈدەك ھايات كۆچۈرۈشكە نېسىپ قىلغىن...» دەپ ئىچىدە نالە قىلغان ھالدا ئابدالقۇلغا قارىدى:

— سىز بۇ يەردە ئوبدان غىزالىنىڭ، مەن ھازىر ئوردىغا چىقىپ، دۆلەت ئەربابلىرىغا بۇ مۇسىبەت خەۋىرىنى يەتكۈزىمەن. يەنە ئىككى سائەتتىن كېيىن يولغا چىقىمىز. پايتەختكە تېز يېتىپ بارمىساق بولمايدۇ.

ئابدۇرېشىتخان تەكىخانىدىن چىقىپ، ئوردا دىۋانخانىسىغا قاراپ ماڭدى.

دېگەندەك ئۇ ئىككى سائەتتىن كېيىن سەئىدىيە خانلىقىنىڭ تۇغ ـ ئەلەملىرىنى كۆتۈرگەن لەشكەر بىلەن يولغا چىقتى.

---

① بۇ تۆت مىسرا شېئىر ھاجى نۇرھاجىنىڭ «سەئىدىيە خانلىقىنىڭ قىسقىچە تارىخى» دېگەن كىتابىدىن ئېلىندى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتى
www.uyghurkitap.com

# 3

يەركەن ئاسمىنىنى قارا بۇلۇت قاپلىغانىدى. سىم ـ سىم يامغۇرغا قارىماي شەھەر دەرۋازىسىدىن چىقىۋاتقان كىشىلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيتتى. ئەرلەر بېشىغا سەللە ئوراپ، قارا چەكمەن تون كىيگەنىدى، ئاياللار ئاق رومال سېلىپ، قارا پەرەنجە ئارتقانىدى، ھەممەيلەن «ئاللا ـ ئاللا! . . .» دەپ كېتىۋاتاتتى، ئۇلار ئىچىدە بەندەر شاھ ـ سودىگەرلەر ئاقساقىلى ھۇسىيىن ئاخۇن، چايخانا خوجايىنى ئابدۇخېلىل ئاخۇنلارمۇ بار ئىدى. بۇلار شۇنداق ئىلدام مېڭىشتىكى، كېتىۋاتقان خالايىقنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپمۇ توختىمىدى، سەپ ـ سەپ بولۇپ سۈكۈت قىلىپ تۇرۇشقان نۆكەر، ياساۋۇللار يېنىغا كېلىشكەندىلا توختاشتى. ئاق باغلانغان تۇغ ـ ئەلەملەرنى كۆتۈرگەن چەۋەندازلارنىڭ ياشلىق كۆزلىرى يولدا ئىدى. ھەممىدىن بۇرۇن كېلىپ كۈتۈپ تۇرۇشقان نائىپ سۇلتان سەئىد مۇھەممەد مىرزا باشلىق ۋەزىر ـ ۋۇزرا، ئەمىر ـ ئۆمەرالار، بەگ ـ سەردارلار، ئالىم ـ ئەدىبلەر، مۇنەججىم ـ ھۆكۈمالار، شائىر، مۇغەننىلەرنىڭ سەپلىرىمۇ خېلى ئۇزۇنغا سوزۇلغانىدى. ئۇلارنىڭ غەمناك چىرايلىرىدىن ھەسرەت يامغۇرلىرى تۆكۈلۈپ تۇراتتى. ئايرىم تۇرۇشقان ئالاھىدە بىر توپ بولۇپ، بۇلار سەئىدخاننىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ئىدى، گۈلسىماسۇلتانبېگىم، ئاينىگارسۇلتانبېگىم، پەخرىنىسا سۇلتانبېگىملەر، ئىسكەندەر سۇلتاننىڭ رەپىقىسى قۇندۇزئايىبېكە، ئىبراھىم سۇلتان ۋە ئۇنىڭ رەپىقىسىمۇ، كېنىزەك، دېدەكلىرى بىلەن كۆزلىرىنى يولغا تىكىپ ئۈنسىز يىغلاشماقتا ئىدى.

بۇلار تىبەتتىن قايىپ كېلىۋېتىپ يولدا قازا قىلغان سۇلتان سەئىدخاننىڭ جەسىتى بىلەن ۋىدالاشقىلى چىققانلار ئىدى.

ئۆتكەن يىل باھاردا، خان جەمەتى، ئوردا ئەھلى، پايتەخت ئاھالىسى مانا مۇشۇ يەرگىچە كېلىپ، سەئىدخاننى دەبدەبە بىلەن ئۇزىتىشقانىدى. بۇ يىل بولسا، روھى تەن قەپىزىدىن پەرۋاز قىلىپ، پىكىر قىلىشتىن مەھرۇم بولۇپ، يۈرىكى سېلىشتىن توختىغان قەدىردان پادىشاھنىڭ جىسمى بىلەن بولسىمۇ ۋىدالىشىۋېلىش ئۈچۈن، ھەسرەت - نادامەت بىلەن بۇ يەرگە كېلىشىپ كۈتۈپ تۇرۇشاتتى. سىم - سىم يامغۇر ئۇلارنىڭ بويۇن - باشلىرىدىن سىرغىپ چۈشمەكتە، يۇزلىگەن ئەلەملەرنىڭ چۈچىلىرىدىن تامچىماقتا، دەل - دەرەخلەرنىڭ شاخ - يوپۇرماقلىرىدىن قۇيۇلماقتا، ئاسمان - زېمىن يىغلىماقتا ئىدى.

— كەلدى! شاھ هارۋىسى كەلدى! . . . ، — دېگەن ئاۋاز بىلەن تەڭ ئادەملەر توپى دېڭىزدەك چايقالدى.

— ئالالاھۇ ئەكبەر، ئالالاھۇ ئەكبەر، لائىلاھە ئىللەللاھۇ ۋاللاھۇ ئەكبەر، ئالالاھۇ ئەكبەر، ئالالاھۇ ئەكبەر، ۋەلىللاھىل ھەمد.

بۇ تەكبىر ئاۋازى يىراقتىن ئاڭلىنىشقا باشلىدى. بۇ ساداغا ئاۋام خەلقنىڭ ئاۋازى قوشۇلدى.

— ئالالاھۇ ئەكبەر، ئالالاھۇ ئەكبەر...

داڭغىل يولدا مۇڭلۇق غىچىرلاپ كېلىۋاتقان شاھ ھارۋىسى ئەتراپىنى لەرزىگە كەلتۈرگەنىدى. ھارۋىنىڭ تۆت بۇرجىكىگە ئاق تۇغ شەددە، ئالدىغا سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ئاي - يۇلتۇزلۇق نوقۇت رەڭ بايرىقى ئورنىتىلغانىدى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم خان ھەزرەتلىرى، ئات يورغىلىتىپ كېلەر، دەپ شېرىن ئارزۇدا بولغان ئىكەنمىز، ھارۋىدا ئۇنسىز يېتىپ كېلىپلا، غەپلەتتە قاپتۇق، — دېدى نائىپ سۇلتان سەئىد مۇھەممەد مىرزا ھارۋىغا ياندىشىپ. قايغۇلۇق كۆزلىرىدىن ئاققان ياشلىرى ئاق ئارىلىغان ساقىلىغا ساقىدى، — مۇبارەك

دىدارلىرىنى شەپقەت بۇلاقلىرىدىن كۆڭلى سۇ ئىچكەن ئاۋام كۆرۈۋالسۇن، نائىپ سۇلتان سەئىدخاننىڭ يۈزىگە يېپىقلىق ئاقنى قايرىپ قويدى. قول - پۇتىنى ئۇزىتىپ، جىم ياتقان سەئىدخاننىڭ قوي كۆزلىرى يېرىم ئوچۇق، خىيالغا غەرق بولغاندەك تىمتاسلىق ئىچىدە ئاللانەگىدۇ تىكىلگەنىدى. ئاق كىرگەن ساقاللىرى ئۆسۈپ قالغاندەك كۆرۈنەتتى. چىرايى زەرپەردەك سارغىيىپ كەتكەنىدى.

ھەر تەرەپتىن ئاڭلانغان قايغۇلۇق سادالار دولقۇنىدا ئۈزۈپ كېتىۋاتقان جەسەت سېلىنغان ھارۋا ئاستا - ئاستا سىلجىماقتا ئىدى. ھارۋىغا سەئىدخان ئالماشتۇرۇپ مىنىدىغان ئاق قولان، قارا گىرجەدە، ئاق قاشقا تورۇقلار قوشۇلغانىدى. چاپچىپ، چۇراپ تۇرىدىغان بۇ ئاتلار ئىگىسىنىڭ ۋاپات تاپقىنىنى بىلگەندەك، باشلىرىنى سالغان ھالدا كۆزلىرىدىن تارام - تارام ياش ئاققۇزۇپ ئاستا قەدەم باساتتى. ھارۋا كەينىدىن ھوشىدىن كەتكەن گۈلسىما سۇلتانبېگىمنى خانىش، چۆرە، كېنىزەكلەر ئارىغا ئېلىپ ئولتۇرغان ئۈستى يېپىق ھەرەم ھارۋىسى ماڭدى، ھازىدارلار كۈن قىيام بولغاندا گۈلئېرام ئوردىسىغا يېتىپ كېلىشتى. سانجاق - سانجاق خالايىق مەيدانى ئادالەتكە سىغماي قالدى.

كۆك قۇم ئۈستىدە، چۆرىسىگە تىزىلغان مۇزلار بىلەن سالقىنداپ ياتقان سەئىدخاننىڭ جەسىتىنى سەئىد مۇھەممەد مىرزا بىلەن شەيخۇل ئىسلام مۇھەممەد ئابدۇللا داموللا ئىككىيلەن ھارۋىدىن ئالدى. ئەمىر - ئۆمەرا، سەركەردىلەر نۆۋەت بىلەن كۆتۈرۈشۈپ، ھەرەم قەسرىدىكى ئارامگاھ سارايغا ئېلىپ كىرىشتى. مېيىتنى شۇ يەردە زەرەپشان دەرياسىدىن ئېلىپ كەلگەن سۈزۈك سۇدا يۇيۇپ كېپەنگە ئېلىپ، ئاق يوپۇق يېپىلغان جىنازىغا سالدى. جىنازىنى يىللاردىن بېرى سەئىدخان بىلەن بىرگە جەڭ قىلغان ئەمىر دايىمئەلى، باباسادىق مىرزا، مۇھەممەد

مىرزا، خوجاشاھمۇھەممەد قاتارلىق تۆت سەركەردە كۆتۈرمەكچى بولغانىدى، ئۇبۇل ئەلاخان جىنازىنىڭ ئالدىنقى بىر پۇتىنى تۇتۇۋېلىپ، قويۇپ بەرمەي، خوجا شاھ مۇھەممەدتىن باشقا ئۈچ سەركەردە بىلەن بىرگە كۆتۈردى، جىنازىنىڭ ئەڭ ئالدىدا، ئىسكەندەر سۇلتان، ئىبراھىم سۇلتان، سەئىد مۇھەممەد مىرزا ماڭدى. ئۇلار كەينىدىن ۋەزىر ـ ۋۇزرالار، ئەمىر ـ ئۆمەرالار، ئالىم، ئەدىبلەر، شەيخۇل ئىسلام، قازى ـ قۇززات، مۇنەججىم، ھۆكۈمالار؛ ئۇلاردىن كېيىن ئاق ئەلەم كۆتۈرگەن قارا كىيىملىك قىرىق سەردار ـ بەگلەر «ئاللاھۇ ئەكبەر!» دەپ مېڭىشتى. جىنازىنىڭ ئوڭ تەرىپىدە ئاق كىيىم كىيىپ، ئاق سەللە ئورىغان قىرىق قارى سۈرە «ياسىن» نى، جىنازىنىڭ سول تەرىپىدە يېشىل كىيىم كىيىپ، يېشىل سەللە ئورىغان قىرىق قارى سۈرە «تەبارەك» نى قىرائەت قىلىپ ماڭغانىدى. جىنازىنىڭ ئارقىسىدىن قارا تون كىيىپ، قارا شايە سەللە ئورىغان قىرىق شائىر، مۇغەننى «يائاللا، يا مۇھەممەد» دەپ زىكرى ئېيتىپ كېتىۋاتاتتى، ئۇلارنىڭ كەينىدە پىغانى تاشقان پۇتۇن ئوردا ئەھلى ھازىدارلار سەپلىرىنى تەشكىل قىلغانىدى. ئەڭ ئارقىدا قىلىچ ـ نەيزىلىرىنى يەر تۆۋەن قىلغان، مىلتىق، ساداقلىرىنى توغرىسىغا تۇتقان ياساۋۇل، نۆكەرلەر سەپ تارتقانىدى.

گۇلئىبرام ئوردىسىدىن پەلەك قەھرىدە ئۈزۈپ يۈرگەن ئاق بۇلۇتتەك كۆتۈرۈلۈپ چىققان جىنازا مەيدانىي ئادالەتتە ئادەم دېڭىزىغا غەرق بولدى. تەرەپ ـ تەرەپتىن جەندىلىرىنى تەتۈر كىيىپ كەلگەن ئەھلى تەرىقەتچىلەر جىنازا ئەتراپىدا ھالقا بولۇپ، قۇيۇندەك پىرقىراپ جەرە سېلىپ ماڭدى. بۇلار ئىچىدە ئىككى يىل مۇقەددەم يەركەندىن كەتكەن مەخدۇم نۇرانى ھەزرەتلىرىنىڭ مۇرتلىرى ھەم بار ئىدى. ئۇلارنىڭ ھۇ تارتىپ ئوقۇغان ھېكمىتى يۈرەكلەرنى تىترەتتى:

كىشى دۇنياغا مېھماندۇر، ياھۇ ـ يائاللا،

ئىمانى كۈچ ـ دەرماندۇر، ياھۇ ـ يائاللا.
كېلىپ ـ كەتمەك جەرياندۇر، ياھۇ ـ يائاللا،
ئاللاغا يېقىن بول بەندە، ياھۇ ـ يائاللا...

شاھزادە ئىبراھىم سۇلتان تونىنى تەتۈر كىيىپ ئۇلارغا قوشۇلدى. كۆپچىلىكنىڭ:

— ئاللاھۇ ئەكبەر! — دېگەن ساداسى سوپىلارنىڭ يىغا ـ زارىنى بېسىپ كەتتى.

ئاپئاق رەخت بىلەن ئورالغان جىنازا قولدىن ـ قولغا ئۆتۈپ، جامەنىڭ سەيناسىغا ئېلىپ كىرىلدى. پېشىن نامىزى ئوقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن شەيخۇل ئىسلام مەرھۇم سەئىدخاننىڭ نامىزىنى چۈشۈردى. جىنازا يەنە باش ئۈستىگە كۆتۈرۈلدى. سانجاق ـ سانجاق ئادەملەر توپىدىن ئۈزىتىلگان قوللار جىنازىنى بىر دەقىقە بولسىمۇ كۆتۈرۈۋېلىش ئۈچۈن سۇنۇلغانىدى. ئەلنىڭ، خەلقنىڭ ئېغىرچىلىقىنى بىر ئۆمۈر كۆتۈرگەن پادىشاھنىڭ جەسىتىنى بىر كۆتۈرۈۋېلىشنى بۇ سانسىز مۇسىبەت ئەھلى ئۆزىنىڭ شەرەپلىك بۇرچى، دەپ بىلەتتى.

ئادەملەر قەدەم يۆتكىيەلمەي بىر ـ بىرىگە يېپىشىپ تۇرۇپ قېلىشتى. جىنازا قولدىن ـ قولغا يۆتكۈلۈپ، گۈلئىرام ئوردىسىنىڭ چاھار بېغىغا ئېلىپ كىرىلدى.

يامغۇر تېخىچە توختىماي قۇمدەك يېغىۋاتاتتى. كۈز شامىلى دەرەخلەرنى ئىرغاڭشىتاتتى. سارغايغان ياپراقلار دەممۇ دەم بەرگىدىن ئاجراپ، پىلدىرلاپ يەرگە چۈشەتتى، ئەمدى سارغىيىشقا باشلىغان ياكى تېخىچە كۆپكۆك تۇرغان ياپراقلار يامغۇردا يۇيۇلۇپ پارقىراپ قالغانىدى. ياپيېشىل ئارچا دەرەخلىرى جىنازىغا تەزىم قىلغاندەك ئېگىلىشتى، باغ ئوتتۇرىسىدىكى چىمەنزار تۆپىدە، بۇلتۇر ۋاپات بولغان مۇھسىن سۇلتان قەبرىسى يېنىغا كولانغان گورغا سەئىدخاننىڭ جەسىتى قويۇلدى. گورغا دەسلەپ شەيخۇل ئىسلام مۇھەممەد ئابدۇللا

داموللا چۈشۈپ، تاشقىرىقى، ئىچكىرىكى گورنــــى كۆزدىن
كەچۈردى، گور تەلەپكە مۇۋاپىق كولانغانىدى. تاشقىرىقى گورغا
سەئىد مۇھەممەد مىرزا بىلەن ئىسكەندەر سۇلتان چۈشتــى.
جەسەت باش تەرىپىدىن ئۇلارغا سۇنۇلدى، ئۇلار ئىچكىرىكى گوردا
تۇرغان شەيخۇل ئىــــسلامغا سۇنۇپ بەردى، كىــــپەنىنىـــــڭ
چىگىشلىرىنى يېشىپ، مەرھۇم سۇلتان سەئىدخاننىڭ يۈزىنى
قىبلىگە قاراتقان شەيخۇل ئىسلام ۋىدالىشىپ دۇئا قىلىپ گوردىن
يېنىپ چىقتى. مىڭلىغان كىشىلەر سۈرە «ئىخلاس» نى ئوقۇپ
ھۆرگەن ئىخلاس توپىسى مەرھۇمنىڭ ئۈستىگە چېچىلدى، يەتتە
كەتمەن توپا تاشلاندى. خۇش ئاۋاز ئوتتۇز قارى، قەبرە بېشىدا
ئوتتۇز پارە «قۇرئان» نى ئوقۇپ تاماملىدى. لەرزان ئۈنى بىلەن
تاشنى ئېرىتىۋېتىدىغان مۇرەتتەپ قارى - ئون يەتتە ياشلىق
شەمشىدىن مەخدۇم سۈرە «تەبارەك» نى قىرائەت قىــلغاندىن
كېيىن، قىسقا تاماملاش قائىدىسى بويىچە قۇرئاننى قىـرائەت
قىلىپ تاماملىدى، شەيخۇل ئىسلام دۇئاغا قول كۆتۈردى:

— ئامىن!

ئون مىڭلىغان خالايىقنىڭ دولقۇنلۇق ئاۋازى پەلەككە يەتتى. ئۇلار سەئىدخانغا جەننەتتىن ئورۇن ئاتا قىلىشنــــى ئاللادىن تىلەشتى.

بىر ئۇچى جامەدە، بىر ئۇچى گۈلئىبرام ئوردىسىنىڭ چاھار بېغىدا بولغان يورۇق دۇنيادىن قاراڭغۇ گورغا كىرىپ ياتقان ئادالەتلىك، جاسارەتلىك، مەردانە، دانىشمەن شاھ سۇلتانــى، غەمگۇزارىغا يەنە بىر قېتىم دۇئا قىلىپ تارقاشتى. سەئىــد مۇھەممەد مىرزا قىرىق قارى بىلەن مەقبەرىدە تىلاۋەت قىلىپ قالدى.

بۈگۈن قۇياش چىقمىدى، يەركەن شەھــــرىگە ئاپتاپمۇ چۈشمىدى. قارا تون كىيگەن ئاسماننىڭ چېكــى سۆكۈلۈپ، پەرىشتىلەرنىڭ يېشى تۆكۈلدى. قەدىردان، غەمخار ئاتىسىدىن،

www.uyghurkitap.com

شاھ سۇلتاندىن ئايرىلغان ئاممىنىڭ ھەسرەت - زارى تۆكۈلدى. مېھرىبان، سۆيۈملۈك ھەمراھىدىن مەھرۇم بولغان غەمگۇزار ئانىلارنىڭ يۈرەك بۇلاقلىرىدىن تاشقان تامچىلار تۆكۈلدى. ھەر مىنۇت - ھەر سائەت چاڭقىغان قەلبلىرىنى سۇغۇرۇپ تۇرغان شەپقەتچىسىدىن، باھادىر، جاسارەتلىك تەربىيىلىگۈچىسىدىن ئايرىلغان پەرزەنتلەرنىڭ ئۇقچىغان ياشلىرى تۆكۈلدى.

كەچقۇرۇن ئۇپۇقمۇ قىزارمىدى، كۆكتە، يەردە، سۇ ئۈستىدە، گۈلئىرام ئوردىسىنىڭ دېرىزىلىرىدە شەپەقمۇ جۇلالانمىدى. تۈن تۇيدۇرماستىن قارا چىدىرىنى ئاسمان بېتىگە يايدى. بىرمۇ يۇلتۇز چىقمىدى، ئايمۇ كۆرۈنمىدى. يامغۇر توختىمىدى. گۈلسىما سۇلتانبېگىممۇ تېخىچە يىغلاۋاتاتتى، ئۇ بىر جان - بىر تەن بولۇپ كەتكەن ھەمراھىدىن ئايرىلىپ يالغۇز قالغانلىقىغا چىدالماي ياقا يىرتىپ ياش تۆكۈۋاتاتتى، ھاسا تايىنىۋالغانىدى، كۆز يېشى ئايىنىگار سۇلتانبېگىمنىڭمۇ ھەممە يېرىدىن ئاقماقتا ئىدى، ئۇ ئىسكەندەر سۇلتانغا يۆلىنىۋالغانىدى، بۇ شاھزادە ئانىسىغا تەسەللى بېرىپ تۇرۇپ يىغىسىنى توختىتالماي قالغانىدى. ئىبراھىم سۇلتان «ئاھ، ئاتام، بىزنى نېمىشقا تاشلاپ كەتتىلە ئاتام؟» دەپ ئۈن سېلىپ يىغلاپ، قەسىر ھويلىسىدا ئايلىنىپ يۈرەتتى. ئۇلار بۇ ھەسرەتلىك كېچىنى كۆز يۇمماي تاڭغا ئۇلىدى، ئۇكەرمۇ، چولپانمۇ قارا بۇلۇت قاپلىغان سامادا كۆرۈنمىدى.

بامدات نامىزىغا ئەزان چىقتى. گۈلسىما سۇلتانبېگىم، ئايىنىگار سۇلتانبېگىم، پەخرىنىسا سۇلتانبېگىملەر كېنىزەكلىرى بىلەن، ئىسكەندەر سۇلتان، ئىبراھىم سۇلتانلار خاس نۆكەرلىرى بىلەن ئوردا چاھار بېغىدىكى سەئىدخان مەقبەرىسىگە كېلىشتى. بۇ يەردە سەئىد مۇھەممەد مىرزا قىرىق قارى بىلەن قۇرئان تىلاۋەت قىلىۋاتاتتى. ئۇلار سەما بولۇپ ئولتۇرۇشتى.

ئاۋۋال تولا يىغلاپ ئۇنلىرى پۈتۈن كېتىشكەن خانىشلار قەسىرلىرىگە قايتتى. ئاندىن ئاتىسى ۋە ئىنىسىنىڭ روھىغا يەنە بىر قېتىم دۇئا قىلىشقان شاھزادىلەرمۇ ياندى، مەقبەرە يېنىدا ئەمىر كەبىر سەئىدمۇھەممەدمىرزا قارىلار بىلەن بىللە قالدى.

## 4

بۈگۈن زۇلھەججە ئېيىنىڭ 29 ـ كۈنى چاھارشەنبە ئىدى. مەقبەرىدىن يانغان ئىككى شاھزادە ھەرەم قەسرىگە كىرمەيلا ئوردا دىۋانخانىسىغا كىردى. ئەمىر ـ ئەركانلار جىمغىنا ئولتۇرۇپ ئىشلىمەكتە ئىدى، ھەسرەتلىك كۆڭلىنىڭ يېرىملىقى چىرايلىرىدىن بىلىنىپ تۇراتتى. سۇلتان سارىيى بوش ئىدى، پارىلداپ تۇرغان ئالتۇن تەختتە خان يوق ئىدى. ئىسكەندەر سۇلتان ۋە ئىبراھىم سۇلتانلار ئايلىنىپ يۈرۈپ ھېچ يەردە ئاتىسىنىڭ دىدارىنى كۆرەلمەي دىۋانخانىدىن قايتىپ چىقىشىغا تونىنى تەتۈر كىيىپ، سەللىسىنىڭ پەتلىسىنى چۈشۈرگەن مىرزا ئەلى تاغايى ھاسىسىنى يەرگە توكۇلدىتىپ ئۇرۇپ: «ئاھ، خان ئاتام، خان ئاتام، نەگە كەتتىڭلە خان ئاتام، ئالتۇن تەختتە كۆرۈنمەيلىغۇ خان ئاتام، ھەممىمىزنى داغدا قويلا خان ئاتام، ئاھ، خان ئاتام، خان ئاتام. . .» دەپ ئۈن سېلىپ يىغلاپ، ئوردا دەرۋازىسىدىن كىرىپ كەلدى. ئىككى شاھزادە ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ قۇچاقلىشىپ يىغلاپ كۆرۈشتى.

— ۋەلى ئەھدى ئاكام ئابدۇلرەشىدخان كەلدىمۇ؟ — دەپ سورىدى ئىسكەندەر سۇلتان يېشىنى ئېرتىپ، ئۇ ئاكىسىنىڭ تېزرەك كېلىشىنى شۇنچە ئۈمىد قىلاتتىكى، كەلمەي قالسا بىر ئىش يۈز بېرىدىغاندەك تۇيۇلاتتى.

مىرزا ئەلى تاغايىنىڭ چىرايى لاپپىدا ئۆڭدىيۇ، دەرھال ئۆزىنى ئوڭلاپ:

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

— كېلىشۋاتىدۇ شاھزادىلىرىم، ھەربىرلىرىگە خەۋەر يەتكۈزەي دەپ كەلدىم، — دېدى.

— ئەمىر - ئۆمەرالار بىلەن ئالدىغا چىقساق بولغۇدەك، تەقسىر، ھازىر قەيەردە كېلىشۋاتقاندۇ؟ — دەپ سورىدى ئىبراھىم سۇلتان، ئۇنىڭمۇ ئاكىسىنى كۆرگۈسى كەلگەنىدى، ئىنىسى ۋاپات بولغاندىن بېرى ئاكىسىنى ئويلايدىغان بولۇپ قالغانىدى.

— سۇلتان ئالىيلىرى كېلىشۋاتقىنىمنى ئىنىلىرىمغا، ۋەزىر - ۋۇزرالارغا يەتكۈزۈپ، پايتەختكە كىرىدىغان قۇتلۇق كۈننى كېڭىشىپ بەلگۈلەپ ئالدىمغا كېلىڭ، بىز ئۇچرىشىدىغان يەر - ئەمىر - ئەركانلار بىلەن كۆرۈشىدىغان جاي بولسۇن، دەپ، مېنى يولغا سېلىپ، ئۆزى قەشقەردە قالغانىدى. بەلكىم ھازىر يېڭىسارىدىن ئۆتكەن بولسا كېرەك، — دېدى مىرزائەلى تاغايى ئېسەدەپ.

— دىۋانخانىدە بارلىق ۋەزىر، ئەمىرلەر ھازىر، دەرھال كېڭەش ئۆتكۈزەيلى تەقسىر. قېنى ماڭسىلا، — ئىسكەندەر سۇلتان ئالدىدا قەدەم تاشلىدى.

ئىككى شاھزادە، ۋەزىر، ئەمىرلەر، مۇنشىلار، شەيخۇل ئىسلام قاتارلىق دۆلەت ئەربابلىرى سۇلتان سارىيىدا كېڭەش ئۆتكۈزۈپ، مۇنداق قارار قىلىشتى:

«ۋەلى ئەھدى سۇلتان ئابدۇلرەشىدخان ئالىيلىرى يىلنىڭ ئاخىرقى كۈنى بولغان چاھارشەنبە ئەمەس، يىلنىڭ بېشى بولغان قۇتلۇق كۈندە پايتەختكە كىرىپ تەختتە ئولتۇرسا، خاسىيەتلىك ۋە شەرەپلىك بولغاي. مەرھۇم شاھ - سۇلتانىمىز سەئىدخاننىڭ ۋەسىيىتى ئەمەلگە ئېشىپ، مەملىكىتىمىز ئىمىنلىك ئىلكىدە ياشناپ گۈللەنگەي»

مىرزا ئەلى تاغايى ئۆمەرالار كېڭىشىنىڭ بۇ قارارىنى ئېلىپ، ئۆز ياساۋۇللىرى بىلەن ئىتتىك يولغا چۈشتى، ئەمىر خوجا شاھ مۇھەممەد شەھەر سىرتىغىچە ئۇنى ئۇزىتىپ چىقتى.

ئۇلارنىڭ نېمە دېيىشكەنلىكىنى ئاللادىن باشقا ھېچكىم بىلمىدى.
مىرزا ئەلى تاغايى شەھەردىن تۆت چاقىرىم يىراقلاشقاندا:
— بېشىم ئايلىنىپ، كۆزۈم قاراڭغۇلىشىۋاتىدۇ، سىلەر ئاستا مېڭىپ تۇرۇڭلار. مەن تاھارەت قىلىۋېلىپ يېتىشىۋالاي، — دەپ، قاسىم ياساۋۇلنى يېنىدا ئېلىپ قالدى. باشقىلار كەتكەندىن كېيىن، قويۇن يانچۇقىدىن قەغەز، قەلەم ئېلىپ سەئىدخان نامىدىن ۋەسىيەتنامە يازدى. سۇلتان سارىيىدا ئۆتكۈزۈلگەن كېڭەشنىڭ قارارىنى پارچە ـ پارچە قىلىپ شامالغا ئۇچۇرۇۋەتتى.
— قاسىم، ئامىتىمىز كېلىدىغان كۈن يېقىنلاشتى. ئابدۇلرەشىدخان ئەمدى سىزىغان سىزىقىمدىن چىقالمايدۇ، — دەپ خىرىلداپ كۈلدى تاغايى، ئاتنىڭ تىزگىنىنى تۇتۇپ تۇرغان قاسىمغۇ ھىجايدى. ئۇلار ئاتلىرىغا مىنىپ قامچا ئۇرۇشتى. ئۇلار ھايال ئۆتمەي، ئاستا كېتىۋاتقان ياساۋۇللىرىغا يېتىشىۋالدى ۋە ئابدۇرېشىتخان كۈتۈپ تۇرغان جايغا كەلدى.
ئابدۇرېشىتخان تاغايى يالغان ئېيتقاندەك ئەمدىلا يولغا چىققان بولماستىن، يەركەن شەھىرىگە ئون بىر چاقىرىم كېلىدىغان يەردە توختاپ، تاغايىنى دۆلەت ئەربابلىرى ۋە ئىنىلىرى بىلەن كېڭىشىپ كېلىشكە ئەۋەتكەنىدى. ئۇ پايتەختكە بۇرۇنراق كىرىشكە ئىنتىزار ئىدى. مىرزا ئەلى تاغايى يېتىپ كەلگەندە ئىنتىك ئالدىغا باردى. ۋەزىر ئۇنىڭغا «ۋەسىيەتنامە» نى تاپشۇردى. ئابدۇرېشىتخان ئوقۇدى:
«مەن تىبەتكە بېرىپ غازات قىلىش ئويىدا ئەمەس ئىدىم، سەئىد مۇھەممەد مىرزا بىلەن مىرزا ھەيدەرلەر سەيى قىلدى. مېنىڭ ھاياتىمغا زامىن بولغۇچىلار دەل شۇلار. ئۇلارنى ئۆلتۈرمىسە، پەرزەنتىم ئابدۇلرەشىدخاندىن زىنھار رازى بولمايمەن، ئۇلارنى ئۆلتۈرۈش ـ قىساسىمنى ئېلىش ئۈچۈندۇر.»

www.uyghurkitap.com

— مانا! تۇزكورلار، خان ئاتامنىڭ جېنىغا سەنلەر زامىن بولۇشۇپسەن - دە. قىساس ئالماي تۇرۇپ تەختتە ئولتۇرمايمەن، — دېدى ئابدۇرېشىتخان تال - تال بولۇپ. چىرايى تامدەك تاتىرىپ كەتتى، كۆزلىرىدە غەزەپ ئۇچقۇنلىرى چاقنىدى، ئۇنىڭ قەھرى تۇتقانىدى.

پۈكۈلۈپ تەزىم قىلغان مىرزا ئەلى تاغايى ئۇنىڭغا يېقىن كېلىپ پىچىرلىدى:

— سۇلتان ئالىيلىرى، مەرھۇم خان ھەزرەتلىرىنىڭ تۇز ھەققى گەردىنىمدە بولغانلىقتىن ئۆزلىرىگە شۇنى مەلۇم قىلىشنى زۆرۈر تاپىمەنكى، سەئىد مۇھەممەد مىرزا باشلىق دىۋانخانىدىكى ئەمىرلەر ۋەدىگە خىلاپلىق قىلىپ، جانابلىرى بارغان ھامان ئاتلىرى يېنىدىن جاي بەرمەكچى، ئىسكەندەر سۇلتاننى خان قىلىپ تىكلىمەكچى. ۋاقىتنى قەستەن سوزۇپ، بىزدىن ھەم بۇ خۇسۇستا ئەھد ئالدى. ئەمدى يەنە يول قويساق ھاياتىمىزدىن ئايرىلىپ قالىمىز، ئۆزلىرىنىڭ پەرمانى بىزگە ئاچقۇچ.

— بۈگۈن زۇلھەججە ئېيىنىڭ ئاخىرقى كۈنى، يىلنىڭ ئاخىرى — ئىشلارنىڭ ئاخىرلىشىشىدىن، يىل بېشى خاسىيەتلىك ئىشلارنىڭ باشلىنىشىدىن دېرەك بېرىدۇ. خۇدا بۇيرۇسا ئەتە مۇھەررەمنىڭ بىرىنچى كۈنى پايتەختكە كىرىپ، قارانىيەت ئاسىيلارنى جازالاپ، ئاتامنىڭ روھىنى خۇش قىلاي دەيمەن. بۇ ئىرادەمدىن ھېچكىم ياندۇرالمايدۇ. ۋەزىر، سىزنىڭ قانداق مەسلىھەتىڭىز بار؟ — دەپ سورىدى ئابدۇرېشىتخان ۋە قىلىچىنى غىلاپتىن سۇغۇرۇۋېلىپ، بېشىدىن ئايلاندۇرۇپ چېپىۋىدى، ئۇجمە دەرىخىنىڭ ئىككى شېخىنى كېسىپ چۈشتى.

— باركاللا سۇلتان، باركاللا! ئاللا ئۆزلىرىنى غالىب بەندە قىلىپ ياراتقان. سەئىد مۇھەممەد مىرزا، ئەلى سەئىد كۆكۈلداش كەبى ئاسىيلارنىڭ كاللىسىنى ئالماي تۇرۇپ، ئەلگە ئىمىنلىك بەخش ئەتكىلى بولمايدۇ، يەنە ئىنىلىرى ئىسكەندەر سۇلتانمۇ

بار. ئۇ خان بولۇش ئۈچۈن قىلىچىنى بىلىمەكتە.
— ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى ۋەزىر، سىز ئىسمىنى ئاتىغان شۇناكەسلەر مەن ھۆرمەت قىلىدىغان زاتلار ئىدى. ئۇلارنىڭ ئارىمىزدىكى دۈشمەن ئىكەنلىكىنى ئويلىسام، قانداقمۇ غەزەپلەنمەي؟ بۇ دۈشمەنگە رەھىم قىلماسلىق، دوستلارغا شەپقەت قىلىش ئۈچۈندۇر ۋەزىر. زىنھار ئۇلارنىڭ گۇناھىنى تىلىگۈچى بولماڭ.
— ئەلۋەتتە سۇلتان ئالىيلىرى. دۈشمەنلىرىگە ئۆلۈم تىلەيمەنكى، بىرىنچىمۇ ھايات قېلىشىنى خالىمايمەن.
ئۇلارنىڭ سۆزىنى نامازشامغا چىققان ئەزان ساداسى بۆلۈۋەتتى.
يارىلانغان شىردەك غەزەپكە كەلگەن ئابدۇرېشىتخان كېچىنى ئۇخلىماي ئۆتكۈزدى.
مىرزا ئەلى تاغايى بامداتقا ئەزان چىققاندا ئاران ئويغاندى. ئۇ يەنە قانغا مىلىنىپ چۈش كۆرگەنىدى.
ئابدۇرېشىتخان نامازنى ئوقۇپ بولۇپ، ئەمىر ئەكرەم سەپراست قىلغان تۆت مىڭ ئاتلىق لەشكەرگە كۆز سالدى.
— پادىشاھ ئامان بولسۇن!
— سۇلتانىمىز، خىزمىتىڭىزگە بىز تەييار، — دەپ ۋارقىراشتى قىلىچىنى ھۆرمەت يۈزىسىدىن يەر تۆۋەن قىلغان سەربازلار.
— ئاللا سىلەرنى سالامەت ۋە غالىب قىلسۇن، — دېدى قولىنى كۆتۈرۈپ ئابدۇرېشىتخان، — بۈگۈن بىز پايتەختكە كىرىمىز، ھەر قاچان جەڭگە تەييار تۇرۇڭلار.
— بىز تەييار!
زەڭگەر رەڭگە كىرگەن ئاسمان يۈزىنى ئاق تۇتەك قاپلىغانىدى. يامغۇر توختىماي يېغىۋاتاتتى. قۇمدەك ئۇششاق تامچىلار، يەرنى كۆك مۇز قىلىۋەتكەنىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئابدۇرېشىتخان جەڭ كېيىمى ئۈستىدىن ئاق يوپۇق يېپىنىپ، قارا گىر ئېتىغا مىندى، چىرايىمۇ ھاۋارەك تۇتۇلغانىدى. ئۇنىڭ ئالدىدا سەئىدىيە خانلىقىنىڭ تۇغلىرىنى كۆتۈرگەن قىرىق ئەلەمدار، ئارقىسىدا قىرىق خاس نۆكەرلەر بىلەن بەھرام ئات يورغىلىتىپ ماڭدى. باشتىن - ئاياغ قارا كىيىنگەن مىرزا ئەلى تاغايى يۈزدىن ئارتۇق ۋەزىر، ئەمىر، بەگ، سەردارلار بىلەن «يا ھەسرەتا، يا نادامەتا. . . » دەپ يىغلاپ ئاتلىرىغا مىنىپ يولغا چۈشتى. ئۇلار ئابدۇرېشىتخان ئۆزىگە سادىق دەپ بىلگەن مەمۇرىي، ھەربىي ئەمەلدارلار ئىدى. يەتتىدىن سەپ بولۇشقان تۆت مىڭ ياساۋۇل نۆكەرلەرنىڭ ھەممىسى قارا كىيىم كىيىپ، ئاق سەللە ئورىۋېلىشقانىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە قىلىچ، نەيزە بىلەن قوراللانغانلار مىڭ، ئوقيا - ساداق تۇتقانلار مىڭ، مىلتىق كۆتۈرگەنلەر مىڭ، توپچى، لەخمە كولىغۇچى، پارتلاتقۇچىلار بەش يۈز، ئەييارلار، ئايغاقچىلار، جەڭ دۇمبىقىنى چالغۇچى شادىيانچىلار بەشيۈز كىشى ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، ئاشپەز، لاۋازىمەتچى، ئوزۇق - تۈلۈك ئېلىپ ماڭغان ھارۋىكەشلەر توپى ئەڭ ئارقىدا كېلىۋاتاتتى. يەركەن شەھەر دەرۋازىسىنىڭ پەشتاق - مۇنارلىرى كۆرۈنگەندە، ئابدۇرېشىتخان «ئاللاھۇ ئەكبەر!» دەپ تەكبىر ئېيتىشقا باشلىدى، ئۇنىڭ ئالدى - ئارقىسىدىكىلەرمۇ قوشۇلدى.

مىرزا ئەلى تاغايىدىن خەۋەر كۈتۈپ تۇرۇشقان دۆلەت ئەربابلىرى ئابدۇرېشىتخاننىڭ شەھەرگە كىرگەنلىكىدىن خەۋەر تېپىپ، قارشى ئېلىش ئۈچۈن گۈلئىبرام ئوردىسىنىڭ ئالدىغا چىقىشتى.

«شەھەردىن يەتتە چاقىرىم يەرگىچە بېرىپ مېنى كۈتۈۋېلىشقىمۇ رايى بارماپتۇ» دەپ ئويلىغان ئابدۇرېشىتخان دۆلەت ئەربابلىرى ۋە ئىنىلىرىنىڭ ھۆرمەت سالىمىغا تۈزۈك جاۋابمۇ قايتۇرمىدى. لەشكەرلىرىنى سىرتتا قالدۇرۇپ، خاس

نۆكەر، ۋەزىر، ئەمىرلىرى بىلەن گۈلئىبرام ئوردىسىغا كىردى، پىيادە بولۇپ چاھارباغقا قەدەم باستى.
سەئىدخاننىڭ مەقبەرىسى چۆرىسىدە قارىملار بىلەن تىلاۋەت قىلىۋاتقان سەئىد مۇھەممەد مىرزىنى كۆرگەندە ئۇنىڭ قەھرى مىلىڭ گەز ئۆرلىدى ۋە:
— تۇتۇڭلار بۇ ئاسىي ناكەسنى! — دەپ ئەمىر قىلدى.
خاس نۆكەرلەردىن بەھرام سەردار باشلىق تۆتەيلەن ئالدى ـ ئارقىسىدىن قاپساپ كېلىپ، بېشىغا ئاق سەللە ئوراپ، ھازا كىيىمى كىيگەن سەئىد مۇھەممەد مىرزىنى تۇتتى ۋە ئابدۇرېشىتخاننىڭ ئالدىغا سۆرەپ ئەكەلدى.
— جاللات! بۇ ئاسىينىڭ بېشىنى تېنىدىن جۇدا قىل! — دەپ بۇيرۇدى ئابدۇرېشىتخان.
— سۇلتان ئالىيلىرى، قايسى قارا يۈز خۇدادىن قورقماي، پېقىرنى ئۆزلىرىگە ئاسىي، دەپ چاقتى؟ قانداقمۇ بۇ رەزىل تۆھمەتكە ئىشەندىلە؟ ئۆزلىرىنى تۇتۇۋېلىپ، ئويلاپ، تەكشۈرۈپ، ئېنىقلاپ كۆرسىلە، مەسىلە ئايدىڭ بولمامدۇ؟ ئالدىراقسانلىق بىلەن قىلىنغان ھۆكۈمنىڭ ئاقىۋىتى نادامەتلىك پۇشايماندىن ئىبارەت بولىدۇ. خالاس، — دېدى چىرايى ئاقىرىپ كەتكەن سەئىد مۇھەممەد مىرزا قول، پۇتلىرىدىن تۇتۇپ تۇرغان نۆكەرلەرنى ئاچچىقى بىلەن ئىتتىرىۋېتىپ.
نۆكەرلەر ئارىسىدىن ئايرىلىپ چىققان ئىككى جاللات سەئىد مۇھەممەدمىرزىنىڭ كۆزىنى تېڭىپ ياتقۇزۇپ، قوينىنى بوغۇزلىغاندەك بوغۇزلىۋەتتى. چۆچۈپ ۋەھىمە ئىلكىدە تۇرۇپ قېلىشقان ۋەزىر، ئەمىرلەر ئىچىدىن ئېتىلىپ چىققان ئەلى سەئىد كۆكۈلداش ئابدۇرېشىتخان يېنىدا گىدىيىپ تۇرغان تاغايىغا ھومىيىپ، قوللىرىنى كۆكسىگە ئېلىپ دېدى:
— سۇلتان ئالىيلىرى، ئەمىر كەبىر سەئىد مۇھەممەد مىرزا جانابلىرىدا قىلچە گۇناھ يوق، ئۇ مەرھۇم خان ئاتىمىزغا

ناھايىتى سادىق ئىدى، ئۇنىڭغا ئۇۋۋال بولدى. . .

— بولدى، بەس! — ئابدۇرېشىتخان ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلدى.

— بۇ ناكەسنىڭمۇ كاللىسىنى ئېلىش كېرەك سۇلتان ئالىيلىرى، — دېدى مىرزا ئەلى تاغايى ئەمىرلەر ئارىسىدا قورقۇمسىراپ، ۋەھىمىدە قالغان خوجا شاھ مۇھەممەدكە «سەنمۇ گەپ قىل، بۇ دېگەن پۇرسەت» دېگەن مەنىدە تىكىلىپ.

— سۇلتان ئالىيلىرى، ئەلى سەئىد كۆكۆلداش سەئىد مۇھەممەد مىرزىنىڭ يان تايىقى، بۇ تاياق ئۇشتۇپ تاشلانمىسا، مۇبارەك باشلىرىنى ياردىغان چوماققا ئايلىنىپ قالىدۇ، — دېدى خوجا شاھ مۇھەممەد ئابدۇرېشىتخان ئالدىغا كېلىپ. ئۇ شۇنچىلىك ئېگىلىپ تەزىم قىلدىكى، بېشى تىزىغا تېگەي دەپ قالدى.

— جاللات! بۇ ئاسىي ناكەسنىڭمۇ بېشىنى كېسىڭلار!

بۇيرۇق دەرھال ئىجرا قىلىندى.

مىرزا دايىم ئەلى، باباسادىق مىرزا، مۇھەممەد مىرزا قاتارلىق سەركەردىلەرمۇ قەتلى قىلىندى، مەقبەرە قىپقىزىل قانغا بويالدى.

— مەرھۇم خان ئاتامغا ئوغۇل، ماڭا ئىنى تۇرۇپ سۇيىقەستچىلەر بىلەن تىل بىرىكتۈرگەن بۇ تۈزكورنى تۇتۇپ زىندانغا تاشلاڭلار! — دەپ بۇيرۇق قىلدى ئابدۇرېشىتخان ئىسكەندەر سۇلتاننى كۆرسىتىپ.

ياساۋۇللار كېلىپ، مەڭدەپ قالغان ئىسكەندەر سۇلتاننى سۆرىگىنىچە زىندانغا ئېلىپ ماڭدى. ئۇنىڭ كەينىدىن ئىسكەندەر سۇلتانغا يېقىن بولغان بىر قانچە ئەمىر، سەردارلامۇ ئابدۇرىشىتخاننىڭ بۇيرۇقى بىلەن زىندانغا تاشلاندى.

— بۇزرۇكۋارىم خان ئاتا، ھەزرەتلىرىنى رىيازەت چۆلىدە نابۇت قىلغان ئاسىي مۇناپىقلارنى جازالىدىم، ئارامگاھلىرىدا

قورۇنماي تىنچ ياتقايلا. ئاھ، مېھرىبان ئاتام، — دەپ نالە قىلدى ئابدۇرېشىتخان. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا يانغان قەھرى - غەزەپ ئوتىنى مېھىر بۇلاقلىرىدىن ئۇرغۇۋاتقان سۆيگۈ تاشقىنى ئۆچۈردى. ئۇ مۇشۇ تاپتا قەھىرلىك پادىشاھدىن ئىتائەتمەن، باغرى يۇمشاق پەرزەنتكە ئايلاندى.

مىرزا ئەلى تاغايى ئاغزىدا «ئاھ ئاتام! . . . » دەپ پەرياد چەككىنىچە، ئىچ - ئىچىدىن سۆيۈنۈپ تۇرغان خوجا شاھ مۇھەممەدكە بىر كۆزىدە قاراپ ھىجايدى.

بۇنى كۆرۈپ تۇرغان ئالائىددىن ماھمۇد بارلاس: «خۇدا، بۇ نېمە ئۇچۇن؟ خونرىز مۇناپىقلارنىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشۈپ كېتىپتىمەن ئەمەسمۇ، پېقىر قۇلۇڭنى كۆچۈرگىن. توغرى يولغا باشلىغىن، ھەق بىلەن ناھەقنى سەنلا ھەقىقى ئايرىغۇچىسەن. . . » دەپ ئىچىدە ھەسرەت چەكتى. كۆزلىرىدىن مۆلدۈرەك تۆكۈلگەن ياش ئايىغىدا يېيىلىپ قېتىشقا باشلىغان ئىسسىق قانغا قوشۇلدى.

— مەن بۇ مەقبەرىدە يالغۇز قېلىپ، ئاتام روھى بىلەن سىردىشىۋالاي جانابلار، — دېدى ئابدۇرېشىتخان توپا دۆۋىلەپ قويۇلغان لەھەتتىن كۆز ئۈزمەي.

يۈرەكلىرى پوكۇلداپ تۇرغان ۋەزىر، ئەمىر، سەردار، بەگلەر، ئوردا ياساۋۇللىرى دەرھال چاھارباغدىن چىقىپ كېتىشتى.

مەقبەرە توپىسىدىن بىر سىقىم ئالغان ئابدۇرېشىتخان ئاۋازىنى قويۇپ بېرىپ ھۆركىرەپ يىغلاپ كەتتى.

مەسئۇل مۇھەررىرى : مەمتىمىن شىپە
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى : ئەلى ياقۇپ
مەسئۇل كوررېكتورى : ئاسىيە ئەخمەت

# سۇلتان ئابدۇرېشىتخان ( 1 )

( تارىخىي رومان )

ھاجى مىرزاھىد كېرىمى

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
( ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 № )
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى كومپيۇتېر بۆلۈمىدە تىزىلدى
ئۈرۈمچى پاراۋانلىق باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى : 850×1168 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى : 12.125 قىستۇرما ۋارىقى : 2
2000 ـ يىل 3 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2000 ـ يىل 3 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
تىراژى : 1 — 4,000
ISBN7—228—05168—8/I • 144
باھاسى : 18.00 يۈەن